


ماخمۇت مۇھەممەت ئەسەرلىرى

# ئشقيار نامەت

شنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرياتى

ماخمۇت مۇھەممەت ئەسەرلىرى

# أشقيارنامەت

( بىيوگرافىيەلىك رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى CHISO

مەسئۇل مۇھەررىرى: **كامىلە راخمان**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئابلىز ئابباس**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلىستانىدىن گۈلدەستە
ماخمۇت مۇھەممەت ئەسەرلىرى

# ئىشقىيار نامەت

(بىيوگرافىيەلىك رومان)

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ لىنو سودا مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 16.125
2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 − 7 − 5515 − 6128 − 0
سانى: 1000 − 1
باھاسى: 45.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇۋلانى

## ماخمۇت مۇھەممەت ئەسەرلىرى

شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن

ھېسام ھەققىدە قىسسە

چۆمبەل

ئىشقىيار نامەت

ھاسان قايماقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

ئۆچمەس گۈلخان

گۈزەل قىرغاق

مىرمۇللا مىرشەرۇف

ئابرال ئوغلى

يەتتە بوۋاي ھېكايىسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-6128-0

9 787551 561280

باھاسى: 45.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

كۆپ قىرلىق، مول ھوسۇللۇق ئەدىب ماخمۇت مۇھەممەت 1952 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1962 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1970 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە ئىلقا ناھىيەلىك ھەسەلچىلىك فېرمىسىدا، 1973 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ يېزىسى بايكۆل كەنتىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان. 1974 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە قارادۆڭ يېزىلىق رادىيو پونكىتىدا، 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە رادىيو ئۇزېلىدا ئىشلىگەن. 1985 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا كەسپىي خىزمەت ۋە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن. ئۇ 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مەسئۇل خىزمەت ۋە تەھرىرلىك، نازارەتچىلىك

خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، 2012 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پېنسىيەگە چىققان. ئۇ 1993 ـ يىلى مۇئاۋىن تەتقىقاتچى كەسپىي ئۇنۋانىغا، 2002 ـ يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالىنىپ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان. ماخمۇت مۇھەممەت جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى باللىق ۋاقتىدا شېئىر بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ «غۇنچە بىز»ناملىق تۇنجى شېئىرى 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «ئىلى گېزىتى»دە، «ئاق چاچلىق قىز يايلاقتا» ناملىق شېئىرى 1971 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە 1200 پارچىگە يېقىن شېئىر يازدى ۋە بۇلاردىن زور كۆپچىلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇ شېئىرلار ئاساسىدا «قوڭغۇراق»، «ئالتۇن مۇنار»، «چەشمىلەر»، «مۇھەببەت مۇڭلىرى»، «باغقا بارايلى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يىرىك شېئىرىي ژانىر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «يەتتە بوۋاي ھېكايىسى»، «ئۇستازىمنىڭ ئۇستازى»، «مەڭگۈلۈك ھايات»، «ئەخمەتجان تۇتقان گۈلچاي» قاتارلىق 12 داستان ـ باللادا يېزىپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى. «مۇھەببەت مۇڭلىرى» توپلىمىغا ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.



NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

1971 ـ يىلى «ئىلى گېزىتى»دە مۇئەللىپنىڭ «تاڭ قۇياشى نۇرىغا چۆمگەن لەيلىزار» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق قاش دەرياسى بويىدا ياشىغان ئاشۇ يىللاردا زوق ـ شوق بىلەن يازغان ھېكايىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە يەنە «سالچىنىڭ ئوغلى»، «سەيخىندۇلادا باھار»، «ئىككى تال قىزىل ئالما»، «ئاھ، يانتۇ سۇرەت» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. بۇ ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەينى يىللاردا ياشلار تەرىپىدىن قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلگەن. «سالچىنىڭ ئوغلى» ناملىق ھېكايە ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە 1974 ـ يىلى خەنزۇچە «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ھازىرغىچە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ھېكايىسى 400 دىن ئاشىدۇ. شۇ ھېكايىلەر ئاساسىدا كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ «سالچىنىڭ ئوغلى»، «سومكىدىكى جېدەل»، «ئاھ، يانتۇ سۇرەت»، «ئايالىمنىڭ دوستى»، «كۆزلەر سۆزلەيدۇ»، «كارىۋات ئاستىدىكى ئەر» قاتارلىق ئالتە ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ توپلاملاردىكى «گۈزەل قىرغاق»، «ئايالىمنىڭ دوستى»، «جانجان ئورۇندۇق»، «مەڭگۈلۈك ھەسرەت»، «مەۋاخۇن» قاتارلىق ھېكايىلەر يازغۇچىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئۆزگىچە ھېكايىلىرىدۇر. قىسقا ۋە ھەجۋىي يېزىش ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئېلان قىلغان ھېكايىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قىسقا ھېكايىلەردۇر. كېيىنكى يىللاردا

يازغۇچى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى ھادىسە سۈپىتىدە شەكىللەنگەن مىكرو ھېكايىلەر ، يان تېلېفون ھېكايىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. دەۋر بىلەن نەپەسداش، يېڭىدىن ـ يېڭى تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىنغان بۇ ئۆزگىچە ھېكايىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ راۋاجى سۈپىتىدە ماخمۇت مۇھەممەت كېيىنكى پەيتلەردە پوۋېست ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇردى، يەنى ئۇنىڭ قىسقا ۋە يۇمۇرلۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە «نەزمەت كۆلەڭگىسىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، «ئاخىرقى كۈلكە» قاتارلىق ساتىرىك پوۋېستلىرى ۋە «ئۆچمەس گۈلخان»، «يۈرەك چىدىمايدىكەن» قاتارلىق مۇڭلۇق، گۈزەل شېئىرىي تىلغا ئىگە پوۋېستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 پوۋېستى مۇئەللىپنىڭ يىرىك پىروزا ژانىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا دەسلەپكى ئاساسنى سالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ھاسان قايماقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق قىسسە خاراكتېرلىك پوۋېستىدا ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا تىرىشىۋاتقان دېھقانلار تۇرمۇشى تونۇشتۇرۇلغان. يازغۇچى ھاسان قايماق ئوبرازى ئارقىلىق ئەمگەكچان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچە خاراكتېرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك تىلىنى ئەپچىل ۋاسىتىلەر ۋە قىزىقارلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. يۇقىرىقى پوۋېستلار «ئاخىرقى كۈلكە» ۋە «ھاسان قايماقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» سەرلەۋھەسىدە ئايرىم توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى.

پىروزا ئىجادىيىتىدىكى ئۇزاق يىللىق قەلىمىنى سىناش ماخمۇت مۇھەممەتنى پىروزىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى بولغان رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش يۈكسەكلىكىگە ئېلىپ باردى. 1996 ـ يىلى ئۇنىڭ «شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن» ناملىق رومانى نەشر قىلىنىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. ئوبزورچىلار بۇ رومانغا «پەلسەپىۋى ئويلىنىش ئىقتىدارى نامايان قىلىنغان ئەسەر» دەپ باھا بەردى. 2004 ـ يىلى ئۇنىڭ «ھېسام ھەققىدە قىسسە» ناملىق بىيوگرافىيەلىك رومانى نەشر قىلىندى. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھايات شەخس ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى رومان بولۇپ، «زامانىمىزنىڭ ھايات نەسرىدىن ئەپەندىسى» دەپ نام ئالغان ھېسام قۇربانىنىڭ ئەگرى ـ توقاي ھايات يولى تولىمۇ قىزىقارلىق رەۋىشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بايان قىلىنغان. بۇ رومان نۆۋەتتە يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەلىي مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن يىرىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا، يەنى 2013 ـ يىلى ماخمۇت مۇھەممەت يۇقىرىقى بىيوگرافىيەلىك رومانىنىڭ ئىزىدىن، ئۇيغۇر لەتىپىچىلىكىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىشقىيار نامەتنىڭ ھايات يولى ھەققىدە ئىككىنچى بىيوگرافىيەلىك رومانى ــ «ئىشقىيار نامەت»نى يېزىپ چىقتى. «چۈمبەل» رومانى يازغۇچىنىڭ ئۈچىنچى رومانى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ساتىرىك رومان ھېسابلانغان بۇ ئەسەر 2012 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ،

ئوبزورچىلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.
ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئۇنتۇلماس ئەمگىكى ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ 30 نەچچە يىل داۋامىدا چاقچاقچى ھېسامنىڭ ھاياتى ۋە چاقچاقلىرىنى تەتقىق قىلىپ توپلاپ رەتلەپ، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە 10 توپلام «ھېسام چاقچاقلىرى»نى نەشر قىلدۇردى. بۇ ساھەدە ئۇ يەنە «تېيىپجان ئېلىيېف چاقچاقلىرى»، «دۇردانە لەتىپىلەر» (بۇ كىتابقا مەرھۇم يازغۇچى تېيىپجان ھادى بىلەن ھەمكارلىشىپ توپلىغان «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ۋە ماخمۇت مۇھەممەت توپلاپ رەتلىگەن «ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى» كىرگۈزۈلگەن) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى.
ماخمۇت مۇھەممەت ئۇزاق يىللىق ئىجادىيىتى داۋامىدا بالىلار ئەدەبىياتى، ناخشا تېكىستلىرى ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت ئوبزورچىلىقى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن سەمەرىلىك ئەمگەكلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ «سومكىدىكى جىيدەل»، «باغقا بارايلى»، «كۆڭۈل ئىزھارىم»، «سەن شۇنداق ياشا» قاتارلىق كىتابلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئەسلىمە ـ تەزكىرە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. «قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر»، «تارىخنىڭ كۆزى ــ مۇسا سايرامى»، «ئابرال ئوغلى» قاتارلىق كىتابلار ئەنە شۇ سىجىل ئەمگەكلەرنىڭ شاھىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ يىللاردىن بېرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ئەدەبىي

ئوبزورچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ ھازىرغىچە 42 قېتىم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەر خىل مۇكاپاتلارغا سازاۋەر بولدى. 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئەدىبنىڭ ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان «ماخمۇت مۇھەممەت پىروزا ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى.

نەشرىياتىمىز كۆپ قىرلىق ئەدىب ۋە ئىقتىدارلىق يازغۇچى، شائىر ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن 40 نەچچە يىلدىن بېرى تۈرلۈك ژانىرلاردا ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىنى تاللاپ 10 توم قىلىپ نەشر قىلدى. بۇ ئەسەرلەر مۇئەللىپنىڭ تىنىمسىز ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ مەھسۇلى. بىز مۇئەللىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ ئىجاد قىلغان ھەر خىل ژانىردىكى نادىر ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشىشىگە ئىشىنىمىز.

بىز مۇئەللىپنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك، ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.



# مۇندەرىجە

جەنۇب قىزىقچىلىرى ........................ 1
پەيزاۋاتتىكى چاقچاقچىلار ...................... 10
ئىشقىيار نامەت ................................ 18
دادام ئەسكى ئادەم ئەمەس ...................... 27
دەسلەپكى گەپلەر .............................. 34
سوپۇنچىنىڭ ئوغلى ............................. 42
پەيشەنبە بازار ................................. 51
ئۈچ قىزىقچىنىڭ ئۇچرىشىشى ..................... 60
قەشقەردە چاقچاق قىلغانمۇ ...................... 74
داۋۇتجان ناسىر ۋە ئىشقىيار نامەت ............... 83
ئەزگۈ ئەسلىمىلەر .............................. 90
يېڭى قوشنا .................................... 94
قىتمىر ساقچى .................................. 103
تاشلەپكىدە ..................................... 109
سامان سودىسى ................................. 116
كېسەلخانىدىكى كۈنلەر ........................... 132
چايخانىدىكى لەتىپە ............................. 149
خۇدىيارىيۈزىدىكى كۈلكە .......................... 158
تېيىپجان ھادى ۋە ئىشقىيار نامەت ................ 166
ئۇنتۇلماس ئادەم ............................... 174
ماي ئۆلچەۋەردىكىزما؟ ........................... 182

«ئوتيۇلتۇز»دا ........................................ 191
مۇئەللىپتىن قىستۇرما بايان ........................ 201
بالىلىق ئەسلىمىلىرى ............................... 207
نۆۋەت ئابلىپىزخاننىڭ ............................... 220
سىلىمئاخۇن ئاغمىچى ................................ 228
تىپىچان ئىلىيېف ۋە ئىشقىيار نامەت ............... 239
قەلبىم چەشمىلىرى .................................. 248
دوپپا كىيدىم چىرايلىق ............................. 258
ئايلىنىپ يۇرۇپ سىتىۋېرىگىلار .................... 270
خۇشخۇي كادىر ....................................... 280
ئىلغار سايلاش ...................................... 287
«ئۆگىنىش كورسى»دا ................................ 297
مەيلى ئۆسۈۋالسىلا ................................. 306
چېقىمچى ............................................ 318
كېيىنكى ئىشلار ..................................... 330
ھېسام ۋە ئىشقىيار نامەت ........................... 339
ھېسام چاقچاقلىرى ۋە مۇئەللىپ ..................... 348
ھېسامنىڭ يېڭى پاراڭلىرى ........................... 355
ۋاپۇرۇشلۇق ......................................... 362
خۇدايىم بۇيرۇسا ئىرىڭ .............................. 376
مەھەللىدىكى قىزىق پاراڭلار ........................ 385
بىر ئائىلە كىشىلىرى ................................ 395
تۇنىساخان خىيال سۇرمەكتە .......................... 399
تىكەس سەپىرى ....................................... 414
«سانائەت»تىكى تىرىكچىلىك .......................... 429
سابىرجان سادىق ۋە ئىشقىيار نامەت ................ 443
سابىرجان ھەققىدە پاراڭ ............................. 449

سابىرجان چاقچاقلىرى ........................ 455
ئازادە كۆنلەر ................................ 461
قويۇن دۆكان ................................ 468
باغ ئالدىغان بوۋاي ........................ 479
قەشقەرلىك ئىككى موسىيېت .................. 485
خاتىمە گۈلىستانى .......................... 501



# جەنۇب قىزىقچىلىرى

قەشقەر — خاسىيەتلىك ۋە شۆھرەتلىك شەھەر. جەنۇبىي شىنجاڭ — ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھارارەتلىك ۋە بەرىكەتلىك غول تۇگۈنى. بۇ يەردە ئىلمۇ ھۈنەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەزەلدىن بىرى جانلىنىپ - باغجانلىنىپ، جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن.

چاقچاق — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن، بۈگۈنكى يېڭى دەۋردىمۇ يېنىدىن ئايرىمىغان مەنىۋى قورالى. نۆۋەتتە چاقچاق ۋە چاقچاقچىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ ئەزەلدىن كەم ۋە ئاجىز بولۇپ باقمىغان. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئەمەلىيەت بۇ سۆزىمىزنىڭ ياققال دەلىلى.

كۈلكە - چاقچاق، لەتىپە دېگەندە بىز ئالدى بىلەن شەرق كۈلدۈرگە سەنئىتىنىڭ ئاتىسى، لەتىپە ئۇستازى، سىرلىق كەچۈرمىشلەرگە باي، دۇنيانىڭ يەتتە يېرىدە مازىرى بار دەپ تەرىپلىنىدىغان خوجا نەسىردىندىن سۆز باشلايمىز. ئۆتكۈر پىكىر، ساغلام ئەقىل ئىگىسى بولغان نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئىسمىشەرىپىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئىختىيارسىز ھالدا چىرايىمىزدا كۈلكە پەيدا بولىدۇ. جاھالەتنى، ئادالەتسىزلىكنى، ئەخمەقلىق ۋە نادانلىقنى مەسخىرە قىلىدىغان بۇ ياڭراق كۈلكە ئوتتۇرا

ئەسىرلەردىن تارتىپ خەلقىمىز ئارىسىدا جاراڭلاپ، سانسىز قەلبلەرنى روھلاندۇرۇپ كەلگەن. ۋاھالەنكى شۇ سىرلىق دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى بىر چاغلاردا ئىشكىنى يېتىلەپ ھېيتگاھنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىگەن، سەلەي چاققانىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ياڭراتقان راۋابىغا زوق بىلەن قۇلاق سېلىپ مىيىقىدا كۈلمىگەن، كېيىن بولسا تۇمەن دەرياسى بويىدىكى بىرەر چايخانىدا قېنىپ ـ قېنىپ بىر چەينەك چاي ئىچمىگەن دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

كىلاسسىك شائىر مەشرەپ رەھىم بابا 1657 ـ يىلى قوقەنتتە تۇغۇلغان. ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، شەرق ئەدەبىياتىدا مۆتىۋەر ئورۇنغا ئىگە بولغان. ئۆز ئۆمرىدە ئۇزۇن يىل سەرگەردان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق رايونلىرىنى ئارىلاپ چىققان. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئىلىلاردا بولغان. ئۇ بارغانلا يېرىدە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ھۆكۈمرانلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن، ئاقىۋەتتە قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئافاق خوجا ئۇنىڭ «گۇناھىنى يۇيۇشى» ئۈچۈن ئوردىغا ئەكىرىپ سۇ توشۇشقا، ئوردىنى تازىلاشقا سالغان. ئەمما، مەشرەپ زادىلا باش ئەگمىگەن. ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىگەن ھۆكۈمرانلار 1711 ـ يىلى شائىرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن، مەشرەپنىڭ قەشقەردە تۇرغاندا خەلق ئىچىگە تارقالغان لەتىپىلىرى نۇرغۇن، ئەمما ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى جىق ئەمەس... مىسالكىم، مەشرەپ قەشقەردە ــ ئافاق خوجىنىڭ ئوردىسىدا يەتتە يىل تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرەلمىگەن مولللار بىر كۈنى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ ئۇنى ئافاق خوجىغا چېقىپتۇ:

— كېنىزەكلەرنى كۆرگەن ھامان مەشرەپنىڭ قاش ـ كۆزلىرى ئويناپ كېتىدۇ.

ئافاق خوجا مەشرەپنى جازالاش ئۈچۈن، دەرھال قول ئاستىدىكىلەرگە ئۇنى بېسىپ، قىزىتىلغان زىق بىلەن ئەن سېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

— ئەي ئادىل ۋە خالىس ئاللا، — دەپ نالە قىپتۇ مەشرەپ، — مەن كېنىزەككە بىرلا قاراپ قويۇۋىدىم، مۇشۇنچە قاتتىق جازا بەردىڭ، ئەگەر ئوردىدىكى كېنىزەكلەرنى ئاياغ ئاستى قىلغان ئەبلەخلەر ئۆلۈپ جەھەننەمگە كىرسە، ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق جازالىغايسەن!

... موللا مەتيار خەلپىتىم 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر يېڭىساردا تۇغۇلغان، قەشقەر خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان ۋە بىر مەزگىل قەشقەر مەھكىمە شەرئىيەدە ئىشلىگەن ئەلگە تونۇشلۇق قىزىقچى، لەتىپىچى. ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرىدىغان لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ئارقىلىق ئاۋامنىڭ ھال ـ مۇڭىغا ھەمنەپەس بولغان. نەتىجىدە، باي ـ خوجاملارنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان ۋە يۇرتىنى تاشلاپ غۇلجىغا چىققان. غۇلجىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقدا تويۇنغان يەرلىك مۇھىتى ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى قىلىچ بىسىدەك بىلەپ ۋە تاۋلاپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بېتىلگەن قىزىقچىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان ھەمدە غۇلجا شەھىرىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساتىراشلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

موللا مەتيار خەلپىتىمنىڭ يۇرتىدا خۇشامەتنى ياخشى

كۆرىدىغان بىر باي بار ئىكەن، ئۇ ھويلىسىغا گۈل تېرىماقچى بولۇپ موللا مەتيار خەلپىتىمدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئۆزلىرى گۈل خۇمار ئادەم، ھويلامغا لەيلىگۈل تېرىغىنىم ياخشىمۇ ياكى قىزىلگۈلمۇ؟

— سىلىنىڭ بۇ ھويلىدا ئۇ گۈللەر ئېچىلماي تۇرۇپلا قۇرۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ موللا مەتيار ئويلانغىنىچە، — ئاپتاپپەرەس تېرىسىلا راسا باب كېلەرمىكىن!

سەلەي چاقچان راۋابىنى
«ساپىرىق» قا سازلايدۇ.
چاقچاق قىلسا ھېيتگاھتا،
قەشقەر كۈلۈپ ئاڭلايدۇ.

سەلەي چاقچاننىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەت سالى ئوغلى بولۇپ، ئادەتتە سەلەي دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ «ئەپچىلەم»، «گەپچىلەم»، «موللا»، «چاقچان» دېگەنگە ئوخشاش لەقەملىرى بولغان. ئۇ 1816 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى «چاقچانلار» مەھەللىسىدە ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سەلەي چاقچاننىڭ دادىسى ناخشىچى، قوشاقچى، شۇنداقلا ئۇستا راۋابچى ئىدى. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، غېرىب - مۇساپىرچىلىقتا ياشىغان. بۇ جەرياندا ئۇ داڭلىق غەزەلخان، چاقچاقچى، قىزىقچى ۋە مەدداھلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلاردىن ئۆگەنگەن ۋە كۆپ ئۆتمەي ئۆزىمۇ ھازىرجاۋابلىقى، سۆزگە

چىچەنلىكى، يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە باشقا يۇرتلارغا تونۇلغان.

قەشقەرنىڭ ھۆكۇمرانى بەدۆلەت بىر كۈنى سورۇندا ئولتۇرۇپ:

ــ مانا، مېنىڭ زامانىمدا قوينىڭ دۈمبىسىدە تورغاي ئۇۋىلايدىغان بولدى، راستمۇ، سەلەي؟ ــ دەپ ماختاندى.

ــ راست ئېيتتىلا، تەقسىر، ــ دېدى سەلەي چاققان شۇئان بۇرۇتىنى چىمدىپ قويۇپ، ــ ھەزرەتلىرىنىڭ زامانىسىدا تورغاي ئۇۋا سېلىشقا پەقەت قوينىڭ دۈمبىسىلا قالدى.

... شىرىن دورغا مۇندىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن خوتەن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسىدا ئۆتكەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەنە بىر خەلق قىزىقچىسى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، خەلقپەرۋەر ئادەم بولۇپ، زوراۋانلىقتا، مۇتەئەسسىپلىككە قارشى تۇرغان. ئۇ يەنە خۇش چاقچاق، سۆزمەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىق چاقچاق ـ لەتىپىلىرى ئەل ئارىسىغا خېلى كەڭ تارقالغان.

بىر باي سورۇندا مەزە، تائاملاردىن تويغۇچە يەپ، خورجۇنىغىمۇ پاتقۇچە جايلاپ، ئاندىن جامائەتكە قاراپ:

ــ كۆكسى ـ قارنىم توق ئادەممەن، توي ـ تۆكۈنلەردە زەللە ـ پەللە ئالمايمەن، ــ دەپ ماختىنىشقا باشلاپتۇ.

باينىڭ بۇنداق خۇپسەنلىكىگە چىداپ تۇرالمىغان شىرىن دورغا:

ــ توغرا ئېيتتىلا، تەقسىر، ــ دەپتۇ، ــ سىلى ھەقىقەتەن ئېسىل كىشى، باشلىرىدا سەللە، كىيگەنلىرى مەللە، خورجۇنلىرىدا زەللە، ــ دەپتۇ. ھېلىقى باي ئۇجۇقۇپ، ئولتۇرۇپلا قاپتۇ.

ئاقسۇ دىيارىمۇ ئۆز قىزىقچى ـ چاقچاقچىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق. كەلپىندە قىزىقچى دەپ ئاتىلىپ نام چىقارغان ئىسكەندەر ھەققۇلى بىلەن ئىبراھىم سايىت ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىسكەندەر ھەققۇلى كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك يېزىسىدىن بولۇپ، 1918 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، كېيىنچە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئىسكەندەر ھەققۇلى ئىخچام، راۋان، كۈلكىلىك، ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇق گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكى، چاقچاقنى چاقچاق بىلەنلا تۈگىتەتتى. مۇبادا باشقىلار چاقچاقتا توغرا مۇئامىلىدە بولالماي قالسا، مات قىلىش كويىدا بولماي تېخىمۇ قىزىق بىر چاقچاق قىلىش ئارقىلىق خەقلەرنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. چاقچاقتا يېڭىلىپ قالسا ھەرگىز ئۆچ ئېلىشنىڭ كويىدا بولمايتتى. ئۇنىڭ چاقچاقچىلىقتىكى بۇ پەزىلىتى ھازىرقى ئايرىم ياش چاقچاقچىلار ئۈچۈن ئۈلگە.

ئىسكەندەر ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ. مېھمانلار ئەمدىلا تاۋاقلاردىكى گۆشكە قول ئۇزىتىشىغا، تالادىن چاقىرىلمىغان بىر مېھمان كىرىپ كەپتۇ ـ دە، تەكلىپنىمۇ كۈتمەستىن تۆرگە ئۆتۈپ، ھەممە تاۋاقتىكى گۆشلەرنى سىيرىۋېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن تەئەججۇپلىنىپ ھەم غەزەپلىنىپ ئولتۇرغان مېھمانلارغا قاراپ ئىسكەندەر دۇئادىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

ــ ھەرقايسىلىرىنى مۇشۇ مېھماننىڭ تاماق يېيىش ھۈنىرىنى كۆرۈپ باققاي دەپ چاقىرغانىدىم، خاپا بولۇشمىسىلا!

... ئىبراھىم سايىت 1924 ـ يىلى كەلپىن

ناھىيەسىنىڭ تومئېرىق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق ئەدەبىياتىغا قىزىققان. ئاتا ـ ئانىسى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە مۇئەللىملىرىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك، لەتىپىلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلاپ، كېيىنچە ئۆزىمۇ قىزىق، يۇمۇرلۇق، ئۆتكۈر تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە چاقچاق ۋە لەتىپىلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا تونۇلغان.

بىر كۈنى ئىبراھىم سايىت كوچىدا، دائىملا مەست يۈرىدىغان بىر يىگىتكە كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىپتۇ. بىراق، ئۇ ياش يىگىت مەستلىككە سىلىپ، ئىبراھىم سايىتنىڭ سۆزىنى نەزىرىگە ئىلمىغاندەك:

ــ ئىبراھىم ئاكا، ھاراق ئىچمەڭلارلا دەيدىلا، ھاراق ئىچسەم نېمە بولىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ نېمە بولاتتى، ــ دەپتۇ ئىبراھىم سايىت، ــ ھاراق ئىچسە مەست بولىدۇ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادى نەس بولىدۇ، ئەلنىڭ ئىچىدە پەس بولىدۇ، يول ماڭمىقىمۇ تەس بولىدۇ... يەنە دەيمۇ؟

ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى كۇچادىمۇ سۆز چېچەنلىرى ئۆكسۈمەي ئۆتكەن. ئۇستا رازى ئەنە شۇلاردىن بىرى. ئۇستا رازى موزدۇز بولۇپ، 1874 ـ يىلى كۇچانىڭ ئۇچئۆستەڭ يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1949 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ھۈنەردە، سۆز چېچەنلىكىدە ماھىر بولغاچقا جامائەت ئىچىدە داڭلىق بولغان.

بىر كۈنى ئۇستا رازىنىڭ تونۇشلىرىدىن بىرى:

ــ ئۇستام، باللىرى نەچچە؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بالام تۆت، ــ دەپتۇ ئۇستا رازى.

ــ ئىسىملىرى نېمە؟

— بىر نىنىڭ ئازغان، بىر نىنىڭ بازغان، بىر نىنىڭ رىق، بىر نىنىڭ مىخ، — دەپتۇ ئۇستا رازى.
ھېلىقى ئادەم ھەيران بوپتۇ.
— مۇنداقمۇ ئىسىملار بولامدۇ؟
— ئەسلىدىكى ئىسىملىرى بۇ ئەمەس، — دەپتۇ ئۇستا رازى چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن ئۆيدە قىلىدىغان قىلىقلىرى شۇ.
... موللىباقى لەتىپىلىرىمۇ ئاتۇش دىيارى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا خېلى كەڭ تارقالغان.
بىرسى بازارغا كېتىپ بارغان موللىباقىدىن سوراپتۇ:
— موللىباقى، بازارغا باراي دەيمەن، پۇلۇم يوق، بېرىپ لەگمەن يەي دېسەم لازىسى جىق، ئاچچىق؛ پولۇ يەي دېسەم تاش مىجەزىم سوغۇق بولغىنى بىلەن ئىچ مىجەزىم ئىسسىق، مانتا يەي دېسەم باس - باس، سامسا يەي دېسەم قاتتىق، نېمە يېسەم بولار؟
موللىباقى ھېلىقىنىڭغا دەپتۇ:
— ئەمىسە مەشەدە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ غەم يە!
... جەنۇب قىزىقچىلىرى ھەققىدىكى تەپسىلىي بايانلىرىمىز يەنە داۋاملىشار ئىدى، بىراق سەھىپە ئېتىبارى بىلەن، ئىككىنچى قەدەمدە پەقەت قەشقەر دىيارىدا ئۆتكەن قىزىقچى، لەتىپىچى - چاقچاقچىلاردىن يەنە بىر تۈركۈمىنىڭ ئىسمىشەرىپلىرىنى ئاتاپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئۇلار قەشقەر يېڭىشەھەردىن مامۇت ھارۋىكەش، يوپۇرغىدىن سەلەي توختى، قۇربان مەزىن، قەشقەردىن ئەمەت ئۆمەر، يېڭىساردىن ناسىر كوجاڭ، چىمىت باي، قاغىلىقتىن ئابدۇللا ئوسمان،

مەكتەپتىن ئەخەت ھېيت... قاتارلىق سۆز چېچەنلىرىدىن ئىبارەت.

بىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز ھەر جەھەتتىن گۈللەپ - ياشنىغان مىسلىسىز كاتتا باغقا ئوخشايدۇ. شۇ باغ ئىچىدە چاقچاقچىلىق، لەتىپە - يۇمۇرچىلىق گۈللىرىمۇ پورەكلەپ، خۇشبۇيلىنىپ ئېچىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. مۇئەللىپ قۇتلۇق بىر تېمىغا قەلەم تەۋرىتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان شۇ كۆنلەردىمۇ ھەر يۇرت - ھەر يۇرتنىڭ يېڭىدىن - يېڭى قىزىقچى، لەتىپىچى - چاقچاقچىلىرى ئۆز ماكانلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ياشاپ يېتىلمەكتە ۋە خەلقنىڭ دىل بەھرىنى ئاچماقتا. ئەلۋەتتە، بۇ بايانىمىز ئانا قەشقەرنى گۈلتاجى قىلغان كەڭ - كەڭرى جەنۇبىي شىنجاڭ دىيارىغىمۇ ماس ھەم خاستۇر... ئەمدىكى بايانىمىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ گۈزەل يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان، قوغۇن ۋە مېھىر - مۇھەببەت يۇرتى پەيزاۋات ناھىيەسى خۇسۇسىدا.

# پەيزاۋاتتىكى چاقچاقچىلار

پەيزاۋات ــ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باغىۋارانلىق، گۈل ـ گىياھلىق، ئادەملىرى ئىشچان، ئېتىزلىقلىرىدىن شېكەر ـ ناۋات ئۈنىدىغان، ھەممە يېرىدە يېقىملىق ناخشىلار، قىزىق كۈلكە ـ چاقچاقلار ياڭراپ تۇرىدىغان، خىزىرنىڭ نەزىرى تەگكەن يۇرت. بۇ ماكاننىڭ ئىسمىمۇ پەيزى ئاباد دەپ ئاتىلىپ، ھەر جەھەتتىن ئىسمى ۋە ئاۋاتلىقىدىن بىزگە دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ.

جىمى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئوخشاش پەيزاۋاتتىمۇ ئەلنەغمىچى، كۈلدۈرگىچى، سۆز چېچەنلىرى كەم بولغان ئەمەس. پەيزاۋاتنىڭ شېرىن ـ شېكەر قوغۇنى قانداق داڭلىق بولغان بولسا، ئەلنىڭ كۆڭلىگە قوغۇن شەربىتىدىن زىيادە شېرىن كۈلكە تەرەننۇملىرىنى ئاققۇزۇپ كەلگەن لەتىپىچى ـ چاقچاقچىلىرىمۇ باغرى كەڭ دىيارىمىزدا شۇنچىلىك مەشھۇر. تۆۋەندە شۇ تەرىپكە لايىق ـ سازاۋەر پەيزاۋاتلىق سۆز ئۇستىلىرىدىن بىرنەچچىسى بىلەن تونۇشايلى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆز چېچەنلىرىدىن بىرى بولغان لەتىپىچى، قوشاقچى كېرىم ئەلى 1897 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ گۈللۈك يېزا قەيرۇمقۇم كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1978 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا سۆزگە

ماھىر، لەتىپە ـ چاقچاقچاقلا، بىيىت ـ قوشاقلارغا ھېرىس، كىشىلەر توپلاشقان سورۇنلاردا پاراڭ تىڭشاشقا ئامراق بالا بولغان. ئۆزىمۇ تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوينىغاندا بولسۇن ياكى مەھەللىسىدىكىلەر بىلەن ئەمگەك، پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندا بولسۇن، گەپكە گەپ كەلگەندە ماھىرلىق بىلەن دەرھال جايىدا گەپ قىلىپ، دائىم باشقىلارنىڭ قايىللىقى ۋە ھەيرانلىقىنى قوزغىغان. كېرىم ئەلىنىڭ يۇرتىدىكىلەر ھازىرغىچە ئۇنى «ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە قىزىقارلىق، يۇمۇرىستىك گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ياكى بىيىت ـ قوشاق بىلەن جاۋاب بېرىدىغان، ئىپادە بىلدۈرىدىغان ھازىرجاۋاب لەتىپىچى ۋە شائىر ئىدى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. كېرىم ئەلىنىڭ ئۆتكۈر، ئۆزىگە خاس، تولىمۇ قىزىق، لەتىپە ـ چاقچاق تۇسىگە ئىگە پاراڭلىرى ھەم قىزىق ئىشلىرى ھازىرغىچە پەيزاۋات ۋە قەشقەر دائىرىسىدە تىلغا ئېلىنىپ، كىشىلەرگە خۇش كۇلكە بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

كېرىم ئەلى بىر كۈنى ساتىراشخانىغا چاچ ـ ساقال ئالدۇرغىلى كىرىپتۇ. ساتىراش ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەردە تازا خىزمەت كۆرسەتكەن كۆيدۈرگىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. كېرىم ئەلى نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرسا، ساقىلىنى ئالدۇرۇۋاتقان ئادەم ساتىراشقا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

ــ ھوي، ساقال ئېلىشنى بىلەمسىز، يوقمۇ؟ ئۇستىرىڭىز گالمۇ يە؟ نېمانچە ئاغرىتىسىز؟

ساتىراش بىرنېمە دەي دېگۈچە كېرىم ئەلى ھېلىقى ئادەمگە دەپتۇ:

ــ نېمە دەۋاتىسىزەي، بۇرادەر، بۇ ئادەمنىڭ

هۇنىرىگە گەپ كەتمەيدۇ. ھازىرغۇ قولىدا شەمشەردەك ئۈستىرا تۇرۇپتۇ، بۇرۇنلاردا قولىغا ئۇستىرا ئالمايمۇ خېلى ـ خېلى ئادەملەرنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىنى پاك ـ پاكىز ئېلىۋەتكەن...

دەرياغا شۇرمەل[1] كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر كەنتتە توي بوپتۇ. يۇرتنىڭ بىر چوڭى يورغا ئېتىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ قاتىراتقىنىچە توي بولۇۋاتقان ھويلىغا كىرىپ كەپتۇ ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپلا كېرىم ئەلگە ۋارقىراپتۇ:

ـــ ھەي كېرىم كۆمەچ[2]، ماۋۇ ئاتنى سوۋۇتۇۋەت!

ـــ خوپ، ـــ دەپتۇ كېرىم ئەلى ۋە ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتنى ھويلىنىڭ كەينىدىكى لەپەڭشىپ شۇرمەل ئېقىۋاتقان دەرياغا چۈشۈرۈپ باغلاپ قويۇپتۇ. يۇرت چوڭى توينى تۈگىتىپ تالاغا چىقىپ، ئامراق ئېتىنىڭ شۇرمەللىك دەريادا تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جان ـ ئىمانى چىقىپتۇ ـ دە، كېرىم ئەلگە ۋارقىراپتۇ:

ـــ ھەي كېرىم كۆمەچ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

ـــ ئۆزلىرىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە، ـــ دەپتۇ كېرىم ئەلى، ـــ سوۋۇتقىنىم.

بىر كۈنى كەچتە بىرنەچچەيلەن كېرىم ئەلىنىڭ بىر پاقلىنىنى «باراۋەت» نامى بىلەن يەۋېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭكىگە كەپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغىلا پاقلان ئەنسىز مەرەپ كېتىپتىكەن،

---

① شۇرمەل ـــ ئەتىيازدا دەريا ياكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئاققان مۇز.

② كۆمەچ ـــ كېرىم ئەلىنىڭ لەقىمى.

كەلگەنلەردىن بىرى گەپنى تېشىش مەقسىتىدە كىرىم ئەلىدىن:

— كىرىمكا، پاقلىنىڭىز نېمانداق ئەنسىز مەرەۋىرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنى ئوبدان سورىدىڭىز، — دەپتۇ كىرىم ئەلى دەرھال، — بۇ ئەسلى شۇنداق ياۋاش پاقلان ئىدى، سىلەر كىرىشىڭلارغىلا «بۇ يۇرتتا ھەممە پاقلان تۇگەپ، مەنلا قالغاندىم، جېنىمنى قۇتقۇز» دەپ ماڭا يېلىنىپ مەرەۋاتىدۇ.

كىرگەنلەر لام - جىم دېيەلمەي، بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كىرىم ئەلىنى «داشقال» دەپ ئايرىپ، كۆرەشكە تارتىپتۇ. كۆرەش قىلىش داۋامىدا ئىسيانچىلار ئۇنىڭ ئاقارغان ساقاللىرىنى يۇلۇپتۇ، دەل ئاشۇنداق كۆرەش بولۇۋاتقان بىر كۈنى يۇقىرىدىن بىر باشلىق كېلىپ، يىغىن باشقۇرۇۋاتقان ئىسيانچىلار باشلىقىدىن:

— كۆرەش مەيدانىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىغىن باشقۇرغۇچى سۆزلىگۈچە، سەھنىدە ئۆرە تۇرغان كىرىم ئەلى بۇرۇلۇپ باشلىققا جاۋاب بېرىپتۇ:

— خاتىرجەم بولسىلا، باشلىق، كۆرەش مەيدانىنىڭ ئەھۋالى خۇددى ئاق ئات ئېغىنىغاندەك بولۇۋاتىدۇ.

خوپ، بىز قەيسەر، گەپدان كىرىم ئەلىنىڭ لەتىپىسىمان سۆزلىرىنى مۇشۇ يەرگىچە بايان قىلىپ، پەيزاۋاتلىق يەنە بىر لەتىپىچى باۋدۇن يۇسۇپنىڭ قىزىق گەپلىرىدىن بەھرە ئالايلى.

باۋدۇن يۇسۇپ 1918 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ خۇشئاۋات يېزا يۆگىمەچلىك كەنتىدە، نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دىنىي مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغان ھەمدە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ، 1950 ـ يىلىدىن تارتىپ ئون ئالتە يىل ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 ـ يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىك پاراڭلىرى پەيزاۋات خەلقى ئارىسىدا ھەر دائىم يادقا ئېلىنىپ تۇرىدۇ ۋە كىشىلەرگە كۈلكە، زوق بېغىشلايدۇ. قەشقەر دىيارى تەۋەسىدىمۇ ئۇنى بىلىدىغانلار ۋە ئەسلەيدىغانلار نۇرغۇن.

باۋدۇن يۇسۇپنىڭ يۇرتىغا يېقىندىن بىر قازى كەپتۇ. كىشىلەر بۇ قازىنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

ــ بۇ قازى قالتىس ئادەمكەن، مېڭىسى ئەقىل ـ بىلىم بىلەن تولغان دېيىشىدۇ، شۇغىنىسى، ئۆزى سەترەڭ، يەنى بېشى بەك يوغان ئىكەن...

باۋدۇن يۇسۇپ گەپكە ئارىلىشىپتۇ:

ــ بەلكىم دېگىنىڭلار توغرىدۇر، قازىلار ئۇچۇن مېڭە ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئىشلارنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئىتتىرىپ قويسىلا پۈتۈۋېرىدۇ. مېنىڭچە، بىزنىڭ قازىمۇ مېڭىسىنى ئىشلەتمەي، مېڭىسى چوقچىسىغا سىغماي سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكتىن بېشى يوغان كۆرۈنەمدىكىن!

كىشىلەر كۈلە ـ كۈلە، قايىل بولۇشۇپتۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەكتەپكە كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى باۋدۇن يۇسۇپكىمۇ قالپاق كىيدۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقىلار ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— باۋدۇنكا، مۇدىر تۇرۇپ سىلى قاندىقىسىغا قالپاق كىيىپ قالدىلا؟

— راستىنى ئېيتسام، — دەپتۇ باۋدۇن يۇسۇپ چۈشەندۇرۇپ، — خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇ يەرگە كېلەرىدە ئالغاچ كەلگەن قالپاقلاردىن بىرسى ئېشىپ قاپتىكەن، كېتەرىدە قايتۇرۇپ كېتىشكە نومۇس قىلىپ ماڭا كىيدۇرۇپ قويدى.

... مەخسۇس تەخسە سېتىش بىلەنلا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. تەخسە سېتىۋېرىپ كۆپ ئۆتمەي خېلى بېيىپ قالدى ۋە بىر باشلىققا پۇل سۇڭگۇتۇپ، خىزمەتكىمۇ ئورۇنلىشىۋالدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەخسە ساتار باۋدۇن يۇسۇپنى يېقىن كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى:

— ئوقەت قىلىپمۇ خېلى ئوڭشىلىپ قالدىم، سىلىچە تەخسە ساتىدىغان بۇ ئىشنى يەنە قىلايمۇ ـ قىلمايمۇ؟

— تەخسە سېتىش يامان ئىش ئەمەس، — دېدى باۋدۇن يۇسۇپ ئويلىنىپ تۇرۇپ مەسلىھەت بېرىپ، — سىلى بىكار ۋاقىتلاردا تەخسىنى سېتىۋەرسىلە، بىراق ھېلىقىمدەك، نەپ چىقىرىمەن دەپ باشلىقلارغا تەخسە تۇتمىسىلا.

ھېلىقى كىشى قىزىرىپ، لام ـ جىم دېيەلمەي قالدى.

بىرسى باۋدۇن يۇسۇپتىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دۇنيادا قوي يېمەيدىغان بۆرىمۇ بارمۇ؟

باۋدۇن يۇسۇپ دەپتۇ:

— ئەلۋەتتە بار، بۆرە ئۆلسە ئاندىن قوي يېمەيدۇ.

باۋدۇن يۇسۇپكە «جىن ـ شەيتان» دەپ قالپاق

كىيدۇرۇلگەن كۇنلەردە يۇقىرىدىن كەلگەن، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بىر چاپارمىنى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارغا يىغىن ئېچىپ:

— ھازىر بەزى جىن - شەيتانلار يەنىلا ھوقۇق ئىگىلەشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ گېپىنى ھەرگىز ئاڭلىماڭلار!— دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باۋدۇن يۇسۇپ دەررۇ بارماقلىرى بىلەن ئىككى قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋاپتۇ.

— ھەي بىئەدەپ، نېمە ئۇچۇن مېنىڭ شۇنداق مۇھىم سۆزۈمنى ئاڭلىمايسەن؟— دەپتۇ بۇنى كۆرگەن چاپارمەن غەزەپلىنىپ.

باۋدۇن يۇسۇپ ھېلىقىنىڭغا دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ئۆزلىرى ھېلىلا «جىن - شەيتانلارنىڭ گېپىنى ھەرگىز ئاڭلىماڭلار» دېمىدىلىمۇ؟!

باۋدۇن يۇسۇپ لەتىپىلىرىنىمۇ داۋاملىق سۆزلىسەك بولۇۋېرەتتى، بىراق مۇئەللىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى يەنە بىر چاقچاق ئۈستىسىغا، گۈزەل ۋە شۆھرەتلىك پەيزاۋات زېمىنىدا تۇغۇلۇپ، پەيزىۋاتنىڭ شېرىن قوغۇنى بىلەن ئېغىزلىنىپ، شېكەر تىللىق، ئۆتكۈر سۆزلۈك، چېۋەر قوللۇق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئانا تۇپرىقىدا سەل كەم ئۈچ قەرنە ياشاپ، كېيىن جاھان كېزىش ئىشتىياقى ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆز يۇرتىدىن جىسمانەن ئايرىلىشنى ئىختىيار ئەتكەن يەنە بىر پەيزاۋاتلىق چاقچاق چولپىنىغا، ئەقىللىك ۋە مۇھەببەتلىك بىر ئىنسانغا يۆتكەشنى ئىختىيار قىلدى. پەيزاۋات باغلىرىدىن ئىلى

باغلىرىغا سەپەر قىلىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى، ھاياتنىڭ راسا دانىشمەنلىككە تولغان يىگىرمە ئۈچ يىلىنى جەننەتتەك ماكان ئىلىدا ئۆتكۈزگەن، ئايالى، بالىچاقىلىرى بىلەن شۇ ئەزىز دىياردا قۇۋۇلىشىپ ئۆتكەن، ھاياتنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە لەتىپىچىلىك، سۆخەندانلىق مەقامىغا يېتىپ، كىشىلەر ئىسمىنى ئاڭلىسا دەرھال كۆلۈمسىرەيدىغان ھالەتتە نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەن قەشقەر پەيزاۋاتلىق ئۇ ئىنسان...
«ئىشقىيار نامەت!»

# ئىشقىيار نامەت

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاي، ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك.
ئاپرېل ئايلىرى ئۈرۈمچىدە يەنىلا قىشنىڭ قارا كۆلەڭگىسى سايە تاشلاپ تۇرغان بولىدۇ. بىراق، بۈگۈنكى يەكشەنبە كۈنى ئەھۋال سەل باشقىچىرەك بولدى، ئەتىگەندىلا كوچىلارنى باش باھارنىڭ سەلكىن شامىلى كېزىپ، قۇياش يۈزلەرنى ئىسسىق كالپۇكلىرى بىلەن سۆيۈپ قويدى. ئەنە شۇنداق ياخشى ھاۋا، ياخشى كەيپىياتتا، مۇشۇ قۇرلارنىڭ مۇئەللىپىگە دۆڭكۆۋرۈكتىكى خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ ھويلىسىدا تونۇش بىر يۈرتلۇقى ئۇچراپ قالدى.
ــ سىزنىڭ ئىشقىيار نامەتنىڭ لەتىپىلىرىنى رەتلىگەن كىتابىڭىزنى كۆردۈم،ــ دېدى ئۇچرىغۇچى، ئاتمىش بەش ـ ئاتمىش ئالتە ياشلاردىكى دوغىلاق، ئاق يۈزلۈك كىشى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن،ــ يامانمۇ ئوبدان ئىش قىپسىز، بىراق بىر يېرى، كىتابقا بەرگەن ئىشقىياركامنىڭ سۈرىتى ئۆزىگە ئانچە ئوخشىماي قاپتۇ، ئىشقىيار نامەت بىلەن كونا تونۇشچۇ مەن...
مۇئەللىپ بىردىن سەگەكلەشتى. ئۇنىڭ ئالدىغا «مەن ئىشقىيار نامەتنى ئوبدان تونۇيمەن» دەيدىغان بىر ئادەم ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ، سۆزلەپ تۇراتتى. كۆڭلىدە

شۇ تېمىدىمۇ بىر پىلان تۈزگەن مۇئەللىپ ئۇچۇن بۇ بىر ياخشى ئەھۋال ئىدى.

ــ خوش، ئەمىسە سىز بىر جۇسۇنلەپ بېرىڭا، ئىشقىيار نامەت قانداقراق ئادەم ئىدى؟ بويى، ئۆڭى دېمەن... ــ دەپ ئالدىراپ سورىدى مۇئەللىپ، گەرچە بىر زامانلاردا ئىشقىيار نامەتنى غۇلجىنىڭ بازارلىرىدا بىر ـ ئىككى قېتىم چالا ـ پۇچۇق كۆرگەن بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئۆڭى ـ جونىنى دەررۇ يادىغا ئالالماي سۆھبەتدىشى ــ ئەينى يىللىرى غۇلجا شەھەرلىك باغ ـ ئورمان ئاسراش ئىدارىسىدە ئىشلەپ پېنسىيەگە چىقىپ، ھازىر ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋاتقان ئاbباس تاشاخۇن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

ــ ئىشقىيار نامەتنىڭ چىراي ـ شەكلى، بوي ـ تۇرقىنى مەن سىزگە سۈرەتلەپ بېرەي،ــ دېدى ئۇ مۇئەللىپنى يولنىڭ يەنىمۇ چېتىگىرەك يېتىلەپ،ــ ئۇ ئادەم ئوتتۇرا بوي، ئورۇقتىن سەل گەۋدىلىكرەك، كۆكۈچ ئورا كۆزلۈك، چىرايى ساپسېرىق، تېتىك، دىكىلداپ ماڭىدىغان، بېشىدىن دائىم تۇماق چۈشمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئاۋازى ئىنچىكىگە مايىل، سۆزلىسە گېپى جاراڭلىق چىقاتتى. دانىمۇدانە سۆزلەيتتى. ئاۋازىدا ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تەگكۈدەك ئۇرغۇ بار ئىدى...

ئاbباس تاشاخۇن ئىشقىيار نامەتنىڭ تەسۋىرى ھەققىدە بىر ۋاراقى زوق بىلەن سۆزلەپ، توختاپ قالدى. كۆزلىرىدە يەنە نېمىلەرنىدۇر يادىغا ئېلىۋاتقاندەك بەلگە ـ ئالامەت بار ئىدى... كېيىن يەنە بىردىن جانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

ــ ھە، بۇرنى يوغان، ئەمما بۇرنىنىڭ ئۇچى قىرلىق،

ئۇچلۇق ئىدى، قاش ـ كىرپىكلىرى سارغۇچ، دائىم چىچىنى چۇشۇرۇۋېتىپ يۈرىدىغان بولغاچقا بېشى پارقىراپ تۇراتتى... ياندىن ئىزمىلىنىدىغان ئاق خەسە كۆڭلىكى كالتە چاپىنىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، كۆڭلىكىنىڭ ئالدى دائىم ئوچۇق، ئومۇمەن كىيىنىشى، تۇرقى ئىلى ئادەملىرىگە ئوخشاشمايتتى.

ئابباس ئەپەندىنىڭ تەسۋىرلىرىنى زوقى بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان مۇئەللىپنىڭ شۇ ھامان «بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىلىق، ئۇچلۇق ئىدى» دېگەن سۆزلەر بىلەن تەڭ ئىككى ئادەم يادىغا چۈشتى. بىرى، ھەممىمىزگە تونۇشلۇق تارىخچى، يازغۇچى تېيىپجان ھادى، يەنە بىرى، مۇئەللىپ ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، غۇلجا شەھىرىنىڭ يېڭى ھايات كەنتىدە «نۇقتىغا چۈشكەن كادىر» بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىدا، شۇ كەنتنىڭ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى بولغان تۇرغان ئوسمان دېگەن كىشى ئىدى، يەنە كېلىپ ھەر ئىككىلا ئادەمنىڭ ئىشقىيار نامەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئازدۇر ـ كۆپتۇر چېتىشلىق تامانلىرى ھەم ئوخشاشلىقلىرىمۇ بولىدىغان... بىراق بىز بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز.

ئابباس تاشاخۇن يەنە بىر قېتىم گېپىدىن توختاپ، «تەسۋىرىمنىڭ چالا قالغان يەرلىرى بارمىكىن!» دېگەندەك بويىنىنى سەل قىيسايتىپ خىيال سۈردى ـ دە، كېيىن كۈلۈمسىرەپ، يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ كىيىمنى تولۇق دېمەپتىمەن، كىيىمنى... يازدا تۆت يانچۇقلۇق خادانى چاپان كىيىپ، چاپاننىڭ ئۈستىدىن پوتا باغلىۋالاتتى، ھەرقانداق چاپاننىڭ پەشلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئۆتكۈزۈپ پوتا

باغلىنىۋالىدىغان، ئوقەتچى ئەمەسمۇ، كېتىۋېتىپ قوينىغا بىرەر نېمە سېلىۋالىمەن دەيدۇ ـ دە. خوش، قىشتا چىبەرقۇت ياختىلىق چاپان ياكى پالشوپكا كىيىپ يۈرەتتى، بەزى چاغلاردا مەخسۇم چاپان (ئۇزۇن پەرىجە) كىيىۋالاتتى. ئەيتاۋۇر، كۆز ئالدىمدا ئەنە شۇنداقلا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ياز كۈنلىرى بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، قىشتا پېپى تۇماق ياكى كۇچانىڭ مەرە تۇمىقىنى قىڭغىر قىلىپ كىيىۋالاتتى...

ئاباس تاشاخۇن سۆزلىگەنسېرى مۇئەللىپنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزى بىر يىللىرى ئاجايىپ ئۆتكۈر لەتىپە، ھەزىللىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن يىغىپ، توپلىغان، رەتلەپ، كىرىش سۆز يېزىپ مەتبەئە يۈزىدە ئېلان قىلغان، لېكىن شۇ كەمگىچە سىن ـ جونى مەۋھۇم بولغان بىر ئاددىي، ئەمما ئەقىللىك، جىگەرلىك ئىنساننىڭ چىرايى، تۇرقى، قەددى ـ قامىتى، تاشقى قىياپىتى مۇكەممەللىشىپ ئايان بولۇۋاتاتتى. بۇ تۇپەيلى ئۇ ئالدىدىكى خۇدا ئۇچراشتۇرغان مۇنۇ كىشىدىن تاغچە مىننەتدار بولماقتا.

ئاڭغىچە ئاباس ئەپەندى بايىقى گەپلىرى، تەسۋىرىنى تېخىمۇ تولۇقلىماقچى بولدىمۇ، ئۆزلۈكىدىنلا گېپىنى داۋام ئېتىپ قالغاندى:

ــ 1962 ـ يىللاردا كۆرسەم مەخسۇمچە چاپان كىيەتتىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن پالشوپكا چاپان ياكى كالتە ياختىلىق چاپان كىيىدىغان بولدى. بايا دېگىنىمدەك چاپىنىنى تولغاپ، يۆگەپ، پەشلىرىنى ئۆتتۈشتۈرۈپ، ئۇستىدىن مەھكەم قىلىپ پوتا

باغلىنىۋالاتتى. قوينىغا بىر نەرسە تىقىشقا ئەپلىك بولىدۇ ـ دە! جان بېقىشنىڭ كويى بولمامدۇ، ئەپەندىم...

پۇتىغىما؟ ھە، پۇتىغا قىش ـ يازىن ئۆتۈك كىيەتتى. ئۆتۈكى ئاقىرىپ كەتكەن، قونچىسى تۈرۈلگەن، خۇددى باجىنگىردەكلا... ھە، ئاشۇنداق ئادەم ئىدى!

مۇئەللىپ خىيالىدىكى ئىشقىيار نامەتنىڭ تەسۋىرىدە چالا قالغان، ئەڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى ھەر دائىم كۆڭلىدە ھېس قىلىپ، شۇ تەرىپىنى يەنىمۇ تەپسىلىي بىلىشكە، بىلىدىغانلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشقا ئۇمتۇلۇپ كېلەتتى. شۇ ئىستەك، شۇ خىيال ئىلكىدە ئۇ ئابباس ئەپەندىگە مۇراجىئەت قىلدى:

ــ يەنە...

ــ ھە، توغرا، يەنە...ــ دەپ كۈلۈپ كەتتى ئابباس تاشاخۇن،ــ ئەڭ مۇھىم تەرىپىنى دېمەپتىمەن، شۇنى دېيىسىز ـ دە، ئىشقىيار نامەت ئۆزى ئادىل، ھەققانىيەتسىزلىككە چىدىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئادەتتە جېدەلگە ئارىلاشمايتتى، بىراق ھەقىقەتسىزلىكنى كۆرسە تىترەپ، جېدەلنى سېتىۋالاتتى. ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى، ھە، بۇ مىجەزى گەۋدىلىك بولىدىغان. پارالڭ قىلسا قىزىق، ئاچچىق گەپلەر بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلاتتى، ئۆزىنىڭ سودىسىنىمۇ شۇ تۈپەيلى ئالغا سۈرەتتى...

مۇئەللىپ كۈلۈمسىرىدى، ئىشقىيار نامەت ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى نەق شۇنداق جۇسۇنلىنىپ، سۈرەتلىنىپ، تۈيۈلۈپ كەلگەنىدى. توغرا، ئىشقىيار نامەت دەل ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ئەكسى ھالدا ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «ئىشقىيار نامەت

لەتىپىلىرى»دىكى ئاجايىپ قىزىق، ئۆتكۈر پاراڭلار، پىكىرلەر ئۆزىچىلا ئاشۇنداق پەيدا بولۇپ قالماس ۋە سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئىغىزىدىن ـ ئىغىزىغا كۆچۈپ يۈرمەس ئىدى.

مۇئەللىپ ئاپباس تاشاخۇن بىلەن خېلى ئۇزاق سۆھبەتلىشىپ، كېيىن يەنە ئۇچرىشىپ ئىشقىيار نامەت ھەققىدە تەپسىلىي، چوڭقۇر پاراڭلىشىشقا كېلىشىپ خوشلاشتى ـ دە، بازاردىكى مۇھىم سودا ـ سېتىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، خىياللارغا كۆمۈلۈپ ئۆيىگە قايتتى. ئۆيىگە تېزرەك بېرىپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ پورترېتى ۋە باشقا تامانلىرى ھەققىدە ھېلىلا ئاڭلىغانلىرىنى تىزىپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

بىز ئەمدى مۇئەللىپ ئەينى يىللىرى زور ئىشتىياق بىلەن توپلاپ ـ رەتلىگەن، كېيىنچە «ئىشقىيار نامەت ھەققىدە ئېيتىلمىغان گەپلەر» ناملىق ھېكايىسىمان بىر كىرىش سۆز يېزىپ، 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇردانە ـ لەتىپىلەر» ناملىق كىتابىغا ئاتايىن كىرگۈزگەن ئۇنتۇلماس، ئەھمىيەتلىك ئەمگەك ھەققىدە توختىلايلى. ئۇشبۇ كىتابنىڭ باش تەرىپىگە مۇئەللىپ مەرھۇم يازغۇچى تېيىپجان ھادى بىلەن بىرلىكتە توپلاپ، نەشرگە تەييارلىغان، زور كۆلەمدىكى «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» (ئەپسۇس، تېيىپجان ھادى «دۇردانە لەتىپىلەر» ناملىق بۇ كىتابنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۇ ھايات مەزگىلىدە ئۇشبۇ لەتىپىلەرنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» يۈرۈشلۈك مەجمۇئەسىنىڭ بىرىنچى ساندا ئېلان

قىلىنغانىدى) بېرىلگەنىدى. گەپ ئۆختىسىغا كەلگەندە ئىزاھلاپ كېتەيلى، «دۇردانە لەتىپىلەر» كىتابىغا پەقەت «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» بىلەن «ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى»لا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئالدىنقىسىنىڭ باش تەرىپىدە مەرھۇم تېيىپجان ھادى بىلەن مۇئەللىپىنىڭ بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتى (2009 ـ يىلىدىكى 2 ـ نەشرىدە بۇ سۈرەت ئېلىۋېتىلگەن) ۋە مۇئەللىپىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «ئالتۇن يەردە ياتمايدۇ» سەرلەۋھىلىك، تېيىپجان ھادىغا بېغىشلانغان يادنامە بېرىلگەن. خوش، ئەمدى كىتابنىڭ كېيىنكى يېرىمىگە بولسا، مۇئەللىپ ئەينى يىللىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ فوتو سۈرىتىنى تاپالمىغاچقا ئالايىتەن باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ سىزدۇرغان، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ گۈزەل سەنئەت خادىمى نۇرۇللام ئىبراھىم قېرىنداشتا سىزغان ئىشقىيار نامەتنىڭ تەقلىدىي سۈرىتى ۋە مۇئەللىپىنىڭ يۇقىرىدا ماۋزۇسى قەيت قىلىنغان يادنامىسى بېرىلىپ، ئاخىرىغا ئىشقىيار پاراڭلىرى ئۇلانغانىدى. بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك بەتەپسىل سۆزلەپ كېتىۋاتقانلىقىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بىز مەرھۇم خەلق قىزىقچىسى ئىشقىيار نامەت ئاكىنىڭ پاك روھىناتىغا ۋە ئۇنىڭ ئۆمۈر يولىغا بېغىشلانغان بۇ قىسسە خاراكتېرلىك رومانىنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا بۇ ماۋزۇ ۋە مەزمۇنلارنى داۋاملىق تىلغا ئالىمىز خۇددى باغۋەن شاخ ـ شۇمبىلار ۋە كۆمىلاچ تاملار ئارقىلىق مېۋىلىك بېغىنىڭ يان ـ يېنىنى قىمداپ، مۇستەھكەملىگىنىدەك، بىزمۇ ئۇشبۇ قىسسىمىزنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قىمداپ، مۇستەھكەملەپ، كىتابنىڭ

سەر مەزمۇن، قىزىقىشلىق بولۇشى ئۇچۇن مېھنەت قىلىمىز.

خوش، ئەمدى پارىڭىمىزنى رەسسام نۇرۇللام ئىبراھىم ئەينى يىللىرى مۇئەللىپىنىڭ ئىلتىماسىنى يەردە قويماي، ئىشقىيار نامەتنى ئانچە - مۇنچە بىلىدىغانلارنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە سىزغان ھېلىقى تەقلىدىي سۈرەتكە ياندۇرۇپ كېلەيلى. ئەقىللىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇبارەك كۆڭۈللىرىگە دەررۇ ئايان بولۇۋاتقان بولسا كېرەككى، دۆڭكۆۋرۈكتىكى سۆھبەتتە ئاباس تاشاخۇن دەررۇ تىلغا ئالغان سۈرەت دەل ئاشۇ سۈرەتنىڭ ئۆزى ئىدى. لېكىن، شۇ نەرسىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئەينى يىللاردا مەزكۇر تەقلىدىي سۈرەتمۇ مۇئەللىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىشقىيار نامەتنىڭ دەسلەپكى، قىياسەن ئوبرازىنى ئورناتقانىدى. «سانسىزلىغان» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، «دۇردانە لەتىپىلەر» ناملىق بۇ كىتاب ئىككى قېتىملىق نەشرىدە جەمئىي ئون مىڭ تىراژ بىلەن بېسىلىپ تارقىتىلدى ۋە ھازىرمۇ كىتابخانىلارنى ئارىلىسىڭىز، بۇ كىتاب ئاسانلىقچە تېپىلمايدۇ.

شۇ بېشارەتنى نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلمايمىزكى، ئاباس ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە (مۇئەللىپ بۇ سۆزنى ئىلگىرىمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان) مەرھۇم ئىشقىيار نامەت ھايات چېغىدا سۈرەتكە چۈشۈشكە ئىنتايىن كاياك بولۇپ، بىر دېيىلىشلەرگە قارىغاندا، ئۆمۈر بويى سۈرەتكە چۈشمىگەنمىش. ئۇ زامانلاردا ھەر بىر ئادەم چوقۇم سۈرەتكە چۈشۈپ كىملىك ئىشلىتىش ياكى

سۈرىتىنى نوپۇس ئارخىپىدا ساقلاش تەلىپى بولمىغاچقا
كىم بىلىدۇ «شەيتاننىڭ ئاۋۇنچۇقى» دەپ تەرىپلەنگەن
سۈرەتكە بەلكىم ئىشقىيار نامەت چۈشمەي ئۆتۈپ كەتكەن
بولغىيدى. لېكىن، بىز هازىرغىچىلىك ئۇشبۇ
كىتابىمىز نەشردىن چىققۇچە ئىشقىيار نامەتنىڭ بىرەر
پارچە سۈرىتىنى تاپارمىز دېگەن ئۈمىدتە. مۇبادا يەنىلا
بىرەر ئۆگۈپ كەتكەن سۈرەتنىمۇ تاپالمىساق، يەنىلا
نۇرۇللا ئىبراھىم ئەپەندىنىڭ ياكى باشقا بىرەر
رەسسامنىڭ قىياسىي سىزمىسىغا مۇراجىئەت قىلىشتىن
باشقا ئامالىمىز يوق، «يوقتىن بارى ياخشى» دېگەنلىرى
شۇ ــ دە!

بۇ بابتىكى بايانلىرىمىز ئاخىرلىشىپ قالغاندەك
قىلىدۇ، بىراق شۇنىسى مەلۇمكى، ئەمدىلا باشلىنىش
ئالدىدا تۇرغان ئۇشبۇ ئۇزۇن هېكايىمىزدە، مەزكۇر
بابنىڭ قىممىتى ئىنتايىن زور. چۈنكى، بىز بۇ بابتا
قەھرىمانىمىز ئىشقىيارنىڭ مۇھىم بىرنەچچە تامانىدىن
خەۋەردار بولدۇق، بولۇپمۇ مىجەز ــ خاراكتېرىدىن! بۇ
هالقا ئەمدىكى بارلىق هېكايىلەرنىڭ ئوقۇرمەن قەلبىدە
ئوخشۇشلۇق ۋە تەخىرسىز «ھەزىم» بولۇشىدا ئىنتايىن
مۇھىم.

# دادام ئەسكى ئادەم ئەمەس

2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

ئاتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان چولپانخان ئىشقىيارنىڭ ئەتىگەندىلا يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاتا ـ ئانىسى تولىراق چۈشىگە كىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن كېچە ئۇ بولۇپمۇ دادىسىنى تازىمۇ روشەن چۈشەپ قالدى. دادىسىنىڭ قىرلىق ــ ئۇچلۇق بۇرنى ھېلىمۇ كۆز ئالدىدا، چۈشىدە نېمىلەردىندۇر جەھلى قاتقان ئىشقىيار نامەت بۇرنىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ھېلىدىن ـ ھېلىغا نوقۇپ قويۇپ ئامراق قىزىغا (ھېلى ئامراق بولمىسۇن!) كىم توغرۇلۇقتۇر كۆڭۈل رەنجىشىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

«دادام چۈشۈمدە خاپا بولۇپ پاراڭ قىلدى، ئىنشائاللا، خەيرلىك بولار، چۈش تەتۈرىگە ماڭارمىش،ــ دەپ ئويلىدى چولپانخان كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى سەل ئېچىپ سۈپكۈچلەپ،ــ دەررۇ ياغ پۇرىتىۋېتەي، ئەرۋاھلارنىڭ روھى تىنچ بولغاي... شۇغىنىسى ھەر دائىم چۈشۈمدە ئانام رەھمەتلىكنىڭ يۈزىنى ئوچۇق كۆرمەيمەن!»

چولپانخان ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە خېمىر يۇغۇرۇپ، ياغ پۇرىتىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئىش قىلغاچ، خىيالى دائىمقىدەك ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى

غەمسىز، قوۋناق بالىلىقىغا، ئانا يۇرتى غۇلجا شەھرىنىڭ تاجىۋاي مەھەللىسىگە چىپىپ كېتىپ قالدى... تاجىۋاي مەھەللىسى غۇلجا شەھرىنىڭ خەنزۇ بازىرى دەپ ئاتىلىدىغان ئاۋات رەستىسىنىڭ ئۇستىگە، قارادۆڭ مەھەللىسىنىڭ تۆۋىنىگە، قارادۆڭگە كېتىۋاتقاندىكى ئوڭ قولغا قايرىلىپ كىرىپ كەتكەن ئازادە يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان، غۇلجىدىكى قەدىمىي مەھەللىلەردىن بىرى. يەرلىك كىشىلەر بۇ ئەتراپنى چىلەك خاڭزا دەپمۇ ئاتىشىدۇ. دەسلەپ بىنا قىلىنغان چاغلار بۇ مەھەللە ئازگال، چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقاندەك كۆرۈنگىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئەنە شۇ چىلەك خاڭزا ــ چىلەك مەھەللىسىگە كىرىپ كېتىۋاتقان چوڭ يول ئۇستىگە جايلاشقان مىيان ھەزرىتىم مەسچىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى (كېيىن غۇلجا شەھەر ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشخانىسىمۇ شۇنىڭ بىقىنىغا جايلاشقانىدى) تاجىۋاي مەھەللىسىدە ئىشقىيار نامەتنىڭ تار، سوزۇنچاق ھويلىسى بار ئىدى. كىچىككىنە چولپان مەھەللىدىكى دوستلىرى بىلەن دائىم ئەنە شۇ مېھرى ئىسسىق، ھازىرمۇ كۆز ئالدىدا شاھ ئوردىلىرىدەك بولۇپ جۇسۇنلىنىدىغان ھويلىسىنىڭ ئالدىدا ياكى ھويلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ ئالدىدا (ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ كەڭ ـ كەڭرى قورۇسىغا خوي كىرىپ ئويناشقىلىرى بار ئىدى ـ يۇ، لېكىن ئوڭ پۇتىنى ئاۋايلاپ، ئاقساپ ماڭىدىغان چوقۇر كۆزەتچى سېلىمئاخۇن چۇقانچى بالىلارنى قورۇ ئىچىگە كىرگۈزمەيتتى) ئوينايتتى. چولپانخاننىڭ بەش ـ ئالتە

ياشلىق ۋاقىتلىرى غۇلجا شەھىرىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تازا كەسكىنلەشكەن چاغلىرىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، ئاساسىي قاتلام كومىتېت قورۇسىنىڭ ئىچىدە سېرىق كىيىم كىيىپ، بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ياشلار، بىرلىرى كەلسە، بىرلىرى كېتىپ قالىدىغان ئالىلىقاندىقاق سۈرلۈك، ئالدىراش ئادەملەر نېمىلەرنىدۇر قىلىپ، كىملەرنىدۇر تۇتۇپ ياكى چاقىرىپ ئەكېلىپ سوراق قىلىپ، كۆن بويى ۋە كېچە - كېچىلەپ تۈگىمەس يىغىنلارنى ئېچىپ يۈرەتتى. ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايى ئەندىشىلىك، قاپىقى سىلىق... ئۇ ئەنە ئاشۇنداق يىللار ئىدى.

چولپانخان قىزىرىپ پىشقان قۇيماقلارنى چويلا بىلەن سۈزۈپ، مېيى ئېقىپ پۇتكۈچە خىيال ئارىلاش قازانغا تۇتۇپ تۇراتتى. كۆز ئالدىدا بولسا ئۇنتۇلماس باللىق ئەسلىملىرى قازاندىكى مايدەك پورۇقلاپ قايناتتى...

يادىدىن زادىلا چىقمايدۇ، بىر قېتىم مەھەللىدە باللار بىلەن ئويناۋاتقىنىدا نېمە ئىش بولدى يابىر ئويۇنچۇقنى تالىشىپمىكىن، چولپان كۆزەتچى سېلىمئاخۇننىڭ ئاچچىقى يامان قىزى نۇسرەتئاي بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى.

— كەت، ئۆيۈڭگە كىرىپ كەت، سېنىڭ داداڭ ئەسكى ئادەم، سېنىڭ داداڭ قاراڭغۇ بازارچى، كەت! — دەپ چۇقان سالدى نۇسرەتئاي. بىرىنىڭ دادىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشى كىچىككىنە چولپاننىڭ غورۇرىغا تەگدى، ئاچچىقىدىن كۆزلىرىگە ياش تەپچىرەپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا كۆزەتچىنىڭ ئۇرۇشقاق قىزىغا بىرنېمە دەي دەپ تۇراتتى، نۇسرەتئاينىڭ ئالچاڭلاپ ماڭىدىغان سېمىز ئانىسى قاياقتىندۇر پەيدا بولدى - دە، جېدەلنىڭ

سەۋەبىنىمۇ سورىماستىن سەبىي چولپانغا قەھر بىلەن تىل ياغدۇردى:

ــ ھە، يەنە قاراپ تۇرىسەنغۇ، ئىنجىمارۇق، ماڭ كىرىپ كەت ھويلاڭغا، سېنىڭ داداڭچۇ، ئەسكى ئادەم، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان قاراڭغۇ بازارچى...

ــ مېنىڭ دادام ئەسكى ئەمەس، مېنىڭ دادام ئەسكى ئەمەس، دادامنى ئەسكى دېمەڭلار، بولمىسا يىغلايمەن، ــ چولپان راستىنلا پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى ۋە ئەتراپىدا ئولىشىپ تۇرغان مەھەللىداش ئاداشلىرىغا بىرمۇبىر قاراپ، ئۇلاردىن بىرەر تەسەللى كۈتكەندەك تۇرۇپ كەتتى. كېيىن تېخىمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى ــ دە، ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسقىنىچە يۈگۈرۈپ ھويلىسىغا كىرىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئامراق دادىسىنى، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا ئۆزىنى «چولپىنىم» دەپ تۇرىدىغان غەمخارىنى ئاللىكىملەرنىڭ «ئەسكى ئادەم» دېيىشى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىنى زېدە قىلغانىدى.

دەل شۇ چاغدا، تالادىن دائىمقىدەك بۆرە يۇرۇشىدە لاپىلداپ مېڭىپ ئىشقىيار نامەت كىرىپ كەلدى. ساقال ــ بۇرۇتىنى ئالمىغىلى خېلى كۈنلەر بولغاچقىمۇ چىرايى سەل سولغۇن، تۇتۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئاساسىي قاتلام ئىشخانىسىدىن چىققانىدى، ئۇ يەردە يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلار ئۇنىڭغا «قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلىپ (جان بېقىش ئۈچۈن بازاردا ئۇششاق ــ چۈششەك ئوقەت قىلغانلىقىنى دېمەكچى) جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپسەن،

مەسىلەڭنى بىرمۇبىر، ئەستايىدىل تاپشۇر، يەنە بىر گەپ، كىيلەر ھەپتە ئۆزۈڭگە ئوخشاش ھەرخىل مەسىلىسى بارلار بىلەن بىللە ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇيسەن، مەپكۇرەڭنى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرىسەن، ۋەھاكازالار...» دەپ، بىر تالاي سوغۇق گەپلەر بىلەن ئۇنى چىقىرىۋەتكەن، شۇ سەۋەبتىن كۆڭلىدىكى خاپىچىلىقى چىرايىغا چىقىپ كەتكەنىدى. شۇنداق ھالەتتە ھويلىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاپ، چېچىلىپ كىرىپ كەلگەن ئىشقىيار قىزىنىڭ مۇنۇ ئايانچلىق تۇرقىنى كۆرۈپ دەررۇ ئۆز دەردلىرىنى ئۇنتۇدى. يۈگۈرۈپ كېلىپ قىزىنى، كۆزىنىڭ نۇرىنى باغرىغا ئالدى.

— چولپىنىم، ئاپپاقئىنە قىزىم، نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا يىغلايسەن؟ سېنى كىم بوزەك قىلدى؟ — دەپ ئېسەنكىرەپ سورىدى دادا.

— مې... مېنى بوزەك قىلمىدى، سېنى بوزەك قىلدى، دادا، — دەپ ھېيقىلداپ جاۋاب قايتۇردى كىچىككىنە قىز يىغىدىن تېخىچە بېسىقالماي، — سېنى ئەسكى ئادەم دېدى...

— كىم شۇنداق دېدى، قىزىم، كىم؟ — ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ، چىرايى يەنە سولغۇن ھالەتكە قايتتى، — كىمنىڭ گېپى بۇ، قىزىم، نېمىشقا مېنى ئەسكى دەيدىكەن؟

— نۇسرەتئاي دېدى، ئاپىسىمۇ شۇنداق دېدى، — چولپان تېخىچە ھېقىلداپ ئۆكسۈپ شىكايەت قىلدى، — مەن يامان خاپا بولدۇم...

ــ قىزىمۇ دېدى، ئاپىسىمۇ دېدى دېگىن،ــ ئىشقىيار نامەت خىيالغا چۆمگىنىچە پىچىرلىدى،ــ كىچىك بالىدىغۇ ئەيىب يوق، چوڭىغا نېمە بولغان ئەمدى،ــ كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، چىرايى قەھرلىك تۈسكە كىردى،ــ راست دەپتۇ، قىزىم، چولپىنىم، يىغلىما، مەن راستتىنلا ئەسكى ئادەم، ئۆيۋاقامنى، بالىچاقامنى، كىچىككىنە چولپىنىمنى باقىمەن دەپ بازاردا ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ ئازراق پايدىسىغا سېتىپ، خۇدا بەرگەن رىزقىمغا شۈكرى دەپ ئۇششاق ئوقەت قىلىپ يۈرگەن ئەسكى ئادەممەن، يېتىملارنىڭ ھەققىنى يەۋالغان مۇنۇ زاكىر سوتچىغا ئوخشاشمايدىغان ئەسكى ئادەممەن، كۈندە ئاساسىي قاتلامغا كىرىپ ئادەم چاقىدىغان ھاۋاخانىغا ئوخشاشمايدىغان ئەسكى ئادەممەن، ماڭا ئىش تېپىپ بېرىڭلار دەپ ئاساسىي قاتلامنىڭ بېشىنى ئاغرىتمىغان، چاپسانراق ئىش تېپىپ بەرسە دەپ ئابلىپىزخان مۇدىرنىڭ ئۆيىگە ئۇنى ـ بۇنى سۆڭگۈتمىگەن ئەسكى ئادەممەن، يەنە مۇنۇ ئابلاجان باشلىقتەك...

ئىشقىيار يەنە نېمىلەرنىدۇر دەر بولغىيدى، بىراق ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى تار قوتاندا مىڭ ئۇمىدلەر بىلەن بېقىۋاتقان بىر تاللا قويى يالغۇزسىراپمىكىن ياكى قورسىقى ئاچتىمىكىن، ئاچچىق ئاۋازدا مەرەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ئاچچىقىنى، دەردىنى يەنە بىر قېتىم ئۇنتۇپ، قوتان تەرەپكە چاپتى.

كىچىككىنە چولپان دادىسىنىڭ ئاچچىق ـ ئاچچىق سۆزلىرىدىن گاڭگىراپ، ئىككى قولىنى سەل كۆتۈرگىنىچە ئۇياق ـ بۇياققا ئەلەڭلەپ قاراپلا تۇرۇپ

قالغانىدى، مەيلى چۈشەنسۇن ـ چۈشەنمىسۇن، سەبىي قەلبكە دادىسىنىڭ سۆزلىرى غەلىتىلا سىڭىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئالدىراپ مۇنداق ھاياجانلانمايتتى، ئاچچىقلانمايتتى... قىز پەقەت شۇنى چۈشەنمەس ئىدى.

گۈگۈم چۈشۈپ، جاھاننى بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېلىۋاتاتتى.

قىز شۇ تۇرقى، شۇ ھالىتىدە ئاستا مېڭىپ ئۆزىمۇ سەزمەستىن تالاغا چىقتى، كوچىلار ئادەمسىز، بوش ئىدى، ئۇ زامانلاردا يوللاردىن ماشىنىلار بىرەن ـ سىرەن ئۆتۈپ قالىدىغان. كىچىككىنە چولپان ئادەمسىز كوچىغا قاراپ، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك سەبىيانە ئاۋازدا پىچىرلىدى:

«خاپا بولماڭلار، دادام راست ئەسكى ئادەم ئىكەن!»

# دەسلەپكى گەپلەر

1978 ـ، 1980 ـ يىللىرى ئوچۇر ئوپچۇرسىدە، مەن ئىلىدىكى ئاتاقلىق خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربانىنىڭ چاقچاقلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېزىپ، توپلاۋاتقىنىمدا، غۇلجا شەھىرىدە ئىشقىيار نامەت ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈر، قىزىق ۋە مەنىلىك پاراڭلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدىم. تولىمۇ ھازىر جاۋاب ھەمدە ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن بۇ پاراڭلار (يەنى لەتىپىلەر) ئاساسەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تېمىسىدا ئىدى. شۇ دەۋردىكى ھەرخىل ئۇر ـ سوق ھەرىكەتلەردىن بىزار بولغان خەلق مەزكۇر لەتىپىلەرنى ئىنتايىن زوقمەنلىك، رازىمەنلىك بىلەن ئاڭلىشىپ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى بىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈپ، تېز ئارىدىلا مەشھۇر قىلىۋەتتى. ئاشۇ كۈنلەردە، ئۇزاق بىر مەھەل ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى (گەرچە تارقىلىپ يۈرگەنلىرىنىڭ سانى چەكلىك بولسىمۇ) كىشىلەرنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇشقا، قايىل قىلىشقا، خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ھەمدە ئىلىنىڭ كەڭ، بىپايان شەھەر ـ يېزىلىرىغىچە تارقالغانىدى. ئەينى چاغلاردا يېشى توقسانغا يېقىنلىشىپ قالغان، قەددى مۈكچەيگەن

بولسىمۇ چىرايىدىن سىرلىق كۆلۈمسىرەش، كۆزلىرىدىن ئاچچىق ھەجۋىي تېمىپ تۇرىدىغان، قارىماققا ئىنتايىن ئاددىي، كۆرۈمسىزلا، ھەر كۈنلۈكى ئېلىپساتارلار ئارىسى ۋە مەھەللە دوقمۇشلىرىدا، ھېلى ئۇ يەردە، ھېلى بۇ يەردە، لىپ ـ لىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، تولىراق غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەڭ قايناق يېرى «خەنزۇ بازىرى»دا تاماكا، قەغەز سېتىپ، مال بازىرىدا ئۇنى بۇنىڭغا كېلىشتۈرۈپ، ھالاللاپ نېنىنى يەپ يۈرگەن ھەمدە شۇ جەريانلاردا ئاۋام خەلقنى ئۆتكۈر ئىبارىلىرى بىلەن قانغۇچە كۈلدۈرۈپ، كۈلكىدىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈرۈپ يۈرگەن مەزكۇر چېچەن جانغا كۆڭلۈمدە ئالاھىدە بىر قىزىقىش ۋە ھۆرمەت قوزغالغىنى ھېلىمۇ يادىمدا. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ قىزىقتۇرغان ۋە ئاپىرىن دېگۈزگەن بۇ لەتىپىلەردىن قىرىق ـ ئەللىكنى توپلاپ، خاتىرەمگە تىركىۋالغاندىم. 1980 ـ يىلى «ھېسام چاقچاقلىرى»نىڭ بىرىنچى قىسمىنى نەشرگە تەييارلىغىنىمدا، قولۇمدىكى ئاشۇ لەتىپىلەرنى ۋە خەلق ئارىسىدا كىملىكسىز تارقىلىپ يۈرگەن يەنە بىرمۇنچە لەتىپە، چاقچاقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلەلمەي، ئىلىدىكى بىر قىسىم پېشقەدەم كەسىپداشلاردىن ئەقىل سورىدىم (بۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزىقچى ھېسام قۇربان، روزى ئابدۇۋەلىدىن بۆلەك يەنە مەرھۇم تېيىپجان ھادى، تۇرسۇن زېرىدىن ۋە ھازىر ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان غوجەخمەت يۇنۇس ئاكىلار بار). ئاشۇ يولداشلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى، ئەينى ۋاقىتتا كىتابنى نەشر قىلىش ئىشىغا مەسئۇل بولغان مۇھەررىرلەرنىڭ ماقۇللۇقى

بىلەن ئىشقىيار لەتىپىلىرىنىڭ قولۇمدىكى شۇ بىر قىسىم لەتىپىلىرىنىڭمۇ بىر قىسمىنى «ھېسام چاقچاقلىرى» يۇرۇشلۇك كىتابلىرىنىڭ بىرىنچى كىتابىغا تاللاپ كىرگۈزدۈم. سەۋەبى، ئۇ چاغلاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ «سول»چىل ئىسكەنجىسىنىڭ تەسىرى ئەمدىلەتىن بوشاپ ۋەزىيەت ئوڭشىلىۋاتقان، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى يېڭىباشتىن قايتا ئىزىغا چۈشۈشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، ھازىرقىدەك كەڭ ـ كۈشادە ئىمكانىيەت تېخى كەم ئىدى ۋە بىز ھېسامدىن ئىبارەت خەلق قىزىقچىسىنى تىكلەش، تىكلىگەندىمۇ قىسمەن ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تىكلەشنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئاقىلانىلىك دەپ قارىغانىدۇق. مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېف بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنىدى: «توپلىغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ھازىرچە ھېسامنىڭ نامى بىلەن چىقىۋەرسۇن. يۇرسەت غەنىيمەت، مۇھىمى، ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى قويماي خامانغا يىغىش كېرەك، دېنىنى ئالدىرىماي ئايرىۋالساقمۇ كېيىنچە غېزىنى غاز، ئۆردىكنى ئۆدەك قىلىۋالساقمۇ ئۈلگۈرىمىز!»

ئىلى ۋادىسىدا تونۇلغان قىزىقچى، ناخشىچى، «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق بىر يۇرۇش كىتابقا كۆپلىگەن چاقچاقلىرى كىرگۈزۈلگەن روزى ئابدۇۋەلى ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:

«مەن شەخسەن، نەشر قىلىنىشقا بولىدىغانلىكى چاقچاقلىرىمنى ھېسامكامغا ئۆتۈندۈم. ئىلىدا چاقچاقچىدىن تولا نېمە يوق، سىز بىر جېنىڭىزغا ھەممىمىزنى تىكلەپ بولالمايسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، ھەممىمىزگە ۋاكالىتەن ھېسامكامنىلا تىكلەڭ!»

«ھېسام چاقچاقلىرى»نىڭ ئالتە كىتابى نەشردىن چىقتى، ئىشقىيار نامەتمۇ ئاللىقاچان «رەھمەتلىك»لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر ئىش توپەيلى بارغانسېرى بىئارام بولماقتا ئىدى. بۇ كۈنلەردە مەن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق لەتىپىلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ۋە تولۇق توپلاش، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان بۇ پاراسەتلىك قىزىقچىنىڭ ھەيكىلىنى ئۆز پېتى، خاس ھالدا تىكلەش ئارزۇسىغا ئىختىيارىمنى بەرگەن ھەمدە شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بارغانسېرى ھېس قىلغانىدىم. ئېيتماقچى، ئىشقىيار ئاكا ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنى تونۇيدىغان بۇرادەرلىرىم ئارقىلىق بۇ ھۆرمەتلىك ئادەمنى سىرتىدىن بىرنەچچە قېتىم «زىيارەت» قىلغانىدىم، يەنى تونۇشلۇق بەرمەي، تونۇشماي تۇرۇپ ئاجايىپ كىنايىلىك، يىلتىزلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. سەۋەبى، ئەنسىز زامانىنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك، مەن ئۇ كىشىنى ئۆز گېپىگە باشقىچە ۋە ئالاھىدە دىققەت قىلغان ئادەملەردىن قورۇنىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. مىڭ ئەپسۇس، زامان ئۆزگىشىپ، مەن بۇ گەپ ئۇستىسى بىلەن رەسمىي دىدارلىشىپ ـ تونۇشۇپ، مۇددىئايىمنى ئېيتىپ، رازىلىقىنى ئالغان ئاساستا ئۇنىڭ گۆھەردەك پاراڭلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ، خاتىرەمگە تەلتۆكۈس، تولۇق قوندۇرغىچە ئەجەلنىڭ ئاقىۋەت ھەممىمىزنى چەتنە قويمايدىغان چاڭگىلى ئىشقىيار نامەتنى ئارىمىزدىن مەڭگۈلۈككە ئېلىپ كەتتى. مەن چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ۋە ئەپسۇس ئىلكىدە ئۇنىڭ تونۇش ـ بىلىش، يېقىن ـ يورۇقلىرىنى ئىزدەپ، ئۇ ھايات

چىغىدا كۆپ يورىغان ئەڭ ئاددىي جامائەت سورۇنلىرىغىچە ئاريلاپ، كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بىللە ئەسلىشىپ، ناھايەت مەرھۇمنىڭ قىسقىچە ئۆمۈر بايانى ۋە ئۇ ھەقتىكى قىسمەن ئەسلىمىلەر، ئۇنىڭ يېگىدىن ـ يېگى، بىر ـ بىرىدىن قىزىق گەپلىرى بىلەن دەپتىرىم بەتلىرىنى تولدۇرۇشقا كىرىشتىم.

ئىشقىيار نامەت 1891 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويى يېزىسىدا كەمبەغەل ھۈنەرۋەن (سوپۇنچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1958 ـ يىلى ئۇ ئۆز ئائىلىسىنى ئېلىپ غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، سوپۇنچىلىق، قاسساپلىق ۋە باشقا ئۇششاق ئوقەتلەر بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1981 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇ توقسان يېشىدا غۇلجا شەھەر ئىككىنچى رايون تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى قورۇسىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ياشلىقىدىن تارتىپ قىزىقچىلىق، ھەجۋىيچىلىكنى ئۆزىگە خۇسۇسىيەت قىلىپ سىڭدۈرگەن ئىشقىيار نامەت تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى جارى قىلىپ، ئەتراپىدىكى خەلق ئارىسىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئېسىل تەسىرات قالدۇرۇپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ تېرەن، مەنىلىك، شۇنىڭ بىلە بىللە ئىنتايىن سىلىق يۇمۇر ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئۆتكۈر پاراڭلىرىنى ئاڭلىغىنىدا خۇددى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئاڭلىغاندەك ھېسسىياتقا چۆمۈپ قالاتتى ۋە ئاندىن ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشەتتى. بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئىشقىيار نامەتمۇ كۆرمىگىلىغان بىگۇناھ ئادەملەر تارتقان

جەبىرلەردىن «نىسىۋىسىز» قالمىدى. ئۇنىڭ جان بېقىش كويىدا قىلغان ھالال كەسپى ۋە ئوقەتلىرى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇر» قالپىقى بىلەن تارتۇۋېلىنىپ، ئاتالمىش «ئۆگىنىش كۇرسى» دا كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتى. لېكىن، شۇ كەملەردە يېشى يەتمىشتىن ھالقىپ قالغان ئىشقىيار ئاكا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىشقا سېلىپ، ئاقىلانە پىكىر يۈرگۈزۈپ، زوراۋانلىقنى مەسخىرە قىلدى. بىگۇناھ پۇقرالارغا جەبىر ـ زۇلۇم سالىدىغان تۇرلۇك ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە ساختا تەشۋىقات تېزىسلىرىنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك بىرنەچچە جۈملە ھەزىل بىلەنلا ئېچىپ تاشلاپ، ئاتالمىش «سىياسەتچى»، «نەزەرىيەچى»، «قابىلىيەتلىك تەشۋىقاتچى»لارنى تالاي قېتىم ئوڭايسىز ھالەتتە قالدۇرۇپ، خەلقنىڭ دەرد ـ پىغانىنى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرت، خەلق ئالدىدا تېخىمۇ شۆھرەتلەندى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ لەتىپىلىرى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ كەڭ تارقالدى ۋە شاخلاندى. ئىجتىمائىي مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرگەن ھەربىر لەتىپىچى، قىزىقچىغا ئوخشاش، ئۇمۇ تەبىئىي ھالدا تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تامانلىرىغا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تەپەككۇر كۆزىنى سېلىپ، ھەزىل قامچىسىنى ئوينىتىپ، ئاجايىپ مەنىلىك، ئاقىل پاراڭلىرىنى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان لەتىپىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئىلى ۋىلايىتى، ئىلى ئوبلاستى مىقياسىغىلا ئەمەس، ئىشقىيار نامەت پۈتۈن شىنجاڭغا تونۇش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا خۇددى نەسىرىدىن ئەپەندى

لەتىپىلىرى، ھېسام چاقچاقلىرىدەكلا تىلغا ئېلىنىدۇ.
كۆلكە پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەرنى خىيالغا، قايىللىق
تۇيغۇسىغا سالىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ
لەتىپىلىرىنىڭ قىسمەن ھالدا مەتبۇئات يۈزى كۆرۈشى
بۇ خىل يىلتىز تارتىش، قانات يېيىشنى تېخىمۇ
زورايتتى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى يەنە داۋاملىق
كۆپىيەمدۇ، ساقلىنامدۇ؟ شۇنداق، خۇددى نەسرىددىن
ئەپەندى، موللازەيدىن، سەلەي چاقچاق، ھېسام قۇربان ۋە
بىزدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆتكەن ھەرقانداق
لەتىپىچى، قىزىقچىلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئوخشاشلا
ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرىمۇ مىڭىنچە بېيىپ،
ئۇلغىيىپ بارىدۇ. سەۋەبى، لەتىپە، چاقچاق خەلققە
مەنسۇپ، فولكورنىڭ ياراتقۇچىسى، بېيىتقۇچىسى خەلق.
خەلق ئۆزىگە ياققان نەرسىنى ياشنىتىدۇ، شاخلىتىدۇ،
ئۆزى ئەجىر سىڭدۈرۈپ، بۇ خەزىنىنى بېيىتىدۇ.

ئاخىرىدا يەنە تەكىتلەپ ئېيتار سۆزۈم، ئىشقىيار
نامەت لەتىپىلىرى خۇددى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
خەزىنىمىزدىكى باشقا لەتىپىچى، قىزىقچىلارنىڭ
لەتىپىلىرىگە ئوخشاشلا داۋاملىق قېزىلىشى،
توپلىنىشى، رەتلىنىشى ھەمدە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن
داۋاملىق يۈز كۆرۈشۈشى، فولكلور خەزىنىمىزدىن
مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشى كېرەك. بۇ چېچەن ئىنساننىڭ
ئوبرازى ئەل قەلبىدە، مەتبۇئات يۈزىدە تىكلىنىشى،
ساقلىنىشى لازىم. بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى ئىشلەش
ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىمىز. مانا

شۇ خاسىيەتلىك خىزمەتنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى تۇپەيلى كەمىنە مۇئەللىپمۇ ئۇشبۇ ئۇزۇن قىسسىگە تۇتۇش قىلدى.

## نەزم

تۇغۇلغان ئۆلەر، كۆر، قالۇر بەلگىسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگۈسىز.
كىشىدىن ـ كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۇز پايدا بولۇر.

ـــ يۇسۇپ خاس ھاجىپ

# سوپۇنچىنىڭ ئوغلى

بىز ئىشقىيار نامەتنىڭ تەرجىمىھالىدىن ۋە باشقا بىرمۇنچە تامانلىرىدىن يۇقىرىقى بايانىنامە ئارقىلىق ئاز ـ تولا خەۋەردار بولدۇق.

لېكىن شۇ نەرسە يادىڭلاردا بولسۇنكى، بىز بۇ مەزمۇنلارنى ھېكايىمىزنى داۋام ئېتىمىزۋېتىپ، زۆرۈر تېپىلغان جايلاردا يەنە تولۇقلاپ، قايتا تىلغا ئېلىپ تۇرىمىز، كېلىشىۋالدۇق، خوپ ئەمىسە ئالغا قاراپ ماڭايلى!

ــ مەن سوپۇنچىنىڭ ئوغلى، ــ دەيتتى ئىشقىيار نامەت ئىلىدا ياشىغان يىللىرىدا، پات ـ پاتلا سۆھبەتلەر ئارا.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھەم پەخىرلىنىش، ھەم ئۆكسۈش تەلەپپۇزى سېزىلەتتى.

ــ ئىشقىياركا، سىز پەيزاۋاتتىن نېمىدەپ غۇلجىغا چىققان؟ ــ دەپ سوراپ قالاتتى گاھىدا مەھەللىلىكلىرى-دىن بىرەرسى، گاھىدا ئۇ، گاھىدا بۇ... بۇنداق سورىغۇ-چىلارنىڭ ئارىسىدا قىزىقۇچىلارمۇ، ئوسماقچىلارمۇ، دەيدەيچىلەرمۇ بولاتتى ئەلۋەتتە. باشقا ئادەم بولغان بولسا بۇنداق سوئالغا ياساپ ـ تۈزەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى، لېكىن ئىشقىيار ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدى.

ــ شۇ، قېچىپ چىققان، ئەپەندىم، جان باقماق

قىيىنلىشىپ، ــ دەپ جاۋاب بېرەتتى ئۇ كۆكۈچ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ــ بولمىسا شەدىن ـ شەگە يۇرتنى تاشلاپ چىقامدىغان!

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلبويى يېزىسى ھۈنەرۋەنلەر توپلانغان جاي ئىدى. كۆپ ئەمەلىيەتلەردىن مەلۇمكى، بىكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بىر جاي ئۈچۈن ھۈنەرۋەننىڭ تولا بولۇشى ياخشىلىقتىن ئەمەس، بەلكى جان بېقىشنىڭ تەسلىشىشىدىن دېرەك بولىدۇ. كاسىپ كۆپ، خېرىدار ئاز بولسا قانداق بولماقچىدى؟ كاساتچىلىق بولىدۇ ـ دە!

ــ دادام رەھمىتى سوپۇنچى بولىدىغان، ــ دەپ ئەسلەپ قوياتتى ئىشقىيار بەزى چاغلاردا، يۇرتىنى كىنەپ، ئاتا ـ ئانىسى بۇرنىغا پۇراپ قالغاندا ئېغىر تىنىپ، ــ سوپۇنچىلىق دېگەن پاكىز، خاسىيەتلىك كەسىپ، قارىسىلا. بىزنىڭ يۇرتلاردا يېڭى تۇغۇلغان بالىنى قىرىقى سۇيىگە ئالغاندا ياكى بولمىسا مېيىتنى سۇغا ئالغاندا، بىز ئىشلىگەن ئىشەنچلىك سوپۇننى ئالايتەن تېپىپ ئىشلىتەتتى. سەۋەبى، دادام رەھمىتى كەسىپكە ساختىلىق ئارىلاشتۇرماي، يامانمۇ پاكىز، ھالال ئىش قىلاتتىچۇ! پاسكىنا، ئىشەنچسىز خۇرۇچنى پەقەت ئىشلەتمەيتتى. قارىسىڭىز، بىزنىڭ قازاندىن چىققان سوپۇن ئادەمنىڭ يەۋالغۇسى كەلگۈدەك ئاپپاق، سۇزۇك... خۇددى قۇيرۇق ياغدەك چىقاتتى. بازار ئارىلىغان ھاجەتمەنلەر «نامەت ئۇستامنىڭ ئەمچەك سوپۇنىدىن بارمۇ؟» دەپ ئالايتەن سورىشاتتى. نېمە دېگىنى دەمسىز، ئىنىم؟ شۇ بىز ياسىغان سوپۇننىڭ قېلىپى شۇندىغىدى، سوپۇنلىرىمىز مەزلۇم كىشىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك مەمەقلىرىدەك

قويۇلۇپ چىقاتتى، ئايالىلار كىر يۇيىغاندا قولىدا تۇتۇشقا ئەپلىك بولىدۇچۇ ئانداق سوپۇن... كۆلىمىزغۇ!

بەزىدە ئىشقىيار دۇنيالىقتىكى ئۈچ پەرزەنتى، ئوغلى ئابابەكرى بىلەن قىزلىرى تۇنىسا ھەم چولپاننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ (تولا چاغلاردا ئوغلىنى، سەۋەبى، ئابابەكرى خېلى چوڭ بولۇپ قالغان مەزگىللىرىدىمۇ بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتماي يۈرەتتى. شۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان ئاتا ئوغلىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاتا كەسپىدىن «ئېلان بېرەتتى») پاراڭ باشلايتتى:

ـ بىزنىڭ بارغۇ قارا، بالىماي، سوپۇن چىقىرىدىغان ئۈچ قازىنىمىز بولىدىغان، ھەربىرىگە يېگىى خەتنىسىنى قىلغان ئوغۇل بالىدىن بىرى چۆكۈپ كەتكۈدەك... سوپۇنچىلىقتا قارا، كۆپ ھەشەم ـ دەرەم كەتمەيدۇ، شۇ قازان، چۆمۈچ، قېلىپ بولسا بولغىنى. قازاننى ئوچاققا ئاسىمىز، جىقراق سوپۇن چىقىرىمىز دېسەك قازان ئۈستىگە يوغانراق ئىدىشنى قوندۇرۇپ، ئەتراپىنى لاي بىلەن چاپلايمىز. مىسالەنكىم، ئەللىك كىلو قوي مايدا سوپۇن ياسايمىز دېسەك، يىگىرمە بەش كىلو شاخار، ئىككى كىلو ھاك تەييارلىۋالىمىز، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاۋۋال مايىنى قازانغا سېلىپ، ئوتنى راسا بەلەن يېقىپ ماي جاڭۋانى سۇمايدەك بولغۇچە ئېرىتقاندىن كېيىن، ئاشۇ بايا تەييارلىۋالغان شاخار بىلەن ھاكنى سوقۇپ، ئازراقنى ئېرىگەن مايىنىڭ ئۈستىگە يايرىم دەپ سالىمىز. يايرىم دېمىسەڭ بولمايدۇ ماقۇلما، سوپۇنچىلارنىڭمۇ پىرى بار... ھە، شۇنىڭ بىلەن شاخار بىلەن ھاكنى ئاز ـ ئازدىن سېلىپ، ئارقىدىن قازانغا كۆز چىنەم سۇ قۇيىمىز، ئاندىن يەنە قاينىتىمىز،

شاخارنى نېمىشقا تۆكىمىز؟ شاخار مايىنى تېخىمۇ ئېرىتىدۇ، قىيامىغا يەتكۈزىدۇ، ھاكچۇ؟ ھاك دېگەن شاخارنى ئېرىتىدۇ، مايىنى تېخىمۇ ئاقارتىدۇ، ماۋۇ غۇلجىنىڭ خەلقى شۇ ھاك بىلەن مەدەنىيكەن ئەمەسمۇ؟ بىزمۇ ئۆگەندۇققۇ مانا، ھاجەتخانىلىرىمىزغىچە ھاك بىلەن ئاقارتىپ... ھە، يەنە بارغۇ، بۇ ھاك دېگەن تولىمۇ خاسىيەتلىك نەرسە، تاشتىن كۆيدۈرۈپ چىقىرىدىغان نەرسە ئەمەسمۇ ئۇ، بالىماي. ھە، شۇنىڭ بىلەن سوپۇنىڭ كېپىنى قىلىۋاتاتتۇقە؟ شاخار دېگىنىڭزە مايدا راسا ئېرىپ، قازاننىڭ ئىچىدىكى بالايىبەتتەرلەر قويۇق پاتاقتا ئايلىنىدۇ، مايىنىڭ بەزلىرى، دۇغلار قازاننىڭ ئاستىغا چۆكۈپ، ساپ ماي تۆپىگە لەيلەپ چىقىدۇ...

ئانىسىغا تارتقان، ئېگىز، ئىنچىكە بويلۇق ئابابەكرى دادىسى كەمدىن ـ كەم دەپ بېرىدىغان بۇ گەپلەرنى ئېڭىكىنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۆلەپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. باشتا ئانچە قىزىقمىغان ئىدى ـ يۇ، كېيىنچە بارغانسېرى پاراڭغا بېرىلىپ، ئىچكىرىلەپ كەتتى. چۈنكى، دادىسىنىڭ پاراڭ سېلىش ماھارىتى ھەقىقەتەن ئۇستۇن ئىدى. چىراي، قول ھەرىكەتلىرى، ئاۋازىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەشلىرى، پاراڭ قىلىۋاتقاندا بويۇن قېقىپ قويۇشلىرى... بالىغا بارغانسېرى قىزىق تۇيۇلاتتى. خەقلەرنىڭ ھەدېسە دادىسىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ گەپكە سېلىشلىرى، دائىم ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىشلىرى بىجىز ئەمەس ئىدى.

ـــ... ھە، خوش شۇنىڭ بىلەن، ماي لەيلەيدۇ دېدىمما؟ تاق شۇ چاغدا بىز قانداق قىلىمىز؟ دەررۇ مايىنى

سۇزۇۋېلىپ، قازاننىڭ تېگىدىكى غەلدى ـ غەشلەرنى تازىلاپ چىقىرىمىز، ئاندىن شاخار بىلەن ھاكىنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەپ، ئۈستىگە ماينى سېلىپ يەنە قاينىتىمىز، قايتا ـ قايتا توققۇز قېتىم قاينىتىمىز. خوش، سوپۇن چىقىرىش ئاسان ئىشمىكەن؟ قىز ـ چوكانلار سېغىزلىرىنى پارىسلىدىتىپ، غەيۋەت قىلغاچ تەييار سوپۇندا ئۇڭايلا كىر يۇيغان بىلەن، شۇ خېنىملارنىڭ قولىغا يۇقۇشۇپ، ھىمىزىرھىم كەلگەن ئەمچەك سوپۇننى ئىشلەپچىقارماق ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس دەيمەن، بالىماي! مانا ئاشۇنداق توققۇز قېتىم قايناتقاندا بارغۇ، ئاخىر بېرىپ قازاندىكى مايغا قولىمىزنى مۇنداق پاتۇرساق، ماي قولغا يۇقۇشمايدۇ، سوپۇن بولاي ـ بولاي دەپ قالدىم دېگىنى شۇ، پىشقان ۋاقتى شۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا قازاننى يەنە بىر پاكىز تازىلاپ، سۈزۈك سۇ قۇيۇپ يەنە بىر قاينىتىپ، شاخارنىڭ دۇغلىرىنى تازىلايمىز، مۇنداق قىلمايلا سوپۇننى قېلىپقا قۇيساق، كېيىن چىقارغان سوپۇنىمىز ھېلىقى سېغىز چاينىغان چىرايلىق چوكانلارنىڭ قوللىرىنى يېرىۋېتىدۇ، زىيان قىلدى دېگىنى شۇ، جىقراق سوپۇن چىقىرايلا دەپ، ئازراق خۇرۇچنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىگەن كاسىپنىڭ ھۈنىرىنىڭ ئۆلگىنى شۇ. پىرلىق ئوقەت بۇ، پاكىز ئىش قىلمىغاننى پىرلار ئۇرىدۇ...

ــ شۇنىڭ بىلەن سوپۇن بولامدا؟ ــ دەپ ئاخىر چىش يېرىپ بىر سوئال سوراپ قويدى ئابابەكرى. راست گەپنى قىلغاندا، دادىسى سوپۇنچىلىقنىڭ شۇ ئۇزاق كەسپىي جەريانىنى سۆزلەۋاتقاندا بالىنىڭ يادىغا ئاتا ماكانى پەيزاۋاتنىڭ قىزىلبويى يېزىسىدىكى بوۋىسى نامەت

سوپۇنچىنىڭ ھەرخىل نەرسىلەر ــ قازانلار، ئوت لوغۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوچاقلار، ھەربىرى كىچىكرەك جاۋۇردەك چۈمۈچلەر، كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرىدىغان ماي، شاخار، ھاك پۇراقلىرى، پەرتۇق تارتىۋالغان دادىسى بىلەن بوۋىسى... كېلىۋېلىپ، ئىش جەريانىنى بەتەپسىل ئېسىدە تۇتالمىغانىدى ـ يۇ، لېكىن ھامىنى بىرنەرسە دېمىسە بولمايتتى.

ــ ھەببارىكاللا، بالام، قۇلىقىڭغا دەرد بەرمىسۇن!ــ ئىشقىيار بوينىنى ئىتتىك بىر يانغا ئېگىپ، كۆكۈچ كۆزلىرىنى چىمىلداتتى،ــ يەنە سەل تەخىر قىل، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئالدىدىكى ئاغىنىلىرىڭ بىر يەرگە كېتىپ قالمايدۇ، ھە، شۇنىڭ بىلەن... ماينى ئۇدا نەچچە قېتىم ئارمىنىغا يەتكۈزۈپ تازىلىغاندىن كېيىن، يەنە بىر، ئاخىرقى قېتىم ئېرىتىپ چۆمۈچ بىلەن قېلىپقا قۇيىمىز...

ــ ھېلىقى... ئەمچەك قېلىپقىما؟ــ دەۋەتتى ئابابەكرى دەررۇ.

ــ ۋاي، شۇ گەپكە ئامراق بولۇپ قاپسەن، قىز تالاق!ــ ئىشقىيار دېمەيدىغان يەردە دەۋەتكەن گېپىدىن دەررۇ ئەندىكىپ، كۆلۈمسىرەپ تىلىنى تىيدى. كېيىن سەل توختىۋېلىپ ئوغلى تەرەپكە ئېگىلىشتى،ــ قېلىپ ھەر خىل بولىدۇ، بالىماي، بىزنىڭ شۇ ئاشۇنداق... ھە، شۇنىڭ بىلەن قېلىپقا قۇيۇپ ـ قۇيۇپ چىقىپ، قاتقاندا ئالىمىز، سوپۇن بولغىنى شۇ.

بالا قانائەتلەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كېيىن تالا تەرەپكە قۇلىقىنى شىنتايتتى، مىيان ھەزرىتىم مەسچىتىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالغان

ئاغىنىلىرى ئۇنى چاقىرىشۋاتاتتى. قەشقەر دىيارىدا بالىلار بەش ـ ئالتە يېشىدىن تارتىپلا بىرەر ھۈنەرگە قۇلاق چىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئىلىدا بۇنداق ئەمەس، غۇلجىنىڭ شوخ، بىپەرۋا بالىلىرى تاكى ئون ـــ ئون بەش ياشلارغىچىلىكمۇ تالادىن، بىكار، نەپسىز ئويۇندىن بېرى كەلمەيدۇ.

بىراق ئابابەكرى ئۇنچىۋالامۇ بەك ئويۇن قىپىي بالا ئەمەس ئىدى، شۇ كۈنلەردىمۇ ئۇ دادىسىنىڭ ئېيتىپ ئىلىپ كىچىك تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەم گەپ، بوي ـ تۇرقى، ئاۋازى ئۆزىگە ئوخشىشىدىغان ئانىسىنىڭ ئالقىنىغا دادىسىدىن يوشۇرۇن پارچە ياماقلارنى تۇتقۇزۇپ تۇراتتى.

ئىشقىيار نامەت ئاخىرى ئوغلىغا رۇخسەت بەردى، بالا بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلغان موزايدەك چاپقىداپ تالاغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىشقىلىپ خۇدايىم شۇ بالىلارنىڭ بەختى ـ تەلىيىنى بەرسۇن ـ دە!

يەنە بىر قېتىم، ئارىدىن قانچىلىك ئۆتتىكىن، ئىشقىيار نامەتنىڭ پىغانى ئۆرلەپ قېلىپ ئوغلىغا ئاتا كەسپىنىڭ تەپسىلاتلىرىدىن يەنە ئۇزۇن ھېكايە سۆزلەپ كەتتى، بالا بۇ قېتىممۇ دادىسىنىڭ دەرس يوسۇنىدىكى سۆزلىرىنى جىممىدە ئولتۇرۇپ تىڭشىدى، كۆز ئالدىدا ئۆزى تولىمۇ كىچىك، ئون ـــ ئون بىر ياشلار مەزگىلىدە ئايرىلغان قىزىلبويى يېزىسى، ئىلى ئادەملىرىگە ئەسلا ئوخشاشمايدىغان كىيىم ـ كېچەكلىك، مىجەز ـ خۇلقلۇق، گەپ ـ سۆزلۈك ئادەملەر، بوۋىسىنىڭ ھويلىسىدىكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا پورۇقلاپ قاينىماس بولۇپ قالغان قازانلار، ھاسا تاياقتا

ئارانلا تەمتىلەپ مېڭىپ، يۆتىلىپ توختىمايدىغان ئاخىرقى چاغلاردىكى كېسەلچان بوۋىسى... غۇۋا زاھىر بولاتتى. كېيىن بوۋىسى ئالەمدىن ئۆتتى، ھۈنەرۋەنلىق قىزىل بازىرىدا سۈپەتسىز سوپۇنلار يامغۇردەك يېغىپ تۇراتتى، ھەق ئىشلەپ، ھەق سۆزلەشنى ئۆگەنگەن ئىشقىيارنىڭ قولى ئاتا كەسپىدىن يالتايدى، توغرىسى، كۆڭلى سوۋۇدى، سۈپەتلىك ئىشلىنىدىغان مالنىڭ تەننەرخىمۇ يۇقىرى بولاتتى، بۇنى بازار كۆتۈرمەيتتى، سوپۇنچىلىقتىن نان تېپىپ يېيىش ئەمدى مۈشكۈل ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشقىيار دادىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئىنچىكە تىللىرىغىچە ئىگىلىمىگەنىدى. توغرىسى، ئۇنىڭ مىجەزى بۇ كەسىپكە ماس كەلمەيتتى، ئۇ تىجارەتچىلىكنى، جاھان كېزىدىغان ئەركىن كەسىپنى خوپراق كۆرەتتى... شۇ كەچمىش، شۇ ئىستەكلەر بىلەن ئۇ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغاندا ياۋاش ئايالى ۋە ئىككى بالىسىنى ئېلىپ، جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ قالدى...

بىراق بىز ئاتا ـ بالىنى يەنە بىر قېتىملىق ئاتا كەسپى سۆھبىتى ئۈستىدە قالدۇرغانىدۇق.

ــ سوپۇنچىلىق پىرلىق كەسىپ، بالىماي، ــ دەپ سۆزىنى داۋام ئېتەتتى ئىشقىيار نامەت، ــ بىزنىڭ خەلقىمىز ئەزەلدىن ئۆز قولىمىزدا ياسالغان سوپۇننى خاسىيەتلىك ھەم شىپالىق دەپ بىلىدۇ. ھازىرغۇ قولنىڭ ئۇچىدىلا ياسىغان، ساختا سوپۇنلار غۇلجىدىمۇ سامانىنىڭ نەرخىدە بولۇپ كەتتىغۇ، بولمىسا مانا بوۋاڭ ئىشلىگەندەك پاكىز سوپۇنلار دورا دېگىنە، دورا! نېمىگە دورا دەمسەن؟ تازغا دورا، تەمرەتكىگە دورا... بەدەنگە

چۆشكەن داغ، بەدەن قىپتىشىپ، قاسراق باغلايدىغان، پۆت ـ قول يېرىلىدىغان ئىلىلەتلەرگە سوپۇن دېگەن ئاجايىپ ياخشى دورا دېگىنە، يەنە تېخى ئىچى كەلمىگەنلەرنى سوپۇن چايقىۋەتكەن سۇدا ھەمەل قىلىدىغان بولسا، ۋاشىشىدە تەرەتنى ھەيدەيدۇ. پاكىز، تۈجۈپىلەپ ئىشلىگەن سوپۇندا كۈنلەپ كىر يۇيسىمۇ قول يېرىلمايدۇ، تېخى بۆلەكچە يۇمرانلىشىپ، پىلىكتەك بولۇپ كېتىدۇ، ئاۋۇ كۈنى ئاپاڭ سەن ياندىكى دۇكاندىن ئەكىرىپ بەرگەن سوپۇندا كىر يۇيۇپتىكەن، قولۇم يېرىلىپ كەتتى دەپ بىر كۈن قاقشاپ يۈردىغۇ، قوي مايدا چىلىقشىتىپ مايلاڭ دېۋىدىم، مايلاپتىكەن، ئوڭشىلىپ قاپتۇ.

ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ تىكىلىپ قالغان ئوغلىغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كېيىن ئۆزىمۇ خىيال ئارىلاش پىچىرلىدى:

ــ بىراقزە، ھەرقانداق شىپالىق سوپۇنمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى كىر، داغنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ئاۋۇ قىتمىر ساقچىنىڭكىدەك كۆڭۈللەرنى...

دادىسىنىڭ گېپىنى ئۇن بەش ياشلىق ئوغۇل قانچىلىك چۈشەندى ياكى چۈشىنەلىدى، بۇ نامەلۇم، لېكىن ھوشيار ئوقۇرمەنلىرىمىز دەررۇ دىققەت قىلدى، كېيىنكى بابلارنىڭ بىرىنى بىز شۇ تېمىغا بېغىشلايمىز.

# پەيشەنبە بازار

ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت،
سەيشەنبە بازارى بار.
يېتىمچىنى قوللايدۇ،
ھەسسۇلتان مازارى بار...

بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار ئىلگىرى قەشقەر پەيزاۋاتنىڭ قىزىلبويى يېزىسىدىكى ئاددىي دېھقان مەھەللىسىدە، مەھەللە دوقمۇشىدىكى قورۇنىڭ ئالدىدا پىغانى ئۆرلەپ قالغان بىر يىگىت ئايدىڭدا ئۆزى يالغۇز راۋابىنى تىرىڭشىتىپ ئولتۇراتتى. بۇرنى يوغان بولسىمۇ قاڭشىرى تەرەپتىن ئىنچىكىلەپ كەلگەن، كۆكۈچ ئورا كۆزلىرىدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان يىگىرمە — يىگىرمە بىر ياشلاردىكى بۇ يىگىتنىڭ مۇنداق چاغلىرى كەمدىن — كەم بولاتتى. ئادەتتە تولا پاراڭ قىلمايدىغان، ئوتتۇرا بوي، يول ماڭسا قوللىرى يەلكىسىدىن تارتىپ ئالدىغا سىلىنىپ تۇرىدىغان يىگىت بوۋىسى ياش ۋاقىتلىرىدا چېلىپ، شۇ پېتى تامدا توختاپ قالغان، ئاۋازى سەل جىغ ـ جىغ بولۇپ قالغان راۋابنى يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى پات ـ پات ئاستالا تالاغا ئاچىقىپ، ئەلياتقۇ مەھەلدە بوشقىنا تىرىڭشىتىپ خىرگايى ناخشا ئېيتىپ قويىدىغان ۋە ناخشىغا غىڭشىغاچ خىيالغا كېتىدىغان

بولۇپ قالغانىدى. سەگەك ئوقۇرمەنلىرىمىز ھەدىگەندىلا كىملىكىنى پەرەز قىلىشقا باشلىغان بۇ يىگىت بىزنىڭ ئەمدىكى ئۇزاق يوللۇق سەپەردىشىمىز، رومانىمىزنىڭ باش قەھرىمانى ئىشقىيار نامەت ئىدى.

ئىشقىيار ئاي نۇرىدا سىرلىق بىر تۈسكە كىرگەن ئانا مەھەللىسىگە باشتىن - بويى بىر سەپسېلىپ قارىۋېتىپ، كېيىن بېشىنى قاتايتتى، كۆزلىرى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارغا تولغان ئاسمان سەتھىگە چۈشتى. يىراق - يىراقلارغىچە سوزۇلۇك، ئاقۇچ نۇرىنى سېپىپ تۇرغان ئون بىر — ئون ئىككى كۈنلۈك ئاي چىرايلىق بىر قىز گىلاستەك ئېغىزىدا بىر چېتىدىن چىشلەپ ئۈزۈۋالغان توقاچتەك كۆرۈنۈپ، بوشلۇقتا لەيلەپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئاي بۇ چەكسىز جىملىق ۋە بوشلۇق ئىلكىدە پەقەت مەخسۇس مۇنۇ قىزىلبويىلىق، كۆكسىگە ئارمانلار ئوتى ئەمدىگىنە تۇتىشىپ كېلىۋاتقان دېھقان يىگىتنىڭ بوم ئاۋازلىق، خىرگايى ناخشىسىنى بېرىلىپ تىڭشاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئاتۇشنىڭ بازارىغا،
ئالتە ئېشەكتە قاق كىردى.
ئۆيلەنمەسەن ياش بالىلار،
ساقاللارغا ئاق كىردى.

ئىشقىيار ئۆزىمۇ سەزمەستىن شۇ مىسرالارنى بوش غىڭشىپ ئېيتتى - دە، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. نىمىشقىكىن، قەشقەردە تۇرۇپ ئاتۇش ناخشىلىرىنى ئېيتقىنى بىلەن، يۇرتىنىڭ بىر يەرلىرىدىن «ئايشەمگۈل

بالا، يۇرەكىمنىڭ كۆيدىمۇ يارىم...» دېگەن نىدا ئەينى ئاھاڭى بىلەن ئۇرغۇپ چىقىپ كەتكىنىگە كۇلۇمسىرەيتتى ئۇ. ئۇنى يېقىندىن بىرى خىيالچى، ناخشىچى، ئايدىڭچى... قىلىپ قويغان قىزىلبويىنىڭ پەيشەنبە بازىرىدىكى نۇرگۇل ئىسىملىك بىر قىز ئىدى.

بارچە يۇرتلاردا ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرى بىلەن ئاتىلىپ، يۆتكىلىپ تۇرىدىغان بازار قىزىلبويىدىمۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى ئۆكسۈمەستىن داۋام قىلاتتى. بازار دېھقانىنىڭ بايرام سەھنىسى، تىرىكچىلىك مەنزىلى، كۆڭۈل ئارامگاھى. دېھقان كۆڭلى بازاردىن خۇشاللىق، ئۇمىد تاپىدۇ، قىيىنچىلىقلىرى شۇ يەردە ھەل بولىدۇ، ئالدى ـ ساتتىلىرى شۇ يەردە پۈتىدۇ. كۆرۈشمىگەن يېقىن ـ يورۇقلىرى بىلەن دېھقان شۇ يەردە كۆرۈشىدۇ، ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىدۇ. سامسىپەزنىڭ تونۇرى ئەتراپىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشۇپ تۆت ـ بەشتىن سامسا يېگەچ، دوغاپچى بازىرىغا خېرىدار چىللاپ تازا ۋارقىرىغاچ ئۇزاتقان دوغىدىن راھەتلىنىپ سۇمۇرگىنىچە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بىر ـ بىرىگە دېيىشىۋالىدۇ. ئالايتەن ئارزۇ ـ ئۇمىدلەر بىلەن ئەكەلگەن قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ياكى ئەڭ بولمىغاندا بىر توخۇ، يىگىرمە — ئوتتۇز تۇخۇمچىلىك نەرسىلىرىنى مۇشۇ بازاردا سېتىپ ئازغىنا پۇل قىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە شۇ پۇلىغا بىر ھەپتە يېتەرلىك چاي ـ تۇز، كۆكتات، بالىلىرىغا قاق، يېمىش، قەندەل دېگەندەك نېمىلەرنى ئېلىشىپ، بايا ئېيتقىنىمىزدەك تونۇش ـ بىلىش، بۇرادىرى بىلەن مۇڭدىشىۋالغان مۇلايىم دېھقانلار يە مىنىپ كەلگەن ئېشىكىگە قايتا مىنىۋېلىپ، يە قوشنىلىرى بىلەن

گۈڭگۈر ـ مۈڭگۈر پاراڭلاشقانچە پىيادە هالدا ئۆيلىرىگە قايتىدۇ. هەربىر ئۆيدە ئۇلارنىڭ يوللىرىغا قاراپ تۇرغان جاپاكەش مەزلۇملىرى، قوللىرىغا ئومۇنۇپ قاراپ تۇرۇشقان قارا كۆزلىرى بولىدۇ... دېھقانىنىڭ تۇرمۇشى مانا مۇشۇنداق، «ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار» دېگەن ماقال دېھقان ئۈچۈن ئاتاپ چىقىرىلغان.

ئىشقىيار دەسلەپكى چاغلاردا ئاتىسى ئىشلەپچىقارغان سوپۇنلارنى بازاردىكى مەخسۇس چوپقەت دۇكاندارلارغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈنلا قىزىلبويىنىڭ پەيشەنبە بازىرىغا بېرىپ يۈردى. ئۇ يەردىكى دۇكاندارلار كاسىپلارنىڭ هەرخىل مەهسۇلاتلىرىنى توپ باهاسى بىلەن سېتىۋېلىپ، باها چاپلاپ ساتاتتى. بۇنداق دۇكانلاردا ئاتام ـ ئانامنىڭ هەممىسى تېپىلاتتى. جۇمە نىياز دېگەن دۇكاندار نامەت سوپۇنچى بىلەن بالىلىقىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئۆزى مۇلايىم، كۈلسە كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا تۇرىدىغان، ئەمما ئوقەتكە ئىنتايىن چىڭ، خەسىس ئادەم ئىدى. قەدىناسلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپمۇ، ئىشقىلىپ نامەت ئۇستام تولا هاللاردا ئىشقىيارنى چىقارغان سوپۇنلارنى شۇ ئادەمگە ئاپىرىپ ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇيتتى. بازارغا تولا قاتناپ يۈرۈپ بىر كۈنلىرى ئىشقىيارنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىمۇ مۇشۇ بازاردا ئۈنى ـ بۇنى ئېلىپ ـ سېتىپ بېقىش خىيالى تۇغۇلدى، دەرۋەقە، ئىشقىيار ئاتىسىنىڭ سوپۇنچىلىق كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن كۆرە، ئەركىنرەك بىر كەسىپ، يەنى سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياقتۇراتتى. بۇ هەقتە ئىلگىرىمۇ دېگەنىدۇق، كىيىنكى بابلاردىمۇ يەنە ئالاهىدە توختىلىشىمىز مۇمكىن. ئومۇمەن ئۇنىڭغا

بىر يەردىلا تۇرۇپ ئىش قىلمىشتىن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بىرىپ، يۆتكىلىپ، ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ياقاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ كىيىنكى چاغلاردا ئاتىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قىزىلبويىنىڭ پەيشەنبە بازىرىدا، ئاندىن ناھىيەنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىغا يۆتكىلىپ داۋاملىشىدىغان دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، شەنبە... بازارلاردا ئۇششاق ئېلىم ـ سېتىم بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈردى. ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ئۇنىڭغا تىجارەتتە ئىككى ئالاھىدىلىك ھەمراھ بولۇپ، تاكى ئۆلگۈچە داۋاملاشتى. ئۇنىڭ بىرى دىتلاش، يەنە بىرى دېدىللىك ئىدى. خەق بازارغا ساتقىلى ئەكىرگەن ھەرقانداق نەرسىگە بىر قاراپلا، ئىشقىيار شۇنىڭدىن نان چىقىدىغان ـ چىقمايدىغانلىقىنى، چىقسا قانچىلىك چىقىدىغانلىقىنى دەررۇ پەملەيتتى. مۇبادا كۆڭلىگە ماقۇل كەلسە ۋە يانچۇقىنىڭ مادارى يەتسە ھاجەتمەندىن دەررۇ ئۇ مالنى ئېلىۋالاتتى ـ دە، سوزۇپ ـ مىجىپ يۈرمەستىن يەنە بىر ساتارمەنگە ئازغىنا پايدىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتەتتى... شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بازارغا مېھرى چۈشۈپ قالدى. بازاردا ئۇ ئۆزىنى ئەركىن، يەڭگىل، خۇشال ھېس قىلاتتى، ئارتۇقچىلىقى، ئالاھىدىلىكىنىمۇ بازاردا بەكرەك جارى قىلدۇرالايتتى. سوپۇن قازىنىنىڭ يېنىدا ئۇ تامامەن دادىسىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىش پەقەت بىرنەچچە ھالقىدىنلا تەركىب تاپقان، مەڭگۈ تۈگىمەس ۋە ئۆزگەرمەس مېخانىك ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولاتتى. دادىسى ئالدىدا قارىغايدەك تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ھەر دائىما پەرزەنت ۋە شاگىرت ئىدى... بىراق بازاردا ئۇنداق بولمايتتى. بۇ يەر

ئىشقىياردەك ئازادىلىكنى، جاھانكەزدىلىكنى، ئۆز ئالدىغا پىكىر ۋە ئىش قىلىشنى خالايدىغان ئادەم ئۇچۇن بەئەينى بىلىق يايرايدىغان كۆل ئىدى. بىز شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆستەڭ ياكى دەريا دېمىدۇقكى، ياش قەھرىمانىمىزدا ئۇ چاغلاردا تېخى يىراق ـ يىراقلارغا بېرىپ جاھانكەشتىلىك ۋە ئىش ـ ئوقەت قىلىش خىيالى يوق ئىدى. ناھايىتى كەلسە، ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى بازارلارنى ئارىلاپ ئوقەت قىلىشنىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى ئويلاشقا دەسمايىمۇ ۋە پۇرسەتمۇ يوق ئىدى، نامەت سوپۇنچى بالا تەربىيەسىدە قاتتىق قوللۇقراق ئادەم ئىدى، ئىشقىيارمۇ دادىسىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان، ياۋاش ئانىسىنىڭ دىلىنى رەنجىتىشنى خالىمايدىغان رايىش پەرزەنت ئىدى.

بىز قەھرىمانىمىزنى راۋاب چېلىپ ئولتۇرغان يېرىدە، مەھەللە دوقمۇشىدا قالدۇرۇپ قويۇپ قىزىلبويىنىڭ پەيشەنبە بازىرىنى ۋە ئەتراپتىكى بازارلارنى ئايلىنىپ كەتتۇقمۇ؟ خوش، قېنى ئەمدى يېقىندىن بېرى كاللىسىغا بىر خىيال كىرىپ قالغان شۇ يىگىتنىڭ يېنىغا قايتايلى.

دەرۋەقە يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئىشقىيارنىڭ كۆڭ-لىنى ياشلىقتا پەيدا بولىدىغان بىر تۇيغۇ ئارامىدا قويـ-مايۋاتاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى ئەلياتقۇدا ئۇيقۇسى كەل-مەستىن، بوۋىسى يىگىتلىكىدە چالغان راۋابنى خۇپىيانە ھالدا دەرۋازا ئالدىغا ئاچىقىپ تىرىڭشىتىشلىرىمۇ، ناخ-شا ئېيتىشلىرىمۇ، ناخشا ئارىلىقىدا ئۆزىمۇ سەزمەي خىيالغا كېتىشلىرىمۇ شۇ تۇيغۇ سەۋەبىدىن ئىدى. گەر-چە راۋابنى ئاتۇش ناخشىلىرىغا چېلىپ، شۇ ناخشىلارنى

خىرگايى قىلىسىمۇ، ناخشىسىنىڭ ئاخىرى قەشقەر پەدى-
سىگە يۆتكىلىپ كېتىۋاتقانلىقى سەگەك ئوقۇرمەنلىرد-
ىمىزنىڭ يادىدا بولسا كېرەك، خوش شۇ ناخشىدىكى «ئاي-
شەمگۈل»، يەنى ئىشقىيار يېقىنقى چاغلاردا بىرنەچچە
قېتىم قىزىلبوينىڭ پەيشەنبە بازىرىدا ئۇچراتقان نۇر-
گۈل يىگىرمىنىڭ ئۇنتۇلماس دەملىرىدە تۇرغان ئىشقىد-
يارنىڭ يۈرىكىگە ئاشۇ ئوتلۇق، بىسەرەمجان تۇيغۇلارنى
سېلىپ قويغان جانىنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىز پەيشەنبە بازاردا دۇكىنى بار جۇمە نىياز ھەققىدە
قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندۇق. ئەنە شۇ جۇمە
نىيازنىڭ دۇكىنىغا پات ـ پات ئاش ـ تاماق، چاي
ئەكېلىدىغان ئەۋرىشىم تەنلىك، ئاق پىشماق بىر قىز
ھەققىدە ئەمدى توختىلىمىز. بۇ يىل ئون يەتتىگە
كىرگەن نۇرگۈل جۇمە نىيازنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ
ئارقىسىدىكى پەرزەنتى، يالغۇز قىزى ئىدى. جۇمە نىياز
نامەت سوپۇنچىدىن كۆپ بالدۇر ئۆيلەنگەن ۋە ئالدىنقى
ئىككى ئوغلى قوشكېزەك ئىدى. كېيىنچە ئۈچ ئوغلىنىڭ
ھەممىسى ھۈنەرۋەن ۋە ئىشلەمچى بولۇپ يۇرتتىن چىقىپ
كەتتى. جۇمە نىياز ئاغرىقچان ئايالى ۋە ئەركە قىزى
بىلەنلا قالدى. بۇ تەرەپلەردە قىزلار «تۇماق بىلەن بىرنى
ئۇرسا، يىقىلمىسا بەس» دېگەن قائىدە بويىچە بالدۇرلا
ئۇزىتىلىدىغان بولسىمۇ، بىراق قىزىغا ھەددى ـ
ھېسابسىز ئامراق جۇمە نىيازنىڭ ئۇنى بالدۇر ياتلىق
قىلىۋەتكۈسى كەلمەيتتى. قىزمۇ دادىسىغا بەك ئامراق
ئىدى. شۇڭلاشقا ئانىسىنىڭ «بولدى بارماڭا، قىزىم،
دادىڭىز بازاردا تۇرسا، ئاچ قالمايدۇ» دېگىنىگە قارىماي،
پات ـ پاتلا نان ـ چاي ياكى تاماق كۆتۈرۈپ «دادىكامنى

كۆرگـۇم كىپكـەتتى، ئانـا، ھىلـىـلا كىلـىـمـەن، خاپومـاي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ـ ھە!» دەپ ئەركىلـەپ سۆزلـەپ قويۇپ، دادىسىنىڭ يېنىغا چاپاتتى. جۇمە نىيازغىمۇ ئەلۋەتتە بۇ ھال ياقاتتى، ئۇنىڭمۇ قىزىنى ھەر دائىم، ھەر سائەت كۆرگـۇسى كېلىـپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرگـۇل تەۋرىنىپ ــ تولغىنىپ مېڭىپ قىزىلبويىنىڭ پەيشەنبە بازىرىغا پات ـ پات كېلىپ يۇرۇپ، كۈتۈلمـىگەندە بىر ياش جـان ئىگىسىگە؛ جـاپالىق تـۇرمۇشنىـڭ ھەرقانچـە ئىسكەنجىلىرىمۇ قامال قىلالمايدىغان ياشلىق يۇرىكىنىڭ شېرىن سەزگۈلىرىگە قۇلاق سىلـىـپ قىلىشۋاتقـان ۋە رام بـولغان بىـر يىگىتكە ئۆزىـمۇ سەزمـەي ئـوت سىلىـپ قـويغانلىـقىنـى بىلمـەي قالدى. ياشلىق كۈتۈلمىگـەن سىرلارغا باي پەسىل، ياشلىقنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتلىرى ئىنسـان بالىسىغا ئۆمـۈرۋايەت ھەمراھ بـولۇپ يا ئـۇنـى چەكسىز بەخت بۆشۈكىگە بۆلەيدۇ، يا بولمىسا پۇشايمان، ئەلەم يـالقۇنىـدا كۆيدۈرۈپ ئۆتـىدۇ. «خىيـالىي بەخـت ـ سائادەتنىن مەست بولغـان ياشلـىق تاكى بېشى تاشتـەك تامغا تاقىلىدە تەگمـىگۈچە تـوسقۇنلۇق ۋە توسۇق دېگـەن نەرسىلەر ھەققىدە ئويلىمايدۇ». نوۋىكوف پىرىبوي[1]نىڭ بۇ ئـاجايىپ سـۆزىنى مۇئـەللىپ كـۆپ يىللار ئـىلگـىرى يـازغـان بـاشـقـا بىـرنـەچـچـە ئەسـىـرىـدىـمـۇ نـەقـىـل كەلتۈرگەنىدى، يەنە بىر تىلغا ئالـسا ئارتۇقـچە بولمـاس. بىر چاغلاردا كەمىنە مۇئەللىپمۇ بارلىق ئەقلۇھوشلۇق ئىنسانلارغا ئوخشاش ياشلىقىنىڭ شۇ ئۇنتۇلماس سەۋدالىرىغا چۈشكەن، ئاشۇ ئوتلۇق تۇيغۇلاردا يېنىپ

[1] نوۋىكوف پىرىبوي ــ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى. يۇقىرىقى نەقىل ئۇنىڭ «سۇسىما» ناملىق رومانىدىن ئېلىنغان.

كۆل بولغان، شېرىنلىك، بەخت ۋە ئازاب ھېس قىلغان، مانا ئەمدى بۈگۈن چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ قالغان بېشىنى سول قولىدا پات ـ پات سىلاپ قويۇپ، ئوڭ قولىدىكى قەدىناس قەلىمىنى قەشقەر پەيزاۋاتلىق ئىشقىيار نامەت دېگەن ئادەمنىڭ ياشلىق تۇيغۇلىرى ۋادىسىغا چاپتۇرماقتا... ھايات شۇنداق تاسادىپىيلىقلارغا باي ئىكەنلىكى بىلەن تېخىمۇ ئاجايىپ ۋە قەدىرلىك.

بىراق بىز ئىشقىيار نامەتنىڭ ياشلىقتىكى شۇ بىر سەۋداسى ھەققىدىكى ھېكايىنى مۇشۇ يەردە توختىتىشقا مەجبۇرمىز. سەۋەبى، مۇئەللىپ ئۆز تەجرىبىلىرىگە كۆرە ئەمدىكى ئىشقتا دائىر ھېكايىمىزنى كەلگۈسى بابلاردىن بىرىدە، مۇۋاپىق پەيتتە ئىشقىيارنىڭ ئۆز خىيالى ئارقىلىق بېرىشنى ماقۇل كۆردى.

# ئۈچ قىزنىڭ ئۈچرىشىشى

1952 ـ يىلى 6 ـ ئاي، پەيزاۋات.

رەقىبلەر تار يولدا ئۈچرىشىدۇ دېگەن گەپ بار، لېكىن چاقچاقچىلار تولىراق زىياپەتتە ئۈچرىشىدۇ.

6 ـ ئايدا پەيزاۋاتنىڭ ھۆسنى ـ كۆركى ھەر يىلدىكىدىنمۇ بەتتەر چىرايلىقلىشىپ كەتكەندى. باغلاردا قۇشلار سايرىشاتتى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدىن ياپيېشىل، خىلمۇخىل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پۇرىقى ئاڭقىيتتى. بالىلارنىڭ قىي ـ چۇۋلىرى راۋاب تارلىرىنىڭ شوخ تەرەننۇملىرىغا قوشۇلۇپ ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىگە «خۇشال بولۇڭلار، دالالارغا چىقىڭلار، بۇ ئانا تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك سىمفونىيەسىدىن بەھرە ئېلىڭلار» دەپ پىچىرلىغاندەك قىلاتتى.

بۈگۈن پەيزاۋاتتىكى بىر چوڭ باغدا دالا ئولتۇرۇشى، باراۋەت بولدى. ئۇيغۇر بار يەرنىڭ ھەممىسىدە مۇنداق باراۋەت ـ سەيلىلەر ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. بۇنداق بەزمە سورۇنلىرىدا سازەندىلەر نەغمە قىلىدۇ، ھاپىزلار مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن ئۇلۇغ مۇھەببەتنى ۋە باھارنى كۈيلەيدۇ، پوتىسىنى چىڭ باغلىغان يىگىتلەر غۇلاجىپ تۇرۇپ مەردانە ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، چاقچاقچىلار قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلىشىپ، گېزى كەلسە «بىر سەن، بىر مەن» چاقچاققا ئۆتۈشۈپ، ئالامىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ.

نىرىدا، كىسەك ئوچاقلاردا چوگۈنلەر قايناپ تۇرغان، قازاندا باراۋەت ئىشى پىرتىقلاپ پىشىدۇ، ياش بالىلارنىڭ مۇرىلىرىدە داستىخان...

لېكىن بىز توساتتىن باغنىڭ بىر بۇرجىكىدە قىزىۋاتقان چاقچاق سورۇننى بايقاپ قالدۇق ـ دە، ياش بالىلارنىڭ قولىمىزغا سۇ ئېلىشىنى كۈتمەيلا چاقچاق بولۇۋاتقان تەرەپكە قەدەم ئالدۇق. بىر توپ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئەللىك بەش ياشلار چامىسىدىكى دوپپىچان ئادەم قول ھەرىكەتلىرىنى پارىڭىغا ماسلاشتۇرۇپ لەتىپە سۆزلەۋاتاتتى:

بىر كۈنى يولدا كېلىۋاتسام بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللىگە ئونبېشى بولغان مامۇت ئاتلىق بىر ئاداش بولىدىغان، شۇنىڭ ئايالى ئۇچراپ قالدى. خىيالىمدا يوق كېتىۋاتسام ئايال ماڭا گەپ قىلدى.

ـــ كىرىماخۇن، ئاڭلىسام خەق سىلىنى رەمباللىقمۇ قىلىدۇ دەيدۇ، ماڭا بىر رەم سېلىپ باقامدىلا، بويۇمدا بار ئىدى، ئوغۇل تۇغارمەنمۇ، قىزمۇ؟ ـــ دەيدۇ، ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم، مانى قاراڭلار، كىم مېنى رەمبال دېدىكىنە؟ بىراق چاندۇرمىدىم.

ـــ ھە ماقۇلە، خان،ـــ دەپلا يولنىڭ چېتىگە چىقىپ، يەردىن بىر چاڭگال ماياقنى تېرىۋالدىم ـ دە، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تۆت ماياقنى ئۇياققا، ئالتە ماياقنى بۇياققا قاتار تىزىپ، ئىچىمدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن «سۇف!» دەۋېتىپ، ئاسمانغا قاراپ سۆزلىدىم،ـــ يا ئوغۇل تۇغىسىز، يا قىز تۇغىسىز، يا كۈندۈزى تۇغىسىز، يا كېچىسى تۇغىسىز.

كالۋا خوتۇن خۇش بولۇپ كېتىپ مېنى جايىمدا

تۇرغۇزۇپ قويۇپ، يوگۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي ئىرىنىڭ يىپيېڭى چەكمىنىنى ئاچقىپ ئۇستۇمگە يېپىندۇرۇپ قويدى، تېخى نىمە دەيدۇ دېمەمسىلەر!

— ھە، نېمە دەيدۇ، كېرەم ئەلى ئاغىنە؟ — دەپ قىزىقسىنىپ سورىدى سورۇندىكى بىرى. ئەتراپتىن كۈلۈۋېتىشكە تەييارلا تۇرغان بىرنەچچەيلەنمۇ ئۇن قاتتى:

— ھە، ھە، نېمە دەيدۇ؟

— رەھمەت، كېرىماخۇن، سىلى ھەقىقەتەن ئۇستا رەمچىكەنلا، مېنىڭ نېمە تۇغىدىغىنىمدىن تارتىپ، قانداق چاغدا تۇغىدىغانلىقىمچە ھەممىسىنى تاپتىلا، ئاز كۆرمەي مۇشۇ چەكمەننى كىيىپ يۇرەلا! — دەيدۇ. ئەستا دەيمەن، ياق دەي دېسەم تېخى، ۋاي بوپتۇلا دەپ چاپاننى كىيىپ يولۇمغا كېتىۋەردىم.

ئەتىسى شۇ كوچىدىن ئۆتسەم ھەممە ئادەم ماڭا قاراپ كۈلىدۇ، نېمە بولدى دېسەم، بىر بۇرادىرىم كۈلە ــ كۈلە پاراڭ قىلىپ بەردى. مامۇت ئونبېشىنىڭ خوتۇنى كەچتە ئىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ ئالدىغا چىققان گەپ!

— خۇش خەۋەر، دادىسى!

— ھە، نېمە خۇش خەۋەر ئۇ؟ — دەپ مامۇت ئونبېشى تەقەززا بولۇپ سوراپتىكەن، ئايالى:

— قارىماملا، كېرىم كۆمەچ بەك ئۇستا رەمچى ئىكەن، ئۇ ئەتىگەن ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا ئالايتەن ماڭا رەم سېلىپ، مېنى «يا ئوغۇل تۇغىدىكەنسىز، يا قىز تۇغىدىكەنسىز، يا كۈندۈزى تۇغىدىكەنسىز، يا كېچىسى

تۇغىدىكەنسىز» دېدى دەپتىكەن، بۇنى ئاڭلاپ مامۇت ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۇدەك بوپتۇ.

— ھۇ كالۋا خوتۇن، يە ئوغۇل، يە قىز تۇغماي ئىشەك تۇغاتتىڭما؟ يە كۇندۇزى، يە كېچىسى تۇغماي يەنە قايسى ۋاقىتتا تۇغاتتىڭ؟ — دەپ قار - يامغۇر تىللاپ، ئېغىر ئاياغ ئايالىنى دوپپاسلىتىپ كېتىپتۇ... چەكمەنىنىڭ ئەلىمى يامان - دە!

سورۇندىكىلەر تەڭ باراۋەر قاقاھلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى، باشقىلارغا ئەگىشىپ كېرىم ئەلىمۇ يوغان ئالىقانلىرىنى تىزلىرىغا ئۇرۇپ كۈلەتتى. كۈلكە ئارىلىقىدا بىرى سورىدى:

— كېرەمئاخۇن، مامۇت سىلىنى ئىزدەپ كەلمىگەندۇ؟

— ئىزدەپقۇ كەلمىدى، — دېدى كېرىم ئەلى كۈلكىدىن چىپ توختاپ، — بىراق مەن ئۇنىڭ چەكمىنىنى بىر بۇرادىرىمدىن ئەۋەتىۋەتتىم، گومۇش ئايالنى ئالدىغىنىمۇ بىتەر... مامۇت ئونبېشى ھازىرمۇ مېنى كۆرسە ئۇيدەك سەت ئالىيىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، بىر ياش يىگىت چاڭ - چاڭ سۆزلەپ ئولتۇرغانلاردىن بىرىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— باۋدۇنكا، ئۆزلىرىدىنمۇ بىر پاراڭ ئاڭلىمايمىزمۇ، كېرىم ئەلى ئاكام بىلەن تازا چىرايلىق بىر يەرگە كېلىپ قاپسىلەر...

— ھە، قېنى، قېنى، بىر ئاڭلايلى، باۋدۇن ئىنىمىزنىڭ گېپىنى ئاغىنىلەر قىلىپ بەرگەن، — دېدى كېرىم ئەلى دەررۇلا، — قوشئاۋاتتا ئەپەندىچىلىك قىلىدىلىغۇ دەيمەن، ئىنىم؟

— شۇنداق، — دېدى ئوتتۇز بەش ياشلار ئەتراپىدىكى سىپايە باۋدۇن يۇسۇپ مۇئەللىم ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ، — ئاكىمىزنىڭ نامىنى ئوبدان بىلىمىز بىز، پەيزاۋاتتا كىم بىلمەيدۇ؟ يامان قىزىق پاراڭلىرىنى ئاڭلىغانمىز. بوپتۇ مەنمۇ بىر پاراڭ سېلىپ بېرەي، «دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت» دەپتىكەن...

ئولتۇرغانلار قىزىق گەپ ئاڭلاشقا تەييارلىنىپ باراۋەر شۈك بولۇشتى.

سەزگۈر ئوقۇرمەنلىرىمىز جەزمەنكى، رومانىمىزنىڭ بېشىدىلا ناملىرى تىلغا ئېلىنغان پەيزىۋاتلىق ئىككى قىزىقچى - چاقچاقچىنى تونۇپ، پەملەپ ئېلىشتى. قىزىقچى دېگەن سورۇننىڭ كۆركى، ھەرقانداق يۇرتتا، ھەرقانداق سورۇندا ئەڭ ئالدى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدىغان، دىققەتكە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلار دەل سازەندىلەر ۋە قىزىقچىلاردۇر، پەيزاۋاتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

بۇ چاغدا باۋدۇن يۇسۇپ قىزىق گېپىنى باشلاپ قالغانىدى:

كىچىك ۋاقتىمدا بازارغا كىرىپ ئانچە - مۇنچە ئوقەت قىلىپمۇ جان باققان چاغلىرىم بولغان. بىر كۈنلىرى قانداق بولدى، تاغار ئېلىپ - سېتىپ قالدىم.

بىر بازار كۈنى تاغارنىڭ سودىسى كاسات بولۇپ، ھەر دانە تاغارنىڭ باھاسى بىر كويدىن زادىلا ئۆرلىمىدى. كەچكىچە بازارنى يۈز ئايلاندىممىكىن، بىرمۇ تاغار ساتالمىدىم. بىر چاغدا قىيا قارىسام يېنىمدا بىرەيلەن ئەرزانىراق بولسا خېلى جىق تاغار ئالىدىغاندەك ئەلپازدا ئەتراپىمنى ئەگىپ يۈرىدۇ. شۇ ھامان خۇددى ئۇنى

كۆرمىگەندەك بولۇۋېلىپ، ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ غايىبانە بىرىگە كايىپ كەتتىم:
— ئىككى كويدىن توپلا ئالاي دېمەمدا، ئىككى كويلۇق تاغار مۇشۇنداق بولامدا؟ كۆزى كورمىكىنا، ئۈچ كويدىن بىر سېنت كەم بولسا ساتمايمەن... — دەپلا توپ ئىچىگە كىرىپلا كەتتىم. بىر چاغدا بىرى يېڭىمدىن تارتىدۇ، قارىسام بايىقى يېنىمنى ئەگىپ يۈرگەن خېرىدار، شۇنىڭ بىلەن تاغارلىرىمنى ئۈچ كويدىن دۆندۈرلا سېتىۋەتتىم.
كىشىلەر ھۇزۇرلانغاندەك كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا، باياتىن سورۇننىڭ ئەتراپىدا ئۆرە تۇرۇپلا پاراڭ تىڭشاۋاتقان بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدىن بىرى گەپ قىلدى:
— گولنى بازار ئوڭشايدۇ دېگەن مۇشۇ، تۆت كويدىن دېگەن بولسىلىرىمۇ ئالاتتى...
باۋدۇن مۇئەللىم ئاۋاز چىققان ياققا قارىدى، ئۆرە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا بېشىغا پىپى تۇماق كىيگەن، ئۇزۇن يالاڭ چەكمەن چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتمەيلا چاپان ئۈستىدىن پوتا باغلىغان، ئاتمىش ياشتىن ئاشقاندەك بىلىنىسىمۇ تېخى تېتىك، بەرجەس بىر ئادەم ئىككى قولىنى كەينىگە قوۋۇشتۇرۇپ، كۆكۈچ ئورا كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. باۋدۇن يۈسۈپ دەررۇ ئورنىدىن تۇردى.
— ۋاي ئىشقىياركا، سىلىمىدىلا، قېنى كەلسىلە، ئۆرە تۇرغانلىرى نېمىسى، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرسىلا...
باۋدۇن مۇئەللىمنىڭ گېپى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئولتۇرغانلار سەل نېرى - بېرى قىمىدالدى. ئاڭغىچە تەكرار زورلاشلار بىلەن ئىشقىيار نامەت

بوشىتىلغان ئورۇنغا تىزلىنىپ چۆكتى، كىمدۇر بىرسى شۇئان ئۇنىڭغا چاي ئۇزاتتى.

— كېرىم ئەلىكا، مانا بۇ تاغىمىزمۇ گەپكە ئاجايىپ چېچەن ئادەم، — دەپ باۋدۇن يۇسۇپ بىر خىل خۇشاللىق ئىلكىدە كېرىم ئەلىگە، كېيىن سورۇن ئەھلىگە قارىدى، — ئۆزى قىزىلبويىدىن، ئاتىسى نامەت سوپۇنچى دەپ ياۋاش - يۇمشاق بىر ئادەم بولىدىغان، نەچچە يىل بولدى تۈگەپ كەتكىلى... ئىشقىياركا، كېرىمكامنى تونۇملا؟

— باياتىن تونۇدۇم، — دېدى ئىشقىيار بوينىنى يانغا ئېگىپ، — ئابدان رەھىم سالىدىكەن!

— ھا - ھا - ھا... — كېرىم ئەلى ئۆزى كۈلكىنى باشلاپ بەردى، ئالىقانلىرى بىلەن تىزىنى شاپىلاقلايتتى. كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ نېرىدىن بىرمۇنچە ئادەم بۇياققا يۈگۈردى. كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى ئەمدى ئىشقىيار نامەتتە بولۇپ قالغانىدى.

— بۇ بۇرادىرىمىزنى تولا كۆرگەنمەن، — دېدى ئىشقىيار نامەت بېشىنى شاپتۇل قېقىپ كېرىم ئەلىنى شەرەتلەپ، — پەيزاۋات دېگەن دوپپامدەك يەر تۇرسا، كۆرمەمتىكى، بىزنىڭ قىزىلبوينىڭ پەيشەنبە بازىرىغا تولا كېلىلا - ھە، سىلى؟

— ھە، توغرا، توغرا، مەن شۇ ھېلىقى... — كېرىم ئەلى گەپكە ئۆمەللەندى، ئىشقىيار نامەت ئۇنى گەپتىن توسۇدى.

— ھەئە بولدى، توختىسىلا، توختىسىلا، سىلى بىزنىڭ قېيىنئاتا بىلەن شىرەم تۇغقان كېلىلا، دۇكانچى جۇمە نىيازنىڭ... ئايالى تەرىپىگىمۇ يا؟

— ۋاي سىلى شۇ كىشىنىڭ كۈيۈ ئوغلى ئەمەسمۇ، — كېرىم ئەلى پېشانىسىگە يوغان ئالىقىنى بىلەن شاقلا ئۇردى، — باياتىن ئىگەكىم نەدە كۆردۈملا دەيمەن، توغرا، توغرا، جۈمە نىيازكامىنىڭ ئايالى ھامامىنىڭ جىيەن قىزى بولىدۇ ئەمەسمۇ، باياتىن نەدە كۆردۈملا دەيمەن!

— ئادەمنىڭ يېتى يوق، — دېدى باۋدۇن يۈسۈپ گەپ ئارىلاپ، — بىز خەق شۇ قوغۇنلۇققا ئوخشايدىكەنمىز، قوغۇننىڭ مەيەردىكى پىلىكىنى تارتساق، ئاۋۇ يەردىكى پىلىكى لىڭشىيدۇ ئەمەسمۇ...

— تارتتىم دەپ ئۈزۈۋېتىدىغانلىرى يامان، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — شۇڭلاشقىمۇ قوغۇنلۇقىمىزنى زاغۇن بېسىپ يامان قىلىدۇ.

ئەتراپتىكىلەر «شۇنداق، شۇنداق» دېيىشىپ كۈلۈشتى. كېرىم ئەلى ئىشقىيارنىڭ تەقى - تۇرقىغا سىنچىلاپ قاراپ كېتىپ، ئاندىن پاراڭ قىلدى.

— توغرا، توغرا، گەپ - سۆزلىرىمۇ بۆلەكچىكەن، گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار. قېنى، ئىشقىياركا... ئىشقىياركا دەيمىزمۇ، ئىشقىيار دەيمىزمۇ؟

— ئوخشاش، ئوخشاش... — دېدى ئىشقىيار نامەت بېشىنى لىڭشىتىپ، — سىلى ھۆرمەتكە چوڭ، بىز ياشقا...

— ئۇنداق دېمىسىلە، بىزدە چوڭنىڭ ھۆرمىتى بۆلەك، ئۆزلىرى ھېلى قىلدىلىغۇ قوغۇنلۇقنىڭ گېپىنى، ھەممىمىز بىر پىلەكنىڭ خەمىكى دەيمەن، سىلى يوغانراق قوغۇن... — كېرىم ئەلى جىددىي گەپ قىلىۋېتىپ، پاراڭنى بىردىنلا چاقچاققا بۇرىدى، ئىشقىيار ئۆتكۈر كۆزلىرىنى دەررۇ چاقنىتىپ، ھوشيارلاندى.

ــ يوغان قوغۇنغا بالدۇر پىچاق ئۇرنىمىز، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئەتراپىغا قاراپ.

ــ پىشقىنىغا قارايمىز، ــ دېدى كېرىم ئەلى، ــ بۇرنىنى مىجىپ بېقىپ مۇنداق...

ئەتراپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئىشقىيار نامەت دەررۇ يەكتىمز بولدى.

ــ تىماقداپ دېسىلە؟

ــ يا ـ يا ـ ياق... ــ كېرىم ئەلى ئىشقىيار نامەتنىڭ كۈتۈلمىگەن گېپىدىن مەڭدەپ، ئاندىن ئوڭشىلىۋالدى. ئاڭغىچە هوشيار باۋدۇن يۇسۇپ گەپكە ئارىلاشتى.

ــ ئىشقىياركا، سىلى كېرەمكامنى بىلمەيلا، بۇ ئادەم تىماقدايدىغانلىردىن ئەمەس، كۆزىگە بەلەنىرەك كۆرۈنگەنلىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ قاچىدىغىنىدىن...

ئىشقىيار نامەت سەگەك كۆزلىرىنى كېرىم ئەلىگە باشقىدىن تىكىپ، سىنچىلىدى.

ــ شۇ، قارىسام پىلىكىنى دەسسەپ ئۈزۈپ قاچىدىغاندەك قىلىدۇ...

ئەتراپتا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كېرىم ئەلى باداشقان قۇرغان يېرىدە بىر قىمىدىلىپ ئىشقىيار تەرەپكىرەك شىپقىدى. چاقچاق باشلايدىغان چاغدىكى ئادىتى بويىچە تولۇق كۈلۈمسىرىدى.

ــ ئاكىمىزنىڭ گېپىنىڭ تورى بارىكەن، ئۆزىمۇ بەلەن ئادەمدەك قىلىدۇ. ئىسمىمۇ نوچىكەن، ئىشقىيار... نېمىنىڭ ئىشقى، ئىشقىياركا؟

ــ جاهاننىڭ ئىشقى بولمامدۇ، بۇرادەر، بالىچاقىنىڭ ئىشقى، قېرىنداشنىڭ ئىشقى، سىلىدەك ئوغۇل بالا بۇرادەرلىنىڭ ئىشقى... ــ دېدى ئىشقىيار بوينىنى بىر

يانغا ئېگىپ، كۆكۈچ كۆزلىرىدە بىردىن ئىستىھزا ئەكس ئەتتى، — سەتەڭ چوكاننىڭ ئىشقى بولاتتىمۇ ئەمىسە!

— ئۇمۇ كەم بولسا بولمايدۇ، — كېرىم ئەلى چاقچاق قىلىپ، ئەتراپىغا قارىدى، — قانداق دېدىم يۇرتچىلىق؟ تايىنلىق... ھى - ھى - ھى... ياش ۋاقىتلىرىدىكى ئىشق نوچى بولغىيدى، يەڭگىمىزنى پايلاپ دەيمىنا!

— ئا... قويسىلا! — ئىشقىيار نامەت تۇماقلىق بېشىنى ئېغىر چايقىدى، بىراق كۆڭلى ئىختىيارسىز قىرىق نەچچە يىل بۇرۇنقى قىزىلبويىنىڭ پەيشەنبە بازىرىغا چاپتى...

— ئىشقىياركا، ماۋۇ بۇرادەرلەرگە سىلىمۇ بىر كەلىمە قىزىق پاراڭ قىلىپ بەرمەملا! — باۋدۇن مۇئەللىمنىڭ ۋەزمىن ئاۋازى ئىشقىيار نامەتنى ئەسلىمە ۋادىسىدىن تارتىۋالدى، ئىشقىيار نامەت ئەندىكىپ خالايىققا قارىدى، ما كېرىم ئەلى دېگەن يامان نېمىكەن دېسە.

— نېمە گەپ قىلارمەنا! — ئىشقىيار نامەت گەجگىسىنى تاتىلىدى، — گەپكە گەپ كەلگەندە مۇنداق بىر لوقما سېلىپ قويىدىغان ئادەم بىز، ھەرقايسىلىرىغا ئوخشاش...

— كۆرگەنلىرى كۆپ دەيمەن، — دېدى ئۆرە تۇرغانلاردىن بىرى ئىشقىيار نامەتكە بىر ئاپقۇر دوغ تەڭلەپ، — قېنى ماۋۇنى مۇزدەككىنە يۇرەككە بىر ئۇرۇۋېتىپ، ئىككى ئېغىز پاراڭ قىپ بەرسىلە، تاغا، قارىساقمۇ بەلەن گەپچى ئادەمدەك قىلىدىلا...

«ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دەپتىكەن، مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىم ئىشقىيار نامەتنى سورۇندا پاراڭ قىلىپ بەر دېمەپتىكەن، ئۆزىمۇ ھەم سۆزلىمەپتىكەن. بايا

دېگىنىدەك، گەپ ئۆختىسىغا كەلگەندە ئۇ تەبىئىيلا ھالدا بازغاندەك ئېغىر گەپنى قىلىۋېتىپ، خەق كۆلسە ھېچنېمە بولمىغاندەك تۇراتتى - يۇ، ئۆزىنى مەن قىزىق گەپ قىلدىم دەپ ئويلىمايتتى، بىراق ھازىر قېتىقى سىراپ، مۇزدەك دوغنى قولىغا ئېلىۋىدى، لىپپىدە قىلىپ بىر پارالا سالغۇسى كېلىپ قالدى، دوغدىن ئالمان - تالمان بىرنەچچە يۇتۇم سۈمۈرۈۋىدى سوغۇق دەررۇ پېشانىسىگە چىقتى، ئىشقىيار ئالدىراپ ئاپقۇرنى كىگىز ئۈستىگە قويدى - دە، ئالىقىنى بىلەن پېشانىسىنى سىلىدى. كېيىن كۆلۈمسىرەپ دوغ ئۇزاتقان كىشىگە، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە جىلمايغىنىچە سەپسېلىپ تۇرغان كېرىم ئەلى، باۋدۇن يۈسۈپكە قارىدى.

— نېمە دەيمىزا... ھە، بىر كۈنى سىلىنىڭ قوشئاۋاتتىكى چارشەنبە بازىرىدا بىر مەيسىگە سودا قىلىپ تۇرسام، بازار باشقۇرىدىغان بىر ئاداش بارىكەن، ئۆزى چوكىدەك ئورۇق، تازىمۇ ئېگىز، شوداي نېمىكەن، ماڭسىمۇ ئېگىلەي دېمەيدۇ، ھە... شۇزە بىر چاغدا يېنىمغا كېلىپ شۇ خادا تۇرۇشى بىلەن تۇرۇپ «ئاكا، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ سودا قىلما» دەيدۇ، «نېمە بولىدۇ؟» دېسەم، «خەقنىڭ يولىنى توسۇۋالىسەن» دەيدۇ، «نەچچە ياشقا كىردىڭ؟» دېسەم، «ئوتتۇزغا، قانداق؟» دەيدۇ، «ئۇكاماۋاي، سەن مۇشۇ بويۇڭ، مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن خەقنىڭ يولىنى ئوتتۇز يىل توسۇساڭ بولىدۇ، مەن بىر قېتىم توسۇسام بولمامدا!» دېدىم...

سورۇندىكىلەر پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، بىرنەچچىلىرى تىللىرىنى چاكىلدىتىپ، باشلىرىنى ئىرغىتىپ گەپ قېتىشتى:

ــ بولىدىكەن دىسە بۇ ئادەم!
ــ ئەينى نەسرىدىن ئەپەندىم، ھە...
ــ ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار، جۇما، سىيىت قارى!
ــ ... ...
ــ بىر جۇپلا بولۇپ كەتمىسۇنما،ــ كىرىم ئەلى كۆلكىسىنى بېسىپ ئىشقىيارغا قارىدى،ــ بەلەن گەپ قىپ بەردىلە، يەنە بىرنى!
ــ يوقسۇ، ئۆزلەدىن كەلسۇن!ــ دىدى ئىشقىيار كىگىز ئۇستىدىكى دوغنى ئېلىپ، بىر بارمىقىنى ئاپقۇرغا تىقىپ مۇزنى مالتىلىغىنىچە،ــ بىزنىڭ گېپىمىز شۇنچىلىك...
ــ ياق، بولىدىكەنلا،ــ دىدى كىرىم ئەلى، كىيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۇنگە قارىدى،ــ ھوي، بىر ۋاق بولۇپ قاپتىغۇ... مۇنداق قىلايلىمۇ؟ ئەشەدە راسا ئوبدان گۆشگىردە ياقىدىغان بۇرادىرىمىزنىڭ ئاشخانىسى بار، ئىشىك ئالدى سۇپىلىق، ئەشەگە بېرىپ بىردەم قورساقنى چىگدىغاچ پاراڭ سىلىشمايلىمۇ؟ ما ئىشقىيار بۇرادەر بىلەنمۇ غەنىيمەت تونۇشۇپ قالدۇق!
ــ ئۇنداق يېرى بولسا ئىككىلىرىگە ئۆزۈم خىزمەت قىلىمەن،ــ دىدى باۋدۇن يۇسۇپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ،ــ «چوڭغا ھۆرمەت، كىچىكتىن خىزمەت» دەپتىكەن، قانداق دىدىم؟ يۇرسىلە، ئىشقىياركا...
ــ بۇرادەرلەر، بىزگە رۇخسەت ئەمىسە!ــ دىدى كىرىم ئەلى كۆپچىلىككە قاراپ، قولىنى مەيدىسىگە قويغىنىچە.
ئۇچ قىزىقچىنىڭ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرگەن

ئالـىمان كىگىزلەردىن چاڭ چىقىرىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بايىقى قىزىق گەپلەرنىڭ ھاياجىنى، تەسىرى ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا، پاراڭلىرىدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئۈچ قىزىقچى قىزىق پاراڭ، تەكەللۇپلەر بىلەن بازار ئىچىگە قاراپ مېڭىشتى. كېرىم ئەلى يول بويى قىزىقچىلىق قىلىپ ماڭدى. ئۇ كىشىنىڭ تونۇيدىغان ئادىمىمۇ، سالام ـ سەھىتىمۇ كۆپ ئىدى، باۋدۇن يۇسۇپ مۇئەللىم بولغاچقا كۆرۈنۈشكە ئېغىر، كەم سۆز كۆرۈنەتتى، لېكىن گەپ قىلىپ قالسىلا جانلىنىپ، ھاياجانلىنىپ كېتەتتى، ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، كىيىم ـ كېچىكى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى بىلەنمۇ ئاۋۇ ئىككىسىگە ئانچە يۇقۇشمايتتى، يول ماڭغان سىياقىمۇ كېلىشۋارا، سەل تومپايدەك كۆرۈنەتتى، ئىككى قولىنى سەل ئالدىغا چىقىرىپ، چىرايىدا بىرەر ئىپادە كۆرسەتمەي لوڭ ـ لوڭ ماڭاتتى، يولدا ئاساسەن پاراڭ قىلمىدى. پەقەت ئاشخانىغا بارغاندىلا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغانىدى، يېنىدىكى ئىككى بۇرادىرى قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئىشقىيار نامەتنىڭ مۇنداقلا قىلىپ قويغان گېپى ئادەتتە ھەركىمگە شۇنچىلىك قىزىق، ئالاھىدە ئاڭلىناتتى. بۇ خۇسۇسىيىتىنى ئۇ تاكى ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغىچە بىلەر ـ بىلمەي ساقلاپ قالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن شۆھرەت تاپتى.

گۆشگىردىچى بۇرادىرى كېرىم ئەلىدىن ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز پاراڭ ئاڭلىدى ـ يۇ، دەررۇ جانلىنىپ كەتتى. پايپېتەك بولۇپ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىنى راسلىدى، ئەتراپىغا

سۇ چاچتى، داستىخان سېلىپ، چۆپ دورا سالغان قىزىق چاي دەملىدى، قايناق گۆشگىردىدىن ئۇزمەستىن ئەكېلىپ تۇردى ۋە كېيىن ئىشلارنى شاگىرتىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىمۇ سورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. كەچ كىرىپ، سودىمۇ بېسىقىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئەمدىكى ئىشى ئۈچ قىزىقچىنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى كۈلە ـ كۈلە ئاڭلاپ، نوچى ـ نوچى پاراڭلارنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋېلىش ئىدى.

بىز ئەمدى ئۈچ گەپچىنى سالقىن سۇپىدا، گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر سۆھبەتتە ئارامخۇدا يالغۇز قالدۇرايلى.

# قەشقەردە چاقچاق قىلغانمۇ؟

1974 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا شەھەر تاجىۋاي مەھەللىسى.

بۈگۈن غۇلجا شەھەرلىك ئىككىنچى رايون ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاھالىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان چوڭ ئىشخانىسى توساتتىن كۈلكە ساداسىغا چۆمۈپ قالدى. ۋەزىيەت يەنىلا جىددىي، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئارقىسىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش «سول»چىل ھەرىكىتىنىڭ قوقاسلىرى تېخى ئۆچمىگەن بولسىمۇ، لېكىن باھار سېغىنغان دىللاردا ھامان كۈلكىنىڭ شولىلىرى يېلىنجاپ تۇراتتى. جاپا ۋە قايغۇلاردىمۇ كۈلكىنى، چاقچاقنى تەرك ئەتمەيدىغان، بېشىغا تاغ يىقىلسىمۇ ئۈمىد تىرىكى بىلەن يۆلىۋالىدىغان ئۇيغۇرغا قاچان كۈلكە كەم بولغان!

غۇلجا شەھىرىنىڭ مائارىپ تارماقلىرىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان جۇشقۇن، چاقچاق خۇمار، گېپى ئىتتىك سابىرجان سادىقنىڭ ئۆزى بۇرۇن بىر مەزگىل تۇرغان ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامدا كادىر بولۇپ قايتا ئىشلەۋاتقان چاغلىرى ئىدى. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغايكى، ئىلى دىياردىكى ساناقسىز قىزىقچىلارنىڭ ئارىسىدا ساۋاتلىق قىزىقچى سۈپىتىدە ئورۇن ئېلىشقا

ھەقلىق زىيالىي، مائارىپچى سابىرجان سىدىق ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا ئىشقىيار نامەت ياشايدىغان مەھەللىدە بىر نەچچە يىل يۇقىرىدىن چۈشكەن كادىر سالاھىيىتىدە خىزمەت قىلىپ، ئىشقىيار نامەت ۋە ئۇنىڭ «ئۆگىنىش كۇرسى»غا چىللانغان تەقدىرداشلىرى تارتقان تارتقۇلۇق، كەلگۈلۈكلەرگە شاھىت، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈر، مەردانە، قىزىقارلىق «پىكىر» ـ پاراڭلىرىغا مۇشتاق بولغان كىشى ئىدى. كېيىنچە بۇ زات تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ، ھەرخىل سورۇنلاردا ئىشقىيار نامەتنىڭ يېڭىچە، ئۆزگىچە پاراڭلىرىنى سۆزلەپ، ئۆزىمۇ كۈلۈپ، كىشىلەرنىمۇ كۈلدۈرۈپ ئۆتتى، يەنە «ئىشقىيار پىكىرلىرى» سەرلەۋھەسى ئاستىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاجايىپ مەنىلىك، لەتىپىسىمان پاراڭلىرىنى يىغىپ ـ رەتلەپ، ئايرىم مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپمۇ يۈردى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى ئۇنتۇلماستۇر. بىزنىڭ مەزكۇر رومانىمىزدا سابىرجان سادىق ھەققىدە يېتەرلىك ئورۇن ئاجرىتىلغان، كەلگۈسى بابلىرىمىزنىڭ بىر ياكى ئىككى لەۋھەسى شۇ مەرھۇمغا بېغىشلىنىدۇ، بىراق بىز ھازىر ئۇن بىرىنچى ئاساسىي قاتلامنىڭ چوڭ ئىشخانىسىغا قايتايلى!

سابىرجان سادىق بۈگۈنمۇ ئاساسىي قاتلام كومىتېتى خادىملىرىنى ۋە ئىش بىلەن كىرىپ ـ چىققانلارنى توختىماي سۆزلەپ، ھارغىچە كۈلدۈردى... بىر چاغدا قانداق بولدى، ئىشخانىغا كۈن خېلى ئىسسىپ قالغان بولسىمۇ چىبەرقۇت پاختىلىق چاپىنى بىلەن تۇمىقىنى تاشلىمىغان ئىشقىيار نامەت يەنىلا شۇ ئىتتىك

قەدەملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. «يەنىلا» دېگىنىمىز نىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئۇنىڭ سەكسەن ئۈچ ياشقا قەدەم قويغان چاغلىرى ئىدى. بوۋاي مەجبۇرەن ئۆگىنىش كۇرسى ياكى باشقا سوئال ـ سوراقلارغا چاقىرىلغان ۋاقىتلاردىن بۆلەك كۈنلەردە ئاساسىي قاتلام ئىدارىسىگە ئامال بار ئاياغ باسمايتتى. ئاساسىي قاتلامنىڭ كەچكىچە كۈلۈپلا تۇرىدىغان كاتىپى خېنىمخاننىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ئاساسىي قاتلام ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىن كۆزىنى يۇمۇپ» ئۆتەتتى. گېزى كەلگەندە خېنىمخان دەپ ئاجايىپ ئىسمى بار بۇ چوكاننىڭ غەلىتە ئىشلىرىدىن ئىككى كەلىمە سۆزلەپ قويايلى. ھەممىلا نېمىگە ھەرقانداق ۋاقىتتا كۈلۈۋېرىش خېنىمخاننىڭ ئۆزگىرمەس مىجەزى ئىدى. ئۆيمدە ئېرى بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ، ئىچكەك ئېرى قار ـ يامغۇردەك تىللاپ، دۇمبالاپ كەتسە خېنىمخان دادلاش ياكى يىغلاش ئورنىغا «ۋىيەي ماۋۇ سارالڭ ئۇرۇپ كەتتى!» دەپ خىرىلداپ كۈلۈۋېرەتتى. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، «ئۆگىنىش كۇرسى»غا يىغىلىۋېلىنغان ئىشقىيار نامەتنى قىتمىر ساقچى سېمىز ئالىقىنى بىلەن چاڭگىدە بىرنى ئۇرۇپ بوۋاينىڭ بۇرنىنى قانىتىۋەتتى. نەق مەيداندا خاتىرە قالدۇرۇپ ئولتۇرغان خېنىمخان چۆچۈگەن، ئەجەبلەنگەن، ھېسداشلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ ئەكسىچە، بۇرنىدىن ئوقتەك قان ئاققان ئىشقىيار نامەتكە قاراپ «ۋىيەي، بۇرۇنلىرى قاناپ كەتتى!» دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى.

«كۈلسىلە خېنىم، كۈلسىلە،— دېگەنىدى ئىشقىيار نامەت بۇرنىنى چىمدىپ تۇتۇۋېلىپ شۇ چاغدا،— كۈلگۈدەك ئىشتىن مۇشۇ قالغان مانا...»

بىز يەنە گەپنى ئەپقىپچىپ كەتتۇق، سەۋەبى ئىشقىيار نامەتنى ھېلىلا ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ ئىشخانا بوسۇغىسىدا كۆرگەنىدۇق.

ئىشقىيار نامەتنىڭ كىرىشى بىلەن ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاھالىلەرگە ئىلتىماس، يول خېتى، تونۇشتۇرۇش كېسىپ بېرىدىغان ياكى ئاكتىپلار يىغىنى، گاھىدا مۇرەسسە يىغىنلىرى ئېچىلىدىغان ئىشخانىسى بىردىنلا قىزىپ كەتتى (بىز يۇقىرىدا نەچچە رەت تىلغا ئالغان «ئۆگىنىش كۇرسى» دەيدىغان پېپەن، كۇرەش يىغىنلىرى پېشايۋانلىق ئۆيلەر قاتارىغا جايلاشقان مۇنۇ ئىشخانىنىڭ ئۇدۇلىدا، دەرۋازا بىقىنىدىكى، بورۇنقى لاپاسنىڭ ئالدىنى يېپىپ ياسىغان چوڭ زالدا ئېلىپ بېرىلاتتى). ئالدى بىلەن خېنىمخان بىرىگە يېزىپ بېرىۋاتقان ئاللىقانداق بىر تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشتىن توختاپ:

— ۋىيەي، ئىشقىياركام كىرىپتۇ، — دەپ قاقاھلاپ كۇلۇپ كەتتى، — بېشىڭىزدىن ياغاچ ئۇشتۇۋېتەيمۇ، ئىشقىياركا، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ...

— مازارغا بارىمىزيۇ، ئۇكام، ئاساسىي قاتلامغا كىرمەمدۇق! — دېدى ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى ئىشخانىدا ئولتۇرغانلارغا ئىتتىك يۈگۈرتۈپ. بۇ گەپ تۆردىكى ئۈستەل ئالدىدا، خېنىمخاننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئاساسىي قاتلام كومىتېتى مۇدىرى ئابلىپىزخانغا ياقمىدى، ئۇ كىشى پېشانىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئىشقىيار نامەتكە يەر ئاستىدىن بۇقىدەك قارىدى. سەزگۈر سابىرجان ئىشنىڭ ئالدىنى ئالدى:

— ھا ـ ھا ـ ھا، ئەتىياز بىلەن نېمانداق

ئۆچەكشىسىز، ئىشقىياركا،ــ دېدى ئۇ ئالىقىنى بىلەن بۇرنىنى ئۇستىگە سۇرتۇپ،ــ بىز پاختىلىق چاپانلارنى تالاق قىلىۋەتكىلى نەۋاق...

ئىشقىيار نامەت ھەر دائىم ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ كادىرغا ئىللىق جىلمايدى، بېشىنى بىر يېنىغا ئەگكىنىچە:

ــ «ئالدىرىمايلى سەيلىگە، ئالدىمىزدا دوقال بار» دەپتىكەن، كادىر ئەپەندىم، شۇڭا...ــ دەپ توختاپ قالدى.

ــ ھا ـ ھا ـ ھا.. ئىشقىياركامنىڭ گېپى تەييار ـ دە،ــ سابىرجان چىن كۆڭلىدىن مەززە قىلىپ كۈلدى. ئۇزايىدىن ئۇنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بۇ دانىشمەن بوۋاينىڭ ئاچچىق ھەقىقەتلىك گەپلىرىدىن يەنە بىرنەچچە كەلىمە ئاڭلىغۇسى باردەك قىلاتتى. نۆۋەتتە بۇ ھالنى تۆردە ئولتۇرۇپ ئىشقىيارغا بولۇتلۇق ھاۋادەك تىكىلىپ ئولتۇرغان ئابلىپىزخان مۇدىرمۇ سەزدى ۋە بوۋايغا قوپاللىق بىلەن «ھە، كىرىپ قاپتۇققۇ، ئىشقاخۇن، نېمە ئىش؟» دېيىشتىن سابىرجاننى ئويلاپ تىلىنى تىيىپ قالدى. ۋاقتى كەلگەندە، كۆزىگە سىغمىغاننى زەھەردەك گەپ بىلەن قامچىلايدىغان مۇنۇ كۆلگەك كادىرنىڭ مىجەزىنى مۇدىر ئوبدان بىلىپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىشخانىسىدا ئىشقىيار بىلەن سابىرجان ئوتتۇرىسىدا تەبىئىيلا بىر قاتار چاقچاقلار قىزىپ كەتتى. ئىشخانىغا نەلەردىندۇر، ئادەملەر ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ قالغانىدى.

ــ ئىشقىياركا، سىلى كۆپنى كۆرگەن ئادەم،ــ دېدى سابىرجان،ــ بىرنەچچە سوئال سورايمۇ؟

— سورىسىلا، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — پۇلدىن باشقىنى…
ئىشخانىدا قاقاھلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
— ئىشقىياركا، مۇشۇ، 58 - يىلىدىكى ھەرىكەتتە ئۆچىلار نېمىشقا ئوچى بولۇپ قالغان بولغىيدى؟
— شۇ، ئوك سۆزلەپ… — دېدى ئىشقىيار نامەت ئالدىرىماي.
يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ھەممىدىن جىقراق سابىرجان خىرىلداپ كۈلەتتى ۋە ئالقىنى بىلەن بۇرنىنى يۇقىرىغا سۈرتەتتى.
— ئىشقىياركا، يەر نېمە ئۈچۈن تەۋرەيدۇ، بىلەمسىز؟
— بىلمەي، تەخسىكەشلەر دۇم چۈشۈپ، تەخسىلىرى سۇنسۇن دەپ!…
— ئىشقىياركا، قاراڭ، — دېدى بىر چاغدا سابىرجان تۆردىكى ئۈستەل تەرەپكە مەنىلىك قاراپ، — بىزنىڭ مائارىپ ئىدارىسىدە بىر باشلىق ئاغىنەم بار، باشلىق بولماستا مىجەزى خېلى ياخشى نېمىدى، باشلىق بولۇپلا، نېمىشقىكىن مىجەزى ئاينىپ كەتتى قاراڭ…
— تاينىلىق، — دېدى ئىشقىيار نامەت بېشىنى بىر ياققا ئېگىپ، — مىجەزىنىڭ تۆۋگە قىغ كۆمگەن ئوخشايدۇ…
قاتتىق كۈلكىلەر ئىشخانا تورۇسلىرىنى چاك كەلتۈرۈۋەتتى. تېخىچىلا بىر پارچە تونۇشتۇرۇشنى يېزىپ بولالمىغان خېنىمخان قەلەمنى چىشلىگىنىچە:
— ۋىيەي، مىجەزىنىڭ تۆۋگە قىغ كۆمۈپتۇ دەيدۇ، — دەپ كۈلمەكتە ئىدى.
سابىرجانىنىڭ دەيدەيچى سوئاللىرى بىلەن

ئىشخانىدىكىلەر ئىشقىيار نامەت بوۋاينىڭ ھېكمەتلىك چاقچاقلىرىدىن يەنە بىر نەچچىنى ئاڭلىدى. ھەممە ئادەم ئولتۇرغان، پەقەت ئىشقىيار نامەتلا تەكلىپلەرگە قارىماي تىككىدە تۇرۇپ، كۈلمەستىن ئاجايىپ قىزىق گەپلەرنى قىلماقتا ئىدى. يېشى ئۇلغايغانسېرى ۋىجىككىنە بولۇپ قالغان، ئېگىزكى ئۇچلۇق ۋە كۆزلىرى ئىتتىك ئىشقىيار نامەتنىڭ، قىزىق گەپلەرنىڭ تەپتىدىن بولسا كېرەك، شۇ تاپتا ئىككى مەڭزى قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى.

ئىشقىيار نامەت ئاقساقالنىڭ جاپالاردىمۇ بويۇن ئەگمەيدىغان، ئاسانلىقچە خەققە ئېچىلىپ گەپ قىلمايدىغان، ھازىرقىدەك كۆپچىلىك بار سورۇندىغۇ ئەسلا تۇرمايدىغان، بىر تەرەپلىمى تەرسا، ئالغۇر كۆكنەكتەك مىجەزىدىن نەچچە يىللاردىن بېرى تەسىرلىنىپ يۈرگەن، ئۆزىمۇ ھەزىل ـ چاقچاق ئاشىناسى سابىرجاننىڭ خىيالىغا توساتتىن، بوۋايدىن يەنە بىر سوئال سوراش ئىستىكى چۈشتى. شۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قاقشال، بىراق ئوتتەك قىزىق بىلىكىنى قوش قوللاپ تۇتتى.

ــ ئىشقىياركا، ئاتمىش نەچچە يىللىق ھاياتىڭىزنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈپسىز، شۇ ياقلاردىمۇ مۇشۇنداق قىزىق گەپلەرنى قىلغانمۇسىز؟ــ دەپ سورىدى سەممىيلىك بىلەن.

نۆۋەتتە ئىشقىيار نامەتمۇ سابىرجان كادىرنىڭ چىن قىزىقىشىنى سەزگەندەك قىلاتتى:

ــ قىلاتتىم، تىنماي قىلاتتىم،ــ دېدى ئۇ دەررۇ،

كۆكۈچ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەپ.

ــ چاقچاق پاراڭ قىلىسىڭىز خەقلەر شۇ ھامان كۈلەتتىمۇ؟

ئىشقىيار نامەت سەل تۇرۇپ قالدى، كېيىن:

ــ سەل تۇرۇۋېلىپ كۈلەتتى، ــ دېدى ۋە ئىزاھ بەردى، ــ نېمىشقا بۇ سوئالنى بەرگەنلىرىنى بىلدىم، كادىر ئەپەندىم، ماڭا قارىسىلا، گەپ ئىلىدا ئوخشايدۇ، ئىش قەشقەردە...

ــ ۋاھا ... ھا...ــ دەپ كۈلدى سابىرجان، ــ ئەمىسە ئىش ئوخشايدىغان يەردىن قېچىپ، گەپ ئوخشايدىغان يەرگە كەپتىكەنلا ـ دە؟ ــ سابىرجان چاقچاققا بارغانسېرى كىرىشىپ، ئىشقىيار نامەتنى بىردەم «سىز»، بىردەم «سىلى» دەۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ تۇيمايتتى. سابىرجاننىڭ ئاخىرقى گېپىدىن ئىشخانىدىكىلەر تولىمۇ يايراپ كەتتى، بولۇپمۇ ئابلىپىزخان مۇدىر بەستىگە ياراشمىغان چىرقىراق ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ، ئۈستەلنى شاپىلاقلايتتى.

ئەمما ئىشقىيار نامەت قىلچە تەمتىرىمەي سابىرجاننىڭ چاقچىقىغا جاۋاب بەردى.

ــ توغرا دەيدىلا، كادىر ئەپەندىم، ئىش ئوخشايدىغان يەردە ئىشىمىز يۈرۈشمىۋىدى، گەپ ئوخشايدىغان يەرگە كەلسەك، گېپىمىزمۇ يۈرۈشمىدى، گەپنىڭ دەردىنى ئىش قىلىپ تازا تارتتۇق!

بۇ گەپكە ئابلىپىزخان مۇدىر بىلەن خېنىمخان دەررۇ كۈلدى، لېكىن ئىشخانىدىكى باشقىلار، بولۇپمۇ سابىرجان كۈلمىدى، ئەكسىچە كۆڭلى يېرىم بولدى، ئاجايىپ ھېكمەتلىك چاقچاقلارنىڭ ساھىبى بولغان بۇ

دانىشمەن بوۋاي توغرا دەيتتى. 1964 ـ يىلىدىن تاكى 1978 ـ يىلىغىچە ئۇ «ئىش ئوخشايدىغان يەردىن قېچىپ، گەپ ئوخشايدىغان يەرگە كەلگەن»نىڭ سازايىنى يەتكۈچە تارتقاندى. ئۇ يىللاردا مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ بېشىدا شۇنداق قىسمەتلەر چۆرگۈلىگەن...

ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ كېيىپدىن پەيدا بولغان شوكچىلىكنى بايقىدى بولغاي، سابىرجاننىڭ ھېلىلا بوشاتقان قولىنى ئۆزى چىڭگىدە تۇتتى.

ــ بايىقى گەپنى ئوبدان سورىدىلا، كادىر ئەپەندىم، ئىلىنىڭ سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، تاغلىرى گۈزەل، ئادەملىرى چېچەن، چاقچاقنى دەررۇ چۈشىنىدۇ، چاقچاقنىڭ، قىزىق گەپنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، چاقچاقچى بىلەن سازەندە بۇ يۇرتتا تولا ئەتىۋارلىقكەن!

# داۋۇتجان ناسىر ۋە ئىشقىيار نامەت

مۇئەللىپكە ئىشقىيار نامەت توغرىسىدا تۇنجى قېتىم تەپسىلىي پاراڭ قىلىپ بەرگەن كىشى ــ ئاتاقلىق ناخشىچى، مەرھۇم داۋۇتجان ناسىر. ئۇ كىشى بىلەن مۇئەللىپ بىر مەزگىل خىزمەتداش بولۇپمۇ ئىشلىگەندى. بۇ ھەقتىكى بايانىنى ئوقۇرمەن كېلەركى باپتىن ئوقۇيدۇ. ھازىر بولسا بىز ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.

ــ ھېسامىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنى توپلاۋېتىپسىز ـ دە؟ــ دەپ سوراپ قالدى بىر كۈنى داۋۇتجان قولىدىكى دۇتارنى دىرىڭشىتقاچ. ئۇ كۈنى غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ھېسام قۇربان «كاتەكتىكى تېلېفون» دەپ چاقچاق قىلىدىغان، دېمىسىمۇ كاتەكتەك ئىشخانىسىدا مۇئەللىپ بىلەن داۋۇتجان ناسىر ئىككىيلەنلا قالغانىدى. مۇئەللىپ دەرھال بۇ ھۆرمەتلىك سەنئەتكارغا ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ھېسام قۇرباننىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى يىغىپ يۈرگەنلىكى، ھازىر ھېسام بىلەن خىزمەتداش بولۇپ قالغاچقا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ توپلاپ ـ رەتلەشنى جىددىيلەتكەنلىكىنى، يېقىندا «ئىلى گېزىتى»دە ئۆزى رەتلىگەن «ھېسام چاقچاقلىرى» بېرىلگەنلىكىنى... قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— ياخشى قىپسىز، ئۇكام، — دېدى داۋۇتجان ناسىر مۇئەللىمىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرۇپ، — ھېسامنىڭ ھەرقانداق پارىڭى ئادەمنى كۈلدۈرمەي قويمايدۇ، بۇرۇندىن شۇنداق ئىدى. ھازىرمۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىككىمىز مەھەللە ـ مەھەللىلەردىكى ئولتۇرۇشلاردا بىللە، خالىسىڭىز سىزمۇ بىز بىلەن بىللە بېرىڭ، چاقچاقلىرىنى تازا تويلاۋالىسىز، ئۇنداق يەرلەردە قالتىس ئېچىلىپ كېتىدۇ ئۇ...

مۇئەللىمىنىڭ خۇشاللىق بىلەن ئېيتقان رەھمىتىگە داۋۇتجان ناسىر ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، كېيىن توساتتىن بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك:

— راستىنلا، ئىشقىيار نامەت دېگەن ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مۇئەللىپ شۇنداق بىر قىزىق پاراڭ قىلىدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى، بىراق ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن داۋۇتجان ناسىر كۈلۈمسىرەپ گەپكە ئېغىز ئاچتى.

— ئۇ ئادەمنىڭ پاراڭلىرى يەنە بىر خىل، ھېسامنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ، ئاڭلىسام قەشقەر تەرەپتىن كەپتىكەنمىش، خېلىلا چوڭ ۋاقتىدا كەپتىكەن. گەپنى ئاز قىلىدىكەن، ئەمما زەھەردەك قىلىدىكەن. ھېسامغا ئوخشاش ئۇتتۇر چاقچاق (چاچما چاقچاق دېمەكچى بولسا كېرەك) قىلمايدىكەن، ئەتەي خەقنى كۈلدۈرمەن دەپمۇ چاقچاق قىلىپ يۈرمەيدىكەن، بىراق دىتىغا ياقمىغان ئىش بولسا ئەشەدىلا چاقچاق قىلىپ ياكى بولمىسا ئىلگىرى ـ كېيىن ئاچچىق گەپ قىلىپ ھەرقانداق

ئادەمنى ئوخشىتىپ، قىيقاس چىقىرىۋېتىدىكەن. جاھاندا ئاجايىپ ئادەملەر بار جۇمۇڭ!
— ئۇ ئىشقىيار دېگەن ئادەمنىڭ گەپلىرىنى سىز ئۆزىدىن ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىپ قىزىقىپ.
— ئاڭلىغان، ئاڭلىماي، — دېدى داۋۇتجان ناسىر ۋە خۇددى ئىشقىيارنىڭ قىزىق پاراڭلىرى يادىغا يېتىپ قالغاندەك كۈلۈپ كەتتى، — ئولتۇرۇش، مەشرەپلەرگە تاجىۋاي مەھەللىسى تەرەپلەرگىمۇ جىق بېرىپ قالىمىزچۇ قاراڭ، شۇ ئولتۇرۇشلاردا ھەدېسىلا ئىشقىيار نامەت دېگەن ئادەمنىڭ گېپى بولۇپ قالىدۇ. شەھەر ئىچىلىك سابىرجاننى تونۇمىسىزكىن، ئۇغۇ بارغانلا يېرىدە «ئىشقىيار بىر كۈنى...» دەپ گەپ باشلايدۇ. ئاشۇنداق دەۋېرىپ ئۆزىمۇ ھازىر ئىشقىياردەك پاراڭ قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ قاراڭ... بىر قېتىم شۇنىڭ بىلەن... كىمنىڭدا؟ ھە، تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى نۇرەخمەتنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئەكىردى ئۇ ئادەمنى بالىلار، شۇ بىرەر ـ ئىككى سائەت ئولتۇردىمىكىن، ئەمما لېكىن راست ئاجايىپ تېگى بىلەن گەپ قىلىدىكەن، ئاڭلاپ ئولتۇرسىڭىز گەپ دېگەننى پوجاڭزىدەك گۇم ـ گۇم قويىدىكەن ئەمەسمۇ...
داۋۇتجان ناسىر ئۆز گېپىگە ئۆزى قىزىقسىنغاندەك مۇلايىم ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى. مۇئەللىپمۇ ئۇنىڭ قىزىق ئوخشىتىشىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ:
— دېمەك ئۇ ئادەمنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن... — دەپ بولۇپ بىردىن جىمىپ كەتتى ۋە كېيىن، — گەپلىرىنى ئۆز قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلاپسىز ـ دە؟ — دەپ گېپىنى

تۇرىتتىۋالدى. داۋۇتجان ناسىرنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمىدى.

ــ ھېسامىنىڭ، روزى توخۇنىڭ گەپلىرى بىر خىل، ــ دەپ مۇلاھىزە قىلىغاندەك ئاھاڭدا يەنە گەپ باشلىدى داۋۇتجان ناسىر، ــ بۇلار ماۋۇ شەھەر ئىچى، ئوردا مەھەللىلىكلەرچۇ، شۇ ياقنىڭ قائىدىسىدە چاقچاق قىلىدۇ، يۇمشاق چاقچاق قىلىدۇ، ئەمما ئۇلاپ قىلىدۇ، «ئوخشىتىمىز» دەپ قويىدۇ، بىر ئولتۇرۇشنىڭ ئادىمىنى بىر ياقتىن سىيرىپ ئوخشىتىپ چىقىدۇ، ئەمما مۇنۇ ئادەمنىڭ گېپى ئوخشاشمايدىكەن، پاراڭ قىلسا يەرنىڭ تېگىدىن بىرنىمىنى يۇلۇۋالغاندەك قىلىدىكەن، ئاڭلىسىڭىز داۋۇتجىنكام راست دەپتۇ دەپ قالىسىز، ئۇنىمۇ ئايرىم يېزىپ قالامسىز تېخى!

مەرھۇم سەنئەتكارنىڭ «ئاغزىدىن سائەت چىقىپتىكەن». يىللار ئۆتۈپ مۇئەللىپنىڭ ئىشقىيار نامەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمۇ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى... لېكىن بىز ئۆز سۆھبىتىمىزگە قايتايلى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ، مۇئەللىپ بىلەن داۋۇتجان ناسىر يەنە «كاتەك ئىشخانا» دا پاراڭ قىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. مۇئەللىپنىڭ ئېسىدىن داۋۇتجاننىڭ ھېلىقى كۈنى قىلغان گەپلىرى تېخى كۆتۈرۈلمىگەن، ئەكسىچە ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قويغانىدى.

ــ ھېلىقى... ئىشقىيار نامەت دېگەن ئاكىمىزنىڭ گەپلىرىدىن يادىڭىزدا قالغانلىرى بولسا دېگەچ ئولتۇرمامسىز، داۋۇتجىنكا؟ ــ دېدى ئۇ شۇ قىزىقىش تۈرتكىسىدە بىر چاغدا.

داۋۇتجان ناسىر بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ دېۋىــدىم سورايدۇ دەپ، ئۇ كۆنى ئۆيگە بېرىــپ ئولتۇرۇپ ئەسلەپ باقتىم، بىر ـ ئىككى گېپى يادىمــدا قاپتۇ...

شۇنىڭ بىلــەن داۋۇتجان ناســىر ئىشقىيار نـامەتنىــڭ قىزىق پاراڭلىــرىدىن تۆۋەنــدىكى ئىككىســنى سۆزلــەپ بەردى:

ــ ھازىر كەمپۈت، چاي ھەممىسى نورمىلــىقتۇ، شۇ توغرىدا دېگەن بىر قىزىق گېپى بار ئىكەن.

ئىشقــيــار نــامــەت بىــر كــۈنى كەمــپۈت ئـالاي دەپ مــاگىزىنغا كىرىــپ، كەمپۈتــنى ئالالمــاي تازىمۇ ئۇزاق تۇرۇپ كېتىپتۇ، بۇنىــڭ سەۋەبى مــال ساتقۇچــى يىگىــت ھەدېســىلا چىرايلىقراق قىزلارنىڭ قــولىدىكى پۇلنىــلا ئېلىپ، باشقىلارغا قارىمايدىكەن. ئىشقىيار نامەت مۇنداق قارىسا ئۆچرەتتە تۇرغانــلارنىڭ ھــەمــمىســى بۇ ئىشقــا غودۇڭشــۋاتقان، بىر چاغدا ئۆزىنىڭمۇ ئاچچىقى كەپتۇ.

«بــالام، ــ دەپتۇ ئىشقــيــار نامەت ســەل ئــالدىغــراق ئۆتۈپ مال ساتقۇچى يىگىــتنىڭ بىــلىكىــدىن تۇتــۇپ، ــ مــاڭا قارا، مەنــمۇ بۇ يىــل بېغىــمدىكى بوش يەرگە قىــز تېرىــپ قــويدۇم، ھازىــر ئىــككــى قۇلاق بولــۇپ قــالدى دېگىنە، كەمپۈتنى ماڭىمۇ ئازراق بېرىۋېتەمسەنا؟!»

مۇئەللىپ بۇ يېپيېڭى قىزىق گــەپتىن زوقلىنىــپ، چىن كۆڭلىدىن كۈلۈپ كەتتى.

ــ قىزىقمىكەن؟ قــىزىق ـ ھــە... يــەنە بىــرنــى دەپ بېــرەي، ــ دېــدى داۋۇتجــان نــاســىــر ۋە ســۆزىــنى داۋام قىــلدى، ــ ئىشقىــيــار نامەتنــىڭ قىــزىــق پاراڭ بىــلــەن ئوخشىتىشىغا چىدىماي، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن بىر زوراۋان بىر كۈنى سەل كەيپ بولۇپ قېلىپ

ئىشقىيار نامەتنىڭ گەپلىرىنى ئەسلەپ قاپتۇ ـ دە، ئاچچىقىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، لېكىن ئۇ كۈنى ئىشقىيار نامەت ئۆيدە يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى چىدىماس ھويلىنى بېشىغا كىيىپتۇ:

«ئىشقىيار ئۇنداقچى، مۇنداقچى... ئەگەر بۈگۈن ئۆيدە بولغان بولسا ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم» دەپ بىرمۇنچە ئەزۋەيلەپ، كېتىپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىشقىيار نامەت كوچىدا كېتىۋاتسا ھېلىقى ساراڭقېتىش يولۇقۇپ قاپتۇ. ئىشقىيار نامەت بارغان پېتى ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇپتۇ ـ دە:

«يۈر، ھەي قاتىل، ساقچىغا بارىمىز» دەپتۇ.

«نېمىشقا؟ــ دەپتۇ چۆچەنمەي ساراڭقېتىش،ــ نېمە گۇناھىم بار؟»

«گۇناھىڭ ئېغىر،ــ دەپتۇ ئىشقىيار نامەت ھېلىقىنىڭ بىلىكىدىن مەھكەمرەك تۇتۇشلاپ،ــ مەن يوق چاغدا ئۆيۈمگە كېلىپ، مېنى ئۆلتۈرۈپ كېتىپسەنا!»

داۋۇتجان ناسىر سۆزلەپ بەرگەن شۇ ئىككى لەتىپە مۇئەللىپىنىڭ خاتىرىسىگە ھايالسىز قوندى ۋە داۋاملاشقۇسى «ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى»گە خىمىرتۇرۇچ بولۇپ قالدى، مانا بۈگۈن نېسىپ بولۇپ، بۇ لەتىپىلەرنىڭ بايانىنى ئوقۇرمەنلەرگە ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتىمىز.

ئېيتماقچى، مۇشۇ باپتىن ئېتىبارەن بۇ قىزىقارلىق ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان ھېكايىمىزدە ئىشقىيار نامەت بىلەن ياكى ئۇنىڭ لەتىپىلىك پاراڭلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان كىشىلەر ھەققىدە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سۆزلەپ

ماشىمىز ۋە يەنە شۇ زاتلار ھەققىدىمۇ يادنامىلەر بەرمەكچىمىز، شۇ تۇپەيلى رومانىمىزنىڭ سىجىل، ئۇنۇملۇك داۋام ئەتتۈرۈلۈشىگە نۇقسان يەتمەيدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىمىز بىلەن ئىشىنىمىز.

ھەممىزگە ياخشى نام ۋە ئەزگۈ ئەسلىمىلەر قالدۇرۇش نېسىپ بولسۇن!

# ئەزگۈ ئەسلىمىلەر

1974 ـ يىلى ئەتىياز كۆنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. غۇلجا شەھەرلىك رادىيو ئۆزبېلى تۇساتتىن بىر شېئىرىمغا ئىشلەنگەن ناخشىنى ئاڭلىتىپ قالدى. بۇ مېنىڭ ئەمدىلا يىگىرمىدىن ھالقىغان مەزگىللىرىم، شۇنداقلا ئۇ، ئاھاڭغا سېلىنغان تۇنجى ناخشا تېكىستىم ئىدى. مېنى بۇلاردىنمۇ بەكرەك ھاياجانغا سالغىنى شۇكى، «ئورما ناخشىسى» ناملىق بۇ ناخشىنى شۇ چاغلاردا تالانتى، يېقىملىق ـ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئىلىنى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان داۋۇتجان ناسىر ئېيتقانىدى. يادىمدا، شۇ ناخشا ئاڭلىتىلىپ نەچچە كۈنلەرگىچە ئۆزۈمنى ئاجايىپ بىر خىل خۇرسەنلىك ۋە يەڭگىللىك ئىلكىدە سېزىپ يۈردۈم.

1980 ـ يىلى دادامنىڭ «ئوغچى» قالپىقى «ناھەق دېلو» سۈپىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەنمۇ ئون يىللىق «قايتا تەربىيە» ھاياتىمنى ئاياغلاشتۇرۇپ غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم، مېنىڭ خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدا قىزىقچى ھېسام قۇربان بىلەن ناخشىچى داۋۇتجان ناسىرمۇ بار ئىدى. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەت بىناسى بولمىغاچقا، ئوبلاستلىق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ دەرۋازىۋەنىگە ئاتاپ سېلىنغان كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يېرىم مېتىرلىق «ئۆي»گە

مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئۇن تۆت خىزمەتچىسى مائاش تارقىتىلىدىغان كۈنى تولۇق، باشقا چاغلاردا ئارىلاپ كېلىپ قوياتتىكەن. بىراق، داۋۇتجان ناسىرنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىسى «ئىدارە كۆزەتچىلىكى» بولغاچقا، ھەر كۈنى ئوغلىغا ئۆزىنى يېتىلىتىپ ئىدارىگە كېلەتتى. مەنمۇ يېڭىياچە خىزمەتچى، شۇنداقلا ياش بالا بولغاچقا ھەر كۈنى كېلىۋالاتتىم، ئەلۋەتتە! ئەنە شۇ چاغلاردا، بىر يىلغا يېقىن ھەر كۈنلا داۋۇتجىنكام بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتۇق، قىلىشمىغان گەپلىرىمىز قالمايتتى. كېيىنچە بىز ئاشۇ ئۆيگە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىسكىلاتتىكى دۇتارلىرىدىن بىرنى ئەكېلىپ ئېسىپ قويدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن داۋۇتجان ناسىرنىڭ نۇرغۇن ناخشىلىرىنى قېتىپ ھەم ئۇزاق ۋاقىت ئاڭلىدىمكى، داۋۇتجاننىڭ ھېچبىر تونۇش - بىلىشى ئۇنىڭ ناخشىسىنى ماڭا ئوخشاش مۇنچىلىك كۆپ ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

1986 - يىلى باش يازنىڭ چىرايلىق كۈنلىرىدە، بىزنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ سەنئەت بۆلۈمى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئون بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ۋاقىتلىق سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، بىرنەچچە كۈن رېپېتىتسىيە قىلدۇق - دە، قورغاس چېگرا ئېغىزىغا بېرىپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى قورغاس سۇيىدىن تەڭ پايدىلىنىش سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ۋەكىللىرىگە ھال سوراش ئويۇنى قويدۇق. ئارىمىزدا داۋۇتجان ناسىرمۇ بار ئىدى. سۆھبەت ئاياغلىشىپ، چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن

بىز يېڭىلا پۈتكەن چىرايلىق بىنانىڭ ئازادە زالىدا ئويۇنىمىزنى باشلىدۇق. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقلىق مېھمانلاردىن بىرنەچچىسى ئارقا ـ ئارقىدىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ «ئاراڭلاردا ناخشىچى داۋۇتجان بارمۇ؟» دەپ سوراشتى. «بار» دېگەن جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىرايىدا دەررۇلا خۇشاللىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى. داۋۇتجان ناسىر سەھنىگە چىقىشى بىلەن زالنى ئاجايىپ تىمتاس بىر سۈكۈنات قاپلىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، ھېچقايسىمىز كۈتمىگەن ئەھۋال يۈز بەردى. باياتىن سۇرلۇك، سالاپەتلىك ئولتۇرۇشقان سوۋېت ئىتتىپاقلىق مېھمانلار خۇددى مەشرەپ سورۇنىدا ئولتۇرۇشقاندەك ئىختىيارسىز ھالدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى «ئەي داۋۇتجان، ياشاڭ!»، «ئۆلمەڭ، ھەي!»، « بار بولۇڭ، بۇلبۇل!» دەپ توۋلىغىلى، توختىماي چاۋاك چالغىلى تۇردى، نەتىجىدە داۋۇتجان ناسىر ئەسلىي پىلاندىكىدىن بىرنەچچە ناخشىنى ئوشۇق ئېيتتى... بۇ ھالنى كۆرۈپ مېنىڭ قاڭشىرىم ئېچىشتى، كۆزلىرىمگە ياش پەردىسى تارتىلدى. كېيىن بىز سوۋېت ئىتتىپاقلىق مېھمانلار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا داۋۇتجان ناسىرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بىللە سۈرەتكە چۈشۈۋېلىشقا تىرىشاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى داۋۇتجاننىڭ قولىدىن چىڭ تۇتقىنىچە ھاياجان بىلەن «داۋۇتجىنكا، بىز يەركەنتتە سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزنى ھەر كۈنى رادىيودىن ئاڭلاپ تۇرىمىز، غۇلجا خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا بېرىلىدىغان ‹سەھەر كۈيى› پىروگراممىسىدىن سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزنى

ئاڭلاش ئۈچۈنلا مەن ئورنۇمدىن بىر سائەت بالدۇر تۇرىدىغان بولدۇم» دېدى.

داۋۇتجان ناسىر ئەما بولغىنى بىلەن ئىنتايىن سەزگۈر، ئەقىللىك ئىدى، ئۇ يېڭى بىر ناخشىنى ئۆگەنگەندە ياكى بىرەر تېكىستكە ئاھاڭ ئىشلىگەندە، بىراۋ قولىغىنىڭ تۆۋىگە گېزىت ياكى ژۇرنالنى تۇرتەكلەپ تۇتۇپ، ناخشا تېكىستىنى بىر ــ ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەرسىلا، بولجۇتماي تۇتۇۋېلىپ، خاتاسىز ھالدا ئۆزى ئېيتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تونۇشلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ھەممىسىنىلا ئاۋازىدىن دەرھال تونۇۋالاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئاۋازىمنى بىر ئاڭلاپ پەرق ئېتىدىغان بولغانىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ «داۋۇتجىنكا، ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دېيىشىمگىلا، ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ «ماخمۇتجانەي، تىنچلىقمۇ؟» دەيتتى... داۋۇتجان ناسىر ۋاپات بولۇشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، غۇلجا رادىيو ئۆزبېلىغا ھەر كۈنى قاتناپ، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك گاس ــ گاچا، ئەمالار سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئاجايىپ چىدام ۋە تىرىشچانلىق بىلەن مەشىق قىلغانىدى. ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكتىكى چالغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا قالتىس ياخشى ماسلاشقانىدى. شۇ چاغلاردا، ئۇنىڭ كېيىنچە، ياندۇرقى يىلى خەلقئارالىق گاس ــ گاچا ئەمالار سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق گەپ ــ سۆزلەرمۇ تارقالغانىدى. ئەپسۇس، ئۇ بۇ كۈنلەرگە يېتەلمىدى... لېكىن شۇ قېتىم لېنتىغا ئېلىنغان ناخشىلار ھېلىمۇ ئۆز پېتى ساقلانماقتا.

داۋۇتجان ناسىر ئەسلا يادىمدىن چىقمايدۇ.

# يېڭى قوشنا

1964 ـ يىلى، غۇلجا شەھەر تاجىۋاي مەھەللىسى.

1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا باشلانغان «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە» ھەرىكىتى غۇلجا شەھىرىگىمۇ سايىسىنى سېلىپ ئۆتتى. بىرنەچچە يىل داۋامىدا ئېگىز ـ پەس ھەرىكەتلەر داۋاملىشىپ، تالاي ئادەملەرنى غودۇر ـ سۇكۇن قىلىپ ئۇلگۈردى. دەل مۇشۇ ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، تاجىۋاي مەھەللىسىگە چۈشكەن تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ تەركىبىدە، كۆپلىگەن ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلار سېپىدە ئابباس تاشاخۇنمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقىيار نامەت بىلەن شۇ ۋاقىتلاردا تونۇشقانلىقىنى ئېيتمىساقمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن روشەن بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئابباس تاشاخۇن تاجىۋاي مەھەللىسى، يەنى ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامدا ئاساسەن ياشلار خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولدى. لېكىن، تەشۋىقات ئەترىتىدىكى باشقا كادىرلارنىڭ تەربىيە، كۆرەش ئوبيېكتلىرى قاتارىدىكى، شۇ يىللارنىڭ ئۆزىدە يەتمىش ياشنىڭ قىرغىقىغا قەدەم قويۇۋاتقان ئىشقىيار نامەت دەيدىغان گەپچى ئادەم ئۇنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى. ئابباس تاشاخۇننىڭ ئەترەتتىكى بەزىبىر كادىرلارغا

ئوخشاشمايدىغان ئۇچۇق مىجەزى، دۇرۇس خىزمەت ئىستىلى بۇ تىنىچماس، غەيرەتلىك، گەپدان ئادەمنى ئۆزىگە مايىل قىلدى ۋە ئابباس تاشاخۇن 1968 ـ يىلىغىچە، يەنى ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامدىكى ۋەزىپىسىنى تاماملاپمۇ، يەنە بىرنەچچە يىل بوۋاي بىلەن ئىزدىنىپ تاكى ئۆزى موڭغۇلكۈرەگە كۆچۈپ كەتكۈچە ئىشقىيار نامەت بىلەن ئەسرالىشىپ تۇردى.

بىز ئىشقىيار نامەتنىڭ «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە» ھەرىكىتى داۋامىدىكى كەچمىشلىرىنى، يەنى شۇ ھەرىكەتكە باغلىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى كېيىنچە قەلەمگە ئالىمىز، ھالبۇكى مەزكۇر ماۋزۇ مۇئەللىپ ئابباس تاشاخۇن بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن خېلى يىللار مۇقەددەم باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان، ئىشقىيار نامەتكە خاس ئىشلار بولۇپ، ۋاقتى تەبئىي ئاپەت ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

ئىشقىيار نامەتنىڭ تاجىۋاي مەھەللىسىدىكىلەرگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقىنىغا مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت ـ بەش يىل بولۇپ قالدى. ئىشقىيار نامەتنىڭ كەم سۆز ئايالىنىڭ قازان بېشىنىلا چۆرگۈلەپ، مەھەللىدىكى ئاياللارغا ئارىلاشمىغانلىقىدىنمۇ ياكى بولمىسا ئىشقىيار نامەتنىڭ غەلىتە گەپ ـ سۆزلىرىنى مەھەللىدىكىلەر تازا چۈشىنىپ، ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەچكىمۇ، كۆپىنچە ئادەملەر ئىشقىيار نامەت ئائىلىسىنى ھېلىغىچە سەل ياتسىناتتى ۋە يەنىلا يېڭى قوشنا ئورنىدا كۆرەتتى. دېمىسىمۇ بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، سىڭىپ كەتمىگىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ـ دە. تاشقىنلاپ

ئىقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە بىر ئېرىق سۇ كېلىپ قوشۇلسىمۇ، بىر ھازا قوشۇلغان جايىدا چۆرگۈلەپ ئاندىن ئالغا قاراپ ئاقىدۇ ئەمەسمۇ.

بىراق تاجىۋاي مەھەللىلىكلەرنىڭ ئاغزىدا يېڭى قوشنا ئىشقىيار نامەتنىڭ «غەلىتە» ئىشلىرى، قىزىق پاراڭلىرى خېلىدىن بېرى ھېكايە بولۇپ يۈرەتتى.

ئىشقىيار نامەتلەر تاجىۋاي مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئاز ئۆتمەي، بىر دىۋانە ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى، ھويلىدا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن ئىشقىيار نامەت يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. تاياق تۇتۇۋالغان دىۋانە ئۆيدىن چىققان ئىشقىيار نامەتكە قاراپ:

— ھەي، ماڭا، يۇمشاق توغاچتىن ئاچىقە! — دېدى.

— يائاللا، تارانچىنىڭ دىۋانىلىرىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن، — دېدى ئىشقىيار نامەت ئەجەبلىنىپ، — نان سورىشىڭ بۇنداق بۇرادەر، نان بېرىپ قالساڭزە، ئادەمنى ئۇرىدىكەنسەن - دە!

مەھەللىدە «ئىشقىيار نامەت قانداق قىزىق پاراڭ قىلىدىكىن؟» دەپ بوۋاينى پايلاپلا يۈرىدىغان بىرنەچچە بىكار تەلەپ بار ئىدى، شۇلاردىن بىرى دىۋانىنىڭ يېنىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشقىيار نامەتنىڭ بۇ يېڭى پارىڭى دەررۇ مەھەللىگە، كېيىن خېلى يەرلەرگىچە تارقىلىپ كەتتى. «قىزىقلىقىنى!» دەپ ھوزۇرلىنىپ كۈلگەنلەرمۇ، «تارانچىنى مەسخىرە قىپتۇما!» دەپ كۆپىسگەنلەرمۇ بولدى، لېكىن ھەجۋىيگە ئامال يوق - دە.

ئىشقىيار نامەت تاجىۋاي مەھەللىسىگە كېلىپ قوشنا ئولتۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قورۇ ئىگىسىنىڭ

ئوغلى شۇ زامانلاردا غۇلجىدا ياشلار ئارىسىدا مودا بولۇپ كەتكەن، «ۋىچىر» دەپ ئاتىلىدىغان كەچلىك ئولتۇرۇش ئۆتكۈزدى. بۇ چىرايلىق ياز كۈنلىرى ئىدى. غۇلجىنىڭ قورۇلىرى تولىراق كەڭ ـ كەڭرى، بەزمە، ئولتۇرۇش، توي ـ تۆكۈن ئۆتكۈزۈشكە باپ كېلىدۇ. قورۇ ئىگىسىنىڭ ئوغلىمۇ ئولتۇرۇشنى ھويلىدا، ئۈزۈن كەتكەن ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىدا ئۆتكۈزگەندى. سانجاق بولۇپ كەتكەن شاپ ئۈزۈملەر ئېلېكتىر چىرىغى يورۇقىدا پارقىراپ، مەيىن كەچكى شامالدا جىۋىرلاپ تۇرغان يوپيۇرماقلار ئارىسىدا تاۋلىناتتى. رۇس پاسونىدىكى ئۇزۇن يىڭ ئۈستەللەرگە ئاپپاق دەستىخانلار سېلىنىپ نازۇ نېمەتلەر سىراپ تىزىلغانىدى. ئۈستەل ئەتراپىدا تەنناز، شوخ قىزلار، پاراڭچى يىگىتلەر لىق ئولتۇرغان، ئابلەت شاۋدۇن دەيدىغان ياشقا چوڭراق گارمونچى قىزىل چاماداندىن ئاككوردىيونىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا غارتىلدىتىپ، ناخشا ئېيتاتتى:

ئىلى يولى ئەگرى ـ توقاي، ئەگرى ـ توقاي،
توقايلىقتا سايرايدۇ بىر جۈپ تورغاي.
ئاشۇ ياقتىن خىيال بىلەن كېلىۋاتسام،
زەپ يېقىملىق سايراپ ئۆتتى ئاشۇ تورغاي...

يوغان ھويلا قايناپ ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. گارمون ئاۋازىنى ئاڭلاپ يان قورۇلاردىكى ئاياللارمۇ يوگۇرۇپ كىرىشكەن، ھەممىدىن تولىراقى باللار ئىدى. ئۇلار قىي ـ چۇۋ قىلىشىپ، ھەرقاياققا يۈگۈرۈپ، كەچلىك

ئولتۇرۇشنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى. ئىنسانچىلىق ئەمەسمۇ، ئىشقىيار نامەتمۇ ھويلىنىڭ قاراڭغۇ يېرىدە تۇرۇۋېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. خوتۇنى، بالىلىرىمۇ ئەلۋەتتە تاماشىچىلار ئارىسىدا، ئىلىغا كەلگىنىگە بىرنەچچە يىل بولغان بولسىمۇ ئىشقىيار نامەتكە ئىلىنىڭ بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرى ھېلىغىچە غەيرىي ۋە يېڭىچە تۇيۇلاتتى. مانا بۇگۇنكى بۇ ئولتۇرۇشنى ئالساق، پەيزاۋات تەرەپتە بۇنداق ئىشلار يوق. ئىشقىيار نامەتنى ھەيران قالدۇرغىنى ھەممە ئادەمنىڭ يۇقىرىسىدا، سورۇننىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان گارمونچى بولدى. ئۇ تەرەپلەردە سازەندىنى پەگاھقا ئولتۇرغۇزۇشىدۇ، خالىسا تائام بېرىدۇ، خالىغان چاغدا بۇيرۇق بىلەن نەغمە چالغۇزىدۇ...

ئىشقىيار نامەتنىڭ خىيالىنى توساتتىن كۆتۈرۈلگەن چۇقانلار بۆلۈۋەتتى... ئۇ چۆچۈپ ئۆزىگە كېلىپ قارىۋىدى، قۇرۇقدالغان ئۇستەللەر بىر چەتكە يۆتكىلىۋېتىلىپ، باراڭلىق ئاستىدا چوڭ سەينا ئېچىلىپتۇ. ھايال ئۆتمەي گارمون شوخ مۇزىكىغا چېلىنىپ، قىز ـ ئوغۇللار تانسىغا چۈشتى. ئىشقىيار نامەت كىنولاردا بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن بۇ غەلىتە قۇچاقلاشما ئۇسسۇلغا سەل قىزىقسىنىپ، تولىراق ھەيران بولۇپ قاراپ تۇردى. ئوتتۇرىغا چۈشىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇ ئەسنادا بىرنەچچە قىلىقسىز باراڭلىقنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان قىزلارنى تانسىغا تارتماستىن، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ، مۇزىكىغىمۇ قارىماستىن قالايمىقان چۆرگىلەپ سورۇننى بۇزغىلى تۇردى، تېخى قۇيۇندەك پىرقىرىغاچ:

ــ ئۈيۈپ كەتتۇق، ئۈيۈپ كەتتۇق...ــ دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئەتراپتىن بەزمە ئەھلىنىڭ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ نارازىلىق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. لېكىن، ھېلىقى بىرنەچچە تېتىقسىز بولدى قىلاي دېمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئەدەپسىز ھەرىكەتلىرى ۋە قولاقنى كار قىلغۇدەك ۋارقىراشلىرىدىن غىجىقى كەلگەن ئىشقىيار نامەت بىر چاغدا تانسا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ بىلەكلىرىنى گىرەلەشتۈرگىنىچە مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ھويلا ئىگىسىنىڭ ئوغلى، ۋېچىر ئۈيۈشتۈرغۇچى يىگىت نېرىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى.

ــ ئىشقىيار چوڭ دادا، نېمە بولدى، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ــ دەپ سورىدى ئۇ ئەجەبلىنىپ. شۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشقىيار نامەت مىدىرلىماي تۇرۇپ چۈشەندۈردى:

ــ ئاغىنىلىرىڭىز ئۈيۈشنى بىلمەيدىكەن، ئۇلارغا ئۈيۈشنى ئۆگىتىپ قوياي دەپ، پىرقىرىغۇچتەك ئۈيۈپ كەتتىم.

يىگىت كۈلۈپ كەتتى، ئەتراپتىنمۇ پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئاشۇغىچە بايىقى قىلىقسىزلارمۇ جىم بولغانىدى، چىرايلىق تانسا باشلاندى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ تاجىباي مەھەللىسىگە پۇر كەتكەن بۇنداق قىزىق ئىشلىرى جىق.

ئىشقىيارنامەتنىڭ ئابلاجان ئىسىملىك ئىچەرمەن يان قوشنىسى بىر ئىدارىگە باشلىق بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇ يىللاردىمۇ ئەمىلى بارغا بىرەر نەرسە سۇڭگۈتمىسە ئىش ھەل قىلغىلى بولمايتتى. ئەتىگەن ـ كەچلىرى دەرۋازىسىنىڭ

ئالدىدىكى چەت پەندىن ياسىۋالغان ئورۇندۇقىدا ئارام ئېلىپ، سالقىنداپ ئولتۇرىدىغان ئىشقىيار نامەتنىڭ كۆزىگە ئابلاجان باشلىقنىڭگە ئۇنى ـ بۇنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلار پات ـ پات چېلىقىپ قالاتتى. بەزىلىرى تېخى «ئا جۇجاڭنىڭ ئۆيى قايسىدۇر، تاغا؟» دەپ سوراپمۇ قالاتتى. ئىشلارنى ئەينى يىللىرى پەيزاۋاتتا تولا كۆرگەن ئىشقىيار نامەت بۇنداق چاغلاردا: «هەي، هەي... نەگە بارسا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن ـ دە، هۆكۈمەت بەرگەن ئەمەلنى دىۋانچىلىقتا ئىشلىتىشكە قانداقمۇ يۈزى چىدايدىغاندۇر بۇ ئادەملەرنىڭ، قارىساڭ سالاپىتىدىن ئەيمىنىسەنە...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئىشقىيار نامەت بازاردىن ھېرىپ كېلىپ، ئادىتى بويىچە دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇراتتى، بىر هاجەتمەن بوۋاي قولىدا بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئەلەڭلەپ تۇرۇپ قالدى. سەلدىن كېيىن بوۋاي ئىشقىيار نامەتنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇ تەرەپكە لەسلدەپ مېڭىپ كەلدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇرادەر، هېلىقى... سىزدىن بىر نېمىنى سورىسام، ئا جۇجاڭنىڭ ئۆيى ئېنىق مۇشۇما؟

ــ ئېنىق شۇ،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت بوۋاينىڭ ساددا گېپىگە قىزىقسىنىپ،ــ نېمە ئىشلىرى بار ئىدى بۇ ئېنىق جۇجاڭدا؟

ــ يا ئەمدى شۇ، بىر پارچە ئەرز تۇتاي دېۋىدىم،ــ دېدى بوۋاي قولىدىكى قەغەزنى شەرەتلەپ،ــ ئوغلۇمنىڭ ئىشى بولمامدۇ...

كېيىن بوۋاي ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىغىلا، ئامانەتكە ئولتۇرۇپ، دەردلىرىنى تۆكۈپلا كەتتى.

— دەردىڭىزگە مەن دەرمان بولالمايمەن، لېكىن سىز ئىزلەپ كەلگەن مۇنۇ ھويلىدىكى ئادەم دەرمان بولالايدۇ، — دېدى بىر چاغدا ئىشقىيار نامەت، — بىراق قارىسام، ئەرزىڭىزغۇ ئەكەپسىز، يارىشىقىنى ئەكەلمىگەندەك قىلىسىز…

— يارىشىقى نېمەروي؟ — ئەرزچى بوۋاي ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى، — خوي ئۇچراپ قالدىڭىزا، يەرنىڭ ژىنىدىن بولسىمۇ تېپىپ كېلەرمەن، نېمە ئۇ؟

ئىشقىيار نامەت بوۋايغا مەسلىھەت بەردى:

— ھازىرنىڭ ئۆزىدە بېرىپ، مۇنۇ دوقمۇشتىكى دۇكاندىن ئىككى شېشە نوچى ھاراق ئېلىڭ، تۆت شېشە بولسا تېخى ياخشى، ئاندىن باشلىق قوشنامغا كۆرۈنۈڭ، شۇ چاغدا ئۆزىڭىز سۆزلىمىسىڭىزمۇ ئەرزىڭىزنى شېشىۋاي سۆزلەيدۇ…

ئىشقىيار نامەتنىڭ ھازىر جاۋابلىقى ھەققىدىكى مۇنۇ قىزىق پاراڭمۇ تاجىباي مەھەللىسىدىكى قوشنىلارنىڭ يادىدا.

بىر كۈنى ئىشقىيار نامەت خەنزۇ بازىرىدىكى دۇكانغا كىردى ۋە ئاياللىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە باللىرىغا ئىككى جۈپ پايپاق ۋە باشقا بىرنېمىلەرنى سېتىۋالدى. تالاغا چىقىشىغا ئۇنىڭ ئالدىغا تاجىباي مەھەللىلىك غوجىيار دەيدىغان، دائىم لاۋزا گەپ قىلىدىغان بىر قوشنىسى ئۇچراپ قالدى.

— ھە بەللى، بۇرادەر، — دېدى غوجىيار ئىشقىيار

نامەتنىڭ قولىدىكى ئىككى جۈپ پايپاقنى شەرەتلەپ،ـــ بىراقلا ئىككى جۈپ ئىشقىيار سېتىۋاپتىلا ـ دە؟

ـــ يوقسۇ، قوشنام،ـــ دېدى ئىشقىيار نامەت ۋە دەررۇ يانچۇقىدىن بىر تامبالنى ئالدى،ـــ يەنە ئالايتەن بىر غوجىيارمۇ ئالدىم.

غوجىيار ئىسمىلىك سۆخەنچى قارىداپ كەتتى ۋە خېلى ۋاقىتلارغىچە ئىشقىيار نامەتنى كۆرسە نېرىدىن ئەگىپ مېڭىپ يۈردى.

# قىتمىر ساقچى

ئىشقىيار نامەت غۇلجىدا ياشىغان يىگىرمە ئۈچ يىللىق هاياتىدا ئىككى ساقچىدىن ئەدەپ يەپ ئۆتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گەۋدىلىكرەكى، ساقچىخانا باشلىقى بولغان قىتمىر ساقچى، يەنى ئۇنىڭ يېقىن قوشنىسى ئىدى.

ساقچىدىن قورقمىغان ساراڭ دېگەن گەپ بار. بۇمۇ ساقچىنىڭ سۈرلۈكلۈكىدىن دېيىلگەن گەپ بولسا كېرەك. بىراق ساقچى فورمىسى ئادەم قورقۇتۇشقا كېيىلىدىغان كىيىم ئەمەس، بەلكى قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن. گەپ شۇ يەردىكى قىتمىر ساقچىدەك ئادەملەر ئۆزى قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم تۇرۇپ، قانۇنغا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە شەك سېلىپ قوياتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى مالىمان زاماندا، باشقا ئىشلار قاتارىدا، قانۇن ئىشلىرىمۇ ئىزىدىن چىققانىدى. هالبۇكى، قىتمىر ساقچىغا ئوخشاش ئاتالمىش قانۇن ئىجراچىلىرىغا بۇ، خالىغىنىنى قىلىدىغان پۇرسەت ئىدى.

راست گەپنى قىلغاندا، ئىشقىيار نامەت ئالتە شەھەر تەرەپتىن ئىلى دىيارىغا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن چىقىپ، تاجىۋاي مەھەللىسىگە ئورۇنلىشىپ قالغاندىن باشلاپلا قىتمىر ساقچىنىڭ كۆزىگە سىغمىغانىدى. تاجىۋاي مەھەللىسى قىتمىر ساقچى خىزمەت قىلىدىغان

چىلەك مەھەللە دائىرىسىگە مەسئۇل ساقچىخانىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. ھەددىدىن زىيادە سىمىز قىتمىر ساقچى نەچچە كۈندە بىر قېتىم دېگۈدەك ئىككى يېقىغا ئالچاڭلاپ، پىخىلداپ مېڭىپ ئۇن بىرىنچى ئاساسىي قاتلام كومىتېتىغا كېلىپ ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ تۇراتتى ۋە ئەلۋەتتە، يول بويى كېتىۋېتىپ خىزمەت بۇرچىنى ئادا قىلىۋېرەتتى. يولدا كېتىۋاتقان بىرەرسىنى چاقىرىپ نېمىلەرنىدۇر تاپىلايتتى، گاھىبىرلاردىن سۈرلۈك ھالدا بىر ئىشلارنى سۈرۈشتۈرەتتى. ئالدىدىن چىقىپ قالغان ئالىلىكىمگە پوپوزا قىلىپ، دەررۇ ساقچىخانىغا بېرىپ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇيتتى. قىتمىر ساقچىنى يىراقتىن كۆرگەن ئادەملەر ئامال بار يوللىرىنى دەررۇ باشقا ياققا بۇراشقا ئالدىرىشاتتى. چۈنكى، بۇ ئادەم ھەر زامان كىمدىندۇر بىرەر نۇقسان تېپىشقا زورۇققىنى زورۇققان ئىدى. شۇڭا، يول ئۈستىدە، مەھەللە دوقمۇشلىرىدا، ساقچىخانىدا، ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ھويلىسىدا قىتمىر ساقچىغا روبىرو كېلىپ قالغانلارنىڭ تولىسى خالىمىسىمۇ ئۇنىڭغا ھىجىيىپ، ئېگىلىپ سالام قىلىشقا ئالدىرىشاتتى. بۇنداق تەۋازۇلار ئەلۋەتتە مەجبۇرەن بولاتتى. ساقچىخانىدىكى كۆپىنچە ساقچىلار بىلەن، ھەتتا ساقچىخانا باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى بىلەن ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ، بىمالال پاراڭلىشىدىغان ھەم پاراڭلىشالايدىغان ئادەملەر قىتمىر دومباق بىلەن ئەنە شۇنداق رابىتە قىلىشاتتى. دومباق دېگىنىمىز، قىتمىر ساقچىنىڭ زىيادە سىمىزلىكى، يىراقتىن قارىسا كۆپتۇرۇپ قويغان دوۋساققىلا ئوخشاپ كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن چىلەك مەھەللىلىكلەر خۇپىيانە قويۇۋالغان لەقەم ئىدى.

خوش، بىز ئىشقىيار نامەت ھەققىدە پاراڭ قىلىشىۋاتاتتۇق. بىز يەنە، ئىشقىيار نامەت پەيزاۋاتتىن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، ئاۋۋال تاجىۋاي مەھەللىسىدە كاتەكتەك ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئىجارىگە ئولتۇرغان، كېيىنچە ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇدۇلىدىكى، تاكى ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئولتۇرغان، تارچۇق ھويلىنى سېتىۋالغان چاغلاردىن تارتىپ قىتىمىر ساقچىغا ئۆچ كۆرۈنۈپ قالغانىدى دېگەنىدۇق. بۇ ئەھۋالغا سەۋەب بولغان بىرىنچى ئامىل، ئەلۋەتتە ئىشقىيار نامەت ئائىلىسىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە «قارا نوپۇس» بولغانلىقى ئىدى. ئۇ زامانلاردا قارا نوپۇس، ئاققۇن دېگەن ئاتالغۇلار ئەلۋەتتە جەمئىيەتنى قالايمىقان قىلغۇچىلار دېگەن مەنىدە قوبۇل قىلىناتتى. كېيىنچە ئىشقىيار نامەت ئائىلىسى مەھەللە ـ كوي ئالدىدا سىناقتىن ئۆتۈپ ۋە ئۆزىمۇ بەزى يوللارنى مېڭىپ، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن تۇراقلىق نوپۇس ئېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىتىمىر ساقچى ئىشقىيارغا سول كۆزى بىلەن قاراپ يۈرۈۋەردى. بۇنىڭغا سەۋەب بولغىنى، بىز ئالدىنقى بىر بابتا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدەك، ئىشقىيارنىڭ توغرا كېسەر، ھەققانىيەتكە باي مىجەزى ئىدى. شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، ئىشقىيارنىڭ بۇ خىل مىجەزى ياشلىقىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. پەيزاۋاتتىكى چېغىدىمۇ، نىمىشقىكىن ئۇنىڭغا تازىمۇ ئۆچ بىرنەچچە ساقچى بار ئىدى، ئۇلار ھەدېسە ئىشقىيار نامەتنىڭ ئارقىسىدىن پايلاپ، ئۇنىڭ بىرەر ئەيىبىنى تېپىپ، تۇتۇۋېلىشنىلا ئويلايتتى. يىغىپ ئېيتساق

بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاشۇ «گەدەنكەش» مىجەزى ئەيىبلىك. ئەينى يىللىرى پەيزاۋاتتىكى ھېلىقى ساقچىلارمۇ، كېيىنچە قىتمىر ساقچىمۇ ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. جەمئىيەتنە، جان بېقىش كويىدا ئەمەلدارلارغا، پۇلى بارلارغا، ھەتتا ساقچىلارغا زورۇقۇپ خۇشامەت قىلىپ، ئېگىلىپ، ھىجىيىپ يۈرىدىغان ئادەملەر تولا. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقانداق ھاجەتلىرىنى ھەل قىلىۋېلىش ئۈچۈن باشلىقلارغا خۇسۇمەت قىلىدۇ، گاھىبىرلىرى بىرەر نەپكە ئېرىشىش كويىدا پۇلى بارلارغا ياخشىچاقلىق قىلىدۇ، يەنە ئاللىكىملەردۇر قىلغان گۇناھلىرى، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان غەلدى ـ غەشلىرىنى يوپۇتۇش ئۈچۈن قانۇن خادىملىرىغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىدۇ... ئىشقىلىپ، بۇ دۇنياغا قارىسىڭىز مەقسەتسىز ئىش يوق. خۇللاس، بىزنىڭ قەھرىمانىمىز ئىشقىيار نامەت بۇنداق ئىللەتلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىغا يېقىن يولاتمىغان ۋە يولاتمىغىنىچە بۇ دۇنيادىن كەتكەن ئىنسان. بىزنىڭ بۇ قىسسەنى ئۆرە قىلىشقا ئالاھىدە ھالدا نىيەت كەمىرىنى باغلىغىنىمىزنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبىمۇ مۇشۇنىڭدىن، ئىنشائاللا!

قىتمىر ساقچىنىڭ ئىشقىيار نامەتكە ئۆچلۈكىدىكى ئىككىنچى ئامىل شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئىشقىيار نامەتنىڭ ھەر قېتىم ئۆزىنى كۆرگەندە دەرھال ئېگىلىپ سالام قىلمايدىغانلىقى ياقمايتتى. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا دەل شۇنداق خۇشامەتلىك سالام ـ سەھەتلەرگە ئۆگەنگەن ۋە ئاشۇنى خالايدىغان كىشى ئىدى، مۆرىتى كەلسە ئۆزىمۇ شەھەرلىك ئىدارىدىكى باشلىقلىرىغا بەستىنىڭ ناقولايلىقىغا قارىماي، قاپ بەلچىلەپ

ئېگىلىشكە تەييار تۇراتتى، پاھ، بۇنداق چاغلاردا ئۇنى بىر كۆرسىڭىز، تونۇيالماي قالاتتىڭىز... كىموي بۇ؟ سىپمىزلىكى ئوخشايدۇ، لېكىن چىرايى مۇنداقمۇ شىرنىلىك بولامدىغان، قېنى ھېلىقى قەھرىتان چىراي!... ۋادەرىخا!

ئىشقىيار نامەتنىڭ گەۋدىلىك مىجەزلىرىدىن بىرى دەل شۇ غادايغانغا ئېگىلمەيدىغان مىجەز بولغىنى بىلەن، ئېگىلگەنگە، يېتىم ـ يېسىرلارغا باغرىنى كەڭ ئاچىدىغان مىجەزىمۇ تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارغا ئايان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مەھەللىدە ئۇنىڭغا «قىتمىر دومباقتەكلەرگە يالغاندىن ھىجىيىپ قويىسىڭىزلا بولامدىمۇ، ئىشقاخۇن، ئۆز جېنىڭىزغا جاپا تېپىپ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى، لېكىن ئىشقىيار نامەت پىسەنتىگە سىغمىغان بۇنداق نەسىھەتلەرگە پەرۋا قىلمايتتى. خوش، ئەمدى ئىشقىيار نامەتنىڭ قىتمىر ساقچىغا جاھانگىردەك كۆرۈنىدىغان ئۇچىنچى بىر تەرىپىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ بازاردا ئېلىم ـ سېتىم بىلەن شۇغۇللىنىشى ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئۇششاق ئوقەتچىلەرمۇ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇر» دېگەن بىر چوڭ تاياق بىلەنلا تەڭ ھەيدىلەتتى.

بىر كۈنى خەنزۇ بازىرىدىن ئىككى توخۇنى ئەرزىنىڭلا ئېلىۋېلىپ، پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئىچىگە، قوينىغا سولاپ خۇشال ھالدا ئۆيىگە ماڭغان ئىشقىيار نامەتكە قىتمىر ساقچى ئۇچراپ قالدى. بۇ قىتمىرنىڭ ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان چاغلىرى ئىدى.

ــ ھەي ئىشقىيار!ــ قىتمىر ساقچى يېنىدىن سۈركىشىپ

دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتىپمۇ يەنىلا ئۆزىگە سالام قىلمىغان ئىشقىيار نامەتنىڭ كەينىدىن قەھرلىك ۋارقىرىدى. خۇددى شۇ ۋارقىراشنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، ئىشقىيار نامەت لىككىدە كەينىگە قايرىلىپ، قىتمىر ساقچىغا قارىدى:

ــ لەببەي، قۇلىقىم سىلە ـ دە، قىتمىرجان!

ــ قوينۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ ــ قىتمىر ساقچى قاپاقلىرىنى سۈزۈپ سورىدى.

ــ قوينىڭىزدىكى دەڭ، چوڭ ئادەمەن، ــ ئىشقىيار نامەت دائىمقىدەك ئىپتىراز بىلدۈردى، ــ ئاندىن كېيىن... تونۇپ دەۋاتامىلا، قىتمىرجان، يا تونۇمايمۇ؟ توخۇ دېگەن تەقسىر مۇشۇ...

ــ توخۇلۇقىنى بىلمەۋاتىمەن، نەدىن كېلىۋاتىسەن دەيمەن؟

ــ نەدىن كېلىۋاتىسىز دەڭ! خەنزۇ بازىرىدىن.

ــ ھىم، بىلدىم، كاپىتالىزمنىڭ قاراڭغۇ يولىدىن كېلىۋېتىپسەن ـ دە!

ــ خاتالاشتىڭىز، قىتمىرجان، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت تەمكىنلىك بىلەن، ــ پارتىيەمىز ئالايىتەن ياساپ بەرگەن ئىككىنچى رايوننىڭ داغدام چوڭ يولىدىن مېڭىپ كېلىۋاتىمەن!

قىتمىر ساقچى قارىداپ كەتتى، ئامال يوق، بۇ زوۋاندار، گەدەنكەش «قاراڭغۇ بازارچى» ھەر دائىم شۇنداق، ئادەمگە زەھرىنى سانجىغىنى سانجىغان، خەپ قىنى كۆرەرمىزە!...

قىتمىر ساقچى تەھدىتلىك خىيالىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتقىنىدا ئىشقىيار نامەت ئىككىنچى رايون[1] نىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، سولغا، تاجىۋاي مەھەللىسىگە قايرىلغانىدى.

---

① غۇلجا شەھەرلىك ئىككىنچى رايون ئاھالىلەر خىزمەت كومىتېتى.

# تاشلەپكىدە

ئىشقىيار نامەت سودا ـ سېتىقتا ئۇدۇل كەلگەن تىجارەتنى قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. بۇ ھەقتە ئاببا‍س تاشاخۇن مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئىشقىياركام ئۆزى ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن ئىنتايىن چېچەن ئادەم ئىدى. راستىنى ئېيتسام، پۈتۈنلەي ساۋاتسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئۆز ئىسمىنى بىرنېمىلەرنى قىلىپ يازاتتى، گېزىتنى ھەجىلەپ، بىرىنچى سىنىپنىڭ بالىسىدەك ھەرپلەرنى قوشاغداپ ئوقۇيالايتتى. بىراق، كاللىسى ئالامەت ئىشلەپ قويۇاتتى. مەن كۆرگەن ۋاقىتلاردا يەتمىشتىن ئېشىپ كەتكەن چاغلىرى بولسىمۇ، گەۋدىسى تىك، قەدىمى ئىتتىك، سۆزلىرى ئالامەت ئۇرغۇلۇق، مەنىلىك بولىدىغان. بولۇپمۇ بۇ ئادەمگە ھەيران قالىدىغان يېرىم، ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق تىجارەتتىن بەش ـ ئون سوم تېپىپ يېيەلەيتتى، كاللىسى ئۆتكۈر، ھەرقانداق مۇتەخەسسىستىن بەتتەر پەمى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. سودا ـ سېتىقنى ئالدىن پەرەز قىلالايتتى. «سەۋەبسىز قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن گەپنى كۆپ تەكرارلايتتى. بىر ئوقتى ئەپلەشمىسە ياكى ئۇنىڭدىن پايدا چىقمىسا، دەررۇ باشقا ئوقەتكە ئۆتەتتى، مەھەللىدە بىرەر توي ـ تۆكۈن ياكى نەزىر ـ چىراغقا كېتىۋاتقىنىدا، ساتىدىغان بىرەر ـ ئىككى توخۇ ياكى بىرەر سېۋەت

تۇخۇم ئۇچرىسا نەرخىنى كېلىشىپ ئېلىۋالاتتى ـ دە، توي ياكى نەزىر بولۇۋاتقان ئۆيگە ئەكىتىۋېرەتتى. چېلەك مەھەللىسى دائىرىسىدە ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشقىيار نامەتنىڭ بۇ ئادىتىنى بىلەتتى، شۇڭلاشقا ئەجەبلەنمەيتتى. بۇ تۇپەيلى بوۋايغا چاقچاق ياكى تەئەددى گەپ قىلىشقىمۇ ھېچكىم پېتىنالمايتتى، بولمىسا ئىشقىيار نامەتنىڭ قانداق گەپلەر بىلەن ئۆزلىرىنى بابلايدىغىنى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى.

ئەنە شۇنداق ئادەتلىرىگە يارىشا ئىشقىيار نامەت بىر يىلى تاشلەپكە بازىرىدىكى دوستلۇق ماشىنىچىلىق كارخانىسىنىڭ ئالدىدا، مەخسۇس كىيىم ـ كېچەك، رەخت سودىسى بولىدىغان بازاردا بىرەر ـ ئىككى ئاي كىيىم ـ كېچەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالدى. بۇ ئىشقىمۇ ئۇنىڭ بۇ بازاردىن كىيىم سېتىۋېلىش جەريانى سەۋەب بولدى، بىر قېتىم ئىشقىيار نامەت ئايالىنىڭ تولا زورلىشى بىلەن ئۆزىگە يازلىق چاپان سېتىۋېلىش ئۈچۈن تاشلەپكىدىكى رەخت بازىرىغا كەلدى. ماگىزىنلاردا رەخت بېلەتلىك ئىدى، بۇ يەردە بولسا ئانچە ـ مۇنچە بېلەتسىز رەختلەرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. ئىسكىلاتلاردا بېسىلىپ قېلىپ، كىملەر تەرىپىدىندۇر بىر تەرەپ قىلىۋېتىلگەن بۇنداق رەختلەر مودىدىن قالغان ھەم سۈپىتى ئۆزگەرگەن، شۇڭلاشقىمۇ باھاسى ئەرزان بولاتتى. ئىشقىيار نامەت بۇ رەختلەرنى ئەمەس، بەلكى شۇنداق رەختلەردىن يەرلىك ماشىنىچىلار ئۇرۇپ ـ سوقۇپ تىككەن خادانى ياكى كاجى رەختلىك چاپان ئالغىلى بۇ بازارغا كەلگەنىدى ۋە ئۇ بىرەر قۇر ئايلىنىپ، دەل ئۆزى كۆتكەندەك، توت يانچۇقلۇق كۆك

خادانى چاپاندىن بىرنى ئەرزانلا سېتىۋالدى. سودىسىنىڭ ئوڭايلا پۈتكىنىدىن خۇشال بولغان ئىشقىيار نامەت باياتىن سېتىقچىنىڭ ئالدىدا چاپاننى كىيىپ كۆرۈپ ئالغان بولسىمۇ، نېرىراق بېرىپ يەنە بىر قېتىم كىيىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

ــ ھەي، بوۋاي، چاپاننى ساتاملا؟ ــ دەپ سوراپ قالدى بىرى شۇ ئەسنادا، قىشلىق كونا پاختىلىق چاپىنىنى ئەمدىلەتىن سېلىپ چاتىرىقىغا قىستۇرۇپ، يېڭى چاپىنىنى كىيمەك بولۇۋاتقان ئىشقىيار نامەتنىڭ سەگەك كاللىسى دەررۇ ئىشلەپ قالدى.

ــ ساتىمىز، پۇلىغا چىقسىلا، ــ دېدى ئۇ. ئۆزىدىن يىگىرمە ياشچە كىچىك، دېھقان چىراي ھېلىقى ئادەمگە.

ــ نەچچە دەيلا؟

ــ ئاۋۋال چاپاننى كۆرسىلە! ــ ئىشقىيار نامەت چاترىقىدىكى ئەسكى پاختىلىق چاپاننى ئېلىپ قولتۇقىغا قىستۇرغاچ، يەنە بىر قولىدىكى يېڭى چاپاننى خېرىدارغا تەڭلىدى، ــ كىيىپ بېقىپ بىرنېمە دېيىمىز دەيمەن مۇنداق ...

دېھقان چىراي ئادەم ئىشقىيار نامەتنىڭ قولىدىن چاپاننى ئېلىپ كىيىپ بېقىۋېدى، دەللا كەلدى.

ــ بولىدىكەن، ــ دېدى ئۇ، ــ پۇلىنى نەچچە دەيلا، يەشمەيلا كىيىپ كېتەي.

ــ كىيىتلىرىگە ئەجەب سىغدا! ــ دېدى ئىشقىيار نامەت چاپان كىيگۈچىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ، ــ ھە بوپتۇ، كىيىپ كېتىۋەرسىلە، بەرگەنلىرىنى بېرىپ...

ــ ئات قويۇپ بەرمىسىلە قانداق پۇل بېرىمەن، تاغا، باھاسىنى دېسىلە!

ــ مۇنداقنى بېرىپ ئەكېتىۋەرسىلە،ــ ئىشقىيار نامەت ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ، قولىنى سەل كۆتۈردى،ــ ئەرزانلا بېرىۋېتەيا!

ــ سەل ھاۋىلاپ كەتتىمۇ!ــ دېھقان چىرايىمۇ بوش نېمە ئەمەستەك قىلاتتى ۋە ئۇ ئىككى بارمىقىنى چىقاردى،ــ مۇنداق بولسا بولارمۇ؟ تويى بولۇپ كەتتى چاپاننىڭ...

ــ بىر ئوبدان ياراشقاندى،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت بېشىنى يانغا ئېگىپ،ــ سىلىپ يۈرەرلىمۇ ئەمدى... بوپتۇ، ئاۋۇ بىر بارماقنىڭ يېرىمىنى قوشۇۋەتسىلە!

نېرى تارت، بېرى تارت قىلىپ، ئىشقىيار بايىلا ئون بەش سومغا ئالغان چاپاننى يىگىرمە بەش سومغا سېتىۋەتتى. ئون سوم پايدا بىلەن بىللە ئۇنىڭ چاقپەلەكتەك كاللىسىغا يېڭى بىر خىيالمۇ كەلگەنىدى. شۇ خىيالنىڭ ئىلھامى بىلەن پارتىزانىسكى ئوقەتچى ئىشقىيار نامەت ئەپەندىم تاشلەپكىدىكى رەخت بازىرىغا بىرنەچچە ئاي قاتنىدى. بۇ يەردىمۇ ئۇ كونا ئادىتى بويىچە ئالدىغا ئۇچرىغان ئەرزانىراق نەرسىلەرنى، چاپان بولامدۇ، كۆڭلەك بولامدۇ، ئەن رەخت بولامدۇ، تىكىلگەن، ئەستەرلىك يوتقان تېشى بولامدۇ، ئىشقىلىپ نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ «ئاز يە، ئاسان تىرىل» دېگەن ماقالغا بىنائەن ئاز - تولا پايدىسىغىلا سېتىپ، تېز - تېز مال يەڭگۈشلەپ، تاپقىنىغا شۈكرى قىلىپ يۈرۈۋەردى.

رەخت بازىرىغا قاتناپ نەچچە كۈن بولمايلا بۇ يەردىكى تىجارەتچىلەر ئىشقىيار نامەتنى تونۇپ كەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنى بۇرۇندىن يۈزتۇرا ياكى غايىبانە تونۇيدىغانلارمۇ،

ھەتتا قىزىق گەپلىرىنى قىپتىپ ـ قىپتىپ كۈلگىنىچە ئاڭلىغانلارمۇ بار ئىدى. ئىشقىيار نامەتنىڭ تەرىپى، ئۆتكۈر پاراڭلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن ـ قۇلاقلارغا يېتىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى كۆپەيتەتتى. قىزىقچى ھېسام دەل ئاشۇ كۈنلەردە بىر قېتىم شۇ تامانغا كېلىپ، ئىشقىيار نامەت بوۋاي بىلەن بىرەر قۇر گەپتە «بەل تۇتۇشۇپ» كېتىپ قالدى. بۇ ئىش تاشلەپكىدىكى ئوقەتچى، بىكارچىلارنى ئىشقىيار نامەتنىڭ ياخشى گېپىنى تېخىمۇ قىلىدىغان قىلىۋەتتى.

ــ ھېسامنى ئەپلىدى جۇمۇ گەپتە، سىلىق پاراڭ قىلىپلا كەلتۈرۈپ قويدا!

ــ ھېسامىمۇ بوش كەلمەيداۋاي، ھېسام جۇمۇ ئۇ، قېرى دەپ ئايىدى...

ــ گەپتە قېرى ـ ياش بولمايدۇ، ۋەلى، قېرىسى يامان تېخى!

بازار دېگەن خاسىيەتلىك، پىرلىق ئورۇن، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆزگىچە مىجەزى، قىزىقارلىق پاراڭلىرى ئۇنىڭ ئوقىتىگە ھەر دائىمقىدەك بەرىكەت بېغىشلاپ تۇراتتى. بازارغا ھەرخىل مىجەزلىك ئادەملەر كېلىدۇ، «كۆلىنى بازار ئوڭلايدۇ» دەپ، ھەرخىل خېرىدارلارغا ھەرخىل مۇئامىلە قىلىشقا ئىشقىيار نامەت ئۇستا ئىدى. بەزىدە قىزىق، بەزىدە ئاچچىق گەپلەر بىلەن خېرىدارنى قايىل قىلىپ، سودىنى ئالدىغا سۈرۈشكە ئۇ ماھىر ئىدى.

بىر قېتىم ئۇ بىر چىڭگىز خېرىدارغا چاپان ساتتى. خېرىدار چاپاننى تۆت ـ بەش قېتىم يېشىپ، تۆت ـ بەش

قېتىم كىيدى، ھەر قېتىمدا كىيىمنىڭ بىر يېرىدىن ئېۋەن تاپاتتى.

— مانا قاراڭ،— دېدى ئۇ يەنە بىر كىيىمدىكى چاپاننىڭ پەشلىرىنى ئىككى قولىدا ئايرىپ تۇتۇپ،— بۇ چاپاننىڭ پېشى چاتاقراق ئوخشايدۇ، پەشلىرى بىر - بىرىگە يېپىشىپ، ھىم قوۋۇشۇپ كەلمەيدۇ - غۇ.

— تىك تۇرسىڭىز ھىم كېلىدۇ - دە،— دېدى ئىشقىيار نامەت خېرىدارنى تىك تۇرغۇزۇپ،— مانا قاراڭ، ئىككى پېشى ھىمزىر ھىم كېلىپ كەتتى.

خېرىدار يەنە چىڭگىزلىك قىلدى:

— بىراق ئېڭىشكەندە قاچىدىكەن - دە، مانا قاراڭ، قاراڭ، ئېڭىشسەم قېچىۋاتامدۇ!— دەپ تازىمۇ ئېڭىشتى خېرىدار. ئىشقىيار نامەت دەررۇ جاۋاب قايتۇردى:

— قىزىقكەنسىز، بۇرادەر،— دېدى ئەتراپىدىكىلەرگە كۆزىنى يۇمچۇقلاپ،— مۇنداق ئېڭىشسىڭىز پەش تۇرماق، ئىتمۇ قاچىدۇ.

پاراقلىغان كۈلكىلەردىن قىزارغان خېرىدار دەررۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ دېگىنىنى بېرىپ، چاپاننى ئېلىپ كېتىپ قالدى.

يەنە بىر قېتىممۇ شۇنىڭغا ئوخشاشراق بىر ئىش بولدى، يەنە بىر ئەڭگىز خېرىدار ئىشقىيار نامەتتىن بىر كۆڭلەكنى تازىمۇ باھا تالىشىپ سېتىۋالدى - يۇ، كېيىن يول ئۈستىدىلا يېرىم يالىڭاچلىنىپ كۆڭلەكنى كىيىپ كۆرمەك بولدى، كىيدى ھەم.

— ئالامەت كەلدى،— دېدى ئىشقىيار نامەت قولىدا خېرىدارنىڭ چاپان - چارىسىنى تۇتۇپ تۇرغىنىچە،— تىرىسىدە، ئۆزىڭىزگىلا ئۆلچەپ تىكىپتىكەنمۇ نېمە ۋاي، ئۇكام!

ــ باشقا يەرلىرىغۇ بولىدىكەن، بىراق...ــ دېدى ئەڭگىز خېرىدار كۆڭلەكنىڭ تۈگمىلىرىنى بوينىغىچە ھەم تاقاپ ئېتىپ،ــ ياقىسى سەل كىچىكمۇ نېمە، بوينۇمنى بوغۇپ كەتتىغۇ!

ــ ئەستا!ــ دېدى ئىشقىيار نامەت،ــ راست شۇنداقراقمۇ نېمە! بىراق بۇنىڭمۇ ئامالى بار، ئىنىم...

ــ مەسىلەن قانداق؟ــ دېدى خېرىدار، ئوزايىدىن بۇ كۆڭلەك ئۇنىڭغا ياراپ قالغانىدى، ئىشقىيار نامەتمۇ بۇنى سېزىپ تۇراتتى.

ئىشقىيار نامەت خېرىدارغا يېقىن كەلدى ـ دە، ئۇنىنى سەل پەسلىتىپ سورىدى:

ــ كېلىن بالا سەل ئازازۇلراقما؟

ــ قا... قانداق دەيسىز، تاغا؟ــ دېدى ئەڭگىز خېرىدار چۈشەنمەي.

ــ قانداق دەيتتىم، شۇ، ئايالىڭىز ھازازۇل بولسا، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كانىيىڭىزغا ئېسىلسىلا كۆڭلەكنىڭ ياقىسى يوغىناپ قالىدۇ...

خېرىدار بىر پەس جىمىپ نېمىنىدۇر خىيال قىلدى ـ دە، كېيىن بىر ئۇھ تارتىپ:

ــ بوپتۇ، ئالاي،ــ دېدى.

بىراق بۇ چاغدا، ئەتراپتا پاراقىدە كۈلكە كۆتۈرۈلگەنىدى.

# سامان سودىسى

ئىشقىيار نامەتنى بىلىدىغانلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىشقىيار نامەتنىڭ غۇلجىغا كېلىپ ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان تىجارىتى سامان سودىسى بولغان. لەڭزە ـ بېشى[1] دىكى مال بازىرى ئۇنىڭ كۆپىنچە سامانچىلىق قىلىدىغان ئورنى ئىدى، ھەممە ئوقەتكە ئۇلگۇرىدىغان ئىشقىيار نامەت بۇ يەردە سامان ساتقاچ، ئارىلاپ دەللاللىقمۇ قىلاتتى، ئۇنىڭ ھەرقانداق مالنى ماختاپ خېرىدارغا گۇل كۆرسىتىۋېتەلەيدىغان سۆز ماھارىتى، پاراڭ ئارىسىدىكى زەھەردەك ئاچچىق، قىرسىق گەپلىرى ۋە شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندىكى تېتىك، دىراماتىك ھەرىكەتلىرى كىشىلەرگە بەك ياقاتتى.

نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر لەتىپىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بارمىكىن: ئەپەندىنىڭ تەپكەك ھەم سۈتى ئاز چىقىدىغان بىر كالىسى باركەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئەپەندى خوتۇنىنىڭ تولا كوتۇلدىشى بىلەن شۇ كالىسىنى سېتىۋېتىش ئۈچۈن مال بازىرىغا ئەكىرىپتۇ. ئەپەندىگە تونۇش بىر دەللال دەرۋ يېتىپ كەپتۇ ـ دە، كالىنى راسا ماختاپ سېتىۋېتىپ، ئەپەندىنى دەردتىن خالاس قىلماقچى بوپتۇ ۋە كالىنى بازارنىڭ

---

[1] لەڭزەبېشى ـ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى، خەنزۇ بازىرىغا تۇتاشقان سازلىق.

ئوتتۇرىسىغا يىتىلەپ كىلىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ماختاپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

ــ ھە قىنى خالايىق، كۆزۈڭ بولسا كۆرۈۋال، پۇلۇڭ بولسا ئىلىۋال، ئالامەت سىير بۇ، ساپ نەسىللىك، مۈڭگۈمەيدۇ، تەپمەيدۇ، قويىدىن ياۋاش، كۈنىگە يىگىرمە ئايقۇر سۈت بىرىدۇ، ھە قىنى خىرىدارلار...

دەللالنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ خىرىدارلار تەرەپ ــ تەرەپتىن ئەپەندىنىڭ كالىسىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىر ــ ئىككىسى تىخى «مەن ئالىمەن، مەن...» دەپ، ئۇرۇشۇپ قالغىلىمۇ تاس قاپتۇ، بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان ئەپەندى تۇرۇپ ئويلاپ قاپتۇ: «ۋاھ، مانى قارا ــ ھە، مىنىڭ بۇ كالام يا مۈڭگۈمىسە، يا تەپمىسە، قويدەك ياۋاش تۇرسا، يەنە تىخى كۈندە يىگىرمە ئايقۇر سۈت بەرسە، مۇشۇنداق ياخشى كالىنى نىمىشقا سىتىۋىتىمەنۇي، ئەخمەقمۇ مەن؟...» شۇنىڭ بىلەن ئەپەندى بولۇۋاتقان سودىنى بۇزۇپ، دەللالنىڭ ھاي ــ ھايلىرىغىمۇ قارىماي كالىسىنى بازاردىن ياندۇرۇپ ئاچىقىپ كىتىپتۇ... خۇلاسە كالام، ئىشقىيار نامەتمۇ نۆۋىتى كەلسە ئەنە شۇ ھىلىقى چىۋەر دەللالدەك ھەرقانداق سودىنى چىچەنلىكى، سۆزمەنلىكى بىلەن ئۇياق ــ بۇياق قىلىۋىتەلەيدىغان ماھارەتكە ئىگە ئىدى. بىراق، بىز يەنىلا سامان سودىسىغا قايتىپ كىلەيلى.

ئىشقىيار نامەت تاجىۋاي مەھەللىسىدە ياشىغان يىگىرمە نەچچە يىلدا ئىككى قىتىم مەجبۇرەن باشقا يەرلەرگە «تارقاقلاشتۇرۇلدى»، ھەر ئىككىسىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ مەھەللە (ئاساسىي قاتلام) كومىتىتىدىكىلەر، ساقچىخانىدىكىلەر بىلەن گەپتە تەڭ تۇرۇپ

زاكونلاشقانلىقى، قائىدە سۆزلەپ ئۇلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدىن بولغان. مۆرىتى كەلگەندە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش كېرەككى، ئىشقىيار نامەت ئەسلا قائىدە ـ قانۇن چۈشەنمەيدىغان بىغەرەز، ھۆررەك ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن ماقالنىڭ مەنىسىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى، بىراق ناھەقچىلىكنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى، ئەللامىسىدىن يانمايتتى. دەل شۇ مىجەزى ئۇنى قانۇن ـ تۈزۈم بۇزۇلغان ئاشۇ يىللاردا دائىم پېشكەلچىلىككە سۆرەپ تۇراتتى... خوش، بىز گەپنى ئەمەلىيەرەك قىلايلى، تاجىۋاي مەھەللىسىدە، ئىشقىيار نامەت كۆزىگە سىغماي يۈرگەن بىر گۇرۇپپا باشلىقى بار ئىدى. ھاۋاخان ئىسىملىك بۇ ئايالنى بىز ھېكايىمىزنىڭ بېشىدا بىر قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندۇق، كېيىن يەنە ئالاھىدە توختىلىمىز. ئەنە شۇ ھاۋاخان ئىشقىيار نامەتنىڭ ھەقلىق تەنبىھلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ «يۇز ـ خاتىرىنى بىلمەيدىغان، سۆزمەن، كەلگۈندى بوۋاي»غا كىرىشىپلا قالدى. بۇ ئايال ئايرىم مىجەزلىرى بىلەن ئاساسىي قاتلام كومىتېتىدىكى كادىرلار ۋە يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارغا ياقاتتى. شۇڭا، شۇنىڭغا ئىچىنىپ ئۇ ھەرخىل سورۇنلاردا پۇرسەت بولسىلا ئىشقىيار نامەتنى قارىلاشقا، بەتنام چاپلاشقا تەييار تۇراتتى. بىر قېتىم ئىشقىيار نامەت ئۆيىدە ئۆكسۈپ قالغان ئۇن ـ ماي، چاي ـ تۇزنىڭ غېمىنى قىلىش ئۈچۈن مىجەزىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي خەنزۇ بازىرى تەرەپكە، مال بازىرىدىكى سامان دۇكىنىغا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى، يېرىم يولدا ئالدىدىن ھاۋاخان

گۆرۈپپا باشلىق چىقىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا بۇگۈن مەھەللىدىكى خالىسانە ئەمگەككە قاتنىششى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۇ يىللاردا مەھەللىدە نەپسىز خالىسانە ئەمگەكلەر بەكمۇ جىق بولۇپ، تېخى نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ ئوغلى شۇنداق ھاشارغا قاتنىشىپ، پۇتىنى قايرىۋېلىپ ھازىر ئۆيدە ياتاتتى.

— نېمانداق تۈگىمەيدىغان ھاشار بۇ، ھاۋاخان!— دېدى ئىشقىيار نامەت بىمەھەل يولىنى توسۇغان، يىڭنە يەۋالغان ئىتتەك ئاۋاق، قاتاڭغۇر، ئات يۈزلۈك ئايالغا يەر تېگىدىن تەئەددىلىك بېقىپ.

— نېمە دەيدىلا، يەنە بىر دېسىلە، خالىسانە ئەمگەكنى ھاشار دەمدىلا؟

— ئون قېتىم دەپ بېرەي، بىر يارماق بەرمەي، قورسىقىڭ ئاچمۇ - توقمۇ دېمەي مەجبۇرىي قىلدۇرغان ئەمگەك ھاشار بولىدۇ شۇ...

— خەپ توختاپ تۇرسىلا - ھە، ھاشار دېگەن گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا بولاتتى، سىلى بىزنىڭ جەمئىيەتنى نېمە دېمەكچى - ھە؟

— ھەممە گەپنى سىلى دېدىلە، ھاۋاخان، ئەمدى ئۇ گەپلەرنى مېنى دېدى دەپ پەتنۇسقا سېلىپ دادخاھلىرىغا ئاپىرىپ ئۆسۈۋالسىلىمۇ ئىختىيارلىرى!— ئىشقىيار نامەت ئالدىرايتتى، دەررۇ بازارغا بېرىپ ئوقەتنىڭ ئېپىنى قىلىپ ئۆيدىكى «بەش قىزىل كېكىردەك»كە ھېچبولمىغاندا بەش زاغرا تېپىپ كەلمىسە بولمايتتى، شۇ ھەلەكچىلىكتە ئۇ ھاۋاخانغا زەھەردەك گەپ قىلىۋېتىپ، لەسلىدەپ مېڭىپ كەتتى. ھاۋاخان بولسا

يىغىنى سالغىنىچە ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىشخانىسى تەرەپكە چاپتى:

ــ ۋايداد، سورايدىغان ئادەم بارمۇ، ماۋۇ پەيزاۋاتلىق ئادەم مېنى تىللاپ كەتتى، ھۆكۈمەتكىمۇ تىل تەگكۈزدى، ۋاي قېنى ئاساسىي قاتلام، قېنى گۇڭزودۇي[1]!...

ئۇ زامانلاردا ۋەزىيەت قىلىچتىن ئىتتىك ئىدى، يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىمۇ بىرەر «تىمپ» تاپالماي ئارانلا تۇراتتى. ھاۋاخانىنىڭ ئىشقىيار نامەت توغرىسىدا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان يالغان ـ ياۋىداقلىرىغا بوگۇنكى چېقىم قوشۇلۇپ چوڭ بىر ئىشقا ئايلاندى. مال بازىرىدىكى دۇكىنىدا تېخى بىرەر تاغار سامان سېتىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىشقىيار نامەتنى تاجىۋاي مەھەللىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى يۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئاساسىي قاتلام كومىتېتىغا ئەكەلدى. بۇ يەردە بوۋاينى قەھرلىك بىر يىغىن كۈتۈپ تۇراتتى، خالىسانە ئەمگەكنى گومىنداڭنىڭ ھاشارىغا ئوخشاتقان ئىشقىيار نامەتكە تەخىرسىز ھالدا بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقى كىيدۈرۈلدى ۋە ئۇ «تاجىۋاي مەھەللىسىدە ‹سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە› ھەرىكىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ قاپقىقىنى ئېچىش» تىكى سەلبىي تىپ قىلىپ بېكىتىلدى. مەھەللىدە بىر مەزگىل ئۆگىنىش، يىغىن قايناپ كەتتى، ھەر قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئالدىدا ئىشقىيار نامەت بىر قېتىم كۈرەش قىلىناتتى ۋە مەسىلە تاپشۇرۇش، ئىپادە بىلدۈرۈشكە بۇيرۇلاتتى... بۇنداق

① خىزمەت گۇرۇپپىسى دېمەكچى.

ۋاقىتلاردا ئىشقىيار نامەتنىڭ قىلغان گەپ ـ سۆزلىرى كادىرلارنىڭ زەردىسىنى قايىنىتاتتى ـ يۇ، يىغىنغا قاتناشقان ئادەملەرنى پىخ ـ پىخ كۇلدۇرەتتى...

بىر ئايدىن كېيىن ئىشقىيار نامەت «ئىپادىسى ياخشى بولمىغاچ»قا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ خۇدىيار يۈزى يېزىسىغا تۇنجى قېتىم «تارقاقلاشتۇرۇلدى»، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى باشقا قىزىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىز كېيىنرەك، ئالدىرىماي ھېكايە قىلىمىز، ھازىر سۆزلەشكە ئالدىراۋاتقىنىمىز سامان سودىسى ھەققىدىكى ھېكايە، ئەلۋەتتە.

ئىشقىيار نامەت خۇدىيارىيۈزىگە كۆچۈپ چىقىپ، بۇ يەردە بىر مەزگىل تىرىكچىلىك قىلدى. شەرقىي بەش ناھىيەگە بارىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بۇ يېزىنىڭ دېھقانلىرى تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۇستا، تولىسى شەھەر كۆرگەن ئادەملەر. بۇ يەرلەردە ئىشقىيار نامەتكە ئوخشاش «پىچاقتىن ئىتتىك سىياسەت»نىڭ دوقىلىغا ئۇچراپ «پالىنىپ» كېلىپ قالغان ئادەملەر خېلى بار ئىدى. ھەتتا ئالدى مەركەزدىن، ئۈرۈمچىدىن، تولىراقى تاپاندىكىلا غۇلجا شەھىرىدىن «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىش»كە چۈشۈرۈلەتتى. بۇ تەرىپى بىلەن خۇدىيارىيۈزى يېزىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى بايانداي يېزىسىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئىشقىيار نامەت تىلىدىن كەتكەن بولسا، ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭمۇ «قەلىمىدىن كېتىپ» بېيجىڭدىن بايانداي‌يغا «تارقاقلاشتۇرۇلۇپ»، شۇ تۇرغىنىچە تالاي يىل دېھقانلار ئارىسىدا ئىشلەپ، ياشاپ قالغانىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ كېيىنچە كاتتا يازغۇچى

بولۇپ قېلىشىغا شۇ قىسمەتلىرى سەۋەب بولۇپ قالغان. بۇ ھەققىدە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ تالاي بايانلىرى بار... بىراق بىز بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىنى ۋاڭ مېڭشۇناسلارغا قالدۇرۇپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىغا، خۇدىيارىيۈزىگە قايتىپ كېلەيلى، ئېيتماقچى «بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى كۆپ» دەپ، ئىشقىيار نامەت خۇدىيارىيۈزىگە كېلىپ ئاز كۈن يېڭى ماكانىغا كۆنەلمەي يۈرگەندەك قىلدى ـ يۇ، ھەر ھالدا مىجەزى، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ بەرىكاتىدا بۇ يەردىكى دېھقانلار بىلەن تېزلا ئىچىكىشىپ كەتتى. پاراڭغا، چاقچاققا ئامراق خۇدىيارىيۈزلىكلەر بوۋاينىڭ تېتىكلىكىگە، گەپ ـ سۆزدە ئالمانلىقىغا قىزىقىپ قالدى، كۆپ ئۆتمەي ئىشقىيار نامەت نەدە بولسا شۇ يەرگە بىر كاللەك ئادەم يىغىلىۋالىدىغان بولدى.

ـــ نەدىن كېلىۋاتىسەنوي، زىۋىرشا؟

ـــ ماخودىن بولمامدۇ، ھېلىقى شەدىن چىققان بۇزۇق ئۇنسۇر بوۋاي بارغۇ، ئەشەدە ئۇچەي دېگەننى ئۇزۇۋاتامدۇ قىزىق پاراڭ قىلىپ...

ـــ ھە، ھېلىقى... ئىسمى ياش بالىنىڭكىدەك غەلىتە ئادەمما؟ قاشقالىق دەمدۇ نېمە تېگىنى؟

ـــ شۇنداق دەيدىغۇ تاڭ، پارىڭىدىنغۇ ئانچە چانمايدۇ بولمىسا!

ـــ خۇدىيارىيۈزلىكلىرىڭ ئارىغا ئالماي يۈرمىسۇن دەپ، ئەتەي تىلىغا دەزمال سېلىۋالغاندۇر تايىنلىق، يامان خەققۇ بىز...

ـــ ۋاي، كەتكەنلا دېگىنە! ھەي ھېبى، بىر ئوبدانلا ئادەملەرنى بۇزۇق ئۇنسۇر دەپلا ئاچىقىپ قويىدىكەنە بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە، نېمىسىنى بۇزغاندۇ شەلىكلىرىڭنىڭ!

ــ شۇنى دېمەمسەن، خۇددى بىزنىڭ مەھەللە بۇزۇلغاننى ئوڭشايدىغان تۆمۈرچىخانىدەك...
خۇددى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئىشقىيار نەمەت مەخپىر دۈيجاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىككىنچى ئەترەتنىڭ ماخوسىدا ئاتلارغا مەڭگەن توغراۋاتاتتى. ۋىجىككىنە بەستى جادىنىڭ «كارت ـ كارت» قىلىپ مەڭگەن توغرىشىغا ئەگىشىپ تولغىناتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا «يېڭى كەلداخۇن قىزىقچى»نىڭ زەھەردەك ئاچچىق پاراڭلىرىنى ئاڭلايمىز دەپ ئالايتەن ئۆپچۆرىدىن يىغىلىشقان مەھەللىنىڭ بىكار تەلەپ ياشلىرى بوۋاينىڭ ئاغزىنى تاتىلاشقا باھانە ئىزدەپ تۇرۇشاتتى. ئۇزاق يىل مەڭگەن، سامان بىلەن ھەپىلەشكەن ئىشقىيار نامەتكە دۈيجاڭنىڭ بۆلۈپ بەرگەن ئىشى ھەر ھالدا خېلى كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت مۇشۇ جادىنى «كارت ـ كارت» تىن توختىتىپ قويماسلىق بولۇپ، ئىككى ماخوچى ئالدىغا نېمە تاشلاپ بەرسە شۇنى؛ سامانمۇ، مەڭگەنمۇ، چۆپمۇ، بېدىمۇ، قوناق شېخىمۇ... ھەممىسىنى ئالدىرىماي، تۇجۇپىلەپ كارتىلدىتاتتى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، ئۇ پەيزاۋاتنىڭ قىزىلبويى يېزىسىدىمۇ بىر مەھەل مۇشۇ ئىشنى قىلغانىدى. ئۇ چاغدا كارتىلدىتىدىغىنى تولىراق قوناق مەدىكى بولاتتى. قوناق مەدىكىنى جادىدا توغرىماق تەس، لېكىن ئۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ تەمبەل چاغلىرى بولغاچقا، قىينالمىغانىدى، بىراق مەدەكنى يېگەن مال بايقۇش قىينىلاتتى. بەزى ئاتلارنىڭ تىزىكى قان يۇقى كېلەتتى. مانا ھازىر جادىدا مەڭگەن توغراۋاتقان ئىشقىيار نامەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ شورلۇق ئاتلار

جۇسۇنلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ قاتتىقچىلىقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمۇ كۆڭۈل ئېكرانىدا ئايان بولغاندەك بولدى. ئادەم بالىسى ئېغىر موھتاجلىقتا قالمىسا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيارىدىن باشقا يەرلەرگە ئېزىپ ـ تېزىپ قەدەم باسمايدۇ. يۇرتقا بولغان مۇھەببەت دەل ئېتىقادنىڭ ئۆزىدۇر، ھالبۇكى موھتاجلىق گاھىدا ئېتىقادنىڭ تەگپۇگىنىمۇ تەۋرەندۇرۇپ قويىدۇ...

ئەلى دىيارىنىڭ خۇدىيارىيۈزى دەيدىغان، ئاتا ـ ئانىسى كۆرۈپ باقمىغان بىر مەھەللىسىنىڭ غېرىبانە ئات ئېغىلى قورۇسىدا قىزىلبويى يېزىسىدىكى ئاتلاردىن سەل تەلەيلىكرەك ئاتلارغا مەڭگەن توغراۋاتقان ئىشقىيار نامەتنىڭ كۆڭۈل قۇشى بىر پەستە ئەنە شۇ خىياللارنىڭ ئاسمىنىنى كېزىپ كەلدى. كېيىن دىققىتىنى يەنە ئالدىدا دۆۋىلىشىپ تۇرغان يۇمشاق مەڭگەنگە بەردى. مەڭگەن جادىدا ھەرقانچە ئۇششاق بۆلۈنگەن بىلەنمۇ مالغا سامانىنىڭ قۇۋۋىتىنى بەرمەيدۇ، لېكىن كېپەك ياكى قوناق بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا، يەنە تېخى ئازراق تۇز سېلىنىپ، نەمدەلسە ئات جانىۋارلارغا يۇمشاقتىنە، تەملىككىنە ئوزۇقلۇق بولىدۇ. مال دېگەنمۇ ئادەمگە ئوخشاش، ئادەم بالىسى بەتتە پولۇ يېگەندىمۇ، داغ سۇغا تالقان چېلىپ ئىچكەندىمۇ ئوخشاشلا سۆكۈت، قانائەت قىلىدۇ... دەل شۇ پەيتتە، ئەتراپتا تۇرغان باللاردىن بىرى چاڭگىدە سۆزلەپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ قويدى.

ـــ ئىشقىياراخۇنكا، ھېلىقى، سىلى دېگەن ئىشنى دادامدىن سوراپ باقتىم، ئۈچىنچى دۇينىڭ دۇيجاڭى ۋاسىلكام، سامان ـ مەڭگىنىنى قوشۇپ ئالىدىغان

خېرىدار بولسا قۇمباغ مەھەللىدىكى خامانلىقنى تازىلىتىمىز دەپتۇ.

ــ راست شۇنداق دەپتۇما؟ــ ئىشقىيار نامەتنىڭ چىرايىغا مەمنۇنلۇق كۈلكىسى يۈگۈردى. نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ يەر، باشقىلاردىن قۇمباغ مەھەللىسىدىكى بۇلتۇردىن بېرى سامان ـ مەڭگىنى بىلەن تاشلىنىپ تۇرغان خامانىنى تازىلاپ بېرىدىغانغا ئادەم چىقمايۋېتىپتۇ، سامىنى سېسىپ كەتكەن بولسىمۇ لاي سامىنى قىلىشقا يارايتتى، بىراق شۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ بىرەرى چىقماپتۇ... دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ دەررۇ قىزىققان ۋە قوشنىسىنىڭ قارىمۇتۇق ئوغلى مۇنۇ ئوسمانجاندىن شۇ ئىشنىڭ راستىنى ئېنىقلاپ بېقىشنى ئۆتۈنگەنىدى. بالا هازىر شۇ پاراڭنى ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا ماختىنىپ سۆزلەپ، شەھەردىن چىققان سۆزمەن بوۋاي بىلەن يېقىنچىلىقى بارلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتاتتى.

ــ ئالامەت ھۇرۇن ئادەملەر بار ـ دە بىزنىڭ خۇدىيارىيۇزىدە،ــ دەپ، ئۆزىنى تاختىبېشىغا ئېلىپ قويۇپ سۆزلەيتتى، يىگىرمە يەتتىنىڭ قارىسىنى ئالغان بەستلىك يىگىت ئوسمانجان شۇ تاپتا، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك،ــ بىكار يۈرسىمۇ يۈرىدىكى، بۇردىسى بار ئىشنى قىلمايدۇ، بولمىسا تۆت ـ بەش كۈن هارام تەرىنى ئاققۇزۇپ قويسا، كېلەرگە قورۇسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە تازا چىلاشقۇدەك قىلىپ سامانلىق لاي ياتقۇزۇۋالايدۇ، شۇ، بەل بوش ـ دە، بەل...

ئىشقىيار نامەتنىڭ يىللار ئىز سالغان چوڭقۇر ـ چوڭقۇر قورۇقلۇق يۈزىدە ھەييارانە تەبەسسۇم ئوينىدى.

بۇ تەبەسسۇمنىڭ مەنىسىنى خۇدىيارىيۇزىلىك يىگىتلەر تېخى بىلمەيتتى.

ــ مەنمۇ شۇ تاغارنىڭ ئىچىدە بارمۇ؟ دېگەندەك دېسىلە، ئوسمانجان!ــ دېدى ئىشقىيار نامەت قوشنىسىنىڭ قارىمۇتۇق ئوغلىغا مەنىلىك تىكىلىپ. بالا دەررۇ قىزاردى:

ــ شۇ، قىلاي دېسەم دادام ئۇنىماي...ــ دېدى ۋە ئاندىن گېپىنى شاقلا يۆتكىدى،ــ قانداق، ئەتە ۋاسىلكامىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارايما؟

ئۆزىگە چىن كۆڭلىدىن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگىلىۋاتقان يىگىتنى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئارتۇق خىجىل قىلغۇسى كەلمىدى. ئەتىسى ئوسمانجان بىلەن بىللە بېرىپ ۋاسىل دۇيجاڭ بىلەن سۆزلىشىپمۇ كەلدى. يازلىق خامان ئورنى توغرىلۇق بېشى قېتىپ تۇرغان ۋاسىل دۇيجاڭ ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى بويىچىلا خاماننى بىر ئاي ئىچىدە پاك ـ پاكىز تازىلاپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. يەنى ئىشقىيار نامەت خاماندىكى سېسىق ساماننى يۆتكەپ ئەكېتىپ ئىشلەتكىنىگە ئاتمىش سوم تۆلەيدىغان، بىر ئايدىن كېيىن خامان چىنىدەك پاكىز قىلىنىپ، ئۇچىنچى ئەترەتكە تاپشۇرۇلىدىغان بولۇپ ئاغزاكى توختام تۈزۈلدى.

ــ ئاتمىش سومنى ئالمىسام كېيىن خەق مېنىڭ ئۈستۈمدىن دۇينىڭ خامىنىنى سېتىپ يەۋەتتى دەپ گەپ تاپىدۇ، مۇنۇ پۇلنى ئۆزىڭىز ئۇدۇل بېرىپ بىزنىڭ دۇينىڭ كاسسىرى ھۆرىگۈلگە تاپشۇرىسىز، نامىتىكا،ــ دېدى ۋاسىل دۇيجاڭ «ئىشقىيار»غا تىلى كەلمەي،

«نامىتىكا» دەپلا ئىشنى تۈگىتىپ. شۇنىڭ بىلەن بىر دەمدە ئىش پۈتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئىشقىيار نامەت ئۆيىدىكى ھەممە ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ، قۇمباغ مەھەللىسىدىكى خاماندا ئىش باشلىۋەتتى. خوتۇن ـ بالىۋاقىسىنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ، ئۇ كېيىن ئۆزى ماخودىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ماڭدى. ماخودىكى ئىشنىمۇ بالدۇرراق تۈگىتىپ، شىپىلداپ شەھەرگە جۆنىدى. لەڭزەبېشىدىكى تونۇش بىر سامانچى بىلەن سۆزلىشىپ، ئەتىسىدىن تارتىپ شەھەرگە سامان تارتىدىغانغا كېلىشتى. دىتلىق ئىشقىيار نامەت ئۆرىدىلىپ ياتقان سېسىق مەڭگەن، سامان زومچەكلىرىنى بەشلىك ئارىدا بىر قۇر كولاشتۇرۇپلا، دۆۋىلەرنىڭ تېگىدە تېخى پاكىز سامان، مەڭگەننىڭ خېلى جىق بارلىقىنى پەملەپ بولغانىدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپ چىققاننىڭ ئەتىسى بىر ئائىلىدىكى تۆت ئادەم، ئىشقىيار نامەت قولۇم ـ قوشنىلاردىن ئۆتنە ئېلىپ تۇرغان بەشلىك ئارىلار بىلەن «ئالتۇن كولاش» نى باشلىۋەتتى. ئۈستى قايرىلغان ھەربىر زومچەكتىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ، قىرۇالنىڭ ئاخىرلىرىدىكى خاماندا ھوت مەزگىلىدىكىدەك مەنزىرە ھاسىل بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، پاكىز تازىلانغان يەردە ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان سامان، مەڭگەن دۆۋىلىرى ئۆرىدەلگىلى تۇردى. ئاڭغىچە شەھەردىن تاغارلىرىنى تۆت ئېشەككە ئارتىپ تونۇش سامانچىمۇ چىقىپ كەلدى. ئىشقىيار نامەت سامانچى بىلەن بىر تاغار سامان ئەللىك تىيىن، بىر تاغار مەڭگەن ئوتتۇز تىيىندىن دەپ كېلىشكەنىدى، شۇ كېلىشىم بويىچە تۇنجى سەككىز تاغار سامان

لەڤزەبىشىدىكى سامان دۇكىنىغا ئىلىپ مېڭىلىدى. سامانچى كېيىنكى كېلىشىدە ئېشەكلىرىنى تاشلاپ، خېچىر قوشۇلغان رېزىنكا چاقلىق بىر هارۋىنى هەيدەپ، يەنە بىر هارۋىنى بىر كىچىك بالىغا هەيدىتىپ، زور كۈچ بىلەن چىققاندى. شۇ ئىككى هارۋا، هەربىرىدە ئون تاغاردىن مەڭگەن ـ سامان بېسىلىپ، كۈنگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىمدىن تاق ئون يەتتە كۈن غۇلجا ـــ خۇدياريۈزى يولىدا قاتنىدى. ئىشقىيار نامەتنىڭ «سېسىق سامان دۆۋىسىدىن ئالتۇن ئۇسقانلىقى» خۇدياريۈزى مەهەللىسىگە پۇر كەتتى. گەپ ـ سۆزلەر هەرخىل، چىدىمايۋاتقانلارمۇ، كۆرەلمىگەنلەرمۇ، قايىل بولغانلارمۇ بار ئىدى. ئادەم بار يەردە تۆشۈك ئېغىزدىن نىمە گەپلەر چىقمايدۇ دەيسىلەر! بىراق چىدىمىغانلارنىڭ باش ۋەكىلى خامان تازىلىتىشنى ئاتمىش سومغىلا بېرىۋەتكەن ۋاسىل دۇيجاڭنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئادەم خامان تازىلىنىپ بولاي دېگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاپقارىداپ يېتىپ كېلىپ، يەنەكچە قىلىپ يۆگەلگەن ئاچچىق موخوركىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە خامان چېتىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا پاكىز سامان ـ مەڭگەنلەر توشۇپ تۈگىتىلىپ، ئاخىرقى سېسىق مەڭگەن ـ سامانلار تاغىرى ئون تىيىندىن مىشكاپ، تاغارلارغا دەسسەپ قاچىلىنىپ لەڤزە بېشىغا توشۇلۇۋاتاتتى. ۋاسىل دۇيجاڭ كونا خامان بىلەن «يىتلىنىپ» كېتىۋاتقان يىگى كەلگۈندى بوۋايغا ئىچىدە بىر هەس ـ هەس بىلەن قارىغىنىچە، گەپنى نىمدىن باشلاشنى بىلەلمەي ئولتۇرماقتا ئىدى. تۇتۇق بەرمەيۋاتقان توشقان ياكى قىرغاۋۇلغا قانداق ئېغىز سېلىشنى بىلمىگەن

ماشكا ئاشۇنداق زوڭزاراپ، قولاقلىرىنى شىنتايىتىپ ئۆلتۈرۈپ كېتىمدۇ...

ــ ھەي بوۋاي، ھەي ... نامىتاخۇن!ــ دەپ چاقىردى بىر چاغدا ۋاسىل دۇيجاڭ ھومىيىپ ئىشقىيار نامەتنى. ئىشقىيار نامەت بۆرە يۈرۈشىدە لوپۇلداپ مېڭىپ ۋاسىلنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ خوش، خىزمەت، ۋاسىل ئۇكام،ــ دېدى كۆكۈچ كۆزلىرىنى ئۆزىدىن تەڭ يېرىم ياش كىچىك، گەۋدىلىك، بۇقا بويۇن ئادەمگە تىكىپ.

ــ ھېلىقى...ــ قىلىدىغان گېپىنى بىردەم تاپالماي دۇدۇقلىدى ۋاسىل،ــ ھېلىقى ئاتمىش سومنى ھۆرىگۈلگە تاپشۇردۇقما؟

ــ تاپشۇرمامتىكى، سىلى دېگەن گەپ تۇرسا، تالاي كۈن بولدى تاپشۇرغىلى، مانا ھۆججىتى،ــ ئىشقىيار نامەت مەيدە يانچۇقىنى كولاپ قىزغۇچ، نېپىز قەغەزنى چىقىرىپ، ۋاسىل دۇيجاڭنىڭ بۇرنى ئالدىدا پۇلاڭشىتتى.

ۋاسىل ئۈنچىقمىدى.

ــ ھەي، ھېلىقى... نامىتاخۇن، بۇياققا كېلىلى،ــ دېدى ئۇ يەنە، بىر چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھومايغىنىچە.

ئىشقىيار نامەت يەنە بايىقىدەك مېڭىشىدا دۇيجاڭنىڭ ئالدىدا ئۈندى.

ــ خوش، ۋاسىلجان!

ــ ھېلىقى... خامانىنى قاچان پاك ـ پاكىز قىلىپ تاپشۇرىمىز؟ــ ۋاسىل دۇيجاڭ سېسىق سامانلار چېچىلىپ ياتقان خامانغا كۆز يۈگۈرتۈپ، بىرەر باھانە تاپالمايۋاتقاندەك جىلە بولۇپ سۆزلىدى.

— كېلىشكەن ۋاقتىمىزغا تۆت كۈن بار، ئەمما مەن ئىككى كۈندىن كېيىن خامانىنى چىنىدەك تازىلاپ ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزىمەن، — دېدى ئىشقىيار نامەت كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ سۆزىدىن كۆرە كۈلۈمسىرىشى ۋاسىلغا ياقمىدى، ئۇ چىرايىنى ئاغرىق ئادەمدەك پۈرۈشتۈرۈپ، يەنە بىر نېمىلەرنى ئويلاندى...

— تايىنلىق بۇدا قېتىم، «ئەسلى بۇ خامانىنى بۇزۇق ئۇنسۇرغا بېرىشكە بولمايتتىكەن» دەيدىلىغۇ دەيمەن؟

ۋاسىل دۈيجاڭ چۆچۈپ كەتتى.

— قا... قانداق بىلدىلە؟

— ۋاي... مەن شۇ خەق دېمىگەن گەپنى بىلىۋالىمەن دەپ پەيزاۋاتتىن مۇشۇ ياقتا چىققان، يەنە كۆڭۈلدىكىلىرىنى، دېيەلمەيۋاتقان بىر گەپلىرىنى دەپ بېرەيمۇ؟

— دېسىلە! — دېدى ۋاسىل قىزىرىپ - بوزۇرۇپ.

— ئەجەب ئاتمىش سومغا بېرىپ سايتىكەنمەن، بۇ قاشقالىق قۇمباغ مەھەللىلىكلەرنى ئالداپ جىق پۇل تېپىپ كەتتى دەۋاتىدىلا، توغرىما؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، لېكىن راست سەل ئەرزان بوپ كېتىپتۇ... — دېدى ۋاسىل دۈيجاڭ بەتتەر قىزىرىپ.

— بارىكاللا! — دېدى ئىشقىيار نامەت ھىرىلداپ كۈلۈپ، — ئوغۇل بالا گېپىدە تۇرمايدۇ دېگەن گەپ بار، راست ئەمەسمۇ، گېپىدە تۇرسا قانداق ئوغۇل بالا بولىدۇ؟ گاچىلاشمىسىلا، دۈيجاڭ، مەنمۇ ئەقىل ئىگىسى، ئويلاپ قويغىنىم بار...

شۇ گەپ بىلەن ئىشقىيار نامەت مەيدە يانچۇقىنى كولاپ بىر تۇتام پۇلنى ئالدى - دە، ۋاسىل دۈيجاڭغا تەڭلىدى:

— مانا بۇ يۈز سوم، ھېلىقى، تاپشۇرغان ئاتمىش سومدىن بۆلەك، بۇ پۇلنى ئېلىپ مەھەللىدىكى تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاجىزلارغا چاي، تۇز، ئۇل – بول ئېلىپ تارقىتىپ بېرەرلا، ئەمما لېكىن تۆت ئاغىنىلىرى بىلەن «ئايارەي» گە دۆڭ تۇۋۇلسىلىرى بولمايدۇ... ياق، توختاپ تۇرۇڭا، دۈيجاڭ، مۇشۇ مەھەللىدىكى ئادەم ئوغال باللارنى مۇنۇ دوقمۇشتىكى مۇخەممەر تۇڭگاننىڭ ئاشخانىسىغا باشلاپ، كىمشى بېشىغا بىردىن سۈيرۇ لەڭمەنلا ئېلىپ بېرىڭا، ئۆزىڭىزمۇ يېگەچ... قۇمباغ مەھەللىسىدىكى بۇرادەرلەر مەندىن رازى بولۇپ كەتسۇن...

ئىشقىيار نامەت ئالىقىنىغا پوككىدە ئۇرغان پۇلنى سىقىملاپ تۇرغان ۋاسىلنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداق بىر خىجالەتلىك ھەم مىننەتدارلىق سېزىمى لۆممىدە قىلىپ تەكشى يامرىدى.

# كىسەلخانىدىكى كۈنلەر

ئىنسانچىلىقتا ئادەمنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى ئاغرىپ قالىدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ. ئىشقىيار نامەت ھەر دائىم «كەمبەغەل بولساممۇ ھەر ھالدا تېنىم ساق» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ يۈرەتتى، لېكىن بىر قېتىم قاتتىق سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغان باھانە بىلەن بىرەر ئايچە ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالدى.

بىر چاغلاردا گۈلئايشەم دەپ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ ئەسلىگەن نۇرگۈل، ھازىر بولسا قولۇم ـ قوشنىلىرى «نۇخان» دەپ چاقىرىدىغان كەم سۆز، ياۋاش ئايال قەدىناسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن ھېلىدىن ـ ھېلىغا ۋايىم يەيتتى. سەۋەبى، ئىشقىيار نامەت ھازىرغىچە مۇنداق قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ باقمىغانىدى. بىر قىسىم ئادەملەر ئاغرىقا كايەك[1] بولسا، ئۇ ئوكۇل ـ دورىغا كايەك ئىدى. ئايشەمخان ئېرىنىڭ ئوبدانراق بىر ـ ئىككى كۈن دورا ئىچىپ باقىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۆزى بولسا ئاشقازان ئاغرىقىدىن ھەر دائىم ۋايساپ يۈرەتتى، باللىرىغا ئەڭ جىق بۇيرۇيدىغىنى «بازار تەرەپكە ئۆتۈپ قالساڭلار مانا مۇنۇ دورىدىن ئالغاچ كېلىڭلار» دەپ، ئاشقازان ئاغرىقىنى دەررۇ باسىدىغان بىر دورىنىڭ بوش قۇتىسىنى بېرىش بولاتتى. نەچچە

---

[1] كايەك ــ قېرىق.

يىلىنىڭ ئالدىدا بۇ دورىنى قوشىنىسى مۆمىنجان ساتىراشنىڭ دوختۇر كېلىنى بەرگەنىدى، بايقۇش ئايال دوختۇردىن، دوختۇرخانىغا بېرىشتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، ئەمما ئاشۇ دورىنى ئۆيدىن ئۆكسۈتمەيتتى.

— مەيدىلىرى مۇجۇپ ئاغرىۋاتامدۇ يە، مۇنۇ مېنىڭ دورامدىن ئىككى تال ئىچىپ باقامدىلا؟ — دەپ ئېھتىيات بىلەن سورىدى ئايشەمخان، قولىدىكى دورا بوتۇلكىسىنى شەرەتلەپ.

— ۋاي - ۋاي بۇ ساددا خوتۇننى! — دەپ تېرىكتى ئىشقىيار نامەت، — جاھاندىكى ھەممە ئاغرىقتا ئاشۇ شىشەڭلار كار قىلامدا؟ مېنىڭ مەيدەم مۇجۇمايدۇ، بەدىنىم قىزىيدۇ، كۈچ يوق...

سەلدىن كېيىن ئايشەمخان يەنە ئېرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاستا سورىدى:

— دوختۇرغا بېرىپ باقامدىلىكىن يا؟ نەچچە كۈن ئوكۇل سالسا... مۇنداق ياتقانلىرى يامان...

ئىشقىيار نامەت ئۈنچىقمىدى، لېكىن ئەتىسى ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. ئوغلى ئانىسىغا ھەمدەملىشىۋىدى، جېنى قىينالغان ئىشقىيار نامەت ئاخىر ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كېسەلخانىدا يېتىشقا ماقۇل بولدى. بالىچاقىلىرى ئۇنى خۇدىيارىيۇزى مەھەللىسىدىن غۇلجا تاشلەپكىدىكى خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىشتى. بۇ دوختۇرخانا بىلەن كۆككۆۋرۈك[1] تىكى دوستلۇق دوختۇرخانىسى غۇلجىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى دوختۇرخانىلاردىن ئىدى. غۇلجا خەلقى «دوستلۇق» دوختۇرخانىنى «سوۋېتسكى» دەپمۇ ئاتىشاتتى، خوش ئەمدى،

① كۆككۆۋرۈك — غۇلجا شەھىرىدىكى يەر ئىسمى.

تاشلەپكىندىكى «خەلق» دوختۇرخانىسىنى بولسا يەرلىك خەلق «سۇن گومىن دوختۇرخانىسى» دەپمۇ ئاتاپ قوياتتى. سەۋەبى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا بۇ دوختۇرخانىدا كاتيە دەپ رۇس ئايالى بار سۇن گومىن ئىسىملىك دوختۇر كېسەل كۆرەتتى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن كەسىپي تېخنىكا، ئەتراپلىق مۇلازىمەت، ئىللىق مۇئامىلە جەھەتلەردە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقانىدى. خەلق ھېچقاچان ياخشىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

خوش، ئەمدى بىز قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئىڭراپ ياتقان ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەيلى. بۇ قېتىم ھەر ھالدا ئىشقىيار نامەت بىرەر قېتىم بولسىمۇ رايىشلىقنىڭ پايدىسىنى كۆردى. كېسەلخانىدا يېتىپ ئۇچىنچى كۈنىلا خېلى ئوڭشىلىنىپ قالدى. بۇ بىر تەرەپتىن، ئۆمرىدە ئوكۇل، دورىغا يېقىن دارىمىغانلىقنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك. قىزىتمىسى لەپپىدىلا چۈشۈپ، نەچچە كۈنلەردىن بېرىقى ئىشتىھاسىزلىقى تۈگەپ تاماققا كىرىشىپ قالدى، گەپنىمۇ ئىلگىرىكىدەك پوڭ ـ پوڭ قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ئون ـ يىگىرمە قەۋەتلىك كېسەلخانا بىنالىرى يوق، ئاغرىقلار بىر قەۋەتلىك خىش ئۆيلەردە داۋالىناتتى. يوغان پالاتىغا ئالتە ياغاچ كارىۋات تام بويلىتىپ تىزىلىپ، ئوتتۇرىغا ئىككىسى قويۇلغانىدى. ئىشقىيار نامەت تاق ئوتتۇرىدىكى كارىۋاتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىدە ياتتى. سول تەرىپىدىكى كارىۋاتتا ئىلگىرى ـ كېيىن ئاغرىققا ئەگىز، ۋات ـ ۋات بىرى

ياتقانىدى. بىلىكىدە ئوكۇل، توختىماي يەپ تۇراتتى، سۆزلەپ تۇراتتى.

ــ قارىمامسىز، ئاكا، ــ دېدى ئەللىك ياشلاردىكى بۇ كېسەل ئىشقىيار نامەتكە ئەتىگەندىن بېرى ئۈچىنچى قېتىم بىر گەپنى تەكرارلاپ، ــ ھەم قىزىيمەن، ھەم توڭلايمەن، نېمە ئىشتۇر بۇ ـ ھە؟ قانداق قىلسام بولار؟

ــ كېيىنكىسىگە ئامال شۇ، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت ئېگىز قىلىپ قويۇلغان تەكىيىدە ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە تورۇسقا قاراپ، ــ قېلىنىراق يېپىنىپ يېتىڭ.

ــ ئالدىنقىسىغىچۇ؟ ــ دەپ سورىدى ۋات ـ ۋات بىمار.

ــ ئاۋۋال بىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆرۈپ باقمامسىز، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت كۆزلىرىنى يۇمۇپ. تام بويلىتىپ قويۇلغان كارىۋاتلاردىكى ھەرخىل ياشتىكى بىمارلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشتى.

ۋات ـ ۋات ئاغرىق ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يەنە ۋاتىلدىدى:

ــ ھېچكىم مېنىڭ گېپىمنى تىڭشىمايدۇ، ۋاي... ئەھۋالىم يامان مېنىڭ، مۇنۇ خوتۇنمۇ نەگە چىقىپ كەتتىكىنە...

بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئادەم ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى ـ دە، ئوڭدىسىغا ياتقان ئىشقىيار نامەتكە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، ئەسلىدە ئىشقىيار نامەتنىڭ بويىنىدا تۆمۈر پۇلچىلىك دۈگىلەكلىكتىكى تەمرەتكە بولۇپ، دائىم بىردە پەيدا بولۇپ، بىردە يوقىلىپ كېتەتتى. ئىشقىيار نامەتنىڭ پارالىق قىلغاندا بويىنىنى

بىر يانغا قىسسىپ قويۇشىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. بويىنىنى ئاشۇنداق قىسسىپ قويسا تەمرەتكە بار ئورۇنىمۇ تارتىشىپ، قىچىشىقى بېسىلىپ قالغاندەك بولاتتى. باشقا چاغلاردا ئىشقىيار نامەت تەمرەتكە ئورنىنى قولى بىلەن سىلاپ ـ تاتىلاپ ياكى بېسىپ قوياتتى، لېكىن بىرەر داۋا قىلىش خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ۋات ـ ۋات ئاغرىق هازىر دەل ئاشۇ تەمرەتكىگە قارىماقتا ئىدى.

ــ ئاتلىرى نېمىتا؟ هە، ئىشقىكا، بويۇنلىرىدىكى ئاۋۇنى تەڭگىتەمرەتكە دەيمىز...

ــ شۇنداقمۇ؟ــ دەپ قويدى ئىشقىيار نامەت تەمرەتكىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ياكى ۋات ـ ۋات ئاغرىقتا يۆزلىنىش ئۈچۈنمۇ، ئوڭ يېقىغا ئۆرۈلۈپ يېتىپ. تام بويلىتىپ قويۇلغان كارىۋاتلاردىكى بىمارلار تولا گەپ قىلمايدىغان چارساقال، ئورا كۆز بۇ ئادەم گەپكە ئېغىز ئاچسىلا قىزىق گەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىشىۋالغاچقا، شۇ تاپتا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ سۆهبىتىگە قۇلاق سېلىشتى.

ــ بىرەر داۋاسىنى قىلمىدىلىما؟ــ دەپ ئەزۋەيلىدى ۋات ـ ۋات بىمار، ئىشقىيار نامەت غەم تارتماي، ئالىقىنىنى مەڭزىگە قويۇپ ياتقىنىچە جاۋاب قايتۇردى:

ــ داۋا قىلاي دېگەنىدىم، ئاغىنە، بىراق كاساپەتنىڭ هازىرغىچە، نەق تەشكىلىنى تاپالماي يۈرىمەن.

پاراققىدە كۈلۈشكەن ئاۋازلاردىن ۋات ـ ۋات بىردىنلا مەڭدەپ كەتتى.

ــ نېمىگە كۈلىسىلەر؟ــ دەپ ئىنچىكە ئاۋازدا چىرقىرىدى،ــ خاتا گەپ قىلدىمما؟ يە يامان گەپ قىلدىممۇ؟ تازىمۇ بىر...

شۇنىڭ بىلەن پالاتىدىكى بىمارلار بىر ـ ئىككى سائەتكىچە ئارام ئېلىپ قېلىشتى.

بۇ پالاتىغا قارايدىغان سېستىرالارنىڭ ئىچىدە سېمىزرەك، قاپىقى يامان بىر چوكان بىمارلارغا ئىنتايىن قوپال مۇئامىلە قىلاتتى. قاپىقىنى تۈرۈپ كىرىپ، تۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى، ئوكۇلنىمۇ شۇنداق قوپال سالاتتى. بىمارلار ھەر كۈنى ئۇ چىقىپ كېتىشىگىلا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتى، پالاتىغا كىرىشىگىلا جىم بولۇپ قالاتتى. ھەق ـ ناھەق تۈيغۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىشقىيار نامەت بولسا بۇنداق قىلىشقا ئۆگەنگەن مىجەزى يول قويمايتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە دوختۇرخانىنىڭ كەسىپكە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى بۇ بۆلۈمدىكى دوختۇر ـ سېستىرالارنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ، بىمارلاردىن قانداق تەلەپلىرى بارلىقىنى سورىدى. ئىشقىيار نامەت دەررۇ ياتقان يېرىدىن تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىدى.

ــ تاغا، تەلىپىڭىز بولسا دەڭ،ــ دېدى باشلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

ــ تەلىپىم يوق، ئۇكام، ئەمما بىر سوئالىم بار.

ــ ھە، سوراڭ،ــ دېدى باشلىق دەررۇ.

ــ بۇ كېسەلخانىمۇ يا تۈرمىمۇ؟ــ دەپ سورىدى غەم تارتماي ئىشقىيار نامەت. مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئىشقىيار نامەتكە تېخىمۇ يېقىن كەلدى.

ــ نېمىشقا بۇنداق دەيسىز، تاغا؟

ئىشقىيار نامەت دوختۇر ـ سېستىرالار ئارىسىدا ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، قىزىرىپ تۇرغان سېمىز سېستىراغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى.

— بەزى ئاق خالاتلىق ساقچىلارنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ دەيمىنا، ئۇكام!

ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپى بىلەن تەڭ پالاتىدىكى بىمارلار خۇشال بولۇپ كۈلۈشۈپ كەتتى، كىمدۇر بىرى «توغرا دەيدۇ» دېدى.

باشلىق تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كېيىن بىرنېمىنى ھېس قىلغاندەك ئارقىسىدىكى دوختۇر ـ سېستىرالارغا قارىدى ۋە:

— يۇرۇڭلار، يىغىن بار، — دەپ كەينىگە قايرىلدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلىكى سېمىز سېستىرا تازىمۇ ھەجىيىپ پالاتىغا كىرىپ كەلدى.

— ياخشى تۇردۇڭلارمۇ، ئوكۇلۇڭلارنى سېلىپ قويايمۇ؟

بىمارلار ھەيرانلىقتا بىر ـ بىرىگە، كېيىن تەڭلا ئىشقىيار نامەتكە قاراشتى.

سېمىز سېستىرانىڭ مۇئامىلىسى ئۆزگەرگىنى بىلەن ئوكۇل سېلىش تېخنىكىسى دەررۇ ئۆزگەرمىگەنىدى، ھەر قېتىم ئۇ ئوكۇل يىڭنىسىنى بىلىكىگە سانجىغاندا ئىشقىيار نامەت جايىدىن بىر قوزغىلىپ كېتەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پالاتىدىكىلەرنىڭ بىرى يېنىدىكىسىگە پاراڭ سېلىۋاتاتتى، ئىشقىيار نامەت ئاڭلاپ قالدى.

— ئەتىگەننىڭكىدىكى كۆڭلۈم ئېلىشىپلا تۇرىدۇ دېسەم، دوختۇر، ئەتەي قەي قىلىۋېتىڭ دەيدۇ، قانداق قىلسام بولار؟

— سىزگە ئوكۇل سالمايۋاتامدا، ئىنىم؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئىشقىيار نامەت، بايىقى پاراڭ قىلغان بىمار دەررۇ جاۋاب بەردى:

— ئوكۇل سېلىۋاتىدۇ، قانداق دەيلا، تاغا؟

— مەسىلەن، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — دائىم ئوكۇلنى كىم سېلىۋاتىدۇ، قايسى خانىم؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى ئىشقىيار نامەت.

— ھېلىقى... ئىنچىكە، سېرىق قىز بالا.

— بولماپتۇ، — دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇ، — سىزچۇ، ھېلىقى بىزگە ئوكۇل سالىدىغان سېمىز خانىمغا تەلەپ قىلىپ ئوكۇل سالدۇرۇڭ، ئەزبىرايى شۇ ھامان قەي قىلىۋېتىسىز...

پالاتىدا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. دەل شۇ كۈلكىنىڭ ئۈستىگە، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئوكۇلىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن سېمىز سېستىرا قاقاھلاپ كۈلۈپ سورىدى:

— نېمە بولدى، لەتىپە ئېيتىۋاتامسىلەر؟

... كېسەلخانىدا كۆپچىلىك بولغاچقا ھەرخىل قىزىقچىلىقلار، قىزىق ئىش، قىزىق پاراڭلار بولۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاغرىق يوقلايدىغانلار، ياندىكى، ئۇدۇلدىكى پالاتىلاردا ياتقان بىمارلار كىرىپ - چىقىپ تۇرغاچقا ھېلىدىن - ھېلىغا پاراڭ تېمىلىرىمۇ يېڭىلىنىپ تۇراتتى. تام ياقىلىتىپ قويۇلغان كارىۋاتلارنىڭ بىرىدە، ئىككىنچى نومۇرلۇق كارىۋاتتا يېشى توقسانلارغا بېرىپ قالغان، كەكە ساقال، ئاپپاق قاشلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، ئۇزۇنتۇرا، خىرىلداپ سۆزلەيدىغان ياۋاش بىر بوۋاي بىر كۈنى ئالايتەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشقىيار نامەت ياتقان كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كەلدىدە، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ سەل دوڭغايغىنىچە ئىشقىيار نامەتكە خۇددى كۆرگەزمە بۇيۇمىغا قارىغاندەك ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ھېلىلا ئوكۇلى تۈگەپ، بىردەم ئارام ئېلىپ ئوڭدىسىغا چۈشۈپ

ياتقان ئىشقىيار نامەت بوۋاينىڭ ئۇزاق قاراپ كېتىشلىرىدىن ئوڭايسىزلاندىمۇ يا بولمىسا ئۇنى ماڭا بىر گېپى بارمىكىن دەپ ئويلىدىمۇ، ياتقان يېرىدىن لىككىدە تۇرۇپ، كارىۋاتتا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى ۋە كۆكۈچ ئورا كۆزلىرىنى بوۋايغا تىكىپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ ياتىۋەرسىلە، ياتىۋەرسىلە، ــ دېدى بوۋاي، ــ زوقۇم كېلىپ قاراۋاتىمەن، ئاز گەپ قىلغان بىلەن گەپنى پوك ــ پوك قىلىدىكەنلا.

ئىشقىيار نامەت نېمە دېيىشنى بىلمەي تېخىمۇ كۈلۈمسىرىدى.

ــ كۆزلىرىم تازا ياخشى كۆرمەيدۇ قارىسىلا، ــ دېدى بوۋاي پاراڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، ــ غۇۋا، گاھىدا بىرنېمە ئىككى كۆرۈنىدۇ.

ھامىنى بىرنېمە دېيىش كېرەك ئىدى، ئىشقىيار بوۋايغا مەسلىھەت بەردى:

ــ سىلىگە بىر دورا دەپ بېرەي، قىپ باقامدىلا؟

ــ قىپ باقاي، قىپ باقاي، ــ دېدى بوۋاي دەررۇ ئالدىغىراق كېلىپ، ــ قۇلىقىم سىلىدە!

ئىشقىيار نامەت مەسلىھەت بەردى:

ــ سىلىچۇ، ئاپىدىيان، رومبەدىيان، قارا كۆز بەدىيان... ھە، سىرىقچېچەكمۇ دەپ قويىمىز، جونا... ھە نانىخۇا دېگەن شۇ، زىرىدىن بىر ئۇلۇش، زەنجىۋىلدىن يېرىم ئۇلۇش ئەكەلدۈرۈپ، ھاۋانچىدا تازا سوقۇپ، ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلاپ، شۇنى ھەر كۈنى چايلىرىغا بىر چىمدىمدىن سېلىپ ئىچىپ بەرسىلە، كۆزگە ئاجايىپ مەنپەئەت قىلىدۇ...

شۇ تاپتا ئىشقىيار نامەت ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، قىزىلبويىنىڭ پەيشەنبە بازىرىدا قىيىنئاتىسى جۇمە نىيازدىن ئاڭلاپ ئۆگىنىۋالغانلىرىنى بوۋايغا دەپ بېرىۋاتاتتى.

بوۋاي خۇشال بولۇپ كەتتى:

— ۋاي - ۋاي، خوي دېدىلەرا، سەل تۇرۇپ ئوغلۇم كەلگەندە خەتلىۋالسۇن - ھە، يەرنىڭ ژىنىدىن بولسىمۇ تېپىپ كېلىدۇ.

— قاراكۆز بەدىيان دېدىلىما، ئىشقاخۇن، قىزىق...

تام تەرەپتە ياتقان يەنە بىر بىمار گەپكە لوقما تاشلىدى:

— ماڭا قارىسىلا، تاغا، مەن يامان قۇرۇق ئىسسىق، كالپۇكلىرىم گەز باغلاپلا تۇرىدۇ، ماڭىمۇ بىر دورا دەپ بەرسىلە!

ئىشقىيار نامەت ئولتۇرغان يېرىدە قىيا ئۆرۈلۈپ، ئارقىسىدىكى قۇرۇق ئىسسىقا سۆزلىدى:

— بۇنىڭمۇ چارىسى بار، سەكسەنخالتىغا بېرىپ، ھىندىستاننىڭ تەمرىن دېگەن دورا قېقى بارمۇ دېسىلە، ھە... شۇنىڭدىن ئارا كۇندە بىر قاچىلىك دەملەپ سۇيىنى ئىچىپ بەرسىلە، ئىسسىق ئالغانغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئەمما لېكىن جىق ئىچىۋەتمىسىلە، سىيگەك قىپ قويىدۇ، مۇز سوغ نېمە ئۇ...

قۇرۇق ئىسسىق بىر نېمە دەي دېۋىدى، ئاڭغىچە باياتىن بولۇۋاتقان پاراڭلارنى ئاڭلاپ ياتقان ۋات - ۋات بىمار ئورنىدىن ئىرغىپ قوپۇپ ئىشقىيار نامەتكە يۈزلەندى.

— ۋاي - ۋۇي، تېۋىپكەنلا - ھە سىلى؟ ئۇقماپتىمىز

ئەمەسمۇ، ماڭا قارسىلا، ماڭىمۇ بىر ەر دورا دەپ بەرسىلە، ئىچىم تىتىلداپلا تۇرىدۇ چۇ مىنىڭ...

ــ سىلىگىما؟ ــ دىدى ئىشقىيار نامەت مىيىقىدا كۇلۇمسىرەپ، ــ دەپ بىرەي، سىلىچۇ مەجۇنى كەم سۆز بىلەن قۇرسى غىت ـ غىتتىن بىر ئاي بىيىپ ئىچىپ بەرسىلە!

پالاتىدا ۋاررىدە كۇلكە كۆتۇرۇلدى. ۋات ـ ۋات ئاغرىق خەقنىڭ نىمىگە كۇلۇۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق، غودۇڭشىدى:

ــ ۋاي ـ ۋۇي، ئاجايىپ غەلىتە دورىلار بارىكەنە!

كۇلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

كېسەلخانا دىگەن دەڭگە ئوخشايدۇ، شۇ پاراڭ بولۇپ ئەتىسى ۋات ـ ۋات ئاغرىق دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىۋىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا دەررۇ باشقا بىر ئاغرىقنى ئەكىرىشتى. يېڭى كەلگەن بىمار قايسىبىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ئۇ چاغلاردا دوختۇرخانىلاردا باشلىقلار پالاتىلىرى كەمدىن ـ كەم بولغاچقا، بىمارنى مۇشۇ پالاتىغا ئەكىرىشكەنىدى. دوغىلاققىنە كەلگەن، قارىمۇتۇق، كالتە بويۇن بۇ ئادەم ھېچكىمگە گەپ قىلماي پالاتىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، كارىۋىتىغا ئوبدان ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن يان كارىۋاتتا ئۆزىگە زەن سېلىپ ياتقان ئىشقىيار نامەتكە قاراپ بېشىنى ئىرغىتىپ قويىدى ۋە:

ــ قادىر بارات، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، جىڭ كېجى[1] دەرىجىلىك... ــ دىدى.

پالاتىنى غەيرىي بىر جىملىق باستى، تام بويلاپ ياتقان

---

① بۆلۇم باشلىقى دەرىجىلىك دىمەكچى.

بىمارلار يېڭى كەلگەن بۇ ئاجايىپ ياتاقدىشىغا خەۋپسىرىگەندەك قارىشىپ، تولىراق ئىشقىيار نامەتنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى قىزىسقىپ كۈتۈشەتتى. دەرۋەقە، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاجايىپ قىزىق گەپ قىلىدىغان، تېگى بىلەن پاراڭ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇ پالاتىدىكىلەرلا ئەمەس، زالدىكى باشقا پالاتا بىمارلىرىمۇ بىلىپ كېتىشكەنىدى. گاھىدا زالدا مۇنداق پاراڭلار بولاتتى:

— مۇنۇ ياتاقتا ئەجەب قىزىق پاراڭ قىلىدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن...

— ھېلىقى، ئىسسىقتىمۇ تۇماق كىيىۋالىدىغان بوۋايما؟

— بوۋاي دەيسەنغۇ، ياشلا كۆرۈنىدۇغۇ!

— قارىسا قىزىق پاراڭ قىلىدىغاندەك ئەمەس ـ ھە، قاراشلىرىمۇ سۇرلۇك...

— مىڭ ياڭزا ئادەم بار دېگىنە، ئاداش!

... دەل شۇ چاغدا ئىشقىيار نامەت ھېلىقى سۇرلۇك قاراشلىرى بىلەن قادىر بارات دەيدىغان غەلىتە شەخسنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ھەدېگەندىلا ئۆزىنى مەنسىپى بىلەن تونۇشتۇرغان بۇ خادا ئادەم، تەبىئىيكى ئىشقىيار نامەتنىڭ دىتىغا ياقمىغانىدى... لېكىن بۇ چاغدا جايىغا ئۆزۈن سوزۇلۇپ يېتىۋالغان قادىر بارات ئىشقىيار نامەتكە يانچە قاراپ داۋاملىق سۆزلەۋاتاتتى:

— ئەسلىدە خىزمەتلەرنى باشقۇراتتىم، ئەمما ۋاقتىنچە...

— نەلىرى ئاغرىيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىشقىيار نامەت ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي.

ــ باشقا ئالامەت يوق، شۇ مۇزلايمەن، قىزىيمەن، تىترەيمەن... دوختۇرلار ئىنقلايمىز دەيدۇغۇ...
شۇ ئارىدا قادىر باراتنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە بايا سىبستىرا ئىپسىپ قويغان، بىمارنىڭ نام ـ ئەھۋال كارتوچكىسى قىستۇرۇلغان تۆمۈر رامكا يەرگە تاراققىدە قىلىپ چۈشۈپ كەتتى.
ــ ما بىرنېمە ئىشتىنىنى سىيلىۋەتتىغۇ!ــ قادىر بارات شۇ گەپنى قىلغىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ يەردىكى تۆمۈر رامكىنى ئېلىپ تومپۇچكا ئۈستىگە تاشلىدى. كېيىن جايىغا كېلىپ ياتتى ـ دە، يەنە ئىشقىيار نامەتكە يېرىم بۇرىلىپ قاراپ سۆزىنى داۋام ئەتتى،ــ خىزمەتلەر جىددىي، ۋاقتىدا ياتالمىدىم، خىزمەتلەرنى ئۆزۈم تۇتىمەنچۇ، بۇ يىل ئالتايدىن قىرىق مىڭ قوي يۆتكىدىم...
ــ ھەيدەپما؟ــ دەپ قويدى ئىشقىيار نامەت.
ــ نېمە دەيدۇ، تەستىقلاپ...ــ قادىر بارات ئاغزىنى ئۆمەللەپ يەنە بىرنېمە دەي دېۋىدى، ئاڭغىچە ئۇنىڭ مەسئۇل دوختۇرى كىرىپ قالدى.
ــ ئىسمىڭىز قادىر باراتما؟ــ دېدى ياشقىنا دوختۇر بالا قولىدىكى كېسەللىك ئارخىپىنى ئېچىپ.
ــ قادىر بارات،ــ دېدى قادىر بارات دەررۇ،ــ مۇئاۋىن...
دوختۇر قولىنى كۆتۈرۈپ قويدى ۋە:
ــ ئۇنىڭ لازىمى يوق، يېشىڭىز؟ــ دېدى.
قادىر بارات دوختۇرنىڭ سوئاللىرىغا پات ـ پات ئەمەلىنى قېتىپ جاۋاب بەرگىلى تۇردى. دوختۇر بالا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلىۋېتىپ، گاھىدا كۈلۈمسىرەيتتى.

— ھاراق ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى دوختۇر بىر چاغدا. قادىر بارات دەررۇ جاۋاب بەردى:

— ھە، ھاراق دېگەن يولداش بىلەن گاھىدا سالاملىشىپ تۇرىمىز.

دوختۇر كۈلۈپ كەتتى.

— تاماكا چېكەمسىز؟

— ئۇ ناكەسنى خېلى بولدى ئاغزىمىزغا ئالمىدۇقمۇ، — دېدى قادىر بارات.

پالاتىدىكى بىمارلار ۋە ئاغرىق باققۇچىلار قىزىقسىنىپ پاراڭغا قۇلاق سېلىشماقتا ئىدى، گاھىلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۆزلىرىنى يۇمچۇقلىشاتتى. قادىر بارات دوختۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ئۆزۈن سوزۇلۇپ ياتتى - دە، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئىشقىيار نامەت تەكىيىگە يۆلەنگىنىچە قوللىرى بىلەن بىر تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن زەن سالاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا قادىر باراتنى بىرمۇنچە كىشىلەر يوقلاپ كېلىشتى، ئىدارىسىدىكىلەر بولسا كېرەك، ھەممىسى خۇشخۇي كۈلۈشۈپ، يېقىملىق گەپلەرنى قىلىشاتتى. قادىر بارات بولسا، ئەتراپتا ئۆزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ يېتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ گاھى - گاھىدا سورلۇك ئاۋازدا پاراڭ قىلىپ قوياتتى. ئاغرىق يوقلىغۇچىلار بىردەم كىملەرنىڭدۇر گېپىگە چۈشۈپ كەتتى. قادىر بارات ھەر قېتىم بىر ئىسىم تىلغا ئېلىنغاندا كۆزلىرىنى ئاچمايلا پاراڭغا لوقما سېلىپ قوياتتى:

— ھە، ئايۇپ ئىمىنما؟ مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك...

— نېمە دەيدۇ، تېخى ئەمدى بۆلۈم دەرىجىلىكنى ئالدى ئۇ.

— پىنسىيەگە چىقتى، ھېچنېمە يوق ئەمدى!

ئىشقىيار نامەت جايىدا ياتقىنىچە ئۆزى ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرگە ئەجەبلەنگەندەك ياستۇقتىكى بېشىنى ئاستا تەۋرىتەتتى.

قادىر بارات پالاتىغا كىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا سەھەردە ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە قان ئېلىشقانىدى، يەنە بىرنەچچە زۆرۈر تەكشۈرۈشلەرگىمۇ چىقتى. ھايال ئۆتمەي، ئۆگۈنلۈكى تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسى چىقىپ، كېسىلى ئېنىقلاندى.

— قادىركا، سىزنى يۆتكەيدىغان بولدۇق، — دېدى مەسئۇل دوختۇر.

— كا جۇيجاڭ! — دېدى قادىر بارات، كېيىن سورىدى، — نەگە يۆتكەيسىلەر، نېمىشقا؟

— ئەھۋالدىن قارىغاندا سىز ئۆرە كېزىك بولۇپ قاپسىز، سۇ دەرۋازىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا بارمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر جىددىي قىلىپ.

قادىر بارات تېڭىرقىدى.

— ئەستا، ئەمدى ياتقاندا... ئۇكام، قانداق كېسەل ئۇ، خەتەرلىكما؟

— ئىشقىلىپ جىددىي تۇتۇپ داۋالىمىسىڭىز بولمايدۇ، يۇقۇملۇق كېسەل بۇ، خەنزۇچە فۇشاڭخەن دەيدۇ...

— نېمە؟ — دېدى قادىر بارات دەررۇ، — مۇئاۋىن شاڭخەن... كېزىك دېگەن گەپقۇ بۇ...

شۇ كەمگىچە پاراڭ قىلماي تۇرغان ئىشقىيار نامەت دەررۇ ئىغىزلاندى:

— يائاللا، قادىرجان، سىلىگە ئاغرىقنىڭمۇ مۇئاۋىنلىقى تېگىپتۇ — دە؟

پالاتىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، دوختۇرمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. قادىر بارات ئىشقىيار نامەتكە تازا بىر ئالىيىۋېتىپ، كارىۋاتتىن چۈشتى.

— بارسام باراي، ئۇ سۇدەرۋازا دوختۇرخانىدا باشلىقلار ياتىدىغان ئايرىم ئۆيلەر باردۇر؟

... چۈشتىن كېيىنلىكى قادىر باراتنىڭ كارىۋىتىنى بۆلەك بىر بىمار ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال، قادىر باراتنىڭ كېتىشىگە سېستىرالار ھەممە ئادەمنى زالغا چىقىرىۋېتىپ، پالاتىنى دېزىنفېكسىيە قىلغانىدى.

ئىشقىيار نامەت زالدا تامغا يۆلىنىپ، دوختۇرلارنىڭ «ئەمدى كىرسەڭلار بولىدۇ» دېيىشىنى ساقلاپ تۇراتتى، قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بالىسىنى قۇچاقلاپ بەزلىگىنىچە ئۇياق – بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئايال ئىشقىيار نامەتكە خۇددى ئۇنى تونۇيدىغاندەكلا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— كىچىك بالا دېگەن گەپ قىلالمىغاندىن كېيىن بىر يېرى ئاغرىسا يىغلاپ توختىمايدىكەن قارىسىلا، ئەمدى مەشەدە ياتقۇزۇپلا ئوكۇل ئاستۇرمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى.

— دورا ئىچكۈزۈپ باقمىدىلىما؟ — دېدى ئىشقىيار نامەت تەسەللايىلا. ئايال دەررۇ بېشىنى لىڭشىتتى — دە:

— ئىچكۈزمەمدىغان، بىراق شۇ دورا ئىچكىلى ئۇنىمايدۇ، دائىملا قىيام دورىنى قوشۇق بىلەن ئاغزىغا قۇيسام، چىڭقىلىپ چىقىرىۋېتىدۇ، — دېدى.

ــ ئەممىسە بولمىغۇدەك،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت،ــ دورىنى ياندۇرۇۋەتكەن بالا، ئوكۇلنىمۇ چىگقىلىپ چىقىرىۋېتەرمىكىن!

ــ ۋيەي گېپىنىڭ قىزىقلىقىنى،ــ دېدى ئايال بالىسىنى پەپىلىگىنىچە،ــ كۇلمەي تۇرۇپ سۆزلەيدىكىنا بۇ ئادەم...

قادىر باراتنى يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن دوختۇر ئىشقىيار نامەتكە «ئەمدى سىزمۇ دوختۇرخانىدىن چىقسىڭىز بولىدۇ» دېدى. ئىشقىيار نامەتمۇ خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. گەرچە ئۇچرىغان ئوقەتنى قىلىپ بىر ئۆيىنى گۈلدەك بېقىپ كېلىۋاتقان، بەش ـ ئون كۈن ئوقەت قىلمىسىمۇ ئۆيدىكىلىرى خىجالەت تارتىپ قالمايدىغان بولسىمۇ، ئىشقىيار نامەتنىڭ نەزىرىدە بىر كۈن بازارغا چىقمىسا، تۇرمۇش بىر كۈن ئاقسايتتى، كۆڭلى زادىلا ئارام تاپماس ئىدى. ياشلىقىدىن تارتىپ سىڭگەن بۇ مىجەزىنى ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە داۋاملاشتۇردى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئىشقىيار نامەت دوختۇرخانىدا ئون ئىككى كۈن يېتىش داۋامىدا كېسىلىمۇ خېلى شىپا تېپىپ، ماغدۇرىغا كېلىپ قالغان ھەمدە شۇ جەريانىدا، دوختۇرخانا ئەتراپىدىكى بازاردا پۇل تاپقىلى بولىدىغان بىر ـ ئىككى ئىشنى پەملەپ قويغانىدى. ھازىر بولسا تېزرەك دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئۆزى كۆرۈپ قويغان شۇ ئىشلارنى جىددىي باشلاش كويىدا بولۇۋاتاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىغا قىزىقسىڭىز، كېيىنكى بابقا نەزەر ئاغدۇرغايسىز.

# چايخانىدىكى لەتىپە

ئەمدى بىز ئىشقىيار نامەت دوختۇرخانىدا ياتقان كۈنلەردە پەملەپ قويغان ئىككى ئىشنىڭ بىرى — نان يەتكۈزۈش توغرۇلۇق سۆزلەيمىز.
تاشلەپكىمدىكى خەلق دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان كۈنلىرىدە ئىشقىيار نامەتنىڭ ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بىر قېتىم كوچىغا چىقىپ قورساق توقلىغاچ، ئەتراپتىكى بازارنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىز تېخى يازمىغانىدۇق، بىراق بۇنى ئەلۋەتتە سەگەك ئوقۇرمەنلىرىمىز ئاللىقاچان پەملەپ بولۇشقان. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن ئۆزىمۇ ۋاقتى - سائىتى كېلىپ بالنىستىدا يېتىپ قالسا، ئەلۋەتتە يېقىنراق يەردە، ئۆپچۆرىدە ياخشىراق ئاشخانا، چايخانا بارمىكىن دېگەن خىيال ۋە ئىزدىنىشتە بولىدۇ. كونىلارنىڭ «قورساقتىن باشقا نېمىمىز بار» دەيدىغان سۆزىمۇ ئەينى ھەقىقەتقۇ!
ئىشقىيار نامەت دوختۇرخانىدا ياتقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەنلىكى، قاق سەھەردە، قولىلىرى مۇزدەك بىر سېستىرا تاقىلداپ مېڭىپ كىرىپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ بىلىكىنى رېزىنكىدە بوغدى - دە، ئوكۇل يىڭنىسىنى قوپالغىنە سانجىپ، ئۇنىڭدىن خېلىلا نۇرغۇن قان ئالدى. بۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. تاڭ سەھەردە، ئۇيقۇچىلىقتا يوغان

ئىشىرىسقا ئۆزىنىڭ بىلىكىدىن ئېلىپ قويۇلۇۋاتقان قاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سەل بېشى قايغاندەك بولدى. سېستىرا ئىشىرىسقا قان سۈمۈرۈۋېتىپ، ماسكا تارتىۋالغان ئېغىزىدا بوغۇققىنە قىلىپ:

ــ قېنىڭىز تازىمۇ قويۇقكەن ھەم قارامتۇل، كاللا ـ پاقالچاقنى جىق يەمسىز؟ ــ دەپ قويدى.

ئىشقىيار نامەت سېستىرانىڭ ئەۋلىيادەك تاپقۇرلۇقىغا ھەيران قالدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ قوينىڭ باش ـ سىرىقىغا ئامراق ئىدى. ھەتتا زايە بولمىسۇن دەپ بارماقلىرىنى تىقىپ يۇرۇپ قوينىڭ مېڭىسىگىچە يەۋېتەتتى. چۇنكى، باش پۇلغا كېلەتتى ـ دە! شۇ تاپتا ئۇنىڭ سېستىرادىن «قان قويۇق ھەم قارامتۇل بولسا قانداق بولىدۇ؟ كېسەلنىڭ ئالامىتىمۇ يە؟» دەپ سورىغۇسى كەلدى ـ يۇ، لېكىن ئۈنچىقمىدى، بىراق كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى.

ــ ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىسىڭىز بولىدۇ، قۇۋۋەتلىكرەك يەڭ، ــ دېدى سېستىرا تاقىلداپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىشقىيار نامەت بىردىنلا قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ دوختۇرنىڭ تاپىلىشى بويىچە، قىزى چولپان ئەكەلگەن مەنپەردىن بىر پىيالىلا ئىچكەنىدى.

بىرەر سائەت ئېغىناپ ياتقاندىن كېيىن ئىشقىيار نامەت ئەتىگەنلىك چاي ئىچكىلى سىرتقا چىقتى. تاشلەپكە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا ۋە خەنزۇ بازىرىغا كېتىدىغان يولنىڭ ئوڭ چېتىدە، تۇڭگان مەسچىتىنىڭ يان تەرىپىدە پاكار ـ پاكار ئاشخانا، چايخانىلار خېلى جىق

ئىدى. ئىشقىيار نامەت كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن بىر چايخانىغا سالام بىلەن كىرىپ كەلدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قىنى مېھمان، كەلسىلە!ــ دەپ قارشى ئالدى چايخانىچى، چىراي تۇرقى، ساقال ـ بۇرۇتلىرىغىچە ئىشقىيار نامەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان چايخانا خوجايىنىنىڭ ياش قۇرامىمۇ ئىشقىيار نامەت بىلەن تەڭدەك قىلاتتى.

ــ بۇرادەر، ئەتكەنچايمۇ يا...ــ دەپ ئىشقىيار نامەتنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىككىلىنىپ سورىدى چايخانا ئىگىسى. ئورانىدىن ئۇنىڭ ئىشقىيار نامەتنى يىقىن ـ ئارىدا يۇرت تاشلاپ چىققانمىكىن دەپ ئويلاۋاتقانلىقىدا شەك يوق ئىدى، دېمىسىمۇ ئىشقىيار نامەت غۇلجىدا تۇرغان يىگىرمە نەچچە يىلدا تۇرقى ـ سىياقىنى زادىلا ئۆزگەرتمىدى، نەگە بارسا چېنىپلا تۇراتتى.

ــ شۇ... سۈت چاي بەرسىلە،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت خوجايىنغا تىكىلىپ، كېيىن قوشۇپ قويدى،ــ ئۆگىنىپ كەتتۇقمۇ.

ــ شۇ، مەنمۇ يېڭى كەلگەندە ئۆگىنەلمىگەن،ــ دېدى چايخانىچى ئىشقىيار نامەت ئولتۇرغان ئورۇندۇق ئالدىدىكى شىرەنى دەسمالىلاۋېتىپ،ــ سۈتكە سۇنى قوشۇپلام، قارىچاينى سېلىپ قاينىتىپلام، تۇزنى قوشۇپلام «ئەتكەن» چاي دەۋالىدىكەن، خۇددى غىزا ئەتكەندەك... دېسەم... كېيىن ئىچىۋېرىپ بىلەر ـ بىلمەي ئۆگىنىپ كەتتىم ئەمەسما، خۇمىرى يامانكەن دەيمەن بۇ كاساپەتنىڭ، مانا ھازىر بىر كۈن ئىچمىسەك بېشىمىز ئاغرىيدۇ ئەمەسما، ئۆزلىرى نەدىن؟

ــ پەيزاۋاتتىن،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت خالار ـ خالىماي،ــ پاتراق بولامىلا؟

ــ قورساق ئېچىپتۇ ـ دە، مانا ـ مانا ھازىر،ـ چايخانىچى نېرىغا بېرىپ، باياتىن ئەشەدە بىر ئايال ئېتىۋاتقان يوغان بىر ئاپقۇر قايماقلىق ئەتكەنچاينى ئەكېلىپ، داۋالغۇتۇپ شىرەگە قويدى،ــ گىردىمۇ يا؟...

ــ ئوخشاش،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت زەردە بىلەن، زەردىسى، «نېمە بولسا مەيلى، چاپسان ئەكەلمەمسەن» دېگىنى ئىدى. ھايال ئۆتمەي نانمۇ كەلتۈرۈلدى، ئاڭغىچە نېرىغا كېلىپ ئولتۇرغان ياشراق بىرەيلەنگىمۇ ئىشقىيار نامەت بىلەن تەڭلا چاي، نان ئەكېلىشتى.

ــ نان غىچىرلايدىيا!ــ دېدى كۆرۈنۈشى مەدەنىي، ياشراق ئادەم گىردە ناندىن يوغان بىر چىشلەپ چاينىغاچ،ــ قوم چاينىغاندەك...

ــ چەككەن تۇگمەننىڭ ئۇنىكەن ـ دە،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇ ناننى ئاغزىغا سېلىپ.

ــ يوقسۇ، يوقسۇ،ــ دېدى چايخانا ئىگىسى دەررۇ،ــ زاۋۇتنىڭ ئۇنى بۇ، تاق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇن دۇكىنىدىن ئەكەلدىمغۇ!

ئىشقىيار نامەت تەن بەرمىدى.

ــ ئەمىسە، چەككەن زاۋۇتنىڭ ئۇنىكەن دېسىلە!

ياشراق ئادەم ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپىگە قىزىقسىنىپ كۈلۈۋەتكەنىدى، چايخانىچى سەل ئۆڭدى. ئاڭغىچە باياتىن قۇرۇق چېلەكنى داپ قىلىپ چېلىپ چىقىپ كەتكەن ئون نەچچە ياشلاردىكى شاگىرت بالا شۇ پېتى قايتىپ كىردى ـ دە، چايخانا خوجايىنىغا:

ــ ئۇستام، ئۆستەڭدىكى سۇ يامان پاسكىنىكەن، قانداق قىلىمەن؟ــ دېدى.

ــ ھېچ گەپ يوق، كۆزۈڭنى يۇمۇپلا ئەكىرىۋەر،

ناھايىتى...— دېدى خوجايىن ۋە دەررۇ تىلىنى تىيدى.
— ھە، ئەكىرىڭلار، بالام،— دېدى شۇ ھامان ئىشقىيار نامەت گەپ ئارىلاپ،— شۇ سۇدا قايناتقان چىيىڭنىمۇ كۆزىمىزنى يۇمۇپلا ئىچىۋېرىمىز، مانا مۇشۇنداق...
نېرىقى شىرەدە چاي ئىچىۋاتقان ياشراق ئادەم دەررۇ ئالدىدىكى ئاپقۇرنى نېرى ئىتتەردى، بالا بىلەن چاي ئىيتمۇاتقان ئايال داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالغاندى.
— يوقسۇ، يوقسۇ، ئۇنداق دېمىسىلە،— چايخانا خوجايىنى ئۆتىلىپ - قارىداپ دەررۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى،— سىلى ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، ئۇنداق ئويلىمىسىلا، بۇرادەر، سىلى ئىچكەن چاينىڭ سۈيى تۇنۇگۈن ئاخشامقى سۇ، ھە، ئۆستەڭ تىنىق ۋاقتىدا...
— ئىشقىلىپ شۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى دەڭا؟— ياشراق ئادەم ئەمدى ئۆزىمۇ ئورۇندۇقتىن دەس تۇرۇپ كەتتى، قاپىقى سىلىنىپ، خوجايىنغا بىرنېمە دەي دېدى - يۇ، كېيىن چاينىڭ پۇلىنى دوقىدە قىلىپ شىرەگە قويۇپ، چايخانىدىن چىقىپ كەتتى. چايخانىچى ئۆزىدىن كەتكەن سەۋەنلىككە ئەلھۆكمىلىللا دېدىمۇ، يېلىنغاندەك ئىشقىيار نامەتكە قارىدى.
— ماڭغۇ ئوخشاشتى،— دەپ قويدى ئىشقىيار نامەت چايخانىچىغا تەسەللى بەرگەندەك،— قەشقەردىن ئىلىغا كەلگۈچە ئىچمىگەن سۈيۈم قالمىدى مېنىڭ...
چايخانىچى چىرايىنى كۈلكىگە زورلاپ، ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىۋىدى، ئاڭغىچە ئىشىك ئېچىلىپ، بىرنەچچە خېرىدار كىرىپ كېلىشتى. خوجايىن پايپېتەك بولۇپ مېھمانلارنى شىرەگە باشلىدى ۋە ئارىلىقتا

بىر نېمىدىن خەۋپسىرىگەندەك ئىشقىيار نامەتكە قارىدى.
بۇ چاغدا ئىشقىيار نامەت چېيىنى پاك ـ پاكىز ئىچىپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇرغانىدى.
ــ چىقاملا، بۇرادەر، ئا... پۇلنى يانچۇققا سېلىپ قويسىلا، ئەستا!ــ خوجايىن ئىشقىيار نامەت زورلاپ تۇتقۇزغان نان، چاينىڭ پۇلىنى يانچۇققا جايلىغاچ تەكەللۇپ قىلدى،ــ يەنە كىرىپ تۇرارلا، قايمىقىمىز بەلەن...
ــ سۈلىرىمۇ بەلەنكەن، سۇ بەلەن بولسا چايمۇ ئوخشايدۇ ئەمەسمۇ،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت، كېيىن يېڭى خېرىدارلارغا قارىدى،ــ مۇنداق ئوخشىغان چاي بۇ ئەتراپتا يوق جۇمۇ، ئۇكىلىرىم!
ــ رەھمەت، رەھمەت، خوش، ئاللاغا ئامانەت!ــ چايخانىچى خۇشاللىقىدا ئىشقىيار نامەتنى تالاغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، كېيىن ئىشقىيار نامەتكە ئاستا شىۋىرلىدى،ــ ئۆزلىرى بەلەن ئادەمكەنلا، ئوقەتچىدەك قىلىلا... كاسىپمۇ يا؟ نېمىش قىلىلا؟
ــ ناۋايلىق،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇ.
ــ شۇڭا بايىقى ناننىڭ ئىۋىنىنى بىلىۋاپتىكەنلا ـ دە؟... ھە ياق، ھېلىقى ئاداش بىلىۋالدىمۇ يا؟ ئىشقىلىپ... يەنە بىر كىرسىلە جۇما، دېيىشىدىغان گەپ بار.
ئەمەلىيەتتە چايخانىدىكى چاغدىلا ئىشقىيار نامەتنىڭ كۆڭلىگە پۇككىنى بار ئىدى. بۇ 1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، تەبىئىي ئاپەت يىللىرى ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن، بىراق قورساق يەنىلا غورىگىل تويۇۋاتقان چاغلار ئىدى، بازاردا ئۇن، ماي كەم، باھا قىممەت ئىدى، ئىشقىيار نامەت ئۆزىنى «ناۋاي» دەپ تونۇشتۇرغاندا،

چايخانچىنىڭ كۆڭلىگە ئۇنىڭغا ھەر كۈنلۈك ناننى زاكاز قىلىپ ياقتۇرۇش خىيالى كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇرراق ئىشقىيار نامەتتە چايخانچىنى ھەر كۈنلۈك نان بىلەن تەمىنلەش پىلانى پەيدا بولغانىدى.

چۈشتە قىزى تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى ئۆيىدە ئېتىپ ئەكەلگەن لەڭمەندىن ئوبدان يەۋالغان ئىشقىيار نامەت كەچقۇرۇنلۇقى يەنە ئەتىگەنكى چايخانىغا كىردى. راستىنى ئېيتقاندا، بىر ناننى بازاردىن ئەكىرىپلا، كېسەلخانىدىكى چايداننىڭ قايناق سۈيىدە قورسىقىنى يومىلاۋەرسىمۇ بولاتتى، لېكىن ئەتىگەنكى گەپنىڭ چالىسىنى تېزدىن پۈتكۈزۈش كېرەك ئىدى. شۇنداقىمۇ بولدى ھەم.

چايخانچى بىلەن ھەر كۈنلۈك نان بىلەن تەمىنلەشنى كېلىشكەندىن كېيىنلا ئىشقىيار نامەت ئىشنى دەرھال باشلاشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئوقەتنى كەينىگە سۆرەيدىغان ئادىتى يوق ئىدى. مۇنداق بىر ئىش تاجىۋاي مەھەللىلىكلەرنىڭ يادىدا: بىر كۈنى مەھەللىدىن بىر مېيىت چىقىپ، نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، تۇپراق بېشىغا ئېلىپ مېڭىلدى. جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئىشقىيار نامەتمۇ بار ئىدى. قارادۆڭ زاراتگاھلىقىغا بارغاندا كىشىلەر قارايدۇكى، ئىشقىيار نامەتنىڭ قولىدىكى ئارغامچىنىڭ ئۇچىدا ئاپپاق بىر ئوغلاق ھەدەپ مەرەپ، تىنىمسىز سەكرەپ تۇراتتى.

— ئىشقىياراخۇن، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ — دەپ سورىدى مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى، پاكار مەزىن دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۋان مەزىن.

ئىشقىيار نامەت غېمىدە يوق جاۋاب قايتۇردى:
ــ شۇ، يولدا ئەرزان ئۇچراپ قالغانىدى، مەزىناخۇنۇم، جان باقماق پەرزكەن، ئېلىپ قويدۇم.
پاكار مەزىن ئىختىيارسىز قولىنى ياقىسىغا ئاپاردى، ئەتراپتىكىلەر بۇ ئىشقا قىزىقىسىندى ـ يۇ، لېكىن قەبرىستاندا ھېچكىم كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى...
يەنە گەپتىن چەتلەپ كەتتۇق... خوش، ئىشقىيارنىڭ بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويىدىغان ئادىتى يوق ئىدى دەۋاتاتتۇق، ئەتىسى ئوكۇل تۇگىشى بىلەنلا ئىشقىيار نامەت ئۇدۇل لەڭزەبېشىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردە تونۇش رەۋەندە①، تونۇش ناۋاي تەييار ئىدى. ئىشقىيار نامەت ئالدى بىلەن رەۋەندىنى ئەيۋەشكە كەلتۈردى، كېيىن ئاجايىپ گەپلىرى بىلەن ناۋاينىمۇ بابلىدى...ئەتىسىدىن تارتىپ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى «كۆزىنى يۇمۇپلا» ئەكىرىپ ئەتكەنچاي ئېتىدىغان چايخانىنىڭ ئوخشىغان نانلىرى ۋاقتى ـ قەرەلىدە يەتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئاڭغىچە كىملەرنىڭدۇر ئىنكاسى بىلەن «ساقىلى قىرىلىپ»، چۆچۈگەن چايخانا خوجايىنى شاگىرت بالىنى كۆۋرۈكنىڭ ئۇ يېقىدىكى سۇخانىدىن مەخسۇس تۇرۇبا سۈيى توشۇشقا قويغانىدى.
كېسەلخانىدىكى كۈنلىرىدە ئىشقىيار نامەت ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ لەڭزەبېشىدىن چايخانىغا نان توشۇپ تۇردى، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن بولسا، ئەتىگەندە چايخانىغا نان يەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى كېسەلخانىدا يېتىۋاتقاندا پەمگە ئالغان ئىككى تۇرلۈك

① رەۋەندە ــ ئۇن سودىگىرى.

ئوقەتنىڭ ئىككىنچىسىنى ــ تاشلەپكە بازىرىدىكى ۋاپۇرۇشلۇقنى باشلىدى، ئىشقىيار نامەتكە خېلى ئۇزۇن يىللار نان بەرگەن بۇ تىرىكچىلىك ھەققىدە رومانىمىزنىڭ كەلگۈسى بابلىرىنىڭ بىرىدە ئالايىتەن توختىلىمىز.

# خۇدىيارىيۇزىدىكى كۇلكە

بىر رومانىمىزنىڭ «سامان سودىسى» دېگەن بابىدا، مۆرىتى كەلسە ئىشقىيار نامەتنىڭ خۇدىيارىيۇزىدە تۇرغان چاغلىرىدىن يەنە ھېكايە قىلىپ بېرىمىز دەپ ئۆتۈپ كەتكەنىدۇق. مۇئەللىپ ھازىر شۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى.

بىر ئىغىز پاراڭ بىلەن ئالدىراش ـ تېنەش «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيگەن ئىشقىيار نامەت، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بىر يىلدىن ئارتۇقراق خۇدىيارىيۇزى يېزىسىنىڭ سۇيىنى ئىچىپ قالدى. بۇ مابەينىدە ئەترەتنىڭ ئات ئىغىلىدا چۆپ ـ بېدە، سامان، مەگگەن توغراش بىلەن مەشغۇل بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەك ئېغىر ئىشلارغىمۇ سېلىنمىدى. قىلغان يەنە بىر بۇردىلىقراق ئىشى، كونا خامانىنى ئادالاپ، ئۆزگە ئاز ـ تولا ئەت قوندۇرۇش بولدى. يېزا خەلقى ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل كېلىدۇ. بۇ يەرلەردە كۆڭلى بەك قارا ئادەملەرمۇ شەھەردىكىدەك جان بېقىپ كېتەلمەيدۇ ۋە ئانچە ئەسكىلىكمۇ قىلىپ كەتمەيدۇ. گەرچە شەھەردىن چىققان ئىككى كادىر (ئۇلارنىڭ بىرى ئەلۋەتتە بىر چاغلاردىكى كۆزەتچى سېلىمئاخۇن) خۇدىيارىيۇزىنىڭ يۇرت چوڭلىرىغا ئىشقىيار نامەتنى خېلى كاتتا تونۇشتۇرۇشلار بىلەن، قاتتىق پاراڭلار بىلەن تاپشۇرۇپ

كەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلى يۇمشاق چوڭ ئەترەت سېكرېتارى مەسئۇم ئىككىنچى ئەترەتنىڭ دۇيجاڭى مەخپىر ئىلاخۇنغا شۇنداق دېگەنىدى:

ــ ھەي مەخپىر، مۇنۇ بوۋاينىڭچۇ، ھېلىقىندەكلەرگە ھەدەپلا، يېنىكرەك بىر ئىشقا تىقىپ قويە، يەتمىشتىن ئاشقان ئادەمكەن، كىمنىڭ نېمىلىرىنى بۇزۇۋېتىدەي بۇ ئادەم. ھېلىقى، شەھەردىن چىققان ئىككى نېمىنىڭ گەپلىرىنى قارا، بولۇپمۇ ھېلىقى چوقۇرنىڭ... سەت ئادەمدىنغۇ ياخشى پاراڭ چىقمايدۇ، قارىسام زىددىيىتى باردەك قىلىدۇ... ئالتىمشەرلىك ئادەمكەن بۇ، كىيىملىرىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ! قاراپ سەل ئىچىم ئاغرىپ قالدى، بۇ گەپلەر ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ھە، مەخپىر! مەن دېمىدىم، سەن ئاڭلىمىدىڭ، يەڭگىلرەك بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي، بالىچاقىلىرى ئېتىزغا چىقسا، ئەل قاتارى ئىشلىسۇن، تولا كۆزىگە كىرىۋالمىغىن ــ دە!

مەخپىر دۇيجاڭنىڭ ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ئادىمى، مەرھۇم ئاتىسى ئىلاخۇن قارا قاشنىڭ بۇرادىرى مەسئۇم سېكرېتار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، گەپ شۇنداق بولدى. يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ كەلسە گەپنى باشقىچە، قاتتىقراق دېگىنى بىلەن، ئىشقىيار نامەت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئانچە قاتتىق تەقىبكە ئېلىنىپ كەتمىدى. بىر مەزگىل ئائىلە بويىچە شۇ يەردە يېتىپ ــ قوپۇپ ئىشلىگىنى بىلەن، كېيىنچە نۇرخان بىلەن كېلىن، نەۋرىلىرى تولىراق شەھەردە تۇردى، ئىشقىيار نامەت ئوغلى ئابابەكرى بىلەن خۇدىيارىيۈزىدە تىرىكچىلىك قىلدى.

ئىلگىرى بىر بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىشقىيار نامەت كۆپ ئۆتمەيلا خۇدىيارىيۈزىدىكى ئۆي ــ ئۆيلەردە

پاراڭنىڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. «قەشقەردىن يېقىنقى يىللاردىلا چىققان» كىيىم ـ كېچەكلەردىن ــ تەقى ـ تۇرقىغىچە، گەپ ـ سۆزلىرىدىن ــ يول مېڭىشلىرىغىچە ئۆزگىچە، گاھىبىر تارانچىلارنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە ئېيتقاندا «ئەلەيتان»لا بولغان بۇ تېتىك بوۋاينىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەنلەرمۇ، ئۇنىڭ قىزىق، قىرسىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلگۇرگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشقىيار نامەتنى بىر كۆرۈپ كېلىشكە ماخو (ئات ئېغىلى) تەرەپكە سەپەر قىلىدىغانلار كۆپەيدى. ئىشقىلىپ، شۇ كۈنلەردە خۇدىيارىيۇزى خەلقى بىر تالاي يېڭى يۇمۇرلارغا ئىگە بولۇپ قالدى.

ئىشقىيار نامەتنى پات ـ پات گەپكە سالىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى، دەل مەخپىر ئېلاخۇن دەيدىغان، ئويۇن دېسە قىيىن دەپ تۇرىدىغان دۇيجاڭنىڭ ئۆزى ئىدى. مانا ئۇ بۇگۈنمۇ ماخودىكى ئىشلارنى بىرەر قۇر كۆزدىن كەچۇرۇۋېتىپ، ئايلىنىپ كېلىپ ئىشقىيار نامەتنىڭ ئالدىدا توختىدى.

ــ ھە ئىشقىكا، بەك ھېرىپ كەتمەي، ئالدىرىماي ئىشلەيمىز مۇنداق... تاماكا چەكمەيسىزە؟

ــ شۇ يېتىم بىلەن ئاغىنە بولۇشماپتىكەنمىز، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت پوتىسىنىڭ بىر ئۇچىنى يېشىپ، ئېگىشىپ پېشانە تەرىنى سۇرتكەچ.

ــ ئاڭۋاشقا يەتمىشتىن ئاشقاندىمۇ نوچى تۇرغان ـ دە! ھە، قېنى ئەمىسە زەھەردەك گەپلىرىڭىزدىن بىر ـ ئىككىنى ئاڭلىمايمىزمۇ؟

ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىدە سەل ئىستىھزالىق جىلمىيىپ، بوينىنى بىر تەرەپكە قىيسايتتى.

— گەپلىرىمنى زەھەردەك بىلىنەمدىكەن؟

— يا - ياق، نوچى، نوچى! — مەخپىر دۈيجاڭ ئۆڭشۈپ كەتكەن مانچېستېر دوپپىسىنى كۆلدان قىلىپ، تاماكىسىنى شورىدى، — بىزنىڭ خۇدىيارىيۈزىلىك ياش باللار بىر تالاي قىزىق گەپلىرىڭىزنى دېيىشىپ يۈرىدىچۇ، ھېلىقى، نېمىدا، بەك نوچىكەن... قۇياش پاتقاندا دەمدا؟...

بىز ئەمدى مۇشۇ يەردە ئىشقىيار نامەت بىلەن مەخپىر ئىبلاخۇننى بىردەم يالغۇز سۆھبەتتە قالدۇرۇپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ خۇدىيارىيۈزىلىك شوخ باللارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئۆزگىچە (بىر تارانچىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا شوخ يۇمۇر) پاراڭلىرىدىن بىرنەچچىنى ئاڭلايلى.

— ئىشقىياركا، سىلى بەك گەپچى ئادەمكەنلا، — دېدى بىر قېتىم مەڭگەن توغراۋاتقان ئىشقىيار نامەتنىڭ قولىدىن جادىنى مەجبۇرەن دېگۈدەك ئېلىۋېلىپ، ئىشقىيار نامەتنى يۇمشاق مەڭگەن ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان بىر يىگىت، — بولدى، قېرىغاندا بىردەم ئولتۇرۇۋالسىلا، ئىش بىزدىن بولسۇن، گەپ سىلىدىن بولسۇن...

— ئوبدان پاراڭ! — دېدى ئىشقىيار نامەت، — كۈندىمۇ يا بۈگۈنلىمۇ؟

يىگىت كۈلۈپ كەتتى:

— ئەنە دېمىدىممۇ، گەپلىرى باشقا خەقنىڭ گېپىگە ئوخشاشمايدىكەن. بوپتۇ، كۈندە كېلىپ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشاي، قېنى ئەمىسە گەپنى باشلىماملا!

— ئەستا، — دېدى ئىشقىيار نامەت گەدىنىنى

تاتلاپ،— گەپ دېگەننى دە دېگەندە دېگىلى بولمايدۇ، بوۋاقمۇ ئىسقىرتىپ بەرمىسە سىيمەيدۇ ئەمەسما...
— ھا - ھا - ھا...— يىگىت جادى سىپىنى قويۇۋېتىپ تازىمۇ كۈلۈپ كەتتى،— ئەنە، دېمىدىممۇ!
بىر پەستە، كۆندىكىدەك ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەتراپىغا ياش باللار ئولاشتى. ياشلار ئىشقىيار نامەتكە خۇشامەت قىلىپ، بىر - بىردىن جادىنى تالىشاتتى. كۆچ دېگەن ئۇلاردا، يېزىنىڭ ھەرقانداق ئەمگىكى ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس، ئويۇننىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇلار پەقەت شەھەردىن رېجىم بىلەن بۇ يەرگە چىقىپ قالغان، گەپلىرى ئۆزگىچە بۇ بوۋايدىن جىقراق يېڭى گەپلەرنى ئاڭلىۋېلىشنىلا ئويلايتتى.
— ئىشقىياركا،— دېدى بىر چاغدا باللارنىڭ ئارىسىدىكى شوخراق بىرى،— ئادەم يۈز ياشقا كىرگەندە ئۆيلەنسە، بالا تاپالامدۇ؟
— تاپىدۇ، ئۇكام،— دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇ،— قوشنىسى ياش بولسا!
قىيقاس كۈلكىدىن ماخونىڭ لەمپىسىدىكى قاتار قونۇۋالغان قۇشقاچلار پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى.
ئاجايىپ قىزىق گەپنىڭ شوخ كۈلكىسى ياشلارنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە بىرەيلەن ئۆزگىچە، غەلىتىلا بىر سوئال سورىدى:
— ئىشقىياراخۇنكا، مۇشۇ دەيمەن، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن قۇياش پاتىدىغان چاغدا ئۇپۇق نېمىشقا قىزىرىپ كېتىدۇ؟
ئىشقىيار نامەت بۇ سوئالغىمۇ تاپ باستۇرماستىن جاۋاب بەردى:

ــ شۇ، ئۇكام، پاتالماي قىزىرىپ كەتمەمدۇ!

قۇشقاچلار ئىككىنچى قېتىم ئېغىل ئىچىدە كۆچكۈن قىلدى، بۇ چاغدا ياش باللارنىڭ بەزىلىرى كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئاققان ياشلىرىنى سۈرتۈشمەكتە ئىدى.

ئەتىسى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ كۆپ ئادەم يىغىلدى. بىراق بۇ كۈنى ئىشقىيار نامەت تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى سىياقىغا، قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۈنچىقماي تۇرىدىغان مىجەزىگە قايتقانىدى. ئېھتىيات ھەرقانداق چاغدا ياخشى دورا ئىدى، ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ياش باللار تۈرۈشا ــ تۈرۈشا، «ئىشقىيار دېگەن باۋاي»نى گەپكە سالالماي، قايتىپ كېتىشتى.

ئەمدى بىز ئىشقىيار نامەتنىڭ خۇديارىيۈزىدە تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا دېگەن يەنە بىر قىزىق پاركىنى ۋەقەلىكى بىلەن بايان قىلىپ بېرەيلى.

بىز ئىشقىيار نامەت خۇديارىيۈزى مەھەللىسىدە تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى چاغلىرىدىن ئەركىنرەك بولدى دېگەن بىر تەسىراتنى ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە قوزغىدۇق، بىراق «جاڭگالنىڭ بۆرىسى بار، قۇملۇقنىڭ يىلىنى» دېگەندەك، خۇديارىيۈزىدىمۇ ھەدېسە باشقىلارغا تولۇق تېگەرلەر ئۆز لايىقىدا تېپىلىپ قالاتتى. شۇنداقلاردىن بىرى، ئىشقىيار نامەت تۇرۇشلۇق ئىككىنچى ئەترەتنىڭ مەلۇم بىر گۇرۇپپا باشلىقى ئىشقىيار نامەت خۇديارىيۈزىگە يېڭىدىن چىققاندا ئۇنى تازىمۇ قاتتىق تۇتۇپ كەتتى. ئىشقىيار نامەتنىڭ تەلىيىگە، ئۇلارنىڭ بۇ مەھەللىگە چىقىشىغا زەيكەش چېپىش باشلىنىپ قالغانىدى. ئىشقىيار نامەت ئوغلى ئابابەكرى بىلەن بىر

ھەپتە زەيكەشلىكتە ئىشلەپ، ھالسىزلىنىپلا قالدى. بۇ، بىر ئائىلە تولۇق خۇدىيارىيۇزىدە تۇرۇۋاتقان چاغلار ئىدى. نۇرخان ھەر كۈنى ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ زەيكەشتە ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى يۇيۇپ، كېچىچە قۇرۇتاتتى، بىر كۈنى ئاتابەكرى دادىسىنى زورلاپ ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى زەيكەش ئەمگىكىگە ماڭدى. لېكىن، يېرىم سائەت ئۆتمەي ھېلىقى تولۇق تېگەر گۇرۇپپا باشلىقى ئىشقىيارلار ئولتۇرۇۋاتقان ھويلىغا كىرىپ، كانىيىنى كېرىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ھەي، ئىشقىيار نامەتكە، ھەي بوۋاي، زەيكەشكە ماڭمىسىز!...

— مىجەزلىرى يوق تۇرسا، قانداقمۇ قىلارلا! — دېدى نۇرخان ئەندىشە بىلەن ئىشقىيار نامەتكە قاراپ، ئىشقىيار نامەت ياتقان يېرىدىن قىمىرلىماي ئايالىنى بۇيرۇدى:

— چىقىپ ئاۋۇ قېرىمايدىغان، ئۆلمەيدىغان، كاتتا باشلىققا «ئىشقىيارنى يۇيۇپ ئۆگزىگە يېيىپ قويدۇم، قۇرۇغاندا بارسۇن» دېگىن!

ئايالىغۇ بۇ گەپنى دېيەلمەيتتى، بىراق دەل شۇ چاغدا بوسۇغىغا كېلىپ قالغان قاتتىق «باشلىق» ئىشقىيار نامەتنىڭ زەردىلىك سۆزىنى ئەينى ئاڭلىدى ۋە ئۈندىمەي كەينىگە قايتتى.

ئوقۇرمەنلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇپ قالىدىغان «تېيىپجان ئېلىيېف ۋە ئىشقىيار نامەت» سەرلەۋھىلىك بابتا، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «ئىشقىيارنى يېزىغا تارقاقلاشتۇرغاندا مۇنداق دەپتىكەن...» دەپ قىلىپ بېرىدىغان پارىڭى، يەنى «قۇياش ئىككى بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ» دېگەن مەشھۇر لەتىپىسىنى ئىشقىيار نامەت

خۇدىيارىيۈزىدىن كېتىپ ئۈچ ـ تۆت يىلدىن كېيىن، بىر خۇدىيارىيۈزلىككە قىلغانىدى. ئىشقىيار نامەتكە غۇلجىنىڭ قايناق بىر بازىرىدا ئۇچراپ قېلىپ ھال ئېيتقان ئۇ دېھقان باشقا بىرەيلەن ئەمەس، ئەينى چاغدا ئىشقىيار نامەتكە «ئىنىڭ كۆزىدە» قارىغان، بۇ گەپدان بوۋاينىڭ ئادەم ئويلىمىغان ئۆتكۈر پاراڭلىرىنى پېتەرلىك ئاڭلىغان، كۈلگەن ئەترەت باشلىقى مەخپىر ئىبلاخۇن ئىدى.

چىنلىقتا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن، گەپكە گەپ كەلگەندە ئىشنىڭ ئەسلىي جەريانىنى باشتىراق ئېيتىپ ئۆتتۇق، نۆۋەتتە كەلگەندە تېپىپچان ئاكىنىڭ ھېلىقى پارىڭىنى ئۆز پېتى قەلەمگە ئالىمىز.

# تېيىپجان هادى ۋە ئىشقىيار نامەت

1982 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا.

ئوتتۇرا بوي، قىزىلغا مايىل يۇزلۇك، قىزىل مانچېستېر دوپپا ھەم ئاددىيغىنە كەمزۇل كىيگەن، كۆزلىرى ئىتتىك بىر مويسىپىت ئىتتىك قەدەملەر بىلەن غۇلجا شەھەرلىك رادىيو ئۇزېلىنىڭ يوغانغىنا قورۇسىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، كۆزەتچىخانىدىن ئۆزىگە قاراپ سوئاللىق نەزەرى بىلەن چىقىپ كەلگەن ياشقىنا بالىغا مۇراجىئەت قىلدى:

ـــ ماخمۇت مۇھەممەتنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

ـــ ھە،ـــ دېدى كۆزەتچى كۈلۈمسىرەپ،ـــ ئەمىسە ئۇدۇل مېڭىپ سولغا ئەگىلسىڭىز، بىر قەۋەتلىك ئىشخانىلار بار، ماخمۇت ئەشەدە، مۇخبىرلار بۆلۈمىدە، كىرىۋېرىڭ، ئاكا. ئاڭلىتىش بۆلۈمىدىكىلەرنى ئىزدىسىڭىز، چاقىرىپ قويسام بولاتتى، ئۇ يەرگە كىرىشكە بولمايدىچۇ، مۇخبىرخانىغا كىرىۋېرىمىز...

ئۇزايىدىن بالا كۆزەتخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇۋېرىپ پاراڭ سېغىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. مويسىپىت يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ مېڭىشقا ئۆمتۇلدى. بۇ چاغدا كۆزەتچى يەنە سۆزلەپ قالدى:

ـــ راستىلا، ئىسمىڭىزنى كىم دەپ تىزىملاپ قويىمەن؟

ــ تېيىپجان ھادى،ــ مويسىپىت قايرىلىپ قاراپ ئىسىمزاتىنى ئېيتتى ــ دە، كېيىن يەنە كۈلۈمسىرەپ سورىدى،ــ ئەمدى كىرىۋېرەيمۇ؟ــ دېدى.

ــ ھە، كىرىۋېرىڭ، سول قولغا ھە!...ــ دېدى كۆزەتچىمۇ تەڭلا كۈلۈمسىرەپ.

ئوقۇرمەنلەر پېشقەدەم تارىخچى، يازغۇچى، كۆپنى كۆرگەن ھۆرمەتلىك زات تېيىپجان ھادى ئاكىنىڭ مۇئەللىپنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئېلىشتى. لېكىن، تېيىپجان ھادىنىڭ زەي پۇراپ تۇرغان مۇخبىرلار ئىشخانىسىغا كىرىپلا مۇئەللىپكە نېمە دېگەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ.

ــ سىزنىڭ ھېلىقى ئىشقىيار نامىتىڭىزنى كۆردۈم،ــ دېدى تېيىپجان ھادى ئىشخانىدا ئولتۇرغان بىر ئەر، بىر ئايال ئىككى مۇخبىرغا بىر ــ بىرلەپ قاراپ سالام قىلىۋېتىپ مۇئەللىپكە ۋە مۇئەللىپ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئادىتى بويىچە شۇ ھامان يانچۇقىدىن موخوركا، قەغەز، سەرەڭگىسىنى ئالدى ۋە تۆردە ئولتۇرغان قارىمۇتۇق، چىڭ بەدەنلىك، يېشى چوڭراق كىشىگە مۇراجىئەت قىلدى،ــ ھە، چېكىپ تۇرۇۋەردىڭىزمۇ، دۆلەت تۇرسۇن؟

شائىر دۆلەت تۇرسۇن ئاكا دەررۇ كۈلۈمسىرەپ، تېيىپجان ھادىنىڭ گېپىگە جاۋابەن ئۈستەل ئۈستىدىلا تۇرغان تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ سەل يۇقىرى كۆتۈردى.

ــ ئۆگەنگەن خۇي دەڭا، ئىسلاۋەردۇقۇ ئىشخانىنى ھە، خۇرشىدەم؟

خۇرشىدە موللىرېھىم ئىسىملىك مۇخبىر دەررۇ كۈلۈمسىرەپ، چاقچاق تەلەپپۇزىدا:

— ئەيتاۋۇر تۇرسۇن دۆلەتكام چەككەنسىرى قارىداپ، قارىدىغانسىرى چىكىپ يۇرۇۋاتىدۇغۇ، — دەپ قويىدى، دۆلەت تۇرسۇنمۇ ئىتتىكلا چاقچاق كەلتۇردى...

بىر پەس كۆڭۈللۈك چاقچاقتىن كېيىن تېيىپجان هادى ئىشىكتىن كىرگەن ۋاقتىدىكى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى:

— ئۇ ئىشقىيار نامەت دېگەن راستىنىلا سۆزگە ئاجايىپ چېچەن ئادەمكەن، ۋاي تـوۋا، گەپ دېگەننى تېگى - تېگىدىن ئۆتكۈزۈپ قىلىدىكەن دېسە!

— قەيەردە كۆردىڭىز ئۇ ئادەمنى؟ — دەپ قىزىقتى مۇئەللىپ. ئىشخانىدىكى ئاۋۇ ئىككىسىمۇ قىزىقىپ گەپكە قۇلاق سالدى.

— تۈنۈگۈن تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى بىر تۇغقىنىمنىڭكىگە تويغا بېرىۋىدىم، — دەپ گېپىنى باشلىدى تېيىپجان هادى تاماكىسىنى بىر شورىۋېلىپ، ئىستىن داياپ بىر كۆزىنى قىسقان هالدا، — ئەشەدە كۆرمەيمەنمۇ، چىرايى - تۇرقىمۇ، كىيىم - كېچەكىمۇ غەلىتىلا ئادەمكەن، بىراق گېپى هەممىدىن غەلىتىكەن. ئارتۇق گەپ قىلمايدىكەن، قىلسا گەپ دېگەننىڭ گەجگىسىدىن مىخلىۋېتىدىكەن.

— قېنى ئاشۇ گەجگىسىدىن مىخلىۋەتكەن گەپلەردىن بىر - ئىككىسىنى بىزمۇ ئاڭلىمايمىزمۇ؟ — دەپ چاقچاق ئارىلاش سورىدى دۆلەت تۇرسۇن.

— شۇنى دەيمەن، — دېدى خۇرشىدەمۇ دەررۇ قېتىلىپ، — ماخمۇتتىنىڭغۇ جىق گەپلىرىنى ئاڭلىدۇق.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دۆلەت تۇرسۇن قىزىقچىلىق قىلدى، — بۇ ماخمۇت هېسامىنىڭ داڭقىنى چىقىرىپ

بولدۇم، ئەمدى ئىشقىيار نامەتنىڭ داڭقىنى چىقىرىمەن دەپ يۈرىدۇ.

— مەنمۇ شۇ ماخمۇتتىن ئىشقىيار دېگەن ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى، لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ، ۋاي بولدى قىلىڭا، ئۇ ھېسامنىڭ كەتمىنىنى چاپقىنىڭىزمۇ يېتەر دېۋىدىم، تونۇگۇن قارىسام ئىشقىيار دېگىنى بۆلەكچە بىر ئادەمكەن، گەپلىرىنىڭ خېلى لوندىسى بار، ئۆزىنىڭمۇ زەردىسى بار ئادەمدەك قىلىدۇ.

— قېنى ئەممە، ئىشقىيارنىڭ يېڭى گەپلىرىدىن بىرەرنى ئاڭلىمايلىمۇ؟ — دۆلەت تۇرسۇن بايىقى سوئالىنى يەنە تەكرارلىدى. ئۇزايىدىن ئىشقىيار نامەتنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قالغاندەك ئىدى.

— ۋاي، قېرىغاندا بىر ئاڭلىغان گەپ ئادەمنىڭ ئېسىدە قالامدۇ، — دېدى تېيىپجان ھادى ئاكا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، — جايىدا ئاڭلىدۇق، ئۇنتۇدۇق شۇ، تاجىۋاي مەھەللىسىنىڭ خەلقى ئىشقىيار دېسە يېپىشىپ تۇرىدىكەنغۇ، ۋايتوۋا!... ھە راستلا، بىر گېپى يادىمغا كېلىۋاتىدۇ، ماڭا ئوخشاش باشقا مەھەللىدىن توبىغا كەلگەن ياشراق بىرى «ئىشقىياركا، ئاڭلىسام بۇرۇن تۆت خىل دېگەن قالپىقىڭىز بار ئىكەن، ھازىرمۇ شۇ قالپاق بارمۇ – يوقمۇ؟» دەپ سورىۋىدى. ھېلىقى ئىشقىيار نامەت كۈلمەي تۇرۇپ: «مېنى تېكەسكە سۈرگۈن قىلغاندا تاغدىكى مالخىيى يوق بىر مالچىغا بېرىۋېتىپ كەلگەنمەن» دېمەمدۇ، ۋايتوۋا!

مۇخبىرلار ئىشخانىسىدا بىر پەس خىزمەت توختاپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ قىزىق پاراڭلىرى بولۇندى. پاراڭ ئارىسىدا غۇلجا شەھەرلىك رادىيو ئۇزېلىنىڭ باشلىقى

ھەبىبۇللام رېھىم كىرىپ كەلدى ۋە ئۆرە تۇرۇپلا سۆھبەتكە قېتىلدى. ئېگىز، بەستلىك كەلگەن، ئاق چاچلىق بۇ ئادەم قارىماققا سۇرلۇكرەك كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆڭلى تۈز، تىڭشامەت ئادەم ئىدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلى بىلەن جايىدا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىلى دىيارىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى، بولۇپمۇ خەلق سەنئىتىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئىجتىھاتلىق خىزمىتى ئەسلا ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ.

ھەبىبۇللام رېھىم كىرىشى بىلەن بايىقى بولۇنغان گەپلەر يەنە قايتىلاندى، مۇئەللىپمۇ تەلەپكە بىنائەن ئىشقىيار نامەت پاراڭلىرىدىن ئۆزى توپلاپ ـ رەتلىگەن بىرنەچچىسىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ھەبىبۇللام ئاكىمۇ ئىشقىيار نامەت ھەققىدە ئىلگىرى ئاڭلىغان، قىزىق پاراڭلىرىدىن كۈلگەنىكەن.

— بىزنىڭ ئاغىنە سابىرجان ئىشقىيار پىكىرلىرى دەپ بارغان يېرىدە شۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىنى سېتىپ يۈرىدۇ، — دېدى ھەبىبۇللام دۆلەت تۇرسۇننىڭ نەچچە قېتىم «ئولتۇرۇڭلا!...» دېيىشلىرىگە قارىماي، داۋاملىق ئۆرە تۇرغىنىچە، — مائارىپتا ئىشلەيدىغان سابىرچۇ، ئوردا مەھەللىدە چوڭ ئۆيى بار، سادىقكامىنىڭ بالىسى ـ دە، ھە ماخمۇت، سىز تونۇيسىزغۇ، ئىنىسى ئارۇپجان ئاغىنىگىزمىدى؟ تونۇيسىزە؟

— تونۇيمەن، — دېدى مۇئەللىپ.

پاراڭ دېگەن شۇنداق بولىدۇ، ئىشقىيار نامەتنىڭ پارىڭى ئەمدى سابىرجان سادىقنىڭ قىزىق گەپلىرىگە ئالماشتى. پاراڭ نۆۋىتى ھەبىبۇللام رېھىمگە كەلگەنىدى. ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولسۇنكى، سابىرجان

ھەققىدە بىز ئۇشبۇ مارافونچە ھېكايىمىزنىڭ كېيىنكى سەھىپىلىرىدە ئالايىتەن توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىز ئەمدى گېپىمىزنى تېيىپجان ھادىغا قايتۇرۇپ كېلەيلى. ئىجتىھاتلىق تارىخچى، كۆپنى كۆرگەن، ھۆرمەتلىك بۇ زاتنىڭ تالانت ـ تەرىپلىرىدىن ئىلى خەلقى ۋە تارىخقا، ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ خەۋەردار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. تېيىپجان ھادى بىلەن كەمىنە مۇئەللىپنىڭ «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ناملىق ئەمگەك ئۈستىدىكى ھەمكارلىقىنىمۇ كۆپ كىشىلەر ئوبدان بىلىدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» نى بىرلىكتە توپلاپ ـ رەتلەپ، تۈزۈش تەكلىپىنى مۇئەللىپكە رەھمەتلىك تېيىپجان ھادى ئۆزى بەرگەن (مۇئەللىپنىڭ بۇ زات بىلەن بولغان تونۇشلۇقى ھەققىدە بىز كېيىنكى بابتا مۇپەسسەل توختىلىمىز). مۇئەللىپنىڭ ھېسام چاقچاقلىرى ھەققىدىكى ئەمگىكى مويسىپىتنى تەسىرلەندۈرگەن بولسا كېرەك... ياق، بۇ ھەقتىكى بايانلارنىمۇ بىز كېيىنكى بابقا قالدۇرايلى.

خوش، ئۇنداق بولسا يەنە دەيدىغان نېمە گەپلەر قالدى؟ پەقەت، ئاجايىپ كەمتەرىن، ئىزدىنىش روھىغا باي، ھەق سۆزلەشنى ئۆزىگە مىزان قىلغان، تاشقى قىياپىتىنىڭ نەلىرى بىلەندۇر ئىشقىيار نامەتكە ئوخشىشىپ قالىدىغان بۇ ئاق كۆڭۈل مويسىپىتنىڭ ئەزگۈ روھىغا ئاتاپ ئەڭ تەۋازۇلۇق تىلەكلەر تىلەيمىز! سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىدا، مەرھۇمنى ئەسلەش يۈزىسىدىن، «دۇردانە لەتىپىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، تېيىپجان ھادى

رەتلىگەن، لەتىپىسىياق ھېكمەتلەردىن بىرنەچچىنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا تەقدىم ئېتىمىز:

△ بىر ئادەمنى ئىككى خوتۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن سوت جازالىماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جاۋابكار:

ــ مەقسىتىڭلار مېنى جازالاش بولسا، ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ، ئىككى خوتۇنۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، چۈنكى ماڭا مۇشۇ ئىككى خوتۇننىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇشتىن ئېغىر جازا يوق، ــ دەپتۇ.

△ بىر مومايىنىڭ بېغىدا ئىنتايىن تۈز ئۆسكەن بىر تۈپ دەرىخى بولۇپ، موماي ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىدا بىر تال ياغاچ بىلەنلا تۇرىدىغان ئىمارەت سېلىش ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ، ئادەملىرى بۇنىڭغا لايىق كەلگۈدەك تۈز ھەم ئۇزۇن ياغاچنى ئىزدەپ، ئاقىۋەت ئۇنى مومايىنىڭ بېغىدىن تېپىپتۇ ـ دە، پادىشاھ مومايغا ئۇ رازى بولغۇدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ ياغاچنى ئاپتۇ.

موماي ياغاچنىڭ ھەققىگە بېرىلگەن شۇنچىۋالا كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قاراپ:

ــ بىر تۈپ تۈز ياغاچنىڭ قىممىتى مۇشۇنچىلىك بولسا، ھەقىقىي تۈز ئادەمنىڭ باھاسىغا يېتىپ بولمايدىكەن ـ دە! ــ دەپتۇ.

△ بىر پارىخور ئەمەلدارنىڭ ئەيىبىنى سۆككەنلىكى ئۈچۈن ئەدىپىنى يېگەن تۆۋەن مەنسەپلىك بىر ئەمەلدار كېيىنكى پەيتلەردە نەگىلا بارسا ئۇنچىقماي جىم يۇرۇپتۇ.

بۇنىڭغا ھەيران بولغان يېقىنلىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ـــ نېمىشقا تىلسىز شەيتاندەك جىم بولۇۋالدىڭ؟

ـــ تىللىق شەيتانلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆردۈم، ـــ دەپتۇ ھېلىقى كىچىك ئەمەلدار، ـــ شۇڭلاشقا تىلسىز شەيتان بولۇپ يۈرۈشنى ياخشىراق دەپ بىلدىم.

△ بىر ۋات ـ ۋات ئايال ھەدېسىلا ئېرىدىن:

ـــ مېنىڭ قەيىرىمنى ياخشى كۆرىسىز؟ كۆزۈمنىمۇ، چېچىمنىمۇ، خۇلقىمنىمۇ ياكى مېڭىشىمنىمۇ ۋە ياكى سۆزلىشىمنىمۇ؟ ـــ دەپ توختىماي سوراۋەرگەنىكەن، تاقىتى تاق بولغان ئېرى جاۋاب بېرىپتۇ:

ـــ راست گەپ قىلايمۇ؟ مەن سېنىڭ سۆزلىمەي جىم تۇرغان ۋاقتىڭنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن.

△ بىر چىشى تۆگە يەنە بىر تۆگىگە دەردىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

ـــ بىردىنبىر ئەتىۋارلىق قىزىم مېيىپ تۇغۇلۇپ قالدى قاراڭ!

ـــ شۇنداقمۇ، نېمە ئەيىبى بار؟

ـــ لوكىسىز، شۇنداق سەت تۇغۇلۇپ قالدى ئەمەسمۇ، ـــ دەپتۇ چىشى تۆگە ھەسرەت بىلەن.

△ بىر شائىر چاق ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، بىر سورۇندا:

ـــ مېنىڭ شېئىرلىرىمنى سىلەر ئوقۇپ چۈشىنەلمىگەن بولساڭلار كېرەك يوق، مىڭ يىلدىن كېيىنكى ئادەملەر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ، ـــ دەپتىكەن، سورۇندىكى بىر مويسىپىت ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

ـــ توغرا، لېكىن شۇ شېئىرلىرىڭىز مىڭ يىل ياشىيالىسا...

# ئۆنتۆلماس ئادەم

مەن كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ھېچقايسىسى ماڭا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز سۆزلۈك ھەم تىنىمسىز، پاراڭچى ھەم ئاق دىل تەسىراتىنى بەرگەن ئەمەس. بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئۆزىدە شۇنچە كۆپ خىسلەتلەرنى مۇجەسسەملىگەن بۇ ئادەم تېيىپجان ھادى ئاكا ئىدى.

ئۇنى دەسلەپ ئۇچراتقان ۋاقتىم ئېسىمدە يوق. رەسمىي تونۇشۇپ، پاراڭلاشقىنىم 1982 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ غۇلجا شەھەرلىك رادىيو ئۇزېلىنىڭ مۇخبىرلار ئىشخانىسىغا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، كەمتەرىن سالام بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا مەن مۇشۇ ئىدارىدە مۇخبىرلىق قىلاتتىم.

سالام ـ سەھەتلەردىن كېيىن تېيىپجان ھادى ئاكا خۇددى كونا تونۇشلاردەكلا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. چېكىپ تۈگىتەيلا دەپ قالغان موخوركىسىنى ئىككى بارماقداپ چىمداپ تۇتۇۋالغان، بارماقلىرى ئىستىن سارغايغانىدى.

ــ ھە، قەغەزنى بوياۋەرىدىڭىز؟

ــ ئالامەت بويايدۇ بۇ بالا، ھەممىمىزدىن جىق بويىۋېتىدۇ، ــ تۆر تەرەپتىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان پېشقەدەم مۇخبىر، شائىر دۆلەت تۇرسۇن تېيىپجان ئاكىنىڭ چاقچىقىغا ياندىشتى. تېيىپجىنىكام قولىدىكى

تاماكىسىنى بىرنەچچە شوراپ، كۆلدانغا باسۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۈستەل ئۈستىدىكى گېزىتلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، كېيىن توساتتىن بىرنەرسە يادىدىن كەچكەندەك، بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

— ھوي، سىز ھەرەمباغدىكى مۇھەممەتجان ئەپەندىنىڭ ئوغلىكەنسىز — ھە؟

— شۇنداق!— دېدىم ئەدەپ بىلەن.

— ۋايتوۋا!— تېيىپجىنىكام پەقەت ئۆزىگىلا خاس يېقىملىقلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى،— «ماخمۇت مۇھەممەت، ماخمۇت مۇھەممەت» دېسە، ھە، دەپلا يۈرۈپتىمەن. قايسى كۈنى بىر تويدا بىرى شۇنداق دەيدۇ! ۋايتوۋا، دادىڭىز بىلەن بۇرادەرچىلىكىمىز بار ـ دە. ئۇنى مۇھەممەتجان ھاپىز دېمىسە كۆپ ئادەم ئۇقمايدۇ.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تاكى تېيىپجان ھادى ئاكا پانىي دۇنيادىن ئايرىلغۇچە تالاي يىل ئۇنىڭ بىلەن ھەمدىدار، ھەمسۆھبەت، ھەمتاۋاق، ھەمپىكىر بولۇپ، بۇ ئادەمدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، چىن كۆڭلىدىن سۆزلەپ بەرگەن نۇرغۇن ئارزۇلىرىنى، پىلانلىرىنى ئاڭلاپ قۇۋاندىم. ھەر دائىم زوق بىلەن سۆھبىتىگە تەشنا بولدۇم. شۇ قاتاردا، ئۆزىگە تويۇلماستىن ئادەت سۆزى بولۇپ كەتكەن يېقىملىق «ۋايتوۋا!» دېگەن سۆزنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم.

ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى «شەرق» مەھەللىسىگە جايلاشقان كەڭ، يېشىلچىلىققا تولغان ھويلىسىغا كۆپ باراتتىم، قاچانلىكى بارسام ئۇنىڭ ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى، يا يېزىقچىلىق قىلىۋاتقىنىنى، يا بولمىسا ھويلىسىدىكى مېۋىلەرگە

ئىشلەۋاتقىنىنى كۆرەتتىم، لېكىن بىكار ئولتۇرغان، زېرىككىشتىن ۋايىسغان ۋاقتىنى كۆرگىنىم يوق. يەنە، موخوركىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ دېگۇدەك زىيادە چېكىدىغانلىقىنىمۇ دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر سائەت پاراڭلىشىپ ئولتۇرسىڭىز، كۆلدانىنىڭ قانداق توشۇپ قالغىنىنى سەزمەي قالاتتىڭىز.

تېيىپجان هادى ئاكا تىنىمسىز ئىشلەيدىغان، ئاددىي ـ ساددا، كىچىك پېئىل، هېسسىياتچان ئادەم ئىدى. ئاددىي تىل بىلەن كاتتا پىكىرلەرنى ئىپادىلەشنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ هېچقاچان ئۆز پىكرىنى، كۆزقارىشىنى سۇۋاپ، يوشۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئاپەتلىك يىللارنىڭ سورۇقچىلىقىنى كۆپ تارتقان بۇ ئادەم دۇمبىسى سەل ـ پەل ئاپتاپ كۆرگەندىن كېيىن، بىلىدىغانلىرىنى يازمىغا چۈشۈرۈپ، خەلققە تەقدىم قىلىش كويىدا، ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي قۇۋۋەتلىك قوللىرىغا خاسىيەتلىك قەلىمىنى ئالغانىدى. گەرچە ئەجەل ئۇنىڭغا پۇرسەتنى ئانچە كۆپ بەرمىگەن بولسىمۇ، قىسقىغىنا يىللار ئىچىدە ئۆزىگە خاس تىل، ئۇسلۇب، پىكىر بىلەن ئاز، لېكىن ساز، خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئوقۇپ، ئالقىشلىغان ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئىلى تارىخى، ئىلى خەلق ناخشىلىرى بايانىدىكى مول پاكىتلىق، دەل پىكىرلىك، تارتىملىق ماقالىلىرى ئۇنىڭ كۆپتىن خەۋەردارلىق، هايات شاھىتلىق خىسلىتىنى نامايان قىلسا، «پالۋان كەلدى»، «هېكىم چورۇق»، «كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم»، «ئۆچكە دۆڭدە لاۋۇلدىغان مەشئەللەر»، «باتۇر كەلدى» قاتارلىق تارىخىي هېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەر قەلبىنى

تىترەتكەن، ئۇلارنى زوق - شوخقا چۆمدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن پىلانلىرى، تېمىلىرى، تەرەددۇتلىرى بار ئىدى.

— گۈلەمخان ھەققىدە بىر نەرسە يېزىۋاتىمەن، پوۋېست بولۇپ قالارمىكىن، — دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىم ماڭا، مەن دەرھال ئۇنىڭ تىلىكىگە رىغبەت بەردىم. ئەپسۇس، ئۇ بۇنى تاماملىيالمىدى. ئەستىلىك قول يازمىلىرى ئارىسىدا پۈتۈنسۈرۈك ھالەتتە ئۇچرىغان بولسا، ھەقدارلىرى يورۇققا چىقىرار ئىدى بەلكىم!

سادىر پالۋان تېمىسىنى بويلاپ بىرنەچچە ياخشى ھېكايىلەرنى ئېلان قىلغان تېيىپجان ئاكىنىڭ ماڭا سادىر تېمىسىدا يىرىكرەك بىر ئەسەر يېزىش ئارزۇسىنىمۇ نەچچە قېتىم ئىزھار قىلغىنى يادىمدا، ئۇ دراما شەكلى بىلەن بۇ پىلانىنى ئورۇنلاش پىكرىدىمۇ بولغانىدى. مۇبادا سادىر پالۋان تېمىسىدا دراما يېزىپ قالغۇدەك بولسا، ئەسەرنىڭ باش قىسمىغا بىرىلىدىغان خور ۋە ئىچىدىكى بىرنەچچە ناخشىلارنىڭ تېكىستىنى مېنىڭ يېزىپ بېرەلەيدىغان - بېرەلمەيدىغانلىقىمنى سورىغىنىدا، مەن جان - دىلىم بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرگەنىدىم. كېيىن ئۇ بۇ تېمىنى جاپپار قاسىم بىلەن بىرگە ئىشلەش ئۇستىدىمۇ سۆزلىشىپ يۈردى. ئەپسۇس، بۇ قۇتلۇق ئىشمۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى.

1982 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق چاتما چاقچاق توپلامىمنىڭ بىرىنچى كىتابى يېڭىدىن نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلغان چاغلار ئىدى، تېيىپجان ھادى ئاكا چاقچاق ئارىلاش مېنى تەبرىكلىدى:

— ئاممىباب بالىكەنسىز جۇمۇ، ھېسامنىڭ

گەپلىرىدىن ئوبدانلا بىر كىتاب تۈزۈۋالغىنىڭىزنى قاراڭ!

مەن ئۆزۈمنىڭ ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاپ ـ رەتلەشكە قىزىقىپ قالغان سەۋەبىم، ۋاقتىم ۋە جەريانىمنى ئۇنىڭغا بەتەپسىل سۆزلەپ بەردىم. گېپىم ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېيىپجىنىكام ئەستايىدىل، بىر خىل كۈلۈمسىرەشتە تىڭشاپ ئولتۇردى، ئارىلىقتا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم موخوركا ئوراپ، چېكىپمۇ ۋەتتى.

ـــ ۋايتوۋا، ھېلىتىن ئۈچ يۈزدىن ئوشۇق چاقچاق توپلىدىم دەڭ، يەنە داۋاملىق توپلىماقچىسىز. ھېسامئاخۇننى بىر كۆتۈرۈۋېتىسىزكەن ـ دە! ماڭا قاراڭ، ئاشۇ چاقچاقلارنىڭ كۆپىنى ئۆزىڭىز توقۇۋېسىزغۇ، دەيمەن؟

مەن ئۇنچىقماي، كۈلۈمسىرىدىم، تېيىپجان ھادى ئاكا بىرنېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك، تېڭىرقاپ قالدى، كېيىن ماڭا قارىدى:

ـــ ماڭا قاراڭ، ماخمۇت، سىزدە توپلاپ يۈرگەن باشقا لەتىپىلەردىنمۇ بارمۇ، خەلق لەتىپىلىرىدىن دەيمەن؟

مەن ئۆزۈمنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئۇچرىغان يېرىدە بىردىن ـ ئىككىدىن خاتىرىلەپ، ئايرىم خالتىدا ساقلاپ يۈرگەن بىرەر يۈزگە يېقىن لەتىپىگە ئىگە ئىكەنلىكىمنى يۇمۇرلۇق تىل بىلەن ئېيتتىم، تېيىپجان ئاكا ئاجايىپ بىر تەرزدە قىزىقسىنىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

ـــ ۋاي شەيرانەي، ۋايتوۋا، ھە بوپتۇ، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مەندىمۇ ئۇزاقتىن بېرى ئايرىم جىجىلاپ يۈرگەن شۇنچىلىك لەتىپە بار ئىدى. مەن

يۇمۇرلۇق تىلغا گالراق دەڭا، سىز بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى ئېلىپ قالدىڭىز، ئاشۇ لەتىپىلەرنى سىزگە بەرسەم، ئۆزىڭىزدىكىنى قوشۇپ، راسا بىر تاۋلاپ باقامسىز؟

مەن خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلدۇم.

ۋەدىمىز شۇ بولدى. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن، بىر يەكشەنبىدە مەن ئۇنىڭكىگە باردىم. تېيىپجان ھادى ئاكا ماڭا ئۆزى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان بىر قېلىن سېرىق كونۋېرتنى بەردى. كونۋېرت ئىچىدە يېشىل كۆن تاشلىق، چىمەلتەك قېلىنلىقىدىكى خاتىرە دەپتەر بىلەن، ئىككى پۇكلەنگەن يېرىم توپ ھال رەڭ ئىش قەغىزى بار ئىدى. كۆك ۋە قىزىل سىياھ بىلەنمۇ، قېرىنداش بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن، چاغاتاي ئىملاسىغا يېقىن نۇسخىدا يېزىلغان لەتىپىلەر نەچچە كۈنگىچە دىققەت مەركىزىمىدە بولدى. مەن، ئۆزۈم ئىلگىرى كۆپلىرىنى ئاڭلىمىغان، سۆز ـ جۈملىلىرى پاساھەتلىك، قىزىقارلىق، مەنىلىك بۇ لەتىپىلەرنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى بولدۇم.

گەپنىڭ قىسقىسى، تېيىپجىنىكام ۋە ئۆزۈم توپلىغان لەتىپىلەرنى بىرىكتۈرۈپ، بىر ـ ئىككى ئايچە يېڭى مەشغۇلات بىلەن بەند بولدۇم. ئىككى يۈزدىن سەل ئارتۇقراق لەتىپە ئىچىدىن بىر يۈز سەكسەننى تاللىۋېلىپ، قايتا ـ قايتا ئىشلەپ، تېيىپجىنىكام بىلەن نەچچە قېتىم كېڭىشىپ، ئاخىرى «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ناملىق بىر يۈرۈش، ئۈچ نۇسخا قول يازمىنى تەييار قىلدىم. بىر نۇسخىنى تېيىپجىنكامغا بەردىم، بىر نۇسخىنى ئۆزۈم ساقلاشقا ئېلىپ قالدىم،

بىر نۇسخىنى بولسا، ئىككىمىزنىڭ نامىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ئەۋەتىپ بەردىم.
بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا ۋە تىرىشچانلىقىمىزغا يارىشا، «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى»مىز ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنالمىدى. بىراق، دەل شۇ كەملەردە نەشرىياتقا ھەرخىل لەتىپىلەر خېلى كۆپ كېلىپ تۇرغاچقا، نەشرىيات «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» نامىدىكى يۇرۇشلۇك لەتىپىلەر مەجمۇئەسى چىقىرىشنى قارار قىلغانىكەن، مەجمۇئەنىڭ تۇنجى سانىغا بىزنىڭ كىتابىمىزدىكى بىر بۆلەك لەتىپىلەر «تاللاپ» كىرگۈزۈلدى.
يېشىل خاتىرە بىلەن ھال رەڭ ئارگىنال تىپلىمى ھېلىقى كونۋېرتتا، ھازىرغىچە مەندە ساقلانماقتا. ھەر قېتىم بىرەر نەرسە ئىزدەپ ماتېرىيال ئاختۇرغىنىمدا قولۇمغا ئۇ كونۋېرت چىقىپ قالسا، باشقا ئىشلىرىمنى ئۇنتۇپ، بىر ھازالارغىچە تونۇش تەۋرىرۈك پوچېركىلىق شۇ لەتىپىلەرنى بىر باشتىن ئوقۇپ كېتەتتىم، يېغىدىن - يېغى مەنە ۋە لەززەتلەر تاپاتتىم ۋە ھەر قېتىم خىيالىمدا «ئامان - ئېسەنچىلىك بولسا، بۇ لەتىپىلەرنى خەلقىمىزگە تولۇقى بىلەن تونۇشتۇرىمەن، يەتكۈزىمەن» دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم 2003 - يىلى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى.
تېيىپجان ھادى ئاكا ئاددىي، كەمتەر، تىرىشچان پەزىلىتى بىلەن بىزنىڭ ئادەم بولۇش جەھەتتىكى ئۆلگىمىز بولۇپلا قالماي، تىنىمسىز، غەرەزسىز يېزىقچىلىق خىسلىتى بىلەنمۇ قەلەم ئەھلىنىڭ ئۆرنىكى بولۇشقا مۇناسىپ. تەقدىر ئۇنى يەنە بىرنەچچە يىل

ئىجادىيەت دېڭىزىغا قويۇپ بەرگەن بولسا، يۇرتىمىز، خەلقىمىز تارىخىغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ، ئېسىل ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنى ۋەتەنگە تەقدىم ئەتكەن بولاتتى، ئىست، ۋاي ئىست ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزى بىلەن بىرگە يوقلۇق ئالىمىگە سىڭىپ كەتتى.

تېيىپجان ھادى ئاكىنىڭ مەزمۇنلۇق ئىجادىي ئەمگەكلىرى خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل بېغىدا خۇش پۇراق قىزىلگۈل بولۇپ يىلتىز تارتتى، پورەكلەپ ئېچىلدى. مۇئەللىپ ئۆزىمۇ خەلق تەرىپىدىن ئالتۇن سانىلىپ، ئەزىزلەندى، باشلاردا كۆتۈرۈلدى... ئەرزىيتتى!

شۇنىمۇ قوشقاچ كېتەي: تېيىپجان ھادى ئاكا توپلىغان ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىسلى بىر ئالتۇن. ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ، مۆھتەرەم، ئاق نىيەت خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل كۈيىنى دولقۇنلىتىپ، ئەقلىنى ئۇلغايتىپ فولكلور خەزىنىمىزنىڭ ئىستىقباللىق باغرىدا چاقناۋېرىدۇ.

## ماي ئۆلچەۋەردىڭىزما؟

ئىشقىيار نامەت بىر بوۋاينى ئىككى شىشە ئوبدان هاراق ئېلىپ يېنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان ئابلاجان باشلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ يادىدىن تېخى كۆتۈرۈلمىگەن بولسا كېرەك. خەقنىڭ خۇشامىتىگە كىچىك بالا بولماقتا ئۆگەنگەندەك ئۆگەنگەن ئاشۇ باشلىقمۇ ئىشقىيار نامەتنى خېلى هەلەيكوملارغا سالدى، بىراق مىجەزى ـ خۇلقى خۇشامەتتىن يىراق، هەق ـ ئادالەتكە يېقىن ئىشقىيار نامەت كۆرەڭ قوشنىسىنىڭ لاۋزىلىقلىرىغا ئەسلا كۆنەلمەيتتى ۋە هەر دائىم ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگەندى.

تاجىۋاي مەهەللىسىدە يېڭىدىن بىر سامسىخانا ئېچىلغانىدى، هەدېمەستىن خېرىدارى كۆپىيىپ كەتتى. سامسىپەز چىن ئۇستا كۆرگەن ئادەم ئىدى. بۇ يەرنىڭ سامسىسىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئىشقىيار نامەتنىڭمۇ باللىرىغا تۆت ـ بەشتىن سامسا يېگۈزگۈسى كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى تاشلەپكە بازىرىدىكى ئۇتتۇر ئوقەتتىن ياناشىدا سامسىخانىغا كىردى ۋە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان، ئاق خالات كىيگەن ياش بالىدىن سورىدى:

ــ ئۇكامەي، ئىسسىق سامسىدىن بارمۇ؟

ــ ئىسسىق سامسا تۇرماق، سوغۇقىمۇ يوق، بىزنىڭ

ئاشخانىنىڭ سامسىسى باس ـ باس، چوڭ ھادى دادا!

ــ بارىكاللا، دائىم شۇنداق باس ـ باس بولۇپ تۇرسۇن ئىلاھىم،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت چىن كۆڭلىدىن،ــ ئەمىسە ئاۋۇ تونۇردىكى سامساڭغا ساقلايما؟

ــ تەگمەسمىكىن،ــ دېدى بالا دەررۇ،ــ ئۇ تونۇرنىڭ سامسىسىنى ئا جۇجاڭ زاكاز قىلىپ قويغان.

ــ قايسى ئاجۇجاڭ ئۇ بىر تونۇر سامسىنىڭ ھەممىسىنى يەيدىغان؟ــ دەپ سورىدى ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەپ.

ــ ئابلاجان دەيدىكەنغۇ، ئىشقىلىپ باياتىن ئۆزى كېلىپ پۇلىنىمۇ تۆلىۋەتتى، كەچتە ئۆيىدە مېھمان بارمىش...

ئىشقىيار نامەت ئۇندىمەي كېتىپ قالدى، بىراق ئىككى كۈندىن كېيىن تىلىنى تىيالماي قالدى.

ئۇ كۈنى ئىشقىيار نامەت يەنە بازاردىن سەل ۋاقىتچىرەك قايتقاندى. يېڭى سامساخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە يەنە بالىلىرىغا سامسا ئالغاچ كېتىش ئىستىكى قوزغىلىپ قالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن قايرىلىپ، سامساخانىنىڭ ئالدىغا باردى. بۇ قېتىممۇ ھېلىقى بالا سامسا يوق، دېدى. «سامسا يوقچى» بالىنىڭ يېنىدا ئاساسىي قاتلام كومىتېتى قورۇسىنىڭ كۆزەتچىسى سېلىمئاخۇن تۇراتتى. ئىشقىيار نامەت تونۇردا يەنە سامسا پىشىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

ــ سامسا يوق دەيسەن، بالىماي، تونۇردا پىشىۋاتامدۇ ئەنە، بۇگۈنمۇ ئا جۇجاڭغا ئاپىرىپ بەرمەيدىغانسەن؟

ــ مەن ئاپىرىپ بەرمەيمەن،ــ دېدى ياش بالا ئۆپكىدەك ئىسىلىپ،ــ مانا ماۋۇ تۇغقىنى ئاپىرىپ

بىرىدۇ، شۇنىڭغا ساقلاۋاتىدۇ، مەن سىزگە دېدىمغۇ، بىزنىڭ ئاشخانىنىڭ سامىسىسى باس ـ باس دەپ...

ــ بارىكاللا،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت جىلە بولغىنىنى سەزدۈرمەي، كۈلۈمسىرىگىنىچە،ــ خېرىدارغا سامسا ساتىمىز دەپ ئاۋارە بولماي، تونۇرۇڭنى ئا جۇجاڭنىڭ ھويلىسىغىلا يۆتكىۋالساڭ بولغۇدەك، بالا!

گېپىنى دەپ بولۇپ ئىشقىيار نامەت پېشىنى بىر قېقىپلا كېتىپ قالدى. لېكىن، سېلىمئاخۇن بۇ گەپنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي، سامسا بىلەن قوشۇپلا ئا جۇجاڭغا يەتكۈزدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، ھېلىقى گەپلەر ئاللىقاچان ئىشقىيار نامەتنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. بىر چۈشتىن كېيىنلىكى ئۇ يەنە تىرىكچىلىك كويىدا بازار تەرەپكە ماڭاي دەپ كوچىغا چىقىۋىدى، ئا جۇجاڭ ئۇچرىشىپ قالدى. ئىشقىيار نامەت ھەركىمگە قىلىدىغان ئادىتى بويىچە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، بىر قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ بۇ ئەمەلدار قوشنىسىغا سالام قىلىپ، ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. كۈتۈلمىگەندە ئا جۇجاڭ پاراڭ قىلىپ قالدى:

ــ توختاپ تۇرىلى، قوشنام، ھە، قاراڭغۇ بازارغا ماڭدۇقمۇ؟

ــ يوقسۇ،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت جايىدا توختاپ ۋە بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئا جۇجاڭغا مىختەك قادالغىنىچە،ــ پارتىيەمىز سېلىپ بەرگەن يوپيورۇق بازارغا ماڭدىم.

ــ ئاڭلىسام مېنىڭ قورۇيۇمنى سامسىخانىغا ئۇخشىتىپتىلا،ــ ئابلاجان باشلىق ئەسلىي مەقسەتكە

ئۆتۈپ، يوغان بەستىنى بىر سىلكىگىنىچە قارىداپ سۆزلىدى،ــ بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ھويلىسى كىم كىرىپ تۆت سامسا يېسە بولۇۋېرىدىغان دوقمۇشتىكى سامسىخانا بولۇپ قاپتىما؟

ــ يوقسۇ، تەقسىر،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت ئالدىرىماي،ــ سىلىگە خەۋەر يەتكۈزگەن ئىلدامچان گەپنى توغرا ئاپارماپتۇ، مەن سىلىنىڭ ئۇ ھەيۋەتلىك قورۇلىرىنى سامسىخانا بولۇپ قاپتۇ دېمىدىم، لېكىن ھەدېسىلا سامسىخانىنىڭ سامسىسىنى دۆندۈر ئېلىۋېلىپ مېھمان چاقىرىدىغانلىقلىرىغا قاراپ، شۇ ھويلىدا مېھمانغا باشقا تاماق پىشمامدىغاندۇر دەپ ئويلاپ قالدىم...

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەسلىدە بۇنداق گەپنى قىلغۇسى يوق ئىدى، لېكىن ئا جۇجاڭنىڭ يولسىزلىقىدىن رەنجىپ ئىختىيارسىز دەۋېتىپ قالدى ـ يۇ، كۈتۈلمىگەندە باشلىق قوشنىسىنىڭ تىتالڭ تومۇرىغا تېگىپ، يېغىرىنى ئېچىۋەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئەسلىدە ئابلاجاننىڭ ئايالى مېھمان دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ئۆيىدە تۈزۈككىنە تاماق ئېتەلمەيدىغان ئايال ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئابلاجان قورساقتا ئامراق، ئەمەلگە يارىشا مېھماندارچىلىقتىن بېرى كەلمەيدىغان ئادەم بولۇپ، مەھەللە جامائەتتىنىڭ ئارىسىدا ئەر ـ خوتۇننىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئۇرۇش ـ تالاشلىرى توغرۇلۇق جىق گەپلەر، ھېكايىلەر بار ئىدى. ئىشقىيار نامەت ئويلىمايلا بۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغانىدى.

سامسا ھەققىدىكى پاراڭ شۇ يەردە ئۈزۈلۈپقۇ قالدى، لېكىن ئا جۇجاڭنىڭ كۆزىگە ئىشقىيار نامەت تېخىمۇ

بىر قىسما كۆرۈنىدىغان بولدى. سىلىمئاخۇن كۆزەتچى يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ئابلاجانغا توشۇپ تۇراتتى. ئاساسىي قاتلام كومىتېتىدىكى باشلىقلار بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ئابلاجان بولسا، ھەر قېتىم ئۇلار بىلەن بىرەر سورۇندا بىللە بولغىنىدا ئىشقىيار نامەتنى بىر چېقىپ، ئەڭ بولمىغاندا بىر چىشلەپ قوياتتى. بىر دانا «بىزنى ئاۋارە قىلىدىغىنى چايانىنىڭ چېقىشى ئەمەس، بەلكى چىۋىنىنىڭ غىڭىلدىشى» دېگەنىكەن.

ئۇن بىرىنچى ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىپىزخان ئەمەلگە، ئەمەلدارغا ئامراق بىر ئادەم بولۇپ، شۇ مىجەزى تۈپەيلى ئابلاجان باشلىقىمۇ ئالامەت ئىخلاس قىلاتتى. ئوچۇقراق ئېيتقاندا بۇ كىشى ئىلگىرى ئابلاجان جوجاڭ بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈنلا بىر زىياپەت بەرگەنىدى. جاھاندا شۇنداق ئىنسانلارمۇ بولىدۇ، ئەمەلدارنىڭ ئۆزىگە قىلچىلىك راپاۋىتى تەگمەسلىكىنى سېزىپ ـ بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى ئەمەلدارلار بىلەن يېقىن تۇتۇشقا ئىنتىلىدۇ. مۇئەللىپىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىر ياش بالا بولىدىغان، ئۆزى بىر ئىدارىدە ئادەتتىكى كادىر بولسىمۇ، مەنسەپدارلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى، باشلىق بولغاندىمۇ ئانداق ـ مۇندىقى بىلەن ئەمەس، ئەڭ كاتتىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرۇشنى ئارمان قىلاتتى. شۇ ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا مائاشىنى ئەمەس، بارلىق تاپقان ـ تۆككىنىنى خىراجەت قىلىشقا رازى ئىدى. ئېيىغا كېمىدە بىر ـ ئىككى قېتىم سورۇن تۈزۈپ، ئۆزى

تونۇغان - تونۇمىغان ئەمەلدارلارغا خىزمەت قىلىشقا ئۇلالمىسا ئۆزىنى جاھاندىكى ئەڭ بەختسىز ئىنساندەك سېزىپ، يېگەن - ئىچكىنى تېنىگە سىڭمەي يۈرەتتى. ھالبۇكى، شۇنچىۋالا خۇسۇمەتلەرنى قىلىشنىڭ بەدىلىگە ئېپىنى تېپىپ ئۆسەيمىكىن ياكى بىرەر ئىنئامغا ئېرىشەيمىكىن دەيدىغان خىيال ئۇ بايقۇشتا ھەرگىز يوق ئىدى. خاتالاشمىساق، مۇئەللىپ مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان كۈنلەردىمۇ ئۇ بەندە يەنىلا مۇشۇ كويدا ۋە يالتايغىنى يوق... خوش، بىز ئادىتىمىز بويىچە يەنە، جانابىي گوگول①چىسىغا گەپتىن قېيىپ كەتتۇق، ئەسلىدە تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى ئابلىپىزخان مۇدىر ھەققىدىكى پارىڭىمىز تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئەنە شۇ ئا جۇجاڭنىڭ تېرىقتەك ئەمىلىگە تاغدەك ئېتىقاد قىلىپ يۈرگەن ئابلىپىزخان مۇدىر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشقىيار نامەتنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ قالدى.

— ئىشقىيارئاخۇن، سىز بارغۇ، مۇنۇ ھۆرمەتلىك قوشنىڭىز ئا جۇجاڭ... ھە، ئابلاجان بۇرادىرىمىز بىلەن تولا ئېيتىشماڭ، ھىم، سىز كىم، ئۇ كىم؟ سىز دېگەن ئالتىشەردىن چىققان بىر مۇساپىر، جان باقىمەن دەپ، ھىم... ئۇچۇ، ئۇ بۇرادىرىمىز دېگەن ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مەشەدە، چىلەك مەھەللە دائىرىسىدە ئۆتكەن، تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئېتى بار خەقلەرنىڭ ئەۋلادى، ئەڭ مۇھىمى، ھىم... ئەڭ مۇھىمى بىر چوڭ ئىدارىنىڭ باشلىقى، تاجىۋاي مەھەللىمىزنىڭ شەرىپى ئۇ ئادەم! بىر

① گوگول — ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى، ساتىرىك ئەدەبىياتنىڭ پېشۋاسى، «ئۆلۈك جانلار» ناملىق رومانىدا گەپ قىستۇرۇپ بايان قىلىش ئۇسلۇبى گەۋدىلىك.

مەھەللىدە شۇنداق بىر چوڭ باشلىقنىڭ بولغىنى، سىز بىلەن بىزنىڭ...

ــ گەپلىرى توگىدىمۇ، مۇدىر؟ ــ دەپ سورىدى تەخىر قىلالماستىن ئىشقىيار نامەت تىترەپ.

ــ تىش!... ــ ئابلىپىزخان ئۆزى بۇرۇن خىزمەت قىلغان باشلانغۇچ مەكتەپتە تولا ئىشلىتىدىغان ئىبارىسىنى ئىشلەتتى، ــ گېپىم تېخى توگىمىدى... ھە، مەھەللىمىزدە شۇنداق بىر رەھبەرنىڭ بولغىنى سىز بىلەن بىزنىڭ تەلىيىمىز، سىز بولسىڭىز...

ــ شۇ تەلەيىنى پېشانىلىرىگە تاج قىلىپ تاقىۋالغان بولسىلا، ئابلىپىزخان! ــ دېدى ئىشقىيار نامەت سەۋر كاسىسى تولۇپ، جاالقلاپ تىترىگىنىچە، ــ ئاڭلاپ قويسىلا، مەن ئالتىنچى ھەردىن چىقسام سىلىنىڭ، ئا جوجاڭنىڭ ھويلىسىغا چىقىمەن، خۇدانىڭ زېمىنىغا، ھەممە ئادەم باراۋەر ياشاۋاتقان ئىلى دىيارىغا چىقىمەن، ماڭا ئوخشاش كۆن ئالىمەن، جان باقىمەن دەپ يۇرتتىن يۇرتقا چىقىۋاتقانلار مىليون، ھۆكۈمەت ئۆزۈڭنىڭ يۇرتۇڭدا نېمىشقا تۇرمىدىڭ دەپ بىرەرسىنى ئېتىۋەتمىدى، بۇ بىر؛ ئىككىنچىدىن، مەن پەيزاۋاتتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوغرىلىق قىلىپ قېچىپ چىقمىدىم، ئا جوجاڭنىڭ ئەجدادى چېلەك مەھەللىسىدە مەشھۇر بولسا، مەن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەجدادىمۇ پەيزاۋاتنىڭ قىزىلبويى دېگەن يېرىدە سوپۇنچىلىق ھۈنىرى بىلەن داڭلىق. بىلەملا، سوپۇن دېگەن جىمى كىرنى ئالىدۇ، خۇشامەتچىلىكنىڭمۇ، كىبىرنىڭمۇ... بۇ ئىككى؛ ئاخىرىدا يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، ئابلىپىزخان كادىر؛ مەن مۇشۇ قېرى جېنىم بىلەن، ھاالل ئەمگىكىم بىلەن

بالىۋاقامنى باقمەن، ھەرگىز ئا جۇجاڭنىڭ ھويلىسىغا تىلىنىپ بارمايمەن!

— ۋوي – ۋوي، گەپلىرى ئەجەب ئاچچىقكەنغۇ سىلىنىڭ، ئىشقىيار بوۋاي، ھىم، خەقلەر دەۋاتاتتى... بولدى، بولدى، چىقىۋەرسىلە، سىلىگە قىلىدىغان گېپىم يوق، گېپىم يوق...— ئابلىپىزخان مۇدىر راستتىنلا چۆچۈپ قالغانىدى. شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ ئالدىدا مۇنداق تىكلىنىپ پاراڭ قىلغان ئادەم يوق ھېسابىدا ئىدى. يولدا ماڭسا ھومىيىپ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەيدىغان بۇ ۋىجىككىنە بوۋايدىن ھەزەر قىلساق بولغۇدەك... ئابلىپىزخان شۇ خىياللار بىلەن ئىشقىيار نامەتنى بىردەم سىز، بىردەم سىلى دەپ، چاقىرغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى، گېپى كەلگەندە ھەرقانداق ئادەمگە تىكلىنىپ، كۆڭلىدە كەچكەن گەپنى دەۋېتەتتى – يۇ، كېيىن غۇم ساقلاپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزى ئاستا – ئاستا تاجىباي مەھەللىسىدىكىلەرگە مەلۇم بولۇپ كەتتى. بىراق، ئابلاجان باشلىق خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆڭلىدە ئىشقىيار نامەتكە ئاداۋەت ساقلاپ يۈردى. مەھەللە بولغاندىن كېيىن توي – تۆكۈن، ئۆلۈم – يىتىم، نەزىر – چىراغ دېگەنلەر دائىم بولۇپ تۇراتتى، شۇنداق سورۇنلاردا قولۇم – قوشنا دېگەن ھەممىشە كۆرۈشۈپ ئامان – ئېسەنلىشىپ تۇرىدىغان گەپ. ئا جۇجاڭ شۇنچە يوغان بەستى بىلەن ھەر قېتىم ئىشقىيار نامەتكە تەتۈر قارىغانسېرى ئىشقىيار نامەت ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدەك مۇلايىم سالىمىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئابلاجانمۇ ئويلاپ

قالغان چېغى، سالىمىنى سىلىقلاشتۇردى، لېكىن ئىشقىيار نامەتنىڭ زەھەردەك گەپلىرى يادىدىن چىقمايتتى.
ئابلاجان باشلىقنى ھەر كۈنى ئىدارىدىن خىزمەتكە ئاپىرىپ ـ ئەكېلىدىغان مەخسۇس كىچىك ماشىنا بار ئىدى. ئابلاجاننىڭ بىر ئادىتى بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە شوپۇر بالا ماشىنىنى ھەيدەپ كەلگەندە دەرۋازىنىڭ تۈۋىدىكى ئالما دەرىخىگە قىستۇرۇپ قويغان ئۈزۈن، ئىنچىكە شىۋىقنى ئېلىپ، بىنزىن قاپقىقىنى ئاچقۇزۇپ، ھېلىقى شىۋىقنى ماي باكىغا تۈۋىگىچە يەتكۈزۈپ چىلاپ باقاتتى. كەچتە ياۋاش شوپۇر باشلىقنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويغاندىمۇ بۇ ئەھۋال تەكرارلىناتتى. دېمەك، ئا جۈجاڭ ھېچكىمگە ئىشەنچىلىك بولمايدىغان بۇ يەرلىك چارە بىلەن شوپۇرنىڭ خالىغانچە ئۇياق ـ بۇياققا كېتىپ، بىھۇدە ماي ئىشلىتىشىنى تىزگىنلىمەكچى بولاتتى. ئابلاجان باشلىقنىڭ بۇ خۇپىيانە ھەم قاملاشمىغان ئىشى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى.
بىر قېتىم مەھەللىدىكى بىر نەزىردە، ئىشقىيار نامەت بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قالغان ئابلاجان تۇرۇپلا ئىشقىيار نامەتكە قاراپ زەھەرىنى سانجىدى.
— ھە ئىشقىياركا، بازار تەرتىپىنى بۇزۇپ، يەنە ئېلىپساتارلىق قىلىۋاتامسىز؟
— سىزچۇ، قوشنام، — دېدى ئىشقىيار نامەت ئالدىرىماي تۇرۇپ، — ياۋاش شوپۇرنى بوزەك قىلىپ، شىۋىقتا ماي ئۆلچەپ يۈرۈۋاتامسىز؟
ئا جۈجاڭ تۇنجۇقۇپ كەتتى.

# «ئوتيۇلتوز»دا

ئىشقىيار نامەت غۇلجىغا كېلىپ، جان بېقىش ئۈچۈن جىق يەرلەردە ئىشلىدى ۋە سودا ـ سېتىقنىڭ ھەممە تۈرى بىلەن دېگۈدەك شۇغۇللىنىپ باقتى. شۇ قاتاردا غۇلجا شەھىرىدىكى «ئوتيۇلتوز» تۆمۈرچىلىك كارخانىسىدىمۇ بىر يىلچە كۆزەتچىلىك قىلدى. بۇ تېخى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانمىغان، بىراق ئەنسىزچىلىكلىرى ئەمدىلەتىن كۆرۈلۈۋاتقان چاغلار ئىدى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ تاشلەپكە بازىرىدىن جەنۇبقا قاراپ ماڭساق، ئۆزبېك مەھەللىسىگە كېتىۋاتقان يەردە كونا ياغاچ كۆۋرۈكلۈك كەڭ ئۆستەڭنى كۆزگە چېلىقتۇرىمىز. تاق شۇ ئۆستەڭدىن ئۆتمەي ئوڭغا بۇرالساق، ئالدى ئېقىن سۇلۇق كالتە كوچىغا كىرىپ كېتىمىز. «ئوتيۇليۇز» تۆمۈرچىلىك كارخانىسى دەل شۇ كوچىغا جايلاشقان بولۇپ، زامانىسىدا نۇرغۇن كاسىپلار رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شۇ يەردە تەشكىللىنىك ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلىسىنى قامدىغان. مۇئەللىپنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاشلەپكە بازىرىدا نالچىلىق قىلغان سەۋرىدىن ئىسىملىك قوشنىسىمۇ ئەينى يىللىرى ئەنە شۇ كارخانىنىڭ ئۇستىلىرىدىن بىرى بولغانىدى. كېيىن دارغا تارتىپ قويۇپ تاقىلاۋاتقان بىر

شاش ئات تۇيىقىغا قېقىلىۋاتقان يېڭى تاقىنىڭ مىخى جېنىنى ئاغرىتىۋەتكەن بولسا كېرەك، جايىدا توساتتىن ئىرغىپ، سەۋرىدىن ئۇستامىنىڭ پۇتىنى دەسسەپ يانجىۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن سەۋرىدىن ئۇستام مىڭ تەستە ساقايغانۇ، بىراق ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغان ۋە تۆمۈرچىلىكنى تاشلاپ، نالچىلىققا ئۆتكەن. ئۇستامىنىڭ تاشلەپكىدىكى بوتكا دۇكىنىدىن بۆلەك، مەھەللىدە، قورۇسى ئالدىدىمۇ نالچىلىق قىلىدىغان يايمىسى، يەنى ساندۇق دۇكىنى بار ئىدى. مۇئەللىپ گاھىدا بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ دەرۋازا ئالدىدا سەۋرىدىن ئۇستىنىڭ ئەپچىللىك بىلەن نال قېقىشىغا سائەتلەپ كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى ۋە ئۇنىڭ تۈگىمەس ھېكايىلىرىنى، سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلايتتى... شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى مۇنداق بىر شېئىرمۇ پۈتۈلۈپ قالدى:

ئاتا كەسپىڭ نالچى ئىدى،
يەتتە ياشتا تۇتتۇڭ بولقىنى.
مىڭلاپ ئاياغ ئۆتەر قولۇڭدىن،
ھەركىم ئىزدەپ كېلىدۇ سېنى.

تاقىلداشتىن توختىماس بولقاڭ،
تاقىلايسەن پاشنىلارنى، جىم.
تاقىلىماي ئۆتتۇڭ ۋە لېكىن
ھېچ كىشىنى، رەھمەت، نالچىم!

بىراق بىزنىڭ بۇ يەردە شېئىر يادلاپ ئولتۇرغىنىمىز

نىمىسى؟ ئۇنىڭ ئورنىغا دەررۇ «ئوتيۇلتۇز»غا بارايلى ـ دە، ئىشقىيار نامەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى.

«ئوتيۇلتۇز» تۆمۈرچىلىك كارخانىسى ئەمەلىيەتتە سۇ بويىدىكى كالتە كوچىغا، ئۆستەڭ بويىغا قاتار جايلاشقان دۇكانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دۇكانلاردىن بەزىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا تارتىلغان ئات تاقىلايدىغان دارلار چوڭ كوچىغىمۇ قايرىلىپ، تاشلەپكە تەرەپكە ئۇچ تارتىپ كەتكەنىدى. ھازىرقى كۈندە بۇ دۇكانلارنىڭ ئورنىنى «غالىبىيەت» ئاياغ ـ كىيىم كارخانىسى تاقالغاندىن كېيىنكى ئۇستىلارنىڭ تىرىكچىلىك مەنبەسى ـــ چەم بازىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، غۇلجىنىڭ كونا ئادەملىرى قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ماڭلىيىغا «قازانچى ئۆرپ ـ ئادەت كوچىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان دەرۋازا ئىچىدىكى مۇشۇ چەم بازىرىغا كېلىپ كونا بۇرادەرلەر بىلەن ھال ـ مۇڭ قىلىشىدۇ...

خوش، ئەمدى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەينى يىللاردىكى ۋەزىپىسى بولسا، ئاخشىمى كۆرەك جۇۋىنى كىيىۋېلىپ، قولىغا تاياق ئېلىپ ھېلىقى دۇكانلارنى چارلاش ئىدى. كۈندۈزلىرى ئۇ ياندىكى چايخانىدىن ئىسسىققىنە بىر ئاپقۇر ئەتكەنچاي ئىچىۋېلىپ، ئاندىن سەل نېرىدىكى «پىت بازىرى»غا كىرىپ كېتەتتى ـ دە، مەخسۇس كونا كىيىم ئېلىپ ـ سېتىلىدىغان بۇ بازاردا، يۈزلىگەن تىرىكچىلىك كويىدا يۈرگەن بايقۇشلارغا ئوخشاش، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ رىزقىنى ئىزدەيتتى. يەتمىشكە كەلگەن ئادەم ئۇچۇن (يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ قويايلى، ئىشقىيار نامەت ئادەتتە، ھەر دائىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي يېشىدىن يەتتە ـ سەككىز ياش كىچىكتەك كۆرۈنەتتى.

زاماندىشلىرىمۇ تولىراق شۇنى ئەسلەيتتى) ئېيتقاندا ئاخشىمى سوغۇق يەپ كۆزەتچىلىك قىلىپ، كۈندۈزلىرى يەنە پۇلنىڭ كويىدا يۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بىراق، كىچىكىدىن جاپانى تولا چەككەن ۋە مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئوقەتكە پىششىپ كەتكەن ئىشقىيار نامەت غەيرەتلىك، چىدامىلىق ئادەم ئىدى. مۇشەققەت ئالدىدا كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قاتار كەتكەن دۇكانلاردىكى ئۇستىلار — نالچىلار، ئات تاقىلايدىغانلار، ئورغاقچىلار، سوقا - سۆرەم ياسايدىغانلار ۋە ئارىلاپ چەمچىلەر... ھەممىسى ئىشقىيار نامەت بۇ بازاردا پەيدا بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قېلىشتى. بوي - تۇرقى، ئاۋازلىرى، ساقال - بۇرۇتلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى ھەرخىل بۇ ئادەملەرنىڭ تولىسى، تۇرمۇشنىڭ تۇزۇك خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن، تىرىكچىلىك، بالا بېقىش كويىدا ئېزىلىپ - يانجىلغان، مەكتەپلەردىمۇ تۈزۈك ئوقۇمىغان، كۆپىنچىسى بالا ۋاقتىدىلا مەسئۇلىيەتسىز ۋە بىچارە دادىلىرى تەرىپىدىن قارا ھۈنەرگە تۇتۇپ بېرىلگەنلەر ئىدى ۋە ھەممىسىلا بىر تەرىپى بىلەن ئوخشاش، ئالىقانلىرىنى بىر خىل قاداق باسقان ئاددىي پۇقرالار ئىدى. «قارا ھۈنەر» دېگىنىمىز، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئىبارىسى بولۇپ، جاپالىق ھۈنەر دېگەن مەنىگىمۇ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پەيزاۋاتنىڭ قىزىلبويى يېزىسىدا جاپالىق ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى رەھمەتلىك بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ ياشىغان، جاپالىق سوپۇنچىلىق ھۈنىرى بىلەن

بىر نىيىتىنى ئىككى قىلالماي ئۆتكەن. ئارتۇق تەئەللۇقات، مال ـ دۇنيا، ئالتۇن، پۇل... غەملىيەلگەن بولسا، ئارزۇلاپ «ئىشقىيار» دەپ ئىسىم قويغان بالىسى قىرىلىقا يۈزلەنگەندە بالىۋاقىسىنى ئېلىپ، ئاتا ـ ئانام كۆرمىگەن يىراق يەرگە جان باققىلى كېتەرمىدى؟ ياۋروپالىقلارنىڭ ياشانغاندا باشلايدىغان ساياھىتى ئەمەسقۇ بۇ!

لېكىن ئىنسان دۇنياغا تۆرەلگەنىكەن، ھامىنى مۇشەققەتلىك تىرىكچىلىك ۋە تۇرمۇش ئىچىدىنمۇ خۇشاللىق، ئەمەك تاپىدۇ، بىز سۆزلەۋاتقان «ئوتيۇلتۇز» تۆمۈرچىلىك كارخانىسىنىڭ ئۇستىلىرىمۇ ھەم بۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. لوغۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ۋە كەچكىچە گۇرسۇلدەپ سەندەلگە ئۇرۇلۇۋاتقان بازغانلارنىڭ ئارا ـ ئارىلىقىدىنمۇ قىزىق پاراڭ، چاقچاقلار، خۇشخۇي كۈلكىلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىشقىيار نامەت كەلگەندىن كېيىن، تەبىئىيكى، بۇ كۈلكىلەر تېخىمۇ ئاۋۇپ قالدى.

ـــ ئىشقاخۇنكا، ـــ دەپ مۇراجىئەت قىلاتتى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئىسمىغا تازا تىلى كەلمىگەن بەستلىك تاقچى ئۇستام، ـــ ئاڭلىسام سىلىنى گەپكە يامان ئۇستا دەيدا؟

ـــ ھە، ئانچە ـ مۇنچە... ـــ دېدى ئىشقىيار نامەت داردا مۆڭكەكلەۋاتقان ئاتنى باغلاقتىن بوشىتىپ كەتمەس دېگەن ئېھتىياتتا، سەل خەۋپسىرەپ.

ـــ قارىسامغۇ ھېسامغا ئوخشاش ئادەمنى كۈلدۈرىدىغان يەرلىرى يوق، مىڭىشلىرىمۇ جايىدا... مەن گەپچى دەپ ئۆزلىرىنى ماختاپ ئەتەي ئادەم ئالدىمىغانلا ـ ھە؟

ـــ شۇ، پىراۋىدىن ئۇستام، ـــ دېدى ئىشقىيار نامەت

يۇمشاقـقىنا كـۈلۈپ، ــ سىلـى ئات تاقـىلايلا، بىـز ئـادەم تاقىلايمىز!

ــ ھا ــ ھـا ــ ھا...ــ ئەتراپـنى كۈلكـە ئەۋجى بىـر ئالدى، ھەممىدىنمۇ بەك پىـراۋىدىن ئىـسمىلـىك بەستـى يوغان ئۇستا ئەڭ قاتتىق ۋە يۇقىرى ئۇرغـۇدا كۈلەتتـى، كۈلۈۋاتقىنىدىمۇ قولىدىكى ئاتنىڭ تۇيىقىنى شىلىۋاتقان ئەگرى پىچىقى ئەپلىك ئويناپ تۇراتـتى، لېكىن ئۇنىـڭ قاتتىـق ئاۋازلىق كـۈلكىسـىدىن جانـىۋار چىـلان تـوروق چۆچۈپ، پۇرقۇۋەتتى.

ــ مانا، مـانا، دېمىـدىممۇ،ــ دەيـتتى كۈلـگەنسىرى پىـراۋىـدىن تـاقـچـى،ــ راسـت يامـانـكـەنلا، «ئـادەم تاقىلايمىز» دەپ قويىسىلا، قېنى ماۋۇ بىزنىڭ باشلىقنى بىر تـاقىلاپ باقـاملا، كەچـكىچە بـاشقا ئىـش قىلمـاي، قانچـە ئات تاقـىلىدىكـىن دەپ بىزنىـڭ ئەتـراپىمىـزنى چۆرگۈلەپلا يۈرىدىغان مۇنۇ ئىسلىماق دەيدىغان مۇئاۋىـن چاڭجاڭنى!

ئىسلـىماق چاڭجاڭ دەيدىغـان جىۋەككىنە، چـوقـۇر، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ تۇرىدىغان ئادەم بـۇرگىدەك سەكـرەپ ئىنچىكە ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

ــ بـولدى قىلـە، پىراۋىدىـن گۇمبەز، ئـەمدى مېنـى بىرنېمە دەيدىغانغا تېخى تۇنۇگۈن كەلگەن مۇشۇ كۆزەتچى قالغانما؟

ــ چاقچاق گەپ دېگەننىڭ يېشى كەلگەن، كونا كەلگەن بىلەن كاساسـى يوق، ئىسـلىمـاق،ــ دېدى پىراۋىـدىـن تاقـچى غەم تـارتماي،ــ تېـخى بۇ ئـادەم سـىنىـڭ بەزى ئىشلىرىڭنى بىلمەيدۇ ــ دە، مەسىلەن، تۆت تـال تاقىنـى تۆت جۈپ دەپ يېزىپ بىزنى تاقىلىغانلىرىڭنى...

ــ ھەي بوۋاي، ــ دەپ چىرقىرىدى ئىسلىماق چاڭجاڭ پىراۋىدىنىدىن ئالالىغان ئۆچىنى ئىشقىيار نامەتتىن ئالماقچى بولغاندەك، ــ ئاخشىمى كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئادەمگە كۈندۈزى بۇ يەردە نېمە بار؟ ماڭە، ئۆيۈڭگە بېرىپ ئۇخلاپ كەل، تاغا!

ئىشقىيار نامەت كۈلۈپ كەتتى:

ــ بەللى، ئىسلىماقجان، سىلى چاڭجاڭمۇ يا ئادەم ئۇخلىتىدىغان يەسلى تەربىيەچىسىمۇ؟

ــ نېمە دېدىڭ؟ ــ دەپ ئىسلىماق چىرقىرىدى.

ــ نېمە دېدىڭىز دەڭ! ــ دېدى ئىشقىيار نامەت، ــ ئاندىن كېيىن شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ، مېنى ئابدۇل چاڭجاڭ ئۆيدىن چاقىرتىپ كەلدى، نېمە گېپى بار ئىكەنە دەپ شۇ كىشىنى ساقلاپ تۇرىمەن.

ــ ئا چاڭجاڭما؟ ــ دەپ بىردىن بوشىشىپ كەتتى مۇئاۋىن چاڭجاڭ ئىسلىماق، ــ ھە، بوپتۇ ئەمىسە، بىراق مۇنۇ پىراۋىدىن گۇمبەزنىڭ ئوتقۇيرۇق گەپلىرىنى ئاز ئاڭلا... ئاڭلاڭ ـ ھە، تاغا، ئاغزىدىن ياخشى گەپ چىقمايدۇ بۇلارنىڭ... ــ ئىسلىماق شۇ گەپنى دېدى ـ يۇ، ئىشقىيار نامەتنى ياكى پىراۋىدىن ئۈستىنى يەنە بىرنېمە دەۋەتمىسۇن دېگەندەك، دەررۇ غىپىلداپ كېتىپ قالدى، بىراق ئۇ توغرۇلۇق چاقچاقلار خېلىغىچە داۋام قىلدى.

ئىسلىماق دېگەن ئادەم كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئىشقىيار نامەتكە ئەنسىرەپ ـ چۆچۈپ قاراپ يۈردى. «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» دېگەندەك ئۇ كارخانىدا ھەرقاچان كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. بىر

چاغلاردا بۇ ئادەمۇ چالغا، ئورغاق سوقۇشنى ئۆگەنگەن، لېكىن بىلى بوشلۇقىدىن ھۈنەرنى باشقا ئاچىقالمىغانىدى، بىراق ئۇنىڭ بۆلەك بىر ھۈنىرى، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن پايلاپ، بىرەر گەپ ـ سۆزى، ناقولاي ئىشىنى بىلىۋېلىپ باشلىقلارغا چاقىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇ ئادىتى ئابدۇل چاڭچاڭدىن ئىلگىرىكى بىر باشلىققا يېقىپ قېلىپ، شۇ كىشى ئىسلىماقنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلىكى ئىسلىماققا ئەۋزەل شارائىت بولۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ساۋاتسىزلار كۆپ بۇ كارخانىدا ئۇ ئاسانلا كارخانا ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان پۈرسەتكە ئېرىشتى، كېيىنچە يوقلىمىنى، ئۆگىنىشنى تۇتىدىغان مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بولۇپمۇ ئۆستى، بىراق پەزىلەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن كارخانىدىكى ئىشچىلار، ئۇستىلارنىڭ ئالدىدا گېپى ئۆتمەستىن، پەقەت ھەر دائىم مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ يۈرەتتى. كېيىن كەلگەن ئابدۇل چاڭچاڭ ئىنتايىن توغرا كىشىلەر، ئوغۇل بالا مىجەز ئادەم ئىدى، لېكىن بىر يېرى چالا ساۋاتراق ئىدى، شۇڭا بەزى ئىشلاردا يەنىلا ئىسلىماقنىڭ قەلەم ـ دەپتەر تۇتالايدىغان، يىغىنلاردا ھۆججەت ـ ماتېرىيال ئوقۇيالايدىغان ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلانمىسا بولمايتتى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەھۋالىنى تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى بىر ئىناۋەتلىك ئادەم دەل شۇ كىشىگە، ئابدۇل چاڭچاڭغا ئالايتەن ئېيتىپ، ئېيىغا بىر يۈز ئەللىك سوم مائاش بېرىدىغان كۆزەتچىلىك خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئابدۇل چاڭچاڭ باش لىڭشىتقان ئىش بولغاچقا زۇغۇي ئىسلىماق ئۆز ئالدىغا

پىتىنىپ ئىشقىيار نامەتنى نېرى - بېرى قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، بىر قاراشتىلا سۆزمەنلىكى، ئۆتكۈرلۈكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئىشقىيار نامەتتىن ئۇ ھەر دائىم ئېھتىيات قىلىپ يۈرەتتى. كېيىنچە ئىشقىيار نامەتنىڭ توغرا كېسەر، چوڭقۇر مەنىلىك، ھازىر جاۋاب گەپلىرى ۋە شۇ گەپلەر تۈپەيلى كارخانىدا تېزلا قازانغان ئابرۇيى ئىسلىماقنىڭ پەرىزىنى، ئەندىشىسىنى دەلىللىدى ۋە ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئابدۇل چاڭجاڭنىڭ ئالدىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ زىيىنىغا گەپ قىلدى. ئىشقىيار نامەتكە ئۇ باشقا ئەيىب ئارتالمايتتى، پەقەت ئۇنىڭ يېشىنى تىلغا ئېلىپ «يەتمىش نەچچە ياشلىق ئادەمنى كۆزەتچىلىككە قويساق بىخەتەر بولمايدۇ، كېيىن يوقىرىدىنمۇ گەپ ئاڭلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، غىڭشىپ قويدى. لېكىن، ئابدۇل چاڭجاڭ چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى.

بىر قېتىم كارخانىنىڭ قازان ئىشلەپچىقىرىدىغان سېخىدا (شەھەردە «ھارۋا زاۋۇت» دەيدىغان بىر كارخانىمۇ بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ ئاساسەن قازان ئىشلەپچىقىرىلاتتى، لېكىن تىجارەت يوللىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە «ئوتيۈلتۈز» كارخانىسىمۇ بىر مەزگىل ھەرخىل قازانلارنى قۇيۇپ چىقارغانىدى) ئىشقىيار نامەت ئىسلىماق چاڭجاڭ بىلەن تاسادىپىي ھالدا پاراڭلىشىپ قالدى. يەنى، ئىشقىيار نامەت كۆزەتچىلىكتىن چۈشۈپ، ياندىكى پاكىز ئاشخانىدا ئىسسىق چاي بىلەن قورسىقىنى توقلىۋېلىپ، قازان سېخىدىن ئېتىبار باھادا بىر قازان سېتىۋېلىش ئۈچۈن مەسئۇل بالىنى ساقلاپ ئولتۇردى. شۇ ئارىدا سېخقا

ئىسلىماق كىرىپ قالدى ۋە كونا ئادىتى بويىچە ئەشقىيار نامەتنىڭ نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى گۇمان ئارىلاش سورىدى. ئەشقىيار نامەتنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئاز تىنچىپ، ئۆزىنىڭمۇ شۇ مەسئۇل بالىنى ئىزدەيدىغىنىنى ئېيتىپ، ئەشقىيار نامەتنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە گەپ ئارىلاپ غودۇرۇۋالدى:

— دائىم كېچىكىپ كېلىدۇ بۇ ئاداش، ئاللىقاچان كەشىسىنى توغرىلاش كېرەك ئىدى، بىراق شۇ ئا چاڭجاڭ...

بىر پەستىن كېيىن ئىسلىماق چاڭجاڭ ئۆيچۆرىسىدە قاتار تىزىلىپ تۇرغان قازانلارنى ئىچى پۇشقىنىدىنمۇ بىر ـ بىرلەپ چېكىپ ئوينىغىلى تۇردى. قازانلارنىڭ بارماق بىلەن چەككەندە قايتۇرىدىغان ئەكس سادالىرى ھەرخىل ئىدى. ئىسلىماق قازانلارنى چەككەچ ئەشقىيار نامەتتىن سوراپ قالدى:

— ئەشقىيارئاخۇن، قېنى دەپ باقە، تاغا، نېمىشقا ماۋۇ قازان قىلىدۇ پوك ـ پوك، ماۋۇ قازان ئاۋاز قايتۇرىدۇ جاڭ ـ جاڭ؟

ئەشقىيار نامەت دەرھال سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ئەمىسە سىلىمۇ دەپ باقسىلا، ئۆزلىرى نېمىشقا چاپىدىلا سوك ـ سوك، ھارماي ئىشلەيدۇ ئابدۇل چاڭجاڭ؟

ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتكەن ئىسلىماق چاشقاندەك چىر ـ چارلا قىلىپ قالدى:

— مۇشۇ قېرىنى ھەيدىۋېتەيلى دېسەم، ئاشۇ ئا چاڭجاڭ...

# مۇئەللىپتىن قىستۇرما بايان

بىز بۇ كىتابىمىزنى يېزىش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار تەييارلىق قىلدۇق، ئەلۋەتتە.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىشقىيار نامەت ئىككى ئەسىرگە تەۋە ئادەم، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق پارلاق ئىزلار قالدۇرغان كىشىلەرنىڭ بىرى. بىز ئىشقىيار نامەت ھەققىدىكى ئۇشبۇ تارىخىي ھۆججەتلىك رومانىنى يىغىنچاقلاپ بىر شەكىلدە يېزىۋاتقان چاغنى قوشقاندا، ئىشقىيار نامەت تۇغۇلۇپ، بۇ ئالەمدىن ئۆتۈپمۇ، ئەزگۈ نامى قەلەمدە قايتا ھاياتلىق تېپىۋاتقىنىغا ئۈچ ئەسىر گۇۋاھ. ئەلقىسسە، ئەزگۈ نامى سەممىي تىلەكلەر ئىچىدە تىلغا ئېلىنىپ كېلەچەك ئەۋلادلارنىڭ يادىدىكى ئۈچۈن قالدۇرۇلۇۋاتقان ئىنساننىڭ روھى ھەمىشە ھاياتتۇر.

ئىشقىيار نامەت ھاياتىدا پەقەت سۆز قىلىپلا ئۆتكەن ئادەم، ئۇ مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلىپ ئېگىز ئىمارەتلەرنى سالمىغان، كاتتا ئەمەل تۇتۇپ يۇزلەپ ئادەملەرنى ئۆز سەنىمىگە ئويناتمىغان، پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا چايقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ، يۈرىكىدىكى شېرىن مېغىزدەك، ئەڭ سەممىي سۆزلىرىنى ھەقىقەتنىڭ ئاچچىق شاكىلىغا يۆگەپ زامانداشلىرىنىڭ ئۈچۈملىرىنى ياڭاق بىلەن تولدۇرغان. مانا بۇگۈنكى كۈندىمۇ، ئىشقىيار نامەت

ئۇشبۇ جاپالىق، يالغان دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ نەق بىر يۈز يىگىرمە ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ ھەمدە بۇ ئاددىي ـ ساددا، پۇقراپەرۋەر، دانىشمەن بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپ ئوتتۇز ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ بىز ئۇنىڭ ھايات يولىنى ئەسلەپ، ئاز ھەم ساز، مەنىلىك، ئۆتكۈر پاراڭلىرىنى قايتىلاپ، يادلاپ تۇرماقتىمىز. «ئۇلۇغلۇق ئاددىيلىقتىن چاقنايدۇ» دېگەندەك، ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ كۆرمىگىلىغان ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان، جاپالىق ئۆمۈر يولىدا باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان بىر ئىزنى، ھەسرەتلىك كۈلكە ساداسىنى، ھاياتقا دېگەن مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى قالدۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كاتتا ئەمەلدارلارنى، ھاياتلىقىدا نەچچە شەھەرنى سېتىۋالغۇدەك پۇلى، قۇربى بولغان مىليونېرلارنى ئەمەس، ئاددىي بىر سوپۇنچىنىڭ ئوغلى، ھاياتىدا تۈزۈكرەك يېگى كىيىم كىيمەي ئۆتكەن قەشقەرلىك ئوغۇل ئىشقىيار نامەتنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەۋاتىمىز ۋە ئۇ ھەققىدە گاھ كۈلۈپ، گاھ مۇڭلىنىپ قەلەم تەۋرىتىۋاتىمىز.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مۇئەللىپ دەسلەپ ئىشقىيار نامەت دەيدىغان ئىسىمنى ئاڭلىغان، كېيىنچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە يەنىمۇ كېيىنچە «كۆرەش قىلىش ـ پىپەن قىلىش ـ ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتى داۋامىدا ئۇنىڭ قىلغان ئۆزگىچە پاراڭلىرىنى، ھېسام ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ياش، ياش چاقچاقچىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ چاقچاق، قىزىق پاراڭلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېپيېڭى، ئاجايىپ ئۆتكۈر گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئادىتىگە يارىشا دەررۇ خاتىرىلەپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆزى توپلاۋاتقان

لەتىپە، چاقچاقلار فوندىغا قوشۇپ ماڭغان، 1980 ـ يىللىرى ئەمدىلەتىن ئېچىلىپ كېلىۋاتقان ئىجادىيەت ـ نەشرىياتچىلىق يولىنىڭ ئىللىق تۇرتكىسىدە «ھېسام چاقچاقلىرى» كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئىشلىگەن. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇ بىر باش قېتىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن، يەنى ئۇنىڭ توپلانما بىساتىدا ھېسام چاقچاقلىرىدىن باشقا يەنە ئىلىدا ئۆتكەن مەرھۇم ۋە ھازىرمۇ ھايات كۆپ قىزىقچىلارنىڭ لەتىپىسىمان، چاقچاقسىمان نۇرغۇن پاراڭلىرىمۇ خاتىرىلەنگەنىدى، ئەلۋەتتە، شۇ قاتاردا، شۇ ۋاقىتلاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ بىر مەھەللىسىدە، بىر بۇرجىكىدە (دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مۇئەللىپ بىر ئىنساندىن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆيى ئۆزبېك مەھەللىسىنىڭ نېرىسىدا، تېرەك مازار ئەتراپىدا دېگەن ئۇچۇرنى ئاڭلىغان ۋە بىر قېتىم ئالايىتەن شۇ ئەتراپقا بېرىپ بىرنەچچە كوچىلارنى كېزىپ ئىشقىيار نامەتنىڭ دېرىكىنى سورىغان ھەمدە نەچچە ئادەمدىن «بۇ تەرەپلەردە ئۇنداق ئادەم تۇرمايدۇ» دېگەن جاۋابنى ئالغان، كىم بىلىدۇ، ئىشقىيار نامەت بەلكىم ئۇ يەرلەردە ھەرگىز تۇرمىغاندۇر ياكى ئىلىغا دەسلەپ كەلگەن چاغلىرىدا، مۇساپىرلار جان بېقىشقا قولاي خەنزۇ بازىرىغا يېقىن شۇ ئەتراپتا بىرەر ـ يېرىم يىل ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغاندۇر) ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاجايىپ قايىل قىلارلىق، قىزىق پاراڭلىرىدىن ئون ـ يىگىرمىسى بار ئىدى. مۇئەللىپ «ھېسام چاقچاقلىرى»نىڭ بىرىنچى قىسمىنى نەشرگە تەييارلاشتا خېلى ئويلاندى. خەلق سەنئەتكارى روزى ئابدۇۋەلى ئۆزىنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ھېسامغا

ئاتمۇەتكەنلىكىنى ئېيتقاچقا، ئۇنىڭ بىرمۇنچە قىزىق پاراگىرافلىرى توسالغۇسىز ھالدا ھېسام فوندىغا كىرىپ كەتتى، لېكىن يېڭىدىن نامى چىققان ئىشقىيار نامەتنىڭ پاراگرافلىرىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ دەل شۇ چاغلاردا ئاتاقلىق شائىر، جامائەت ئەربابى تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بۇ باش قېتىنچىلىقمۇ ھەل بولدى (بۇ ھەققىدىكى تەپسىلاتنى بىز ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئالغان، بۇ قېتىممۇ مەزكۇر رومانىمىزنىڭ كېيىنكى بابلىرىنىڭ بىرىدە، تېيىپجان ئېلىيېف زىكرىسىدە بايان قىلىمىز). تاكى 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «دۇردانە لەتىپىلەر» ناملىق كىتابنى نەشر قىلغاندا ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەينى چاغلىرىدا ھېسام فوندىغا ۋاقىتلىق كىرىپ تۇرغان پاراگرافلىرى ئۆز ئىگىسىگە قايتىپ، ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ئىش تۇپەيلى ئەينى چاغدا مەلۇم بىر ھولۇلۇپىنىڭ قىلغان مەمەدانلىقلىرىغا مۇئەللىپ تالاي قېتىم ئېنىق چۈشەنچە بەرگەنىدى. ۋاپات بولۇپ كەتكەن شۇ ھولۇلۇپتىن باشقا، شۇ دەۋرلەردىكى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ياشىغان بارلىق زاماندashlar ۋە كېيىنكى ئەقىللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ئىشنى ئىنتايىن توغرا چۈشىنىدىغانلىقىغا مۇئەللىپ ئىشىنىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ كۆڭلىدە قېپقالغان بىر ئۆكۈنۈش شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىشقىيار نامەتنى ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى قېتىم ئىزدىگەن بولسا، بەلكىم بىرەر ئادەم بۇ قىزىقچى بوۋاينىڭ مۇئەللىپ ئەينى يىللىرى ئالتە ـ يەتتە يىل ئىشلىگەن قارادۆڭ كوممۇناسىنىڭ

تۆۋىنىدىكىلا چېلەك مەھەللىسى ئەتراپىدا ياشاۋاتقانلىقىنى دەپ بەرگەنمۇ بولار ئىدى ۋە مۇئەللىپ ئەينى چاغدا ھېسامنى، داۋۇتجان ناسىرنى، تېيىپجان ھادىنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە يادنامە، سۈرەتكە تارتىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغاندەك، بىرەر سۈرەتچى تاپقانمۇ بولار ئىدى. ئۇ چاغدا ئىشقىيار نامەتنىڭ چىن رەڭگى ـ رۇخسارى ھازىرغىچە بىزگە ھەمراھ بولار ئىدى ۋە بىزمۇ رەسساملارغا ئۇنىڭ تەقلىدىي سۈرىتىنى سىزدۇرىمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەس ئىدۇق. بۇ ھەققىدە مۇئەللىپ مۇشۇ قۇرلارنى قەغەز بېتىگە چۈشۈرۈشتىن بىر سائەتچە ئاۋۋال، يەنى 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەندە تېلېفون ئارقىلىق ئابباس تاشاخۇن بىلەن سۆزلەشتى. بىراق، ھېلىھەم ئىشەنچىمىزدىن يالتايغىنىمىز يوقكى، مەزكۇر قىسسە تاماملىنىشتىن ئىلگىرى بىر ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلىپ بېرىشكە ئۆتۈنگەن بۇرادەرلەرنىڭ ئاللىقايىسى تەرىپىدىن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆزگۈچ ـ كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىرناقچىلىق بېشى بىلەن بولسىمۇ بىرەر پارچە يەككە ياكى كۆپچىلىك ئارىسىدىكى دىدارى تېپىلىپ قالار، ئىنشائاللا.

ھالبۇكى، مۇئەللىپ ئىشقىيار نامەتكە خاس ئايرىم لەتىپىلەرنى خاتىرىسىگە جىجىلاپ، ئۇنى «ھېسام چاقچاقلىرى» كىتابىغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەن چاغلاردا غۇلجا شەھىرىدىكى يەنە بىر شەخس، ئىشقىيار نامەت تۇرۇشلۇق ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان، ئايىغى ئۈزۈلمەس خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ

بىرىنىڭ تەركىبىدە كادىر بولۇپ ئىشلەيدىغان، ئۆزىنىڭ خۇي ـ مىجەزىمۇ قىزىچىلىقتا، گەپچىلىككە مايىل، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەنئەتكارلار ۋە قىزىقچىلار ماكانى بولغان غۇلجا شەھەرئىچى مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سابىرجان سادىقمۇ ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا ئىشقىيار نامەتنىڭ ھېكمەتلىك، قىزىق پاراڭلىرىغا دەررۇ قىزىقىپ، ئۇلارنى «ئىشقىيار پىكىرلىرى» نامى ئاستىدا توپلاپ ـ رەتلەپ يۈرەتتى. مۇئەللىپ بۇ ئىشنى كېيىنچە، خېلىلا كېچىكىپ ئۇقتى. ئۇ چاغلاردا ئىشقىيار نامەت چىن دۇنياغا سەپەر قىلغانىدى...

بىراق بىز يەنىلا بۇ ھەقتىكى باياننىمىزنىڭ ئاخىرىنى كېيىنكى بابلارنىڭ بىرىدە داۋاملاشتۇرىمىز.

# بالىلىق ئەسلىمىلىرى

1970 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، تاجىۋاي مەھەللىسى.

ئىشقىيار نامەتىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىلا يىغانى ئۆرلەپ قالدى. سەۋەبى، نەچچە كۈندىن بېرى تىنى ساقسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەھەرلىكتە ئاتا ـ ئانىسىنى، قەدىم يۇرتىنى چۈشەپ قالغانىدى.

كىمنىڭ بالىلىقى بولمىغان؟ جاھاننى سورىغان پادىشاھلارمۇ ئەسلىدە بىر مەسۇم، سەبىي بالا ئىدى. بالىلىق پاك، غۇبارسىز بولىدۇ. بالىلىقنىڭ قەلبىنى پاكىز، مۇسەپپا ئاسمانغا، خىلۋەت ئورمانلار ئارىسىدىكى مۆلدۈر بۇلاققا، يېڭى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا ئوخشىتىش مۇمكىن. يەر شارىدىكى ھەرخىل ئىرق، ھەرخىل تائىپە، ھەرخىل تىلدىكى ئىنسانلارنىڭ ھايات يولى، خاراكتېر ـ پەزىلەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرلا يېرى، بالىلىقى ئوخشىشىدۇ. ئىنسان ھاياتىدا ھېچنېمىنى سېغىنماسلىقى مۇمكىن، لېكىن بالىلىقىنى سېغىنىدۇ.

بىر چاغلاردا ئىشقىيار نامەتمۇ كىچىككىنە بالا ئىدى. چىرايى سۇزۇككىنە، ئۆزى بېلىقتەك پىلتىڭلاپ، ھارماي يۈگۈرۈپ، چۇقان سېلىپ قىزىلبويى يېزىسىنىڭ كوچىلىرىدا ئاداشلىرىنى قوغلاپ، ئويناپ يۈرگەن

غەمسىز سەبىي ئىدى. دادىسى نامەت بالىسى ھارماستىن يۈگۈرۈپ ئۆينىسا كەينىدىن مەستلىكى كېلىپ قاراپ، بالىلىقىنى ئەسلەيتتى. دۇنيا مانا مۇشۇنداق چاقپەلەك ئىكەن.

بىر نېمىنى دەپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولىدۇ، ئىشقىيار نامەت ئاشۇ گۈدەك چاغلىرىدىلا باشقا بالىلارغا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغىمۇ ئوخشاشمايدىغان ھالدا زېرەك، سەگەك ئىدى. ئۇنىڭ چۈكۈلداپ قىلغان گەپلىرى شۇ چاغدىلا چوڭلارنى كۈلدۈرەتتى. ئىشقىيار نامەت ھەممە نەرسىگە قىزىقاتتى، دادىسى سوپۇن چىقىرىدىغانغا تەييارلىق قىلسا ئۇ ھەربىر نېمىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سورايتتى. لوغۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاقلارنىڭ ئالدىدىن كەتمەي، دادىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى دورايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئوچاقلار ئارىسىدا پايپاسلاپ يۈرگەن دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كېلىپ:

— ئىشقىيارمەت بالام، سىزمۇ چوڭ بولغاندا سوپۇنچى بولاي دەمسىزەي، بولىدى، بولماڭا، بالام، سىز تازا ئوبدان ئوقۇپ ئالىم بولۇڭا، سوپۇنچىلىق مېنىڭ بېشىم بىلەن كەتسۇن، — دەيتتى.

گەرچە تالاي قېتىم شۇنداق دېگىنى بىلەن ئاتا ئوغلىنى يەنىلا ئۆز ھۈنىرىنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىۋالدى. بىلەر ـ بىلمەستىنلا ئۆزىنىڭ ئاددىي ھۈنىرىنىڭ ئىچىر - بىچىرلىرىنى ئىشقىيار نامەتكە ئۆگەتتى. خورۇچ ئەكەلگىلى بازارغا بارسا ئۇنى ئەگەشتۈرۈۋالاتتى، سوپۇن ساتقىلى چىقسا ئۇنى ئېلىۋالاتتى. ئىشقىلىپ، ئىشقىيار نامەت دادىسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە غايىبانە مىخلاقلىق

ئىدى. باشقا بالىلىرىغا ئانچە گەپ قىلمايدىغان كەم سۆز، ياۋاش ئاتا مۇشۇ بالىسىغا شۇنداق ئىچىكىپ كەتكەنىدى. بۇ بالىنىڭ غەلىتە، قىزىق گەپلىرى، چوڭلاردەك تولا خىيال سۈرىدىغىنى ئاتىسىنى ھەم خۇش قىلاتتى، ھەم گاھىدا ئەنسىرىتەتتى.

ــ ئەستا بۇ بالىنى،ــ دەيتتى ئۇ گاھى كۆنلىرى قوللىرىنى ئىشقىلاپلا تۇرىدىغان ئايالىغا،ــ چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەكلا دەيمىنا، تۇرۇپلا ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىدۇ دەيمەن! ئاۋۇ كۈنى ماۋۇ قوشنىمىز مۇساق قاسساپ كالا سويۇۋاتسا «قىيامەتتە مۇنكىر ـ نەكىرلەر سىزنىمۇ مۇشۇ كالىدەك باغلاپ سويىدۇ» دىگۈدەك، بىر كىچە ئۇخلىيالماپتۇ مۇساق...

ــ ۋاي ئۆيدىمۇ شۇغۇ،ــ دىدى نازۇككىنە بويلۇق، چىمىدىپ قويغاندەك كىچىككىنە پىستە بۇرنى بار، ئىش قىلمىغان چاغلاردا تىنىمسىز قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئىشقىلاپلا تۇرىدىغان مەزلۇم دەررۇ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ دەم سىلىپ،ــ قارىسىلا، ئۆيدىمۇ نىمە ئىش بولسا بىر غەلىتە پاراڭ قىلىپ تۇرغان، ئادەمنى قورقۇتۇپ! تۈنۈگۈن تونۇر بېشىدا نان يېقىۋاتسام نىمە دەيدۇ دىمەملا، يۈگۈرۈپ كېلىپ تازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ تۇيۇقسىز «ئانا، سىلى مۇشۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدىلا كۆيىدىكەنلا ـ دە ھە، نىمە گۇناھ قىلغان بولغىيدىلا؟» دىمەمدۇ. ئەشەدە ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كېتەر...

ئانا گېپىنىڭ ئاخىرىنى مىشىلداپ يىغلاش بىلەن تۈگەتتى. ئائىلىدە پات ـ پاتلا ئىشقىيار نامەتنىڭ شۇنداق كۈتۈلمىگەن گەپلىرى توغرۇلۇق پاراڭ ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇراتتى.

قىزىلبويى يېزىسىدا كاسىپ، ھۈنەرۋەن تولا ئىدى. كوچىدا ئويناۋاتقان بالىلارمۇ ئۆز دادىلىرىنىڭ ھۈنەرلىرى توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشىپ ماختىناتتى. بىر كۈنى مۇساق قاساپنىڭ دادىسىدەكلا ئۆكتەم ئوغلى نىياز قارى دادىسىنىڭ قاساپلىق ھۈنىرى توغرىسىدا يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ دادامنىڭ بىلىدە بىلەكتەك، ماۋۇ يانپاشتەك پىچاقتىن ئالتىسى بار، شۇڭلاشقا بىز ھېچكىمدىن قورقمايمىز، بىزنىڭ ئۆيدىچۇ قاراڭلار، كۈندە كاۋاپ، كۈندە شورپا، شورپىنى ئىچكىلى ئۈنىمىسام ئانام خاپولاپ ئۇنىمايدۇ، بىرنېمە يېمىسەڭ ئاۋۇ ئىشقىياردەك ئاۋاق بولۇپ قالىسەن دەيدۇ!

ــ ئانىڭىز راست دەپتۇ، نىيازقارى، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت بىر تۈرۈلمۈپلىپ، ــ بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئانام كۈندە كىر يۇيىدۇ، بىزنىمۇ تولا يۇيۇنۇڭ، يۇيۇنۇڭ دەپلا تۇرىدۇ، يۇيۇنمىسىڭىز ئاۋۇ نىيازقارىدەك قاسماق، پىتلىق بالا بولۇپ قالىسىز دەيدۇ...

نىيازقارى دېگەن خام سېمىز، چېقىر كۆز بالا ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپىگە چىدىمىدى.

ــ كىم قاسماقكەن ۋاي، كىم پىتلىقكەن ـ ھە، دەپ بېرىڭا، كىم؟

ــ ئەمىسە كىم ئاۋاقكەن، كىم بىرنېمە يېمەيدىكەن، دەڭا!

ــ ئەمىسە سوپۇن يەمسىز، تايىنلىق دادىڭىز سوپۇنچى بولغاندىكىن.

ــ شۇ سىز سوپۇن يېمىگەچكە قاسماق، يېنىڭىزدىن چىۋىنمۇ قاچىدۇ، راستمۇ؟

نىيازقارى چىدىمىدى.

ــ چىۋىن قاچامدىكەن؟ دۇنيادىكى چىۋىنلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھويلىدا قانداق؟ دادام مال سويسا ھەممە چىۋىن گاژ قىلىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ...

ــ ھا ـ ھا ـ ھا...ــ باللارنىڭ كۈلكە ساداسى مەھەللىنى بىر ئالدى، نىياز قارى ئەپلەشمىگەن گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى شۇ چاغدىلا پەم قىلىپ قالدى ـ دە، چىرايى ئۆمسە بولۇپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ مەيدىسىدىن بىرنى ئىتتىرىۋېتىپ كېتىپ قالدى.

قىزىلبويىنىڭ سەيشەنبە بازىرى ئادەتتە ئانچە قىزىمىغىنى بىلەن، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى سەيشەنبە بازار بولۇپ قالسا ئاجايىپ قىزىپ كېتەتتى. بۇ يەرلەردە شۇنداق، ھەر كۈنى بىر يېزىدا بازار بولىدۇ، قوشنا يېزا ـ مەھەللىلەردىكى دېھقانلار، كاسىپلار ئالايىتەن كېلىپ سودا ـ سېتىق، ئېلىم ـ بېرىملىرىنى شۇ بازاردا پۈتكۈزگەچ، ھېسابتا تاماشا كۆرۈشۈپ كېتىدۇ.

نامەت سوپۇنچىمۇ مۇشۇنداق قىزىيدىغان بازارلارنى يەملەپ ـ كۆزلەپ تۇرۇپ سوپۇن چىقىراتتى، نەچچە كۈنلەر قولى ـ قولىغا، پۇتى ـ پۇتىغا تەگمەي ئوچاقلارغا ئوت يېقىپ، خۇرۇچ تەڭشەش بىلەن بولۇپ تامىقىنىمۇ، ئۇيقۇسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا كىچىككىنە ئىشقىيار نامەت دادىسىنىڭ يېنىدا مەھكەم تۇراتتى. ئۇنى ئىش قىلىشتىن كۆرە، دادىسىغا كۆزەتچى بولۇۋاتىدۇ دېگەن تۇزۇكرەك ئىدى. گاھىدا تېخى دادىسىغا ئەقىل ئۆگىتىپ ياكى بىر ئىشلارنى يادىغا سېلىپ تۇراتتى.

ــ ئاتا، ماي قانچە قېتىم قاينىدى؟ شاخارنى ئىتتىكلا سېلىۋەتتىڭىزغۇ؟

— ئاتا، ھاكنى ئاۋۋال شاخارغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، بىراقلا قازانغا سالساق بولماسمۇ؟ ئىشنى ئىككى قىلماي!

— بولىدۇ، بالام، بولىدۇ،— دەپ سۆيۈنۈپ كۈلدى نامەت سوپۇنچى،— شۇ، باشتا شۇنداق قىلىپ ئۆگىنىپ قالغانمىز - دە، سىز دېگەندەك قىلساقمۇ ئوبدان بولىدۇ.

... سەيشەنبە بازىرىدا سوپۇن سېتىۋاتقان نامەتئاخۇننىڭ بىقىنىدىمۇ باشقا بالىلىرىدىن تولىراق ئىشقىيار نامەت بولاتتى. دادىسى مىخبىر جاپادا چىقارغان سوپۇنلارنى ئاۋۋال بازاردىكى مۇقىم سېتىقچىلارغا، يۇرت ئارىلاپ مال يىغىدىغان مەخسۇس سوپۇن سودىگەرلىرىگە تەگلەيتتى. باھادا سەل كېلىشەلىسە ئاشۇ يەردىلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتاتتى. بىراق، كىچىككىنە تۇرۇپ بازارغا كۆزى پىشىپ قالغان ئىشقىيار نامەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا دادىسىغا ئەقىل ئۆگىتىدىغان بولدى.

— دادا، ئالدىرىماي تۇرۇڭا، يەنە بىردەم تۇرۇپ باقىلى، بەك ئەرزان بېرىۋەتمەڭ، ماقۇلمۇ، مىڭ جاپادا چىقارغان سوپۇنلارنى ئۇچ پۇلغىلا بېرىۋېتەمدۇقا، ئۆيگە بارساقمۇ نېمىش قىلىمىز؟ ئانامنىڭ سۆيقېشى قاچان پىشقۇچە ئولتۇرىمىز شۇ، ئولتۇرۇڭە، دۈندۈرچىگە تۇتۇپ بەرمەي، ئۆزىمىز ساتايلى سوپۇنلىرىمىزنى!

كىچىككىنە ئەقىلدارنىڭ گېپى بىلەن، مۇلايىم كاسىپ نامەتئاخۇن سوپۇنلىرىنى بۆلەكتىن بازارنىڭ بىر چېتىگە يېيىپ، ئاندىن ئۆزى ياندىكى تونۇش كاسىپ بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ چاغدا كىچىككىنە ئىشقىيار نامەت ئالدىدىكى كىر لاتىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلگەن ھەرخىل چوڭلۇقتىكى دومباق - دومباق

سوپۇنلارنى رەتلەپ تىزغاچ، ئىنچىكە ئاۋازدا تووۋلاپ خېرىدار چاقىراتتى:

ــ ھە، ئالامەت سوپۇنلار، قۇيرۇق ياغدەك، خام يەۋالغۇدەك سوپۇنلار، كىرنى ئەجەب چىقىرىدۇ، ئەمچەك سوپۇن دېگەن مانا مۇشۇ!...

كەينىدىن دەررۇ يەنە قوشۇپ قوياتتى:

ــ ھە، ئاجايىپ سوپۇنلار، قىزىلدىكى نامەت سوپۇنچىنىڭ...

ياندىكى بۇرادىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان نامەت سوپۇنچى ئوغلىنىڭ ياڭراق ئاۋازىدىن ھوزۇرلىنىپ، پارىڭىنى توختاتمىغان پېتى «ئىبلان» غا پات ـ پات ماسلىشىپ قوياتتى:

ــ ھە، راست دەيدۇ، راست دەيدۇ، خالايىق!

ئۇ چاغلاردا بازاردا ھۈنەرۋەن تولا، خېرىدار ئاز، پۇقرا كەمبەغەل بولغاچقا، بولۇپمۇ سوپۇننىڭ بازىرى تازا چاپ ـ چاپ بولۇپ كەتمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەر كىمنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن دېگەندەك، چاي ـ تۇزغا لايىق سودا بازارنىڭ ئۆزىدىلا بولۇپ قالاتتى، كىچىككىنە ئىشقىيار نامەتنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ بىكارغا كەتمەي، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بازارغا ئاچىققان سوپۇننىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك سېتىلىپ كېتىدىغان بولدى. قالغىنىنى بولسا يۇرت كېزەر سېتىقچىلار باھا تالىشا ـ تالىشا ئېلىپ كېتەتتى.

ئوغلى ئىشقىيار نامەتنىڭ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئۆزىگە مەسلىھەت بېرىپ، مەددەت بولۇپ يېنىدىن ئايرىلماي يۈرۈشى نامەت سوپۇنچىنى بەك سۆيۈندۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ بالىسىنى ئەڭ بولمىغاندا بىرنەچچە يىل

ئوقۇتۇۋېلىش ئارزۇسى بار ئىدى ـ يۇ، ئۇ چاغلاردا بۇ مەھەللە ـ كويدا مەكتەپ، مەدرىسە يوق ئىدى. پۇلى بارلار بالىلىرىنىڭ بىرەرسىنى چوڭراق يەرلەرگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بېرەتتى. بىر يىلى قەشقەردىن بىر ئۇقۇمۇشلۇق، كەمبەغەل تالىپ قوشنا يېزىغا كېلىپ مەكتەپخانا ئېچىپ قالدى. مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ، تىڭتىڭلاپ يۈرگەن نامەت سوپۇنچى دەررۇ بالىنى پاكىز كىيىندۈرۈپ، تۆت تال زومچەك سوپۇننى بىر لاتىغا يۆگەپ، ئەشقىيار نامەتنى بىرلا سىنىپتىن ئىبارەت ھېلىقى مەكتەپخانىغا ئاپىرىپ بېرىپ كەلدى. تالىپ مۇشۇ يېزىلىق ئىدى، مۇبادا خەرج ـ خىراجىتىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ھەر ھالدا بولجۇتماي يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاتىسى يۇرتىدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولمىغان بولسا، بەلكىم ئۇ بالا قەشقەر مەدرىسەسىدىكى ئەڭ ئىستېداتلىق تالىپلاردىن بىرى بولۇپ قالار ئىدى. ئىدىيەسى خېلىلا يېڭىچە بولغان بۇ يىگىت «جالالىددىن رۇمى»①نى ھەممىدىن بەك سۆيۈپ ئوقۇيتتى ۋە ئۆزىمۇ مەسنەۋىلەر يېزىپ قوياتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ تۇل قالغان ئانىسى ۋە بىر تال كىچىك سىڭلىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشنى ئارا يولدا توختىتىپ، يېزىسىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەشقىيار نامەتنىڭ چىچەنلىكى ۋە دېدىللىكى بۇ يىگى مۇئەللىمگە يېقىپ قالدى ۋە نامەت سوپۇنچىنىڭ «گۆشى سىزنىڭ، ئۇستىخىنى بىزنىڭ» دېگەن گېپىگە بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇپلا

---

① جالالىددىن رۇمى — بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە شائىر.

ئىشقىيار نامەتنى ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سوپۇنچىنىڭ ئائىلىسىدە پەقەت بىرلا گەپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئوقۇيدىغان گېپىلا بولىدىغان بولدى. كەچلىكلىرى ئىشقىيار نامەت پاكار جوزىنىڭ يېنىدا ئىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ «ھەپتىيەك»نى يادلىسا، نامەت ئۇستام بىلەن ئايالى خۇددى يېقىملىق بىر كۈينى ئىڭشاۋاتقاندەك باشلىرىنى بالىنىڭ نەيدەك ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ مىدىرلىتىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى...

تالاي يىللاردىن كېيىن بىرەيلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ تاجىۋاي مەھەللىسىدە، بۇ چاغلارغا كېلىپ ئۆزىمۇ سەزمەي سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، تۇرمۇشنىڭ قىيىندى - سوقۇندىچىلىقلىرىدا قىرىغانسىرى تىرتەكلىشىپ، زەھەردەك سۆزلەرنى بارغانچە كۆپ قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئاق باش ئىشقىيار نامەتتىن سوراپ قالدى:

— ئىشقىياركا، سىز ئوقۇغانمۇ؟

— نەدە دەيسىز، بالام؟ — دەپ سورىدى ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاچچىق ئاھاڭدا.

— يا شۇ... مەكتەپتە دېمەن...

— مەكتەپنىڭ قانىتى تېگىپ كەتكەن، بالام، قاراڭ بىزگە، بىراق تۇرمۇشنىڭ مەكتىپىنى دېسىڭىز نەچچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈۋەتتۇق، خەت دەمسىز؟ ھە، ئىسمىمنى يازىمەن جىجىلاپ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئىسمىمنى...

ئەمەلىيەتتە تازا زېھىن قويسا ئىشقىيار نامەت گېزىتتىكى چوڭراق خەتلەرنى ھەجىلەپ بولسىمۇ دانىمۇدانە قىلىپ ئوقۇيالايتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا،

تەخمىنەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرى خەنزۇ بازىرىنىڭ ئۆزبېك مەكتەپكە قايرىلىدىغان دوقمۇشىدا تاماكا، قەغەز، سەرەڭگە سېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەنلەر ئىشقىيار نامەتنىڭ خېرىدار ساقلىغاچ ئالدىدىكى كونا گېزىتلەرنى يىرتىپ تاماكا يۆگەشكە باب قىلىپ تەييارلىغاچ، خەتلەرنى دۇدۇقلاپ بولسىمۇ ئوقۇيدىغىنىنى دەپ بېرىشكەنىدى.

ــ ئىشقىياركا، گېزىتتە نېمە گەپلەر بار ئىكەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ شەيتانراق بىر ياش يىگىت.

ــ ھەممىسى كونا خەۋەرلەركەن، بالام، يېڭى گەپلەرنى كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا كېلىپ ئاڭلارسەن!

دەرۋەقە، ئۇ زاماندا گېزىتتە موخوركا يۆگەپ چېكىش ئادەت ئىدى ۋە بەزىبىر ئىدارىسىدە ۋەزىپە تۇپەيلى گېزىتكە يېزىلىدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ بالىۋاقىلىرى كونا گېزىتلەرنى ئەكېلىپ موخوركىچىلارغا دانىلاپ ئۆتكۈزەتتى. ئىشقىيار نامەتنىڭ «كونا خەۋەرلەركەن» دېگىنىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

قوشنا يېزىدىكى مەكتەپخانىدا ئوقۇغان كۆنلەر ئىشقىيار نامەتنىڭ ھاياتىدىكى، خۇشۇسەن بالىلىق دەۋرىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى. ئارىلىق يىراق بولسىمۇ ئۇ مەكتەپكە مەكتەپ جايلاشقان يېزىدىكى بالىلاردىنمۇ ئەتىگەنرەك يېتىپ كېلەتتى ۋە مۇئەللىم دەرسخانىغا كىرگەندە بېرىلگەن ساۋاقلارنى ھەجىلەپ يادلاپ ئولتۇرغان بولاتتى.

ــ ۋاي، ۋاي، ئىشقىيار، ئاخشام مەشەدە قونىمىغانسەن؟ ــ دەپ سورىغاندى بىرنەچچە قېتىم مۇئەللىمى ئەجەبلىنىپ.

مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقى يامان بولمىسىمۇ شوخ بالىلارنىڭ قاقشىتىشلىرى ئاخىر ئۇنى يېنىغا ئۇزۇن بىر تاياقنى قويۇپ قويۇشقا مەجبۇرلىغانىدى. دەرسخانىدىكى ئون يەتتە بالىدىن ئىشقىيار نامەتتىن بۆلەكلىرى بۇ تاياقنىڭ تەمىنى ئالدى تۆت ـ بەش، كەينى بىرەر قېتىمدىن تېتىپ چىقتى. بالا ئەمەسمۇ، بۇ تەلەيدىن ئىشقىيار نامەت بەزىدە ئىختىيارسىز ماختىنىپ قوياتتى. كۇتۇلمىگەندە بىر قېتىم ئۇ يېنىدىكى بالا بىلەن سىنىپقا يوشۇرۇن ئەكىرگەن قۇشقاچنى تالىشىپ ئۆرىتۆپە بولۇپ قالدى.

— خەپشۇك! ھە ئىشقىيار، تالىشىۋاتقىنىڭلار نېمە ئۇ؟

— قۇشقاچ، مۇئەللىم! — دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇ.

— مەن قۇشقاچما؟ — دەپ ۋارقىرىدى مۇئەللىم رەنجىپ، — قۇشقاچ ئىدى مۇئەللىم دەيسەن! قايسىڭ، جېدەل باشلىغان؟

قۇشقاچنىڭ ئىگىسى ئىلگىرى كۆك تاياقنىڭ تەمىنى ئالتە ـ يەتتە قېتىم تېتىغانىدى، شۇڭلاشقا دەررۇ، ئامالسىز قولىدىكى قۇشقاچنى ئىشقىيار نامەتكە بېرىۋېتىپ، ئۆزى جىم ئولتۇرۇۋالدى. ئىشقىيار نامەت بولسا قۇشقاچنى دەررۇ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ ئالدىغا ئۆتتى ۋە مۇئەللىمنىڭ يېنىدا ياتقان تاياقنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ ئۇستازىغا تەڭلىدى:

— تاياق مېنىڭ، مۇئەللىم!

— مۇشۇ تاياق سېنىڭما؟ — دەپ ئەجەبلەندى

مۇئەللىم، ئۇنىڭ يا قىزىقچىلىق قىلىۋاتقىنىنى، يا ساددىلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.
— ياق... مېنى ئۇرۇڭ، مۇئەللىم!
... ئىشقىيار نامەت بۇ مەكتەپتە بىر يىلغا يېتەر- يەتمەس ئوقۇپ قالدى، تەلىيىگە قارشى، قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان تالىپ ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئېلىپ تۇغۇلغان يېزىسىدىن كېتىپ قالغانىدى. بەلكى باشقا يەردە مەكتەپخانا ئاچىدىغاندۇر ياكى بولمىسا باغرى كەڭ قەشقەردە بىرەر ئىش - ئوقەت قىلىپ ئانىسى، سىڭلىسىنى باققاچ، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇراي دېگەندۇر... مەكتەپخانىنىڭ تاقىلىشى كۆپىنچە ھەمساۋاقلىرىغا ياغدەك ياقتى، لېكىن ئىشقىيار نامەتنىڭ كۆڭلى خېلى ۋاقىتلارغىچە يېرىم بولۇپ يۈردى.
... مانا بۈگۈن سەھەردىلا بوۋاي ئاشۇ ئۇنتۇلماس — قايتماس گۈدەك چاغلىرىنى ئەسلەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىياللار بىلەن ئىسسىق يوتقاننىڭ يېنىدا، ئۆرەدەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭدا بۇنداق ھال كەمدىن - كەم كۆرۈلەتتى. «ئەرۋاھلارنىڭ روھى قورۇنۇپ قاپتۇ،— دەپ ئويلىدى بوۋاي چەكسىز ئازاب قاپلىغان كۆڭلىدە،— مانا پات - پات چۈشۈمگىمۇ كىرىپ قالىدىغان بولدى. قېرىپ قالدىم، بەلكىم يانلىرىغا چاقىرىشىۋاتقاندۇر، بەلكىم جېنىمنى جايلا دەۋاتقاندۇر، بىراق تۇنىسا، ئابابەكرىم، چولپانلار بۇ يېقىمدا پىشىمدىن تارتىپ تۇرۇۋاتىدۇ - دە، ئۇلارمىغۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ھەر ھالدا ئۆز ئۆيى، ئۆز ئىنىلىرى بار، بىراق ئاتا - ئانا ئۇچۇن پەرزەنت دېگەن مەڭگۈ كىچىك، مەڭگۈ ناتىۋانغۇ، قارىسام بەزىدە ئۇلارمۇ مەندىن زېرىكىپ قالغاندەك، قىرىسىق، زەھەر

سۆزلىرىمدىن بىزار بولغاندەك بىلىنىدۇ، نېمە قىلاي، بۇ دۇنيا مىڭ جاپالىق بولسىمۇ مېھرى ئىسسىق، مۇڭىمۇ شېرىن بولىدىكەن. ئادەم تۆت كۈن بولسىمۇ ئارتۇق ياشىۋالسام دەپ ئويلايدىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە تومپاي، قوپال، ئاچچىقى يامان بولۇپ كۆرۈنۈپ يۈرىدىغان مەن ئىشقىيارنىڭ دىلىنى، سىرىنى كىم چۈشىنەر؟ ياق، قوينۇمدا قىرىق نەچچە يىل مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ياتقان مۇنۇ ياۋاش خوتۇنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. بالىلىق قانداق ياخشى، ياشاپ، قېرىپ بىر يەرلەرگە بارغاندا بالىلىققا قايتىپ، شۇ پېتى ئون يىل غەمسىز ياشارمىدى ئادەم!...»

## نۆۋەت ئابلىپىزخاننىڭ

بىز تاجىۋاي مەھەللىسىدە ياشىغان ئىشقىيار نامەت ھەققىدە پوتونسورۇك بىر كىتاب يېزىپ، شۇ مەھەللىنىڭ ھوقۇقدارى ئابلىپىزخانغا بىرەر باب تەقدىم قىلمىساق ئۇيات بولار.

ئابلىپىزخان ئۆز زامانىسىدا ئاغزىدا خېلى گېپى بار، تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئېتى بار كادىرلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرنەچچە ئىدارىلىرىدىمۇ ئىشلىگەن، كېيىن كېزىپ ـ تېزىپ يۈرۈپ رايونلۇق كومىتېتنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ قالغان ۋە شۇ يەرنىڭ تەيىنلىشى بىلەن، ئۆيىگە يېقىن ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلام ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ قالغانىدى. بۇ ئادەمدىمۇ ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان، ئەقىل ۋە سۆزمەنلىكتە خېلى ـ خېلىلارغا دەرس بېرىمەن دەيدىغان كىبىر، خىيال ھەر دائىم ئەسلى ئەقىل ـ پاراستىدىن غالىب كېلىپ يۈرەتتى. لېكىن، ئۇنى ئەسلا سىلىمئاخۇنغا ئوخشاتقىلى بولمايتتى. ئابلىپىزخاندا بىلىممۇ، تەجرىبىمۇ، شۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھەر ھالدا يېتەرلىك قۇۋلۇق ـ شۇملۇقمۇ بار ئىدى.

ئابلىپىزخاننىڭ ئەڭ چوڭ مىجەز ـ خاراكتېرى شۇ ئىدىكى، ئۇ ھەرقانداق جايدا ئۆزىنى ئىنتايىن كاتتا

بىلىملىك، ھەرقانداق نەرسىدىن خەۋەردار كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى ۋە شۇنىڭغا دىققەت قىلاتتى. بۇنداق مىجەزلىك ئادەملەر، دىققەت قىلىپ قارىساق ھەرقانداق جايدىن تېپىلىدۇ. مۇئەللىپىنىڭ بالىلىقتىن تارتىپ مەكتەپداش بولۇپ، كېيىنچە دائىمىي ئۇلپەت بولۇپ ئۆتكەن بىر مەھەللىلىكى بولىدىغان، شۇ تەقسىرنىڭ ئۆمرى «بىلىمەن» دەيدىغان گەپنى ھەر كۈنى كىمىدە نەچچە قېتىم تەكرارلاش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى قۇلاق موللىقىدا ئىدى. مەزكۇر جاناب مەلۇم بىر سورۇندا بىلىم ئەھلىلىرى ياكى ھەممىدىن خەۋەردار ئەربابلارنىڭ گەپلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ۋە مۇچىنىدەك تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر سورۇندا ئۇ گەپلەرنى ئۆزىنىڭ گېپى قىلىپ سۆزلەپ بېرىشكە ماھىر ۋە ئامراق ئىدى. ئۇ ھەتتا ئاشۇ سۆزلەرنى باشقا يەردە دېگەندە، ئاز - تولا كىرىش سۆز ۋە ئورۇن - ماكان ئالماشتۇرۇشلارنى قوشۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ئۇنى تونۇمايدىغان، تونۇسىمۇ ئىمان - سىرىنى چۈشەنمەيدىغانلار بۇ جانابنىڭ ھېلىقىنىدەك، ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىسا «يائاللارەي، بۇ ئادەم بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە ۋە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئورنىغا زايە كەتكەن، كۆپكە ماھىر، جىققا قادىر داھىيانە ئىنسانكەنغۇ! شۇنچىلا بىلىم ۋە ئۇچۇرلار شالاڭ چاچلىق كاللىسىغا قانداق سىغقاندۇر...» دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ بۇرادىرىمىز ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر كىتابىمۇ ئوقۇمايتتى، لېكىن ياۋروپا ئەدەبىياتىدىن سۆزلەپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يازغۇچىلىرىنى ئون تىيىنلىق بىر

باغلام ئاشكۆكىگە تەك قىلماي، تىللاپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتەتتى. تازا ئاستىن سورۇشتۇرسىڭىز، ئۇ شۇنىڭدىن بىر كۇن ئاۋۋال ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەخسۇس ياۋروپا ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە دەرس بېرىدىغان بىرەر ئۇنۋانلىق ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئۇلپەت بولۇپ قالغان بولۇپ چىقاتتى. باشقىسىنى قويۇپ، ئەدناسى سىز ئۆزىڭىز ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغان يېرىڭىزدە چىشىڭىزنىڭ كاۋىكىغا بېسىپ ساقلاپ يۈرگەن بىرەر يېڭى يۇمۇرنى سۆزلەپ بېرىپ قالسىڭىز، ئىككى ـ ئۈچ كۇن ئۆتمەيلا ھېلىقى تەقسىر بىر يۈتىلىۋېلىپ «ئاخشام ئىنگلىزچە بىر ژۇرنالدىن ئاجايىپ بىر يۇمۇر ئوقۇپ قالدىم...» دەپ، نەق سىز ئۆزىگە تېخى نەچچە كۇن ئاۋۋاللا ئېيتىپ بەرگەن يۇمۇرنى سۆزلەشكە باشلايتتى...

بىز ئابلىپىزخان مۇدىر ھەققىدە بىر ئوبدان پارالڭ قىلىۋېتىپ، گۇناھقا شېرىك بولۇپ «بىلىمەن» تەقسىرنىڭ تەرىپىگە چۈشۈپ كېتىپتىمىز... خوش، شۇنداق قىلىپ، مىجەز ـ خۇلقتا «بىلىمەن» تەقسىردىن قېلىشمايدىغان ئابلىپىزخان مۇدىر تاجىۋاي مەھەللىسىدە مۇناسىۋەتشۇناسلىقتا ئالامەت ئەھمىيەت بېرەتتى. بولۇپمۇ قىتمىر ساقچى، ئابلاجان جۇجالڭ، يۇقىرىدىن كەلگەن قارا يوغانغا ئوخشاش ئادەملەرنى كۆرگەندە، ئالدىدا ياخشى پارالڭ قىلىپ، ئىللىق چىراي، كۆرسىتىپ ھالى قالمايتتى. ئادەتتىكى ئادەم، مەسىلەن، ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىشخانىسىغا ھاجەتمەن بولۇپ كىرگەن «سالىمى چولڭ»لارغا بولسا، ئۈچ ـ قىرىنى يېتەرلىك كۆرسىتىۋېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. بىراق،

ئىشقىيار نامەت تاجىۋاي مەھەللىسىگە پەيدا بولۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت دەستۇرىنى باشقىدىن ئويلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تېڭىرقاپ قالدى، سەۋەبى، ئىشقىيار نامەت ئەسكى چاپان ئىچىدىكى ئاددىي ئادەم بولسىمۇ، مەيلى مىجەز، مەيلى گەپ ـ سۆز جەھەتلەردىن بولسۇن، ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى. ئابلىپىزخاننىڭ سىلىمئاخۇندىن چېچەنرەك يېرى شۇكى، ئۇ بۇ نۇقتىنى ئانچە كېچىكمەي چۈشىنىۋالدى. سىلىمئاخۇن بولسا تاكى ئاخىرغىچە چۈشەنمەي، داۋىسىنى ئىشتىپ ئۆتتى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئابلىزخان ھەققىدە قىلغان تۇنجى گېپى مۇنداق بولغانىدى: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قالپاق كىيدۈرىدىغان، ساقال قىرقىيدىغان ئەسەبىي ۋاقىتلىرى ئۆتۈپ، مەھەللىدىكى «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى» كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا «لۇشيەن تەربىيە كادىرلار ئەترىتى» يېڭىدىن كەلگەن چاغلار ئىدى. يېڭى ئەترەت كەلگەندىن كېيىن «يېڭى باشلىق ئۈچ قېتىم ئوت ياقىدۇ» دېگەن خەنزۇ خەلق ئىدىيومىغا بىنائەن، تاجىۋاي مەھەللىسىدە بىر مەزگىل چوڭ ـ كىچىك يىغىنلار قايناپ كەتتى. كادىرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۆزىنى خېلى يېتۈك نەزەرىيەچى ھېسابلايدىغان، دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن كەلگەن بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئىدى. بۇ ئادەم تەرجىمانلىقتىن ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ خەنزۇچىنى ئاجايىپ ـ غارايىپ، ئۆلۈك تەرجىمە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە شەھەردە، كادىرلار ئارىسىدا لەتىپىسىمان گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. بىر قېتىم،

يەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىغىدىن باشلانغان چاغلاردا ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئىسيانچىلار يىغىلىپ، شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئىشخانىسى جايلاشقان پارتكوم بىناسى ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتكوم سېكرېتارى بىر چاغدا تەرجىمانلار ئىشخانىسىدىكى نەق بىز پارىڭىنى قىلىۋاتقان تەرجىمانىنى ئەگەشتۈرۈپ پارتكوم بىناسى ئالدىغا چىقىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. سېكرېتار ھەربىر سوئالغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن تەرجىمان ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدۇ... ئاخىرىدا پېشقەدەم، ئەقىللىك سېكرېتار ئۆزىنىڭ بالىلىرى قاتارلىق ئىسيانچىلارغا «ئىغۋالارغا ئالدانماي، ئۇششاق ــ چۈششەك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەي، چوڭ ۋەزىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈش» ھەققىدە سەممىي نەسىھەت قىلىدۇ. نۆۋەتتە تەرجىمان بۇ سۆزنىمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدۇ.

ــ سېكرېتار مۇنداق دەيدۇ: كىچىك باتۇرلار، سىلەر ھوشيار بولۇپ، توخۇ پېيى، سامساق پوستىدەك ئىشلارغا ئارىلاشماي، يوغان ــ يوغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار...

تەرجىماننىڭ تەرجىمىسى تېخى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا، مەيداندا لىققىدە ئولتۇرغان ئىسيانچىلارنىڭ ئارىسىدا «پاراق ــ پاراق» كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جىددىي ۋەزىيەتمۇ پەسىيىپ، ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلابىي ناخشا ئېيتقىنىچە مەكتەپلىرىگە قايتىدۇ. شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارى ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم خۇشال

بولۇپ، بۇ «قابىل تەرجىمان»نى ماختايدۇ، شۇ بىر ماختاش دوقا ماڭلاي تەرجىمانغا ياغدەك يارىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېزا ئىگىلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ھەمدە يېڭى ئىدارىگە رەسمىي خىزمەتكە چۈشمەي تۇرۇپلا، «ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى» بىلەن بىر ئەترەتكە باشلىق بولۇپ، ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامغا لۇشيەن تەربىيە خىزمىتىگە چۈشىدۇ.

ئەنە شۇ سۆزمەن، مۇنەججىم مىجەزلىك ئەترەت باشلىقى بىر قېتىم تاجۇاي مەھەللىسىدىكى يىغىندا دەبدەبىلىك سۆزلەردىن تەركىب تاپقان نۇتقىنى ئاياغلاشتۇرۇۋىدى، دائىم بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئابلىپىزخان مۇدىر سۆز ئېلىپ، بەك ئېھتىياتچان بولغاچقا سازلىقتىكى يالغۇز ئاياغ يولدا كەينىدە كېلىۋاتقان يولۇچى ئالدىدا كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ نەق ئىزىدىن، ئېھتىيات قىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش، ئالدىدا سۆز قىلغان كادىرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقىنىڭ نۇتقىنى ئەينەن تەكرارلاپ سۆزنى تۈگەتتى. يىغىن تارقالغاندا ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر قوشنا ئىشقىيار نامەتكە قاراپ:

— بۇ ئابلىپىزخان مۇدىرمۇزە، كادىرنىڭ سۆزىنى باشقىدىن يادلاپلا بەردى دېسە، ۋاقتىنى زايە قىلىپ، — دەپ غۇدۇڭشىدى.

باياتىن بېرى بۇ ئىشقا ئۆزىمۇ دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىشقىيار نامەت قوشنىسىغا:

— بۇنىڭدىن ئەجەبلەنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەھەللە مۇدىرىمىز كالا يىللىق، كۆشەشنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى.

غۇدۇڭشىغۇچى ۋە ئەتراپتىكى بىرنەچچەيلەن ئىشقىيار نامەتنىڭ تازا كەلگەن جاۋابىدىن قاقاھلاپ

كۈلۈپ كەتتى. ئىشقىيار نامەت «بۇلار مېنىڭ مۇنداقلا قىلىپ قويغان گېپىمگە ئەجەب كاتتا كۈلۈشۈپ كەتتا!» دەپ ئويلىدى ـ يۇ، لېكىن بىر مەخپىيلىكنى، ئابلىپىزخاننىڭ ئۆزى ئىنتايىن يوشۇرىدىغان ھەم ھار ئالىدىغان «كالا» لەقىمى بارلىقىنى شۇ تاپتىمۇ بىلمەي قېلىۋەردى. ئۆزىنىڭ بايىقى چاقچاقىسىمان گېپىنى كىمدۇر بىرىنىڭ ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتمەيلا ئابلىپىزخانغا پەتنۇسقا سېلىپ تۇتىدىغانلىقىنىمۇ ئۇ ھەم ئويلىمىدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئابلىپىزخان ئىشقىيار نامەتتىن سەل ئېھتىيات قىلىدىغان بولدى ۋە ئۇنىمۇ ئۆزى ئاۋايلاپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەر قاتارىغا كىرگۈزدى. سەۋەبى ئۇ بۇ «بالا ـ قازا بوۋاي»نى ئۆزىنىڭ قورۇنىدىغان لەقىمىنى بىلىۋاپتۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى ۋە ئىشقىيار نامەتكە بۇ لەقەمنى يەنە دېگۈزمەسلىكنىڭ چارىسى — ئۇنىڭغا ئارتۇقچە چېقىلماسلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. راست دېگەندەك، شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىپىزخان ئىشقىيار نامەتنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپ ـ سۆز ياكى ئىشلارنى قىلمىدى، گاھىدا ئۇنتۇلۇپ بوۋايغا تولۇق ـ قوپال تېگىپ قالاتتى ـ يۇ، ئارقىدىن نەچچە كۈن ۋەھىمىدە يۈرەتتى.

ئابلىپىزخاننىڭ سىدىق نۇر دەيدىغان بىر ئاغىنىسى بار ئىدى، شۇ كىشى بىر كۈنلىرى ئۇچەدەرۋازا[1] تەرەپتىن ئالايتەن مۇدىر ئاغىنىسىنى پاناھ تارتىپ كېلىپ، بىرنەچچە مەزگىل يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ، ئاخىرى

[1] ئۇچەدەرۋازا ــ غۇلجا شەھىرىدىكى ئاۋات، چوڭ مەھەللىلەرنىڭ بىرى.

تاجىۋاي مەھەللىسىدە قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «سانائەت كارخانىسى» قۇردى. ئابلىمىزخان مۇدىر ئەلۋەتتە تەشكىل تەرەپتىن كارخانىنى باشقۇرۇپ بەردى، بىز ئۇشبۇ رومانىمىزدا تىلغا ئالغان ۋە ئەمدىكى بابلاردا يېتەرلىك تەسۋىرىنى بېرىدىغان سابىرجان سادىق شۇ كارخانىنىڭ بوغالتىرلىقىنى ئىشلەيتتى. سىدىق نۇر مەبلەغ چىقىرىش، ئىش تېپىش، ئادەم ئىشلىتىش قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلارنىڭ تۆپىسىدە تۇراتتى. ئۇ زاماندىكى مەھەللە قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى (ئاتالمىش كارخانا)نىڭ قىلىدىغان ئىشى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى سېلىش ۋە ھاجەتمەن ئىدارە ـ شەخسلەرنىڭ ئۆي، خىزمەت بىنالىرىنىڭ ئۆگزىسىگە لاي سېلىش... دېگەندەك ئىشلار بولاتتى. لاي سېلىش ئاساسلىق مەشغۇلات بولغان بىلەن، لاي سامىنىنىڭ مەنبەسى ئاز ئىدى. سىدىق نۇرنىڭ «سامان ئۇقۇشۇپ بېرىدىغانغا بىر ئادەم كېرەك ئىدى» دېگەن تەلىپىگە ئاساسەن، ئابلىمىزخان دەررۇلا سامان سودىسى قىلىدىغان ئىشقىيار نامەتنى يادىغا ئالدى... ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىشقىيار نامەت بىر مەزگىل مەزكۇر سانائەت كارخانىسىنىڭ ئادىمى بولۇپ قالدى. ئەمدىكى كۈنلەردە ئۇ ئىشكىگە تولىراق مۇراجىئەت قىلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا ئىشەكلىك قاتنايدىغان بولدى. بوۋاي كارخانىغا لاي سامىنى ئۇقۇشقاچ، ئۆزىمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغان ئۇششاق ـ چۈششەك تىجارىتىنى بىر باشتىن يۈتكۈزۈپ ماڭاتتى ھەم كۆڭلىدە، ئۆزىگە مۇشۇنداق غەنىيمەت پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن ئابلىمىزخان مۇدىرغا غايىبانە رەھمەت ئېيتاتتى.

# سىلىمئاخۇن ئاغمىچى

ئوقۇرمەنلىرىمىز، بىر چاغلاردا ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلام كومىتېتى جايلاشقان قورۇنىڭ كۆزەتچىسى بولغان، كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ شارائىتىدە چوقۇرىدىن باشقا ھەممە يېرى ئۆزگىرىپ كەتكەن، تەكتى سەھرالىق سىلىمئاخۇن بىلەن سەل ـ پەل تونۇش.

سىلىمئاخۇن ھەققىدە پاراڭ قىلىشىۋېتىپ «تەكتى سەھرالىق» دېگىنىمىزنىڭ سەۋەبى ھەرگىز سەھرانى تۆۋەن كۆرۈش ئەمەس، بەلكى سىلىمئاخۇن ئۆز يۇرتىدا قىلغان بەزى ئىشلاردىن ئوقۇرمەنلەرنى خەۋەردار قىلىش.

سىلىمئاخۇن بالا ۋاقتىدا، يېزىسىدىكى مەكتەپتە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكۈچە ئوقۇغان، لېكىن نېمە ئوقۇغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان ئادەم ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ياراتمايتتى، ئۆزى بولسا، ئىش دېسە بېشى ئاغرىپ نېرى قاچاتتى. يېزا يېرىدە بۇنداق ئادەملەرگە نانمۇ، ئېتىبارمۇ يوق. شۇنىڭغا قارىماي سىلىمئاخۇن ئۆزىنى يەردە قېپقالغان، ھەتتا تالانتلىق دەپ ئويلايتتى. ئۆزى ھەققىدە ھەرنېمىلەرنى ئويلايتتى ـ يۇ، لېكىن «نېمىشقا بىر چاپىنىم ئىككى بولمايدۇ؛

كىيىنىم نىزدىن ئاشمايدۇ؟» دەپ ئويلىمايتتى. بىشىغا چۈشكەن قىسمەتلەرنى ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقىدىن ئەمەس، باشقىلارنىڭ كۆرەلمەسلىكىدىن دەپ بىلىپ، بەخىرامان ياشاۋىرىدىغان ئادەملەر ھەممە يەردە بار. تاق شۇ مىجەزى تۈپەيلى، يىگىت مەزگىللىرىدە سىلىمئاخۇننى يىزىسىدىكى ئەڭ سەت قىزلارمۇ ياراتماي قويىدى، كىيىنچە، تەقدىر ـ قىسمەت بولۇپ، ئابلاجان جۇجاڭنىڭ شىرەم تۇغقىنىغا ئۆيلىنىپ، شۇ ئادەمنىڭ راياۋىتى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كىرىۋالدى، بىر مەزگىل «قارا نوپۇس» بولۇپ يۈرگەندىن كىيىن يەنە شۇ كىشىنىڭ خەيرخاھلىقىدا نوپۇسقا ئۆتۈپ، تاجىۋاي مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلام كومىتىتى قورۇسىنىڭ كۆزەتچىسى بولۇپ ئورۇنلاشتى... بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ بايانىمىز، بىراق سىلىمئاخۇن چوقۇرنىڭ ئۆزىدىن سورايدىغان بولسىڭىز، بۇ جەريانلارنى پۈتۈنلەي ئەكسىچە، ئۆزىگە بىنا قويۇپ بايان قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ گىپىگە ئۆزى ئىشىنىپ يۈرۈۋىرىدۇ.

سىلىمئاخۇن تاجىۋاي مەھەللىسىدە، ئاساسىي قاتلام كومىتىتى قورۇسىدا كۆزەتچىلىك قىلغان يىللىرىمۇ ھىلىقى مىجەزىنى دۇمبىسىدە بوپا قىلىپ ئىلىپ يۈردى. ئۈنىڭچە بولغاندا، ئابلىپىزخاننىڭ ئورنىدا ئۆزى مۇدىرلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئابلىپىزخان كىچىلىرى مايلىشىپ كەتكەن سىرىق جۇۋىنى كىيىۋىلىپ، بىر يىللىرىغا كىلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسىدىن باشقا بىر ئىشنى قىلغان جوتۇ سىپىنى كۆتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ھويلىسىنى ۋە ئەتراپىنى جىسەيدىغان

كۆزەتچىلىكنى قىلىسا توغرا بولاتتى... ئۇ مانا شۇنداق ھەس ـ ھەسچىلىكتە يۈرگەن چاغلىرىدا، خۇددى سىلىمئاخۇن ئۇچۇنلا چىققاندەك، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەيدىغان قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ قالدى. ئاقنى قارا، ئوڭنى تەتۈر، يۇقىرىنى تۆۋەن قىلىدىغان بۇ ھەرىكەت سىلىمئاخۇننىڭ كۆڭلىگە مايدەك ياقتى. ئۆزىگە ئەمدى ئامەت، پۇرسەت كەلگەنلىكىنى ئۇ ھەر ھالدا خىلىلا بالدۇر بايقاپ ـ پەملەپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، ھەدېگەندىلا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتى. ئەسكىلىكنىڭ ھەرقاندىقىنى قىلىسا ماسلىشىۋېرىدىغان، قاملىشىۋېرىدىغان بۇ كۈنلەردە سىلىمئاخۇن چوقۇرنىڭ چېچىكى چاي بولۇپ كەتتى. بىر ئۆرۈلۈپلا كۆزەتچىلىكتىن ئىسيانچى، ئىسيانچى بولغاندىمۇ تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى ئۆپكىسى يوقلارنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ قالدى. يۇقىرىدىن چۈشكەن «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى»دىكى خۇددى ئۆزىدەكلا چالا ساۋاتلار ئۇنىڭغا يۆلەك بولۇپ بەردى. «تۆت كونا»نى بۇزۇش، كىتابلارنى كۆيدۈرۈش، ئاندىن قالسا ئالىلىكىملەرگە قالپاق كىيدۈرۈپ سازايى قىلىشتەك ھەرىكەتلەردە ئۇ «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ رەھبەرلىكىدە ئارقا ـ ئارقىدىن خىزمەت كۆرسەتتى ۋە خەلقنىڭ توۋا دەپ ياقا تۇتۇشىغا، تەشكىلنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى... ئىشقىيار نامەتكە ئۇزۇن قالپاق كىيدۈرۈلگەن قارا كۈنلەردە خەلق ئۇنى ئوبدانلا تونۇۋېلىشقانىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ تاكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار بولغۇچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى

بىر ـ ئىككى يىلدىمۇ، سىلىمئاخۇن چوقۇر يۇگەنسىز ئاتقا ئوخشاش چەللىدە چىپىپ يۈردى، شۇنداقلا ئىشقىيار نامەت بىلەن ھەدىسە ئېرەكىشمەن دەپ، داۋاملىق داۋىسىنىمۇ يەپ كەلدى، ھېكايىمىز ئەمدى مۇشۇ خۇسۇستا بارىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بىر قاتار ئەسەبىي ئىشلارنى قىلىپ ئۆلگۈرگەن، زامانغا لايىق فورما كىيىپ، تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن سىلىمئاخۇن بىر كۈنى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى مەجبۇرەن يىغىلغان چوڭ يىغىندا «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ باشلىقىدىن كېيىنلا سەھنىگە، ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ھويلىسىدىكى پېشايۋانغا سەكرەپ چىقىپ، كانىينى كېرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ھازىر ئىشچىلار تەشۋىقات باشلىقى يامان ئوبدان گەپ قىلدى، سىنىپىي يولداشلار، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاب»نى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەممە ئىشىمىزنى تاشلاپ، ھەممە ئادەم يىغىنلارغا، پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ... ھە، يامان ئادەملەرنى پاش قىلىپ، ئۇلار بىلەن تازا قاتتىق كۆرەش قىلىپ، تاجىۋاي مەھەللىمىزدە ئىنقىلابنى ئىلگىرى ـ كېيىن قىزىتىۋېتەيلى... ھە، ھازىر پۈتۈن شەھەردە ئىنقىلاب كەسكىن، ئىنقىلاب ئۈچۈن ھەرقانداق ئورۇن ئىشنىڭ توختاپ قېلىشىدىن قورقماسلىقى كېرەك!...

دەل شۇ چاغدا توپ ئارىسىدا تۇرغان ئىشقىيار نامەت توۋلاپ قالدى:

ــ ۋاي سىلىمئاخۇن كۆزەتچى، خاپا بولمىساڭ گېپىڭگە بىر لوقما سېلىپ قويايمۇ؟

ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ھويلىسىدا سانجاق تىزىلىپ تۇرۇشقان ئاھالىلەر ئىشقىيار نامەتنىڭ «كۆزەتچى» دېگەن تەئەددىسىدىن گۇررىدە كۈلۈشتى، سىلىمئاخۇن بولسا چوقۇرلىرىغىچە شەلپەردە قىزىرىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئامالسىز:

— ھە، نېمە گەپ، بوۋاي؟ — دېدى.

— خاپا بولماي ھازىرقى گېپىڭىزنىڭ كىچىككىنە يېرىنى ئۆڭشاپ، باشقىدىن دېسەڭ، ئاشۇ «ھەرقانداق ئورۇن» دېگەننىڭ ئورنىغا، «ئۇن زاۋۇتىنى باشقىسى» دەۋەتكەن بولساڭ تولا بەلەن بولاتتى.

ئەتراپتىن «نوچى گەپ!» «راست دەيدۇ» دېگەن خىتابلار ئاڭلاندى، گاھىبىرلىرى تېخى شۇ ۋاقىتلاردىكى يېڭى مودا بويىچە چاۋاكمۇ چالدى. سىلىمئاخۇننىڭ چىرايى ئەمدى شەلپەردەك قىزىرىشتىن قەغەزدەك ئاقىرىشقا ئۆتكەن، ئۆزى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، تېپىرلاپ ئەتراپىغا قارايتتى. شۇ ئەسنادا «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ كۆرەڭ، يۇمۇق باشلىقى ئۇنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ يۇگۇرۇپ كەلدى...

بىر كۈنلىرى «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى» مەھەللىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈركۈملەرگە بۆلۈپ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. تۈركۈمگە بۆلۈش دېگىنى، ھەر كۈنى بىر تارماق كوچىنىڭ ئاھالىلىرى كىرىپ لېكسىيە ئاڭلىسۇن دېگىنى ئىدى. ئىشقىيار نامەت لېكسىيەگە كىرگەن كۈنى باشتىن ـ ئايىغىچە (ئىشقىيار نامەتنىڭ بىر قېتىم دېگىنى بويىچە «چىشتىن

تىر نىقىغىچە») ماش رەڭ كىيىم كىيگەن سىلىمئاخۇن گىدەيگىنىچە، تاقا ـ تۇقا سۆزلەر بىلەن ھىلىقىدەك (ئاساسىي قاتلام كومىتېتى قورۇسىدا، پېشايۋاندا سۆزلىگىنىدەك) ئاتالمىش «لېكسىيە» سۆزلىدى. ئىشقىيار نامەت كۆزى سىلىمئاخۇندا، خىيالى لەڭزە بىشىدىكى سامانخانىسىدا... مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، سۆزنى تۇگەتكەن سىلىمئاخۇن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئولتۇرۇشىغا قاراپ «مېنىڭ لېكسىيەمگە قاتتىق قىزىقىپ، پۇتۇن ئەس ـ يادى بىلەن ئاڭلاپتۇ» دەپ ئويلاپ قالدىدە، غادىيىپراق، ئىشقىيار نامەتكە مۇراجىئەت قىلدى:

ــ ھە، ئىشقىيار بوۋاي، مېنىڭ دوكلاتىمنى قالتىس تىڭشاپ كېتىپتىلا، زوقلىرى كەپتۇ ـ ھە؟

ــ ئۇنى بىر دېمە!ــ دېدى ئىشقىيار نامەتكە،ــ بىر يىلى پەيزاۋاتتا بىر كۇچۇك بېقىپ قويۇۋىدىم، كاساپەتنىڭ ھاۋشىسا ئۇنى ئەرشكە يېتەتتى، بوگۇن ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ، شۇ كۇچۇك يادىمغا يېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىشىم...

سىلىمئاخۇنغا شالاڭ چېلىنغان چاۋاكلاردىن كېيىن، ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپىگە قاتتىق كۇلگەن ئاۋازلار لېكسىيەخانىنى بىر ئالدى.

سىلىمئاخۇننىڭ تاجىۋاي مەھەللىسىدە ئەيمىنىدىغان تۆت ئادىمى بار ئىدى. بىرى، قىتىمىر سوجاڭ، بىرى، ئابلاجان جۇجاڭ، بىرى، ئابلىپىزخان مۇدىر، يەنە بىرى، ھېچقانداق ئەمەلى بولمىسىمۇ ئاۋۇ ئۇچىدىنمۇ بەكىرەك تەپ تارتىدىغان ئىشقىيار نامەت ئىدى. لېكىن، «ئىت ئۇرغۇچىسىغا ئامراق» دەپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپلا ئۆزىنى

ئۇنتۇپ، ئىلگىرى مىڭبىر پۇشايمان بىلەن تىلىنى چىشلەپ ئىچكەن قەسىمى يادىدىن چىقىپ، ئىشقىيار نامەت بىلەن ئىرەكىشىپ قالاتتى ۋە داۋاملىق ئەدىپىنى يەيتتى، تۆۋەندىكىسى شۇنىڭ ئېنىق مىسالى.

بىر كۈنلىرى مەھەللىدە ئىشقىيار نامەت بىلەن ئابلاجاننى قالپاق كىيدۈرۈپ سازايى قىلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تاجىۋاي مەھەللە ئاساسىي قاتلام كومىتېتى قاتارلىق ئەتراپتىكى بىرنەچچە مەھەللىلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كوللېكتىپ سازايى قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامۇ بۇ ئىشقا قىتمىر، سىلىمئاخۇن، ھاۋاخاندەكلەرنىڭ زوغۇيلۇقى بىلەن ئىشقىيار نامەتنى كۆرسىتىپ بەردى. بىر قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا ئالتە بايقۇش ئۇزۇن قالپاق بىلەن تۇرغۇزۇلۇپ، بازار ئىچىنى، تاكى «ئىستالىن» كوچا[1] تەرەپلەرگىچە ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىندى، ماشىنا ئاستا مېڭىپ، ئادەم كۆپ يەرلەرگە كەلگەندە توختاپ، ھەرخىل بەتنامىلار ئارتىلغان ئالتە بەختسىزنى سازايى قىلاتتى. كابىنكىدىكى بىلىنكىگە قىزىل بەلگە باغلىغان ئىككى ئاكتىپ كاناي بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ «جىنايەت»لىرىنى جاكارلايتتى... خەنزۇ بازىرىدىكى شۇنداق بىر توختاشتا ئىشقىيار نامەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، ئالىمانغا قاراپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىگە ئىچى قارىلىق بىلەن ھىجاراپ قاراپ تۇرغان سىلىمئاخۇننى

---

① «ئىستالىن» كوچا ــ غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى.

كۆردى. سىلىمئاخۇن ۋىلىسىپىتكە مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سازايى ماشىنىسىغا ئۇچراپ قالغانىدى.

ــ ئىشقىيار بوۋاي، يامانىمۇ چىرايلىق، ماشىنىغا چىقىپ قاپتىمىزغۇ!ــ دەپ ۋارقىرىدى سىلىمئاخۇن ئىشقىيار نامەتكە قاراپ بىر ئەسنادا.

ــ بەرىكاتىڭدا، كۆزەتچى،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت سىلىمئاخۇن چوقۇرغا كۆكۈچ كۆزلىرىدە مىختەك قادىلىپ،ــ لېكىن، ناپناقشىپ كەتمە، قوشنام، ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ ماشىنىنىڭ بېشى ئامان بولسا، سەنمۇ بىر كۈنلىرى چىقىپ قالىسەن!

ماشىنا ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۇياق ـ بۇياققا قارىشىۋاتقاندا سىلىمئاخۇن ئاللىقاچان ۋېلىسىپىتنى لىككىدە مىنىپ قالغانىدى.

ئىشقىيار نامەت سىلىمئاخۇن بىلەن قىلىشقان پاراڭلاردىن يەنە مۇنداق بىرىمۇ بار: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، سەككىز ئۇلگىلىك تىياتىردىن باشقا جىمى سەنئەتنىڭ «سېرىق نەرسە، بۇرژۇئازىيەنىڭ مېلى» دەپ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا چەكلەنگىنى ھەممە ئادەمنىڭ يادىدا. تاجىۋاي مەھەللىسىگە چۈشكەن كادىرلار خىزمەت ئەترىتىنىڭ مەسئۇلىمۇ دائىملا «بىزگە بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇلبۇللىرى كېرەك ئەمەس» دەپ سۆزلەيتتى. قورسىقىدا ئۇمچى يوق، دورامچۇق سىلىمئاخۇنمۇ ئۆزىگە سۆزلەش پۇرسىتى كەلسىلا شۇ سۆزنى تەكرارلاشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم ئۇ كوچىدىكى رادىيو كانىيىدىن قۇلاق ـ مېڭىنى يېگۈدەك چىڭ ئاڭلىنىۋاتقان «ئۇلگىلىك تىياتىر» ناخشىسىنى ماختاپ، ھاياجانلىنىپ

سۆزلەپ كەتتى ۋە بىر چاغدا، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىشقىيار نامەتكە مۇراجىئەت قىلدى:

— ھەي، ئىشقىيار بوۋاي، ئاڭلىدىڭىزمۇ مۇنۇ ناخشىنى، قالتىس ئىسىل - ھە؟ شۇنى ئېيتقان ناخشىچىنىڭ ئاۋازى نېمىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ؟ بىر تاپسىلا!

— تورۇمتاينىڭ ئاۋازىغا، — دېدى ئىشقىيار نامەت ئويلانمايلا. سىلىمئاخۇن ئاچچىقلاپ كەتتى.

— نېمە، نېمە؟ تاپالمىدىڭىلا، بۇلبۇلنىڭ دېسىلە مۇنداق...

— ھەرقايسىڭلار بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى چەكلىۋەتكەچكە، شۇنداق دېسەم ياقامدىكىن دەپتىمەن... — دېدى ئىشقىيار نامەت غەم تارتماي، بۇ چاغدا سىلىمئاخۇن يېڭى مەلۇماتنى ئېلىپ ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىشخانىسىغا يۈگۈرگەنىدى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ «ئۆگىنىش كۇرسى»دا سىلىمئاخۇنغا بەرگەن ئاجايىپ ئۆتكۈر بىر رەددىيەسىمۇ ئەينى يىللىرى غۇلجىغا پۇر كەتكەن. ھازىرمۇ سورۇنلاردا، ئىشقىيار نامەتنىڭ پاراڭلىرى قاتارىدا لەتىپىگە ئايلىنىپ كەتكەن شۇ سۆز پات - پات تىلغا ئېلىنىپ، سورۇن ئەھلىنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈپ، ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

«ئۆگىنىش كۇرسى»نىڭ پاش قىلىش باسقۇچىدا، ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىدە ئىشقىيار نامەتكە ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرگەن سىلىمئاخۇن چوقۇر تاجىۋاي مەھەللىسىگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى — قارا يوغان كادىرغا «ئىشقىيار مال بازىرىدىن

بىر يەكشەنبەدە ئالتە كالا ئالغان» دەپ چاقۇ بەردى. ئىشقىيار نامەت بۇنى قەتئىي بويىنغا ئالمىغاندىن كېيىن (ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ قىپقىزىل تۆھمەت ئىدى) قارا يوغان ئىشقىيار نامەتنى سىلىمئاخۇن بىلەن يۇزلەشتۇردى.

ــ تۆھمەت قىلساڭمۇ ئىنساب بىلەن، يولدا قىلەۋاي، كۆزەتچى، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت سىلىمئاخۇننىڭ يۇرىكىنى يەنە بىر سىرقىرىتىپ، ــ شۇ كۇنى مېنى كۆرگىنىڭ راست، ئەتىگەندە مال بازىرىدا ماڭا ھۇۋقۇشتەك پارقىراپ قاراپ تۇرغىنىڭدا بىر قىزىل ـ ئالا سىيىرنى سودىلىشىپ ئېلىپ، يېتىلەپ كەتكىنىم راست. كېيىن، كۆرمىدىمىكىن دېمە، ئارقامدىن سايەمدەك ئەگىشىپ ماڭدىڭ، خەنزۇ بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا ئىككىمىز بىر دوقۇرۇشتۇق، شۇ كالىنى يەنە بىر كۆردۈڭ، ئىككى بولدىما؟ تاشلەپكىنىڭ ئالدىدا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتىڭ، تازا بىر ئالىيۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتىم، كۆرگىنىڭ يەنە شۇ كالىدى، ئۈچ بولۇپ كەتتىما؟ «تالىيە مەكتەپ»نىڭ ئالدىدا ئىككىمىز يەنە كۆرۈشۈپ قالدۇق، كالا شۇ، تۆت دېگىنە! تاجىۋاي مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان يەردە، كىنوخانىنىڭ ئالدىدا كەينىمدىن يېتىشىپ كېلىپ، كالىنىڭ يانپىشىدىن بىر سىلاپ قويۇپ «نەچچە بولدى؟» دېدىڭ، بەشما؟ مەنمۇ ئەخمەق، ئازاد يېزا تەرەپتىن ماڭماي، تەتۈر مېڭىپتىكەنمەنا؟ بەرىبىرغۇ يەنە ئەگىشىۋالاتتىڭ سەن... خوش، مەھەللىگە كىرىپ قارىسام، ئاللىقاچان دەرۋازامنىڭ ئالدىدا كۆكۈنەك تېشىۋەتكەن قوغۇندەك چەكچەرەپ، ھىجىيىپ تۇرۇپتىكەنسەن، قىزىل ـ ئالا

سىيرنى يەنە كۆردۈك، شۇنىڭ بىلەن كالا ئالتە بولۇپ كەتتى دېگىنە!

ئىشقىيار نامەتنىڭ بولجۇتماستىن دېگەن گەپلىرى بارغانسېرى سىلىمئاخۇننىڭ چوقۇر يۈزىنى قىزارتىپ، قارا يوغاننىڭ توم قارا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىلى تۇردى... سۆز ئاخىرلاشقاندا قارا يوغان گۇرجەكتەك قولى بىلەن سىلىمئاخۇننىڭ گەجگىسىدىن كاپلا ئالدى ـ دە، ئىتتەردى:

ــ چىقەۋاي، ئىنكاسىنىمۇ ئەپلەشتۇرۇپ ئەكىرەلمىگەن!

# تېيىپجان ئېلىيېف ۋە ئىشقىيار نامەت

كەمىنە مۇئەللىپ ھاياتىدا بەدىئىي ئەدەبىياتقىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىمۇ تەڭ ئىشتىياق باغلاپ، ھەر ئىككى ساھەدە ئۇزۇن يىللار ئىزدىنىشتە ئۆتتى. مۇشۇ تاپتا ئۆزىمىزگە كېرەكلىك گەپنى دېسەك، ئۇنىڭ «ھېسام چاقچاقلىرى»ناملىق ئالتە كىتابى، مۇشۇ يىرىك ئەمگەكنى باشلاشتىن سەل ئىلگىرى ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى خۇسۇسىدا ئوتتۇز نەچچە يىل ئىشلىگەن ھەر خىل ژانىردىكى ئەمگەكلىرىنى («ھېسام ھەققىدە قىسسە» رومانىدىن بۆلەك) جەملەپ ئىشلىگەن «كۈلكە گۈلىستانى — ھېسام چاقچاقلىرى ۋە ئۆمۈر باياني» ناملىق يىرىك توپلامى؛ «تېيىپجان ئېلىيېف چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابى؛ مەرھۇم تېيىپجان ھادى بىلەن ھەمكارلىقتا توپلاپ رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ۋە ئۆزى نەشرگە تەييارلىغان «ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى» بىرلەشتۈرۈپ نەشر قىلىنغان «دۇردانە لەتىپىلەر» ناملىق كىتابى ھەمدە 2007 ـ يىلىدىن كېيىن يېزىلغان «ئىلى ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى»، «ئۆلمەس ناخشىلار — ئىلى خەلق ناخشىلىرى ھەققىدە بايان»، «ئۆزۈلمەس كۈلكىلەر — ئۇيغۇر لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنىڭ تارىخىي باياني» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىملىرى مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك خەلقىمىزگە رەڭگارەڭ چېچەكلەردىن

تۇزۇلگەن گۇلدەستە قىلىپ سۇنۇلدى. ئۇشبۇ كىرەكلىك گەپلەرنىڭ ئىچىدىكى يەنىمۇ مۇھىم ۋە ئەڭ كىرەكلىك بولغىنى، دەل مەزكۇر بابىتىكى ئۇستاز تىيىپجان ئېلىيىپ ھەققىدىكى بايانىمىزدۇر.

تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەممە ساھەلەرگە ئوخشاش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىمۇ ئۇزاق بىر مەزگىل مالىمان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، 1978 ـ يىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. كەمىنە مۇئەللىپمۇ كۆپ يىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان، ئۆزى مىڭبىر مۇشەققەتتە توپلاپ ـ رەتلىگەن ھەر تۈرلۈك لەتىپە، چاقچاقلارنى نەشر ئەپكارلىرىغا سۇنۇش، ھەتتا توپلام قىلىش ئىشتىياقىغا چۆمدى. ھالبۇكى، بۇ لەتىپە، چاقچاقلار خۇددى رەڭگارەڭ گۇللەر تەڭ ئېچىلغان خۇش پۇراق باغقا ئوخشاش بولۇپ، مۇئەللىپ ئالدى بىلەن تۇزمەكچى بولغان «ھېسام چاقچاقلىرى» كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئىشلەش جەريانىدا بىر ئىشتىن تەڭقىسلىقتا قالدى، يەنى ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ئارىسىدا باشقىلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقسىمان پارچىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلارنى كىتابنى ئىشلەش داۋامىدا چىقىرىۋېتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى ـ يۇ، لېكىن ئىلى دىيارىدا ھېسام بىلەن زامانداش بولۇپ ياشاۋاتقان خەلق قىزىقچىلىرىنىڭ ھېسام چاقچاقلىرى بىلەن شەكىلداش، مەنىداش شۇ مەزگىللەردە ئايرىم ـ ئايرىم ئېلان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئارىلاش، ئەبجەش قىلىپ ئېلان قىلىش بولسا ئەلۋەتتە ئۆز نۆۋىتىدە، ئۆزىگە يارىشا مەسئۇلىيەتچان مۇئەللىپ

ئۇچۇنمۇ «قولنى كېسىدىغان» ئىش بولاتتى. دەل شۇ چاغدا، تەڭقىسلىقتا قالغان مۇئەللىپكە ئىلى دىياردىكى تۇرسۇن زىردىن، مۇھەممەت توخسۇنوف، خوجائەخمەت يۇنۇس قاتارلىق ئۇستازلار تېگىشلىك، پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىشتى. لېكىن، يەنىلا ئەڭ كەسكىن مەسلىھەتنى بەرگەن كىشى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئاتاقلىق شائىر، دانىشمەن سۇپەت تېيىپجان ئېلىيېف بولدى.

1980 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرى ئىدى. گۈزەل ماكان غۇلجا شەھىرىنى يېشىللىقنىڭ خۇشاللىقى قاپلىغان كۈنلەردە مۇئەللىپ «ئىلى گېزىتى»دە خىزمەت قىلىدىغان فولكلورشۇناس، مەرھۇم تۇرسۇن زىردىن ئاكىدىن بىر خەۋەر ئاڭلىدى. پارالە غۇلجا شەھىرىنىڭ «ئىستالىن» كوچىسىغا جايلاشقان ئىلى ئوبلاستلىق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدا بولۇۋاتاتتى.

— ئەجەب ياخشى ئۇچراپ قالدىڭىز، بالا، بىر يولۇقتۇرسام بولاتتى دەپ تۇرۇۋىدىم، خېلى بولدى، يە گېزىتخانا تەرەپكە ئۆتمىدىڭىز، ئالدىراش ئوخشايسىزە؟

تۇرسۇن زىردىن ئاكا يۇمشاق، مەيىن ئاۋازدا سۆزلەپ، ئادىتى بويىچە ۋېلىسىپىتىنىڭ ئېگىرىگە مەيدىسىنى قويدى. شۇ كىشىنىڭ سىيماسى مۇئەللىپنىڭ كۆز ئالدىدا ھەر دائىم ئاشۇ تەقلىدتە جۇسۇنلىنىدۇ. رەھمەتلىك، ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئادەملىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى.

— بىرەر مۇھىم ئىش بارمىدى، تۇرسۇنكا؟ — دېدى مۇئەللىپ ئالدىراپ. تۇرسۇن زىردىن كۈلۈمسىرىدى.

— مۇھىم ئىشقۇ يوق، مۇھىم گەپ بار ئىدى، — دېدى

شۇ كۇلۇمسىرىشىنى ئۇزمەي، — تېيىپجان ئېلىيېف كەپتىكەن، ئۇلۇشكۇن بىر يەردە بىللە بولۇپ قېلىشۇدۇق، سىزنىڭ پارىڭىڭىزنى قىلىپ بەردىم...

— تېيىپجىنىكام كەپتۇما؟ — مۇئەللىپنىڭ كۆڭلىگە شۇئان شادلىق يۇگۇردى، — خېلى تۇرامدىكەن، مېنىڭ نېمە گېپىمنى قىلىپ بەردىڭىز؟

— ياخشى گېپىڭىزنى بولىدۇ - دە، ھېلىقى ھېسام چاقچاقلىرى كىتابى توغرۇلۇق بېشىڭىز قېتىۋاتاتتىغۇ؟ شۇنى دېدىم.

— تېيىپجىنىكام نېمە دەيدۇ؟ — مۇئەللىپ ياشلارغا خاس ئالدىراقسانلىقىغا ئالدى، — تەپسىلىي دېدىڭىزما؟

— ئۆزىدىنلا ئاڭلامسىز؟ — دېدى تۇرسۇن زېرىدىن ئاكا يېقىملىق كۇلۇمسىرەپ، — يېقىنلا يەردە، ماۋۇ كونسۇل مېھمانخانىسىدا، تېيىپجانغا كونا بىر كىتاب كېرەك بولۇپ قاپتىكەن، شۇنى ئاپىرىپ بېرەي دەپ ئالايتەن كېتىۋاتاتتىم، يول ئۈستىدە كىتابخانىغا كىرمەي ئۆتۈپ كېتىشكە كۆڭلۇم ئۇنىمىدى. كىرگىنىم ياخشى بوپتىكەن، سىزنى ئۇچراتتىم.

يىگىرمە مىنۇتلاردىن كېيىن ئىلى ئالىي مېھمانخانىسىنىڭ تولىراق باشلىقلار چۈشىدىغان ئىككى قەۋەتلىك بىناسىدا مۇئەللىپ ھاياجان ئىلكىدە تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن كۆرۈشتى. كەمتەرىن شائىر ئۆزىگە تونۇش ياش بالا — مۇئەللىپ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— يېزىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى تېيىپجان ئېلىيېف سەلدىن كېيىن مۇلايىملىق بىلەن.

— ئانچە - مۇنچە، — دەپ قويدى مۇئەللىپ تارتىنىش بىلەن، لېكىن قەلبى بۇ قۇتلۇق ئۇچرىشىشتىن

ئىنتايىن زور خۇشلۇقتا ۋە ھاياجانغا تولغانىدى.

— تۇرسۇندىن ئاڭلىدىم، ئىنتايىن ياخشى بىر ئىش قىپسىز، — دېدى تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆزلۈكىدىنلا سۆز باشلاپ، — ھېسام لەتىپىلىرىنى ياكى پاراڭلىرىنى دەپ تۇرايلى... توپلاش تازىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ، ئاڭلىسام ئۇزاقتىن بېرى ئىزدىنىۋېتىپسىز، خېلى جىق توپلىغانسىز؟

— ئۈچ يۈزچە، — دېدى مۇئەللىپ دەررۇلا ۋە ئالدىراپ تولۇقلىما بەردى، — ھەممىسىلا ھېسامكامنىڭ گەپلىرى ئەمەس. باشقىلارنىڭمۇ بار...

— ھەببەللى، مەنمۇ تاق شۇنى دېمەكچىدىم، تۇرسۇندىن ئاڭلىدىم، ئىشقىيار دېگەن ئادەمنىڭ پاراڭلىرىنىمۇ توپلاپتىكەنسىز، يەنە روزى توخۇنىڭمۇ بارئىكەنە؟

— ئۆزىنىڭمۇ قىزىق گەپلىرى جىق، شۇلارمۇ بار، — دېدى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ تۇرىدىغان تۇرسۇن زېردىن ئاكا، — ھازىر سىزدىن تارتىنىپ ئولتۇرغىنى بىلەن، يامان بۇ، بىر ئولتۇرۇشنى قىزىتىدۇ.

— بىلىمەن، كونا تونۇش بىز، تۆت يىل بۇرۇنمۇ ئۇرۇمچىدە خېلى پاراڭلاشقان، — دېدى تېيىپجان ئېلىيېۋ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە تەمكىن كۈلۈپ، كېيىن جىددىي تەرزدە مۇئەللىپكە قارىدى، — تۇرسۇن بىلەن توخسۇنۇفتىن ئاڭلىسام، ھېسام چاقچاقلىرى كىتابىنى ئىشلەشتە باش قېتىنچىلىقتا قاپسىز، شۇ راستمۇ؟

— راست! — دېدى مۇئەللىپ.

— بېشىڭىز قاتمىسۇن، ئۆزىڭىز توغرا دېگەن ئىزدا ئىشلەپ مېڭىۋېرىڭ، — دېدى تېيىپجان ئېلىيېۋ ئالدىرىماي، — ھازىر دېگەن ئىنتايىن ھالقىلىق،

ئەھمىيەتلىك پەيت. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تۇمانلىرى تارقالدى، ئەدەبىياتنىڭ، نەشرىياتچىلىقنىڭ يولى ئەمدىلەتىن ئېچىلىۋاتىدۇ. قاراڭ، توپلىغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ھازىرچە ھېساسىنىڭ نامىدا چىقىۋەرسۇن، پۇرسەت غەنىيمەت، مۇھىمى ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى قويماي خامانغا يىغىش كېرەك. دېمىسىنى كېيىن، ئالدىرىماي يىغىۋالساقمۇ ئۈلگۈرىمىز. غېزىنى غاز، ئۆردىكىنى ئۆردەك قىلىۋېلىشقا يەنە پۇرسەت بارغۇ، قانداق دېدىم؟

مۇئەللىپ ھاياجان بىلەن بېشىنى ئىرغىتتى. كۆڭلىدىكى گەپلەر چىقىۋاتقاچقا، شۇ تاپتا ئۇ ئىنتايىن ھاياجاندا ئىدى.

سەلدىن كېيىن تېيىپجان ئېلىيېف يەنە ۋەزمىن ئاھاڭدا قوشۇپ قويدى:

— ئون يىللىق ئۈزۈكچىلىكتە خەلقىمىز ئىنتايىن چاڭقاپ كەتتى، خەلق ھازىر ياخشى ئەسەرلەرگە، چىرايلىق ناخشا - مۇزىكىلارغا، كۈلكىگە موھتاج!

بۈيۈك ئىنساننىڭ شۇ رىغبىتى مۇئەللىپكە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى ماڭىدىغان يولنى ئېنىق سىزىپ، كۆرسىتىپ بەرگەندەك بىلىندى، ئۇ كېيىن فولكلور خىزمىتىدە ئىشەنچلىك ھالدا شۇ بويىچە ئىشلىدى، ئارا يولدا نېرى - بېرى گەپ قىلغانلارغىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتقاچ كېتەيلىكى، مۇئەللىپ مۇشۇ سۆھبەتنىڭ بىر ئىزناسىنى باشتىكى بابلارنىڭ بىرىدىمۇ قىسقىچە دېگەچ كەتكەنىدى، پايدىلىق گەپنىڭ تەكرارلانغىنىنىڭ زىيىنى يوق.

باياتىن جىممىدە ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە داخىل بولغان

تۇرسۇن زىردىن بىر چاغدا مۇئەللىپكە قاراپ مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەمدىغۇ كۆڭلىڭىزنى توختاتقانسىزە؟ قېنى ئەمدى ئىشقىيار نامەتنىڭ گەپلىرىدىن بىرنەچچىنى دەپ بېرىڭە، تېيىپجان ئاڭلاپ قالسۇن!

— ئۇ ئادەمنىڭ بىرنەچچە گەپلىرىنى ئاخشام سۇدەرۋازىدىكى ئولتۇرۇشتا ئاڭلىدىم، — دېدى تېيىپجان دەررۇ ئۆزىگە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغان مۇئەللىپكە، — ھېلىقى، قۇياش ئىككى بولۇپ قالدى دېگىنى ئاجايىپ گەپكەن ـ دە، نېمىدېگەن كەلتۈرگەن!

— قېنى ئەمىسە ئۇنى سىزدىن ئاڭلايلى، ئاڭغىچە ماخمۇتمۇ يادىغا ئېلىۋالار، — دېدى تۇرسۇن زىردىن. تېيىپجان ئېلىيېف «ماقۇل»غا باش لىڭشىتتى.

— ئىشقىيار نامەتنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈپتىكەنغۇ، شۇ يەردىكى بىر دېھقان بىر قېتىم ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپتۇ دەيدۇ:

«ئىشقىياراخۇن، مانا قارىسىلا، ئىككى يىل بولدى بۇغدايلىرىمىز كۆيۈپ كېتىپ بارىدۇ دېسىلە، بۇ نېمە ئىشتۇر؟»

«نېمە ئىش بولاتتى، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت دېھقانغا چۈشەندۈرۈپ، — ھازىر قۇياش ئىككى بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ!»

تېيىپجان ئېلىيېف لەتىپىنى ئېيتىپ بولۇپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، قالغان ئىككىيلەنمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەندى. تېيىپجان ئېلىيېف لەتىپە سۆزلەشكە تولىمۇ ماھىر ئىدى، شۇڭا مۇئەللىپمۇ ئۆزىگە تونۇش بۇ گەپتىن يەنە بىر قېتىم يېڭىچە زوق ئالدى.

ــ ئىماگ دېگەن مۇشۇ، ــ دېدى بىر چاغدا تېيىپجان، ــ ئەسلىدە بۇغدايلارغا هال چۈشكەن ـ دە! هال چۈشسە بۇغداي باشاقلىرى كۆيگەندەك قاپقارا بولۇپ، ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ، قاراغلار ئوخشاتقىنىنى...

كېيىن تېيىپجان ئېلىيېف مۇئەللىپكە قارىدى:

ــ قېنى ئەمدى سىزدىن كەلسۇن!

ئۇستازنىڭ ئېيتقان لەتىپىسى بىلەن مۇئەللىپكە دېدىللىك قونغانىدى. شۇئان ئۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆزى بىلىدىغان قىزىق پاراڭلىرىنى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى ئۇلاپ سۆزلەشكە باشلىدى. تېيىپجان ئېلىيېف زوق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغاچ «بۇنى ئاڭلىماپتىمەن، بۇ يېڭىكەن...» دەپ ئولتۇردى، نۆۋەتتىكى بىر لەتىپىنى ئاڭلاپ:

ــ بۇنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، قالتىسكەن! ــ دەپ تازىمۇ قىزىقسىنىپ كۈلۈۋەتتى.

تېيىپجان ئېلىيېفنى كۈلدۈرۈۋەتكەن لەتىپە ئوقۇرمەنلىرىمىز خۇدىيارىيۈزى بايانىدا ئوقۇغان مۇنۇ لەتىپە ئىدى:

بىراۋ ئىشقىيار نامەتتىن سوراپتۇ:

ــ ئىشقىيارئاخۇن، مۇشۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئوڭچىلار نېمىدەپ ئوڭچى بولۇپ قالغان بولغىيدى؟

ئىشقىيار نامەت دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ شۇ ئوڭ سۆزلەپ...

ــ بۇ ئادەمنىڭ پاراڭلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، تېگى بىلەن گەپ قىلىدىكەن، ــ دېدى تېيىپجان ئېلىيېف بىر چاغدا، ــ بۇلارنىمۇ توپلاش كېرەك. كېيىنچە ئايرىم تەتقىق قىلىپ قالامسىز تېخى، بىراق هازىرقى ۋەزىپە،

بايا ئېيتقىنىمدەك كەڭ كۆلەملىك توپلاش، تېزدىن خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش. قانداق دېدىم، تۇرسۇن؟

ــ مەنمۇ ئىلگىرى بۇ بالىغا شۇنداقراق گەپلەرنى قىلغان،ــ دېدى تۇرسۇن زېردىن قىزغىنلىق بىلەن،ــ ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا مۇشۇ بىر ئىش بار، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلىغاندا بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ قالىدىغان، ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن، سەۋەبى، بىزمۇ ئۇنى باشقىلاردىن ئاڭلايمىز ئەمەسمۇ!

ــ توغرا،ــ دېدى تېيىپجان ئېلىيېۋ تەستىقلاپ،ــ لېكىن بىرنەرسە ئېنىقكى، بۇ بايلىقلارنىڭ ئىگىسى يەنىلا خەلق، ئاخىرىدا خەلققە قايتىدۇ. مۇشۇ نىشان توغرا بولسىلا بولىدى.

ئىككى پېشقەدەمنىڭ سۆھبىتىدىن زور ئىلھام ئېلىپ، جىمىدە پاراڭ تىڭشاپ ئولتۇرغان مۇئەللىپنىڭ كۆڭلىدە شۇ تاپتا ۋىللىدە بىر يورۇقلۇق كېزىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئېنىقكى، بۇ يورۇقلۇق ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى جاپالىق، ئەمما كۆڭۈللۈك ئىزدىنىشلىرى يولىغا نۇر، شولا چېچىپ تۇراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىپ تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇچراشتى. ئۇرۇمچىدىكى يىغىنلاردا، غۇلجىدىكى سورۇنلاردا بىللە بولدى. ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىدە تېيىپجان ئېلىيېۋ خۇشخۇيلۇق بىلەن مۇئەللىپتىن ئاۋۋال ھېسام ھەققىدە سورايتتى ـ دە، كەينىدىن ئۇلاپلا:

ــ ھە، ئىشقىيارنىڭ يېڭى گەپلىرىدىن بارمۇ؟ــ دەپ قوياتتى.

# قەلبىم چەشمىلىرى

مېنىڭ تېپىچان ئېلىپبە بىلەن تونۇشقان ۋاقتىم بەكمۇ بالدۇر، يەنى بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىم؛ تونۇشقىنىم ئۆزى ئەمەس، بەلكى «ساڭ مۇدىرىنىڭ ‹زىياندىشقا قارشى› ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» ناملىق ھەجۋىي شېئىرى ئىدى.

مېنىڭ رەھمەتلىك بوۋام ئابدۇللا مەخسۇت (ئاپامنىڭ دادىسى) بىلىملىك، خۇش پېئىل ئادەم ئىدى. مەن ئۇن يېشىمغىچە، يەنى بوۋام ۋاپات بولغۇچىلىك ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغاندىم. بۇ گەپلەرنى دېيىشتىكى مەقسىتىم شۇكى، بوۋام مېنى، تېخى مەن مەكتەپ يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا ئېلىپبەدىن تولۇق ساۋاتلىق قىلىپ بولغانىدى... بۇ ئىش مۇنداق بولغان: بوۋام ھەر كۈنى كەچتە كۆزئەينىكىنى تاقاپ، ئالدىغا قېنىق دەملەنگەن بىر چەينەك چاي بىلەن بىر پىيالىنى قويۇۋېلىپ ئۈستەلگە تايانغىنىچە كىتاب ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى ئىچىدە دىنىي كىتابلار، ئەدەبىي كىتابلارمۇ بار ئىدى. مەن ئېگىزلىكىمنى تىرەپ ئۈستەل يېنىدا شۈككىدە ئولتۇرغۇچىلىك بولغاندىن تارتىپ ماڭا ئۈنلۈك قىلىپ كىتاب ئوقۇپ بېرىپ كېلىۋاتقان بوۋام، بەلكىم مېنى بالدۇرراق ساۋاتلىق قىلىپ «ھاشاردىن قۇتۇلۇش» نىيىتىگە كەلگەن بولسا كېرەك، بىر كۈنلىرى ئۆزى ماڭا «ئېلىپبە»دىن

دەرس بېرىشكە باشلىدى. ئىككى ئايلاردىن كېيىن، يەنە مەن ئېلىپبەنى ھەجىلەپ ئوقۇيالىغۇدەك بولغان ھامان بوۋام ئالدىمغا كىتاب قويۇپ بېرىپ:

ــ ھە، قېنى، ھەر ئىككىلىمىز ئۆزىمىزنىڭ كىتابىنى ئىچىمىزدە ئوقۇيمىز جۇمۇ، ئوغلۇم!ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تۇرگېنىفنىڭ «بۆدۈنە»، سالتىكوف شىدرىنىنىڭ «چۆچەكلەر»، سەدرىدىن ئەينىنىنىڭ «ئۆتمۈشتىن» دېگەندەك كىتابلىرىنى باش كۆتۈرمەي ھەجىلەپ ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتتىم. ئەمدى بوۋام ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىغا خىزمەتكە كەتكىنىدە مەن ئۇنىڭ كىتاب ساقلايدىغان يەشىكىنى ماتىلايدىغان بولدۇم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قولۇمغا چىقىقان گۈللۈك كۆك تاشلىق، قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابنى ۋاراقلا ـ ۋاراقلا، ئاخىرىدا بىرنەچچە شېئىرغا مىخلىنىپلا قالدىم. ئۇلار «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى»، «ساڭ مۇدىرىنىڭ زىياداشقا قارشى، ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق»، «قار ئۈستىدىكى قۇش» دېگەندەك تولىمۇ قىزىقارلىق، تىلغا يېپىشقاق شېئىرلار ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن ئۆيدە، چوڭلارنىڭ ئالدىدا «ئويۇن قويۇپ»، دېكلاماتسىيە ئوقۇدۇم:

«چىراي كۆرۈپ ھال سورا،
دېگەنىكەن كونىلار.
نېم بولغاندۇر توختاخۇن،
خۇشال ئىدى بايىلا.
......

ئۆپچۆرىدە نىم تولا،
غاقىلدىغان غاز تولا.
ئىككى مىڭ جىڭ بۇغداينى،
يەپ كەتكەنمۇ نەق شۇلار.
......

بوش كەلمىدى توختاخۇن،
ئەپچىل ئىكەن قىلتاقا.
شۇنداق قىلىپ ئەللىك غاز،
چۈشۈپ قالدى سولاققا.»
......

مېنىڭ دېكلاماتسىيەگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھەرىكەتلىرىم شۇنداق قىزىقارلىق بولسا كېرەك، تامنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان چوڭلار، بولۇپمۇ رەھمەتلىك بوۋام تىلىقىپ - تېلىقىپ كۈلەتتى. بوۋام كۈلكە ئارىسىدا قولىنى قويۇن يانچۇقىغا — مۇكاپاتقا ئۇزىتاتتى...

1975 - يىلى باھار ئايلىرى بولسا كېرەك، ئىلىدا ئىككى ھەپتىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. ئۇرۇمچىدىن يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئارىسىدا تېيىپجان ئېلىيېفمۇ بار ئىدى. ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتناشقانلار ئارىسىدا ئەڭ كىچىكى مەن ئىدىم. شۇڭلاشقىمۇ ياكى بولمىسا تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ نامى بەك كاتتا بولغاچقىمۇ، تېيىپجىنىكامنى بىرىنچى قېتىم كۆرگىنىمدە ئىنتايىن قورۇندۇم. تېيىپجىنىكام مېنى كۆرۈپلا «ماخمۇت مۇھەممەت دېسە خېلى چوڭ

ئادەممىكىن دەپتىكەنمەن، مۇشتۇمدەكلا بالىكەنغۇ!» دەپ چاقچاق قىلىپ باشقىلارنىمۇ، مېنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى. ياتىقىمدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز پارىڭىنى ئاڭلاپلا، قورۇنۇشلىرىم نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. شۇ يېشىمغىچە ئۇنىڭ تالاي شېئىرلىرىنى ئوقۇغان، بولۇپمۇ يۇمۇرىستىك شېئىرلىرىغا ئىچ ـ ئىچىمدىن قايىل بولۇپ كەلگەن بولساممۇ، شېئىرنى ئۆتكۈر، قىزىقارلىق، ساپ خەلق تىلىدا يازىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ مۇنچىلىك كەمتەر، قىزىقچى، پاراڭچى دەپ ئويلىمىغانىدىم. كېيىنچە «تېيىپجان ئېلىيېۋ چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابىمغا كىرگۈزۈلگەن «قاپىيەلىك چاقچاق»، «چاپچالنىڭ تاۋۇزى»، «قايسى يۇزۇۋاڭلارنى يۇيىسىلەر؟» دېگەندەك چاقچاقلارمۇ شۇ قېتىمدا، بىز غۇلجىلىق بىرنەچچە ئاپتور تېيىپجىنكاملارنىڭ ياتىقىغا سالام بەرگىلى كىرگەندە دېيىلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە مەن ئۇنىڭ تالاي قىزىق پاراڭلىرىنى، چاقچاقلىرىنى، ئۆتكۈر ھەجۋىي شېئىرلىرىنى، رەڭگارەڭ، يېڭىدىن ـ يېڭى خەلق لەتىپىلىرىنى تېيىپجىنكامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. شۇ نەرسىنى بايقىدىمكى، بۇ پاراڭ، بۇ چاقچاقلارنى ھېچكىم تېيىپجاندەك قاملاشتۇرۇپ قىلالمايتتى... شۇ قېتىمقى يىغىن تۈگىگەندە مەن گوياكى تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن بىر نەچچە كۈنلۈك ئەمەس، گوياكى بىرنەچچە يىللىق تونۇشلاردەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

1976 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، مەن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، «زىيالىي ياش» سالاھىيىتىم بىلەن يېزىدا ئىشلەپ يۈرگىنىمدە

ئۆزۈم يازغان «بۇ سەھنىدىن مەڭگۇ چۈشمەيمىز» دىرامىسىنى قايتا ئىشلىدىم. ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دىرامىنى ئىشلەش جەريانىدا مەن ئۇنى تېپىپچان ئېلىپىقا پات ـ پات كۆرسىتىشىم ۋە ئۇنىڭدىن پىكىر ئېلىپ تۇرۇشۇم لازىم ئىدى. بۇ ھال مېنىڭ، ئىجادىيەت يولىدا ئەمدىلەتتىن تە ـ تەلەپ مېڭىۋاتقان ئەدەبىي ھەۋەسكارنىڭ قەلبىنى تولىمۇ شادلاندۇرۇۋەتتى. شۇ دىراما مۇناسىۋىتى بىلەن مەن تېپىپچىنىكام بىلەن بىرنەچچە ۋاقىت «باردى ـ كەلدى» قىلدىم. گاھىدا يېڭىلا بىر قاتار تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن دىراما نۇسخىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە باراتتىم. گاھىدا ئۇ خۇددى يېقىن بۇرادىرىنى ئىزدىگەندەك مېنى ياتىقىمغا ئىزدەپ كېلەتتى. مېنىڭ بىلەن دىراما ھەققىدە پاراڭلىشىپ، بەزىدە شەخسىي ئەھۋالىمنى، قىيىنچىلىقلىرىمنى سوراپ، ئەلۋەتتە بارلىق سۆھبەت داۋامىدا ئاجايىپ مەنىلىك، قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ، ئالدىراش ئىشى يوق ئادەملەردەك بىمالال ھالدا سائەتلەپ ئولتۇراتتى. ھەر قېتىمدا مەن يېڭى ئۈمىد ۋە غەيرەتلەرگە تولغان ھالدا ئۇنى ئۇزىتىپ قالاتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ مەن يېڭىلا يەنە بىر قېتىملىق چوڭ ئۆزگەرتىشتىن چىقىرىپ ئالدىنقى كۈنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەن دىراما ئارگىنالىنى تۇرتەكلەپ تۇتقان پېتى ياتىقىمغا كىرىپ، ئۇنى ماڭا سۇنغاچ قىلغان چاقچىقى ھازىرقىدەكلا قۇلاق تۈۋىمدە:

— ئايرىم بىرنەچچە يەرگە ئۆزۈمچە بەزى نەرسىلەرنى قوندۇرۇپ قويدۇم، يارىمىسا ئۆچۈرۈۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ياق، مەن ئۇ قىممەتلىك قەلەم ئىزلىرىنى «ئۇچۇرمىدىم». ئاشۇ نۇسخا، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ پوچېركىسى قونغان يادنامە نۇسخا هازىرمۇ قىممەتلىك ئەسلىمىلەر قاتارىدا ماتېرىيال ئىشكاپىمدا ساقلانماقتا.

ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» چاك ـ چېكىدىن بۆسۇلگەندىن كېيىن تېيىپجان ئېلىيېف قايتىدىن ياشنىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارىمىزنىڭ تاڭ بۇلبۇلى بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ مەپتۇن كىتابخانلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەن شائىرنىڭ تىللا قەلىمىدىن تامغان ئەسەرلەرنى زوقلىنىپ ئوقۇدۇم، ياپرىدىم، كۈلدۈم... دەرۋەقە، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى يۇمۇرىستىك روھ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەڭ جىددىي، ئەڭ لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدىمۇ بىر خىل ساغلام كۈلكە، يۇمۇر تېمىپ تۇرىدۇ. «چاقچاقتا ھەقىقەتنىڭ ئۇچقۇنى بار» (رۇس خەلق ماقالى) دېگەندەك، تېيىپجاننىڭ ئانچە ـ مۇنچە چاقچاق، ھەزىل ئارىلاشقان شېئىرلىرىلا ئەمەس، پۈتۈنلەي ھەجۋىي، چاقچاق تۈسىدە يېزىلغان شېئىرلىرىمۇ كىشىگە ئەڭ يارقىن ھەقىقەتنىڭ، چىنلىقنىڭ مۇقەددەس تۇيغۇسىنى بېغىشلىيالايدۇ. مەن ئويلايمەنكى، شائىرنىڭ يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىكى بىردىنبىر ئامىل بولمىسىمۇ، مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. شۇ نۇقتىدىن، شائىرنىڭ مۇشۇ ئىستىلى ئۇنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا زور ماتانەت بىلەن قۇربىتىنى، ئىززىتىنى، تالانتىنى ساقلاپ قالالىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى. خۇددى ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئۆزىنىڭ «شائىر كۆز

ئالدىمدا» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىلى 3 ـ سان) ناملىق ئەسلىمىسىدە ئېيتقاندەك «تېيىپجاننىڭ ھەرقانداق ئېغىر كۈندە قالغاندىمۇ، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىنى، ئۈمىدۋارلىقىنى، خۇش چاقچاقلىقىنى يوقاتمايدىغان خىسلىتى بار ئىدى.»

يۇقىرىدا مەن تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ھەربىر شېئىرىدا دېگۈدەك مەيىن چاقچاقنىڭ، يۇمۇرىستىك روھنىڭ ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم. ئۇنىڭ تامامەن چاقچاق بىلەن سۇغىرىلغان «كەۋسەر»، «كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل»، «چال ئوغلۇم»، «سوغۇق سۇمۇ كۆيدۈرىدىكەن» دېگەندەك شېئىرلىرىنى ياكى بولمىسا «مەن شۇنداق بىر ئوغۇل بالىمەن»، «ئاساسەنىنىڭ شىكايىتى»، «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى»، «ئەمدى مەن قانداق قىلاي» دېگەندەك ساتىرىك شېئىرلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەممىمىز مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ گۈلتاجىسى دەپ تەرىپلەپ كېلىۋاتقان «تۇگىمەس ناخشا» شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

«بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭسەمەن،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.
......

ــ جارقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق،
ساراڭمۇ سەن ئوڭشالمايدىغان.
يا ئادەمگە ئۈيقۇ بەرمەيسەن،
قانداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان؟
......

سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان...»

يۇرەكنى ئاجايىپ سىرلىق، نازۇك، دەبدەبىلىك ھېسلارغا چۆمكەيدىغان يۇقىرىقى مىسرالارنىڭ قات ـ قاتلىرىدىن شېرىن بىر چاقچاقنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ كېلىپ تۇرىدۇ.

رۇبائىي ــ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەڭ جىددىي، پەلسەپىلىك، ئىخچام بىر ژانىرى. بىراق، تېيىپجاننىڭ قەلىمىدىن پۈتكەن رۇبائىيلاردا خۇددى نەۋايىنىڭ ئايرىم رۇبائىي، تۇيۇقلىرىدىكىگە ئوخشاش، پەلسەپىۋى پىكىرنى تېخىمۇ ئۆزگىچە تۈستە چاقناتقۇچى ئامىل دەل ئۆتكۈر چاقچاقنىڭ ئۆزىدۇر:

«ئۇستىكەنسەن چىۋىن قورۇشقا سەنمۇ،
تېخى يەلپۈگۈچنىڭ سېپى بىلەنمۇ.
چىۋىن ئۇچۇپ كەتتى، بېشىم يېرىلدى،
ئۆلتۈرمەك بولغىنىڭ چىۋىنمۇ، مەنمۇ؟»

بۇنداق رۇبائىيلار مىسالىغا «ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى»، «موزدۇزلۇقنى ئۆگەندىم»، «ئىمتىھان بەرمەي» قاتارلىق يىگىرمىدەك رۇبائىينى كۆرسىتىش مۇمكىن.

تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ بىر تالاي «مۇھەببەت غەزەللىرى»دىكى، ئارزۇ ۋەزنىدىكى يېقىملىق چاقچاقلارنىڭ قىممىتى، ئۆزگىچىلىكى توغرىسىدا بۇ يەردە ئايرىم توختالمىساقمۇ بولار.

تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ چاقچاقچىلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى نەسرىي ئەسەرلىرىدىمۇ قويۇق ئەكس ئەتكەن. ئەپسۇسكى، ئۇ ئىجادىي ھاياتىدا پىروزا بىلەن كۆپ شۇغۇللانمىغان. ئۇنىڭ 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يازغان «بىر توينىڭ تارىخى» ھېكايىسى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان «ياڭگاۋرۇ مەستانىسى» ھېكايىسى، تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سانلىرىدا قاتار قاتار ـ ئېلان قىلىنغان «ئەينەك» سەرلەۋھەسىدىكى ئون پارچە ھەجۋىي ئەسىرى، بىر تالاي ئەسلىمە، ئەدەبىي خاتىرىلىرىنىڭ ھەممىسىدە چاقچاق، ھەزىلنىڭ رەڭگارەڭ چېچەكلىرى ياشناپ تۇرىدۇ.

مېنىڭ تېيىپجان ئېلىيېفنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىم، 1988 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلى ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ غۇلجىغا، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي تەرجىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئاغرىق سەۋەبىدىن كۆپ ياداپ، چىرايى سارغايغان شائىرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۇ، كۆلكىسى جاراڭلىق، چاقچىقى يەنىلا ئۆتكۈر ئىدى.

ــ ھېسام بارمۇ، يۈرەمدۇ؟ــ دەپ سورىدى ئۇ مەندىن، سالاملاشقاندىن كېيىنلا.

ــ بار، ــ دېدىم مەن.

ــ تېيىپجان مېنى چاقچاقتا يېڭىۋالدى دەپ بەردىمۇ، ھەي، دېمەيدۇ ئۇ ھە؟ــ تېيىپجىنىكام راھەتلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ شۇ ـ دە، دېمەيدۇ!ــ مەن قىزىقىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدىم.

ــ ئۇنى بۇدا كۆرگەندە،ــ دېدى تېيىپجىنىكام

قىزىقچىلىق بىلەن، — «ئۆتكەندە ئۇرۇمچىگە بارغاندا ‹تىك تۇرىدۇ› دېگەن چاقچاقنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟» دەپلا سوراپ قويۇڭ، نېمە دەيدىكىن...

دەرۋەقە، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھېسامكامنى شەھەرلىك رادىيو ئۈزېلىنىڭ ئالدىدا، چوڭ كوچىدا كۆرۈپ قالدىم. ئۇ دەررۇلا «تېيىپجاننى كەپتۇ دەيدۇغۇ، كۆرۈشتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى مەندىن. مەنمۇ باشقا گەپ قىلماي «تىك تۇرىدۇ» دېدىم.

— تېيىپجان دەپ بېرىپتۇ - دە! — ھېسامكام قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — شۇ قېتىم تېيىپجان مېنى بىر بابلىۋالدى جۇمۇڭ، چاقچاقتا يامان ئۇ ئادەم...

1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى مەن ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلىمدە، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشتىم، ھەيۋەتلىك سوكۇنات باسقان تەزىيە زالىدا، قايغۇغا چۆمگەن ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ رەسسام غازى ئەھمەد سىزغان تېيىپجاننىڭ سۆيۈملۈك دىدارىغا تىكىلگىنىمچە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ قىزىق، يېقىملىق، ئۆلمەس چاقچاقلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كۆڭلۈمنى ئايرىمچە بىر ئىشتىياق، «تېيىپجان ئېلىيېف چاقچاقلىرى» كىتابىنى ئىشلەش ئىشتىياقى ئەسىر قىلىۋالدى...

قەدىرلىك تېيىپجان ئاكا، سىزنىڭ روھىڭىز، نامىڭىز، شانلىق ئىجادىيىتىڭىز قاتارىدا سۆيۈملۈك چاقچاقلىرىڭىزمۇ خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىدە ياشايدۇ، ئىشىنىڭ، مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ. بۇ مېنىڭ قەلب سۆزلىرىم، قەلب چەشمىلىرىمدۇر.

# دوپپا كىيدىم چىرايلىق

1966 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا شەھىرى.
ئىشقىيار نامەت بايىلا بېشىنى تەكىيىگە قويغاندەك قىلغانىدى، بىرىنىڭ تۇرتۇشى بىلەن ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتتى.
ــ دادىسى، ھېلىقىلار يەنە كەپتۇ،ــ دېدى ئايالى يىغلامسىراپ،ــ چاپسان چىقسۇن دەيدۇ، يەنە كوچىا ئايلاندۇرارمۇ، ۋاي، توۋا قىلدىم، نېمە تارتقۇلۇقلار بۇ...
يىغلامسىراشنىڭ ئاخىرى يىغىغا ئۆرۈلدى. ئىشقىيار نامەت خىرە يورۇپ تۇرغان دېرىزىدىن تالاغا ــ كۆڭۈلسىز دۇنياغا قارىدى، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ، ئالدىغا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھايانكەش ئۇنسۇر» دېگەن خەت يېزىلغان كاردون قەغەزنى ئېسىپ كوچىا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىشقانىدى. قارىغاندا بۈگۈنمۇ بۇ تارتقۇلۇق بار ئوخشايدۇ.
دېگەندەك، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىشقىيار نامەت ئۆزىنى تۈنۈگۈنكىدەك ھالەتتە، كوچىدا كۆردى. قىرىق ــ ئەللىك ئادەم ــ ياشلار، مەھەللە ئاكتىپلىرى بىلەكلىرىگە قىزىل بەلگە تاقاپ ئۇنىڭ كەينىدىن شوئار توۋلاپ كېلەتتى. ئەتراپتا ئۇششاق باللار قىي ـ چۇۋ قىلاتتى. ھويلا ـ ھويلىلاردىن تاماشا كۆرىدىغانلار

چۇقاننى ئاڭلاپ يۇگۇرۇشۇپ چىقىپ يەتمىشتىن ئېشىپ قالغان بۇ ئادەمگە ھەيرانلىق، ئىچ ئاغرىتىش، مەسخىرە... نەزەرلىرىدە قارىشاتتى. ئىنسان دېمەكلىك بىلەن، ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ ھەرخىل تەبىئەتلىك ئادەملەر بار ـ دە!

مەسخىرە نەزىرىدە قارىغانلارنىڭ بىرى، بىر چاغلاردا ئاساسىي قاتلام كومىتېتى قورۇسىغا قارانچۇقلۇق قىلىدىغان كۆزەتچى سىلىمئاخۇن چوقۇر. ھازىر ئۇ ئاساسىي قاتلامدىكى ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى. پەقەتلا ياراشمىغان سېرىق فورمىسى ئۇنى كۈلكىلىك ھالەتتە كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ ئىشقىيار نامەتنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن چىرقىراپ سۆزلىگىنىچە قولىدىكى كىچىك داس بىلەن كۆتمەك سۇپۇرگىنى بوۋايغا تۇتقۇزدى:

ــ تۇتە بۇنى، تۇنۇگۈنكىدەك قۇرۇق يورغىلاپ مېڭىۋەرمەي، يول بويى پات ـ پات ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىپ ماڭىسەن.

ــ نېمەمنى مەلۇم قىلىمەن، بالام؟ــ دېدى ئىشقىيار نامەت بوينىنى سەل قىيسايتىپ، كۆكۈچ كۆزلىرىنى سىلىمئاخۇنغا قادىغىنىچە.

ــ بالام دېمە، سەن دېگەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بۇزۇق ئۇنسۇر، مەن بولسام ئىنقىلابىي كادىر...

ــ كۆزەتچى كادىر دېگىنە،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ، ئەتراپتىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سىلىمئاخۇن چوقۇرلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

ــ نېمە بولسام بولاي، سېنى باشقۇرىمەن، ئۇقتۇڭما،

ئۆزگەرمەس جاھىل قىرى!— دەپ جىنىنىڭ بارىچە چىرقىرىدى ئۇ، كېيىن بولسا ئەتراپىدىكىلەرگە تولىدى،— قىنى ماڭايلى، بۇگۈن سولغا قايرىلىمىز، خەنزۇ بازىرى، تاشلەپكە...

كېيىن سىلىمئاخۇن يەنە ئىشقىيار نامەتكە گۆلەيدى.

— مەن دېگەندەك سۆزلەپ ماڭىسەن جۇمۇ، ئىشقىيار، پوزىتسىيەڭنى ياخشى قىل!

سىلىمئاخۇن تەنتەنە بىلەن بوۋايغا بۇيرۇق سوقۇۋېتىپ، نېرى ماڭاي دېۋىدى، ئاڭغىچە ئىشقىيار نامەت ئۇنى چاقىردى:

— هاي كۆزەتچى كادىر، مەشەدە بىر قېتىم دەپ بېرەيما، يارىسا شۇ پېتى دەپ ماڭمامدىمەن...

ئاچچىقىدا يېرىلاي دېگەن سىلىمئاخۇن يەرنى تېپىپ - تېپىپ دەسسەپ بېرى كەلدى ۋە ئىشقىيار نامەتكە يانچە قاراپ:

— قىنى، دە!— دېدى.

ئىشقىيار نامەت ئالدىرىماي - تىنىمەي قولىدىكى كۆتمەك سۇپۇرگىنى كىچىك داسقا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇۋېدى، داستىن جىغىلدىغان ئاۋاز چىقتى. ئاڭغىچە ئىشقىيار نامەت ۋارقىراپ قالدى:

— مانا مەن كاپىتالىزم يولىدا مېڭگەن - سامان ساتقان ئىشقىيار، مانا مەن كاپىتالىزم يولىدا ئەسكى چاپان ساتقان ئىشقىيار، مانا مەن...

— توختا!— دېدى سىلىمئاخۇن يەنە بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ،— مېڭگەن - سامان، ئەسكى چاپانلىرىڭنى قوشماي دە، ئۇقتۇڭما؟

— ئۇقتۇم،— دېدى ئىشقىيار نامەت،— يەنە بىر دەپ بېرەيما؟

ــ بولدى، بولدى، ماڭغاچ دەيسەن، ۋاق بولۇپ كەتتى،ــ دېدى سېلىمئاخۇن قوللىرىنى شىلتاپ،ــ قېنى ماڭايلى!

بۇگۈن ئىشقىيار نامەت تۇنۇگۇن ماڭمىغان يوللاردىن مېڭىپ، سېلىمئاخۇننىڭ بۇيرۇقى بويىچە پات ـ پات توختاپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، يەنە يۇرۇپ، ئىلگىرى ئۆزى كىرىپ باقمىغان تار كوچا، خالتا كوچىلارغىمۇ كىرىپ ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە مۇشۇنداق مايمۇن ئويۇنى ــ سازايى قىلىشلار قايناۋاتاتتى. سازايى قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى كاتتا ھوقۇق تۇتقانلار، ئادەتتىكى ئەمەلدارلار، تارىخىي مەسىلىسى بار دەپ قارالغانلار، ئىسيانچىلار بىلەن قارشىلاشقانلار... ئىشقىلىپ، ھەر تۈرلۈك ئادەملەر بار ئىدى. بەزى سازايى قىلىنغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئاچچىقلىغان، «بۇرژۇئازىيەنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى» نىڭ بەلگىسى بولغان ئۆيى جاھازلىرى، خىرۇستال قاچىلار، جانان لوڭقىلار، بەزىلەرنىڭ كەينىدە ئاللىقانداق بىر ئەيىبلەرگە دەلىل قىلىنغان رەسىملەر، چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلار... ئېلىپ مېڭىلاتتى، بۇنداق توپلارنىڭ بەزىلىرىدە، سازايى قىلىنغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن نەچچە يۈز ئادەم تەشكىللىك ھالدا شوئار توۋلاپ مېڭىپ، داقا ـ دۇمباق، جاڭلارنى چېلىپ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ ھەيۋىسىنى نامايان قىلاتتى... خوش، بىز ئىشقىيار نامەتنى قايسى كوچىدا قالدۇرۇپ كېتىۋىدۇق؟

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلىكى ئىشقىيار نامەتكە يەنە بىر ھەمراھ قوشۇلدى. ئۇزۇن، ئۇچلۇق قەغەز قالپىقى

سەل كىچىك كېلىپ قالغاچقىمۇ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەم باشقا بىرى ئەمەس دەل سېلىمەئاخۇننىڭ شىرەم تۇغقىنى ئابلاجان باشلىق ئىدى. ئابلاجان ئىشقىيار نامەتنى كۆردى ـ دە، چىرايى قارىداپ كەتتى. كۆڭلىدە «ئەمدى مۇشۇ ئۇششاق ئېلىپساتار بوۋاي بىلەن بىللە ماڭامدىمەن» دەپ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا يونىغاندەك:

ــ ئوھوي، سىلىمۇ كېلىپ قاپلا ـ دە، ئا جوجاڭ، ــ دەپ قالدى ئىشقىيار نامەت ئابلاجانغا زەھەردەك بىر كۈلۈمسىرەپ، ــ دوپپا مۇبارەك، يارىشىپتۇ، بىراق سەل كىچىك كېلىپ قالغاندەكمۇ يا؟ سېلىمەئاخۇن تازا ئۆلچىۋالماپتىكەن ـ دە باشلىرىنى ـ ھە!

ــ ئاغزىڭنى يۇم، ئىشقىيار، ــ دەپ چىرقىرىدى سېلىمەئاخۇن بوزىرىپ ـ تاتىرىپ، ــ ئۆزئارا گەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۆز تۇغقىنىنىڭمۇ سازايى قىلىنغۇچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ قېلىشى سېلىمەئاخۇنغا سەل ئوڭايسىزلىق ئەكەلگەنلىكى راست. بىراق، ئۇ بىر ئۆرۈلۈپلا قەتئىي ئىسيانچى بولۇۋالغانىدى، شۇڭا يەر تېگىدىن ئابلاجان باشلىققا ھومىيىپ:

ــ سەن ئۇنداق قالپاقنى بېشىڭدىن ئېلىۋەرمە! ــ دەپ قويدى. ئابلاجاننىڭ چىرايى تاتىرىپ، يۈزسىز تۇغقىنىغا بىر ئالايدى. بۇ ئىشلارغا ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى ئوقتەك قاداپ تۇراتتى.

ــ ۋۇي، مەستلىكى كېلىپ، ئاڭۋاشقا ھېلىدىن ـ ھېلى قولىغا ئېلىپ قاراپ بېقىۋاتىدۇ جوجاڭ قەغەز

دوپپىغا... ياش باللارنىڭ بىر ناخشىسى بولىدىغانغۇ، يېڭى چىقىۋاتقانمىدا؟ نېمىدى؟ ھە، «دوپپا كىيدىم چىرايلىق» دەيتتى ـ ھە!

ئابلاجان باشلىق ئىشقىيار نامەتكە يەنە بىر ئالىيىپ، تەتۈر ئۆرۈلدى، سىلىمئاخۇن بولسا ھېچكىمدىن تەپ تارتمايدىغان بۇ تەرسا بوۋايغا تەڭ كىلەلمەيدىغانلىقىنى تۇيسا كىرەك، قوللىرىنى شىلتىدى:

ــ سۆزلە ھە، سۆزلە ئىشقىيار! ھە قېنى ماڭايلى، بۇگۈن ئارقىمىزغا ئۆرۈلۈپ، ماڭمىغان كوچىلاردىن ماڭمىز، يۇقىرىدىن چۈشكەن كادىرلارنىڭ باشلىقى سەي دۇيجاڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى.

... ئىككى كۈنلۈك سازايىدىن كېيىن ئىشقىيار نامەتنى ئاساسىي قاتلام بويىچە پىپەن قىلىش ـ كۈرەش قىلىش يىغىنلىرى باشلاندى. ئابلاجاندىن باشقا، بۇ يىغىنلارغا كېلىپ چىقىشى پومېشچىك بولغان ئاكا ـ ئۇكا ئىككى ئادەم ۋە خۇددى ئىشقىياردەك، بازاردا تىرىكچىلىك قىلىدىغان «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھايانكەش ئۇنسۇر» دىن بىرنەچچىسى كېلىپ قېتىلدى. سەي دۇيجاڭنىڭ ئاھالىلەر چوڭ يىغىنىدا دېيىشىچە، ھەرىكەت چوڭقۇرلىغانسېرى پىپەن ـ كۈرەش قىلىنىدىغان ئۇنسۇرلار يەنە داۋاملىق تارتىپ چىقىرىلىدىكەن. ئىشقىيار نامەتنى ئاساسىي قاتلام كومىتېت ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كەلگەن سەي دۇيجاڭ دەيدىغان قاپىقى يامان كادىر ئۇنىڭغا بۇيرۇدى:

ــ ئەتە سىنى كۈرەشكە تارتىمىز، ئىدىيەڭدە پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قوي!

ــ بولىدۇ، كادىر ئەپەندىم، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت

دەررۇ، ـــ خاتىرجەم بولسىلا، مېڭەمگە ئاكوپ كولاپ قويغىلى نەۋاق.

ـــ سېسىق گېپىڭنى قوي، ـــ دېدى سەي دۇيجاڭ تېخىمۇ تۇرۇلۇپ، ـــ ھاۋاخان زۇجاڭ بىلەن سىلىمئاخۇن سېنى بۇ مەھەللىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق بويۇنتاۋ ئادەم دەۋاتاتتى، راستىكەن، ئاغزىڭغا سىيرتما بېكىتىۋەتمەيلى يەنە!

ـــ ئۇنداق قىلسىلىمۇ يامان كەلمەيتتى، كادىر ئەپەندىم، ـــ دېدى ئىشقىيار نامەت بوينىنى سەل قىيسايتىپ، كۇلۇمسىرىگىنىچە، ـــ نورمىغىمۇ ئارام، يىغىندىمۇ ئۆزۈمنى تەكشۈرىمەن دەپ كاسىلداپ يۈرمەيتتىم.

ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىشخانىسىدىكىلەردىن بىرنەچچىسى پىخىلداپ كۈلۈشۈۋىدى، قاپىقى يامان كادىر ۋارقىرىدى:

ـــ نېمە كۈلكە بۇ، ھە؟ بۇزۇق ئۇنسۇر بىلەن چەك ـ چېگرانى ئايرىشنىڭ ئورنىغا نېمە ھا ـ ھا، شى ـ شى؟ ماڭ چىق، ھەي بوۋاي، ئۆيۈڭگە چىقىپ ياخشى ئويلاپ، ئەتىگە تەييارلىق قىل!

ـــ تەييارلىق قىلىڭ دېسىلە، كادىر ئەپەندىم، دادىڭىز قاتارلىق ئادەمەن...

قايسىدۇر بۇلۇڭدىن يەنە بىر «پىخ...» ئاڭلاندى.

ئادەمنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلسۇن، ئىشقىلىپ جانلا ئامان بولىدىكەن، قىيقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەھەللىدىكى يىغىنلارمۇ بىر مەھەل دوڭگە ـ داراسلار بىلەن ئېچىلىپ، يەنە يوقىلىپ كېتىپ، يەنە قۇراشتۇرۇلۇپ... كۈنلەر شۇنداق مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز ئۆتمەكتە ئىدى. بارا ـ بارا ئىشقىيار نامەت

بۇنداق «رىزىنكە يىغىن»لارغىمۇ كۆنۈپ كەتتى. يىشى سەكسەنگە ئۆلشىپ كېتىپ بارغان بولسىمۇ جىنى بەردەم، ئاۋازى ھېلىھەم چىڭ، گەپلىرى بىرى ـ بىرىدىن كىنايىلىك، مەنىلىك بۇ ئادەمدىن ئاساسىي قاتلام كومىتېتى كادىرلىرى خېلى بۇرۇنلا ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارمۇ دەسلىپىدە چىڭقاپ، كېيىنچە ئىشقىيار نامەتنىڭ زەھەردەك گەپلىرىدىن سەكرىشىپ، يەنە نەچچە كۈنلەردىن كېيىن تېگىرقىشىپ، ئاخىرى بىرىپ «مۇشۇ بوۋايغا ئاز چېقىلايلىچۇ» دەيدىغان تۇيغۇغىمۇ كېلىپ قېلىشاتتى. ئادەمدە يۈرەك دېگەن بىرنېمە بارغۇ، كەلگەن كادىرلارنىڭ كۆپچىلىكى كۆڭۈللىرىدە ئىشقىيار نامەتكە ھېسداشلىقمۇ قىلاتتى. ئاخىر بۇ بىچارە بوۋايمۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە، جان باقىمەن دەپ، قىرىغىنىدا بازاردىن نېسىۋىسىنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ ـ دە! يا باللىرىنىڭ بىرەر ئىش ئورنى بولمىسا، بىر ئۆينىڭ ئوچىقى دېگەن يالماۋۇزنىڭ ئاغزىدىلا ئوخشىشىدىغۇ، ئۇنى تويغۇزغىلى بولاتتىمۇ؟ بىراق ھېسسىيات دېگەن ھېسسىيات، خىزمەت دېگەن خىزمەت ـ دە. يۇقىرىدىن تەكشۈرگۈچىلەر ھېلىدىن ـ ھېلىغا كېلىپ تۇرىدۇ، چىڭ تۇتمىسا ھاۋاخاندەك، سىلىمئاخۇندەك مەھەللە ئاكتىپلىرى خۇپىيانە دوكلاتنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئەنە ئاشۇنداق «پىچىقى ئىتتىك» يىللار ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» چوڭقۇرلاشقانسېرى جەمئىيەتتە خىلمۇخىل ئىشلار چىققىلى تۇردى. ھېلى كىتاب كۆيدۈرۈۋاتقان، ھېلى «تۆت كونا» دەپ دوپپىلارنى يىرتىپ، كونا بىنالارنى ئۆرۈۋاتقان... بىر كۈنى ئىشقىيار

نامەت قارا قازاننىڭ غىمىنى قىلىپ كېلىش ئۈچۈن هويلىسىدىن چىقىپ بازار تەرەپكە مېڭىۋىدى، چۇقان ـ سۈرەن بىلەن كېلىۋاتقان بىر توپ ياشلار ئۇنى توسۇۋالدى. ھەممىسىنىڭ بىلەكلىرىدە قىزىل بەلگە بار ئىدى.

ــ توختاڭ، ئىشقىياركا،ــ دېدى بىر قىز چاڭقىلداپ،ــ ساقىلىڭىزنى چۈشۈرۈۋېتىمىز. ھەي دىلشات، ئەكېلە قايچاڭنى، ئورۇندۇقنى مەيەرگە قوي، ئۈستىرىنىمۇ تەييارلاڭلار، ئىشقىياركا، مەيەرگە ئولتۇرسىلا.

ــ توختاڭلار، بالىلىرىم، توختاڭلار!ــ دېدى ئىشقىيار نامەت يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ياشلارنى قوللىرى بىلەن توسۇپ،ــ خوش، مېنىڭ ساقىلىم نېمىگە تاقاشتى؟

ــ ئىنقىلابقا تاقاشتى، قانداق؟ ــ دەپ قايچا تۇتقان بالا شىپىقاپ كەلدى،ــ بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرمەيۋاتامدىلا؟

ــ ئۇنىغۇ كۆرۈۋاتىمەن،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت كۈلۈمسىرەپ،ــ بىراق ساقالدا نېمە گۇناھ بار دەيمەن، بالىلار؟ سىلەرنىڭ دادىلىرىڭلار ساقال قويمامدا؟ ئۇنداق قىلماڭلار!

ــ ھەي بوۋاي،ــ دەپ چاڭقىلدىدى باشتىكى قىز،ــ ساقال قويۇش دېگەنچۇ «تۆت كونا»، كونىلىقنا ياتىدۇ، كىم ساقال قويسا شۇنىڭكىنى چۈشۈرىمىز، بىز تۆت كونىنى بۇزىمىز، شۇڭا بارغۇ، سىزنىڭمۇ ساقىلىڭىزنى چۈشۈرىمىز...

ئىشقىيار نامەت بوش كەلمىدى.

ــ توختاڭلار، بالىلىرىم، توختاڭلار، مۇنداق

گەپمىدى، ئەسلىدە كونا ساقاللارنى چۈشۈرىدىكەنسىلەر ـ دە؟ بىراق مېنىڭ مۇنۇ ساقىلىم يېڭى ساقال، راست دەيمەن، بۇ ساقالنى مەن ئازادلىقتىن كېيىن قويغانمەن، شۇڭا تۆت كونىغا كىرمەيدۇ. سىلەر ياخشىسى بىرىپ كونا ساقاللارنى تېپىپ كېسىڭلار...

ئىشقىيار نامەت شۇنداق دەپلا ئورنىدىن لەسسىدە تۇرۇپ مېڭىپ كەتتى، ياش باللار ئۇنىڭ كەينىدىن چۈرقىرىشىپلا قالدى.

ئىشقىيار نامەت شۇ ماڭغىنىچە بازارغا بېرىپ بىر قۇر ئايلاندى. كوچىلار بوش، ھۇۋۇلداپ قالغانىدى. ھەممە ياق دازىباۋ①غا تولۇپ كەتكەنىدى. جان بېقىش كويىدا يۈرگەن بىچارىلەرمۇ ئانچە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا، بىرنەرسە ساتقانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن پايلاپ يۈرگەن، خەقلەر «جيۇساۋدۇي» دەپ ئاتايدىغان كۆك كىيىملىكلەر ياكى بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان سېرىق فورمىلىقلار يۈرەتتى. ئىزغىرىن شامال تاملاردىكى دازىباۋلارنى ئۇچۇرۇپ، شالدىرلىتىپ ئىشقىيار نامەتنىڭ غەمكىن كۆڭلىنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلاتتى، كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزى يان قوشنىسى مۆمىنجانغا چۈشۈپ قالدى.

مۆمىنجان ئىسمى ـ جىسمىغا ماسلاشقان، ھەقىقىي مۆمىن ـ ياۋاش ئادەم ئىدى. ھويلىسىنىڭ يېنىغىلا كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆي سېلىۋېلىپ، شۇ يەردە ساتىراشلىق قىلاتتى. ئىشقىيار نامەتنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىغا، تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل

① دازىباۋ ــ چوڭ خەتلىك گېزىت.

قولۇم ـ قوشنىلارغا ئوخشاش ئۇمۇ چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلاتتى. سىلىمئاخۇنلار ئىشقىيار نامەتنى سازايى قىلغان كۈنى كېچىسى ئۇ ئېھتىيات قىلىپ دەرۋازىدىن كىرەلمەي، يېرىم كېچىگە يېقىن تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، قوشنىسىغا تەسەللى بېرىپ، يوقلاپ چىقىپ كەتكەنىدى.

ــ ھە مۆمىنجان ئۇستام، ئوقۇغۇدەك قىزىق نېمىلەر بارمىكەن، قاراپ تۇرۇپ كېتىپتۇققۇ؟ ــ دېدى ئىشقىيار نامەت قوشنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆكۈچ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەپ.

مۆمىنجان دىڭگىدە چۆچۈپ، يانغا قايرىلىپ ئىشقىيار نامەتنى كۆردى ـ دە، غەمكىن جىلمايدى:

ــ نېمىسىنى ئوقۇيدۇ دەيسىز، ئىشقىياركا، شۇ ھەيران بولۇپ قاراپ كەتكىنىم بۇ نېمىلەرگە، ئەجەب زامانلار بولۇپ كەتتى دېسە ـ ھە، قېنى بۇرۇنقى ئادەم قايناپ تۇرىدىغان خەنزۇ بازىرى؟ بۇ نېمە بازار ئەمدى؟

ــ نېمە بازار بولاتتى، مۆمىنجان، دازىباۋ بازىرى، ئالە، دازىباۋلىرىڭ ئەرزان!...

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاۋازى چىڭراق چىقىپ كېتىۋىدى، ياۋاش مۆمىنجان ئىككى يېقىغا دەررۇ ئەلەڭلەپ قارىدى:

ــ يۇرۇڭە، ئىشقىياركا، كېتىلى، ئەتراپتىكى ئادەملەرگە ئىشەنچ يوق جۇمۇ!

... بىرنەچچە كۈندىن كېيىن لەڭزەبېشى تەرەپتە خۇدىيارىيۇزىلىك بىر دېھقان، ئىشقىيار نامەت شۇ يېزىدا تۇرغان چاغلاردا يېقىن ئۆتكەن بىر قوشنىسى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالدى ـ دە، دەررۇ ھال ئېيتىپ كەتتى.

ــ سىلى كەتكەندىن كېيىن، ئىشقىياراخۇن، بىزنىڭ مەھەللىلەرمۇ مەدەنىي ئىنقىلابنىڭ قايىنىمىغا چۆمۈپلا كەتتى. سەھرا يېرى دېگەندە ھوسۇل ئوخشىمىسا بىكارغۇ، مانا سەھرادا بۇ يىل ھېچنېمە ئوخشىمىدى...

ــ نېمىگە كۆڭۈللىرىنى بۇزىدىلا، بۇرادەر، ــ دېدى ئىشقار نامەت كونا قوشنىسىغا تەسەللى بېرىپ، ــ بۇ يىل ھەممىلا يەردە ئەھۋال ئوخشاش، مانىغۇ شەھەرنىڭمۇ ئەھۋالى، بىراق دازىباۋ ئالامەت ئوخشىدى، سىلەردىمۇ شۇنداقتۇر؟

دېھقان مەيۈسقىنا كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە:

ــ ۋاي شۇنداق، شۇنداق! ــ دېدى.

... ئىشقىيار نامەت چاچ ـ ساقىلى ئۆسسە تولىراق مۆمىنجاننىڭ ساتىراشخانىسىغا كىرەتتى. كورەش يىغىنلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەدېسە پېشانىسىگە نوقۇپ، قولىقىدىن سوزۇپ دوقۇسلىتىشىغا ئۇچراۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ساتىراشخانىغا كىرىپ كەلدى. مۆمىنجان يۇمشاق پاراڭلىرى بىلەن ئۇنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى پاكىز ياساپ قويدى. بىراق، ساتىراشنىڭ ئىشى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ ئىشقىيار نامەت ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرۇۋەردى.

ــ ئىشقىياركا، تۇرسىلا، چاچ ـ ساقالنى ئېلىپ بولدۇم، ــ دېدى مۆمىنجان.

ئىشقىيار نامەت مۆمىنجانغا بۇيرۇدى:

ــ قۇلىقىمنىمۇ كېسىۋېتىڭا!

مۆمىنجاننىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى:

ــ نېمىشقا؟ نېمانداق گەپ قىلىسىز، قوشنام؟

ئىشقىيار نامەت ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:

ــ مىنبىگلار تۇتقۇدەك يەر قالمىسۇن دەيمىنا!

# ئايلىنىپ يۈرۈپ سېتىۋېرىڭلار

جاھان ھەرقانچە مالىمان بولۇپ كەتسىمۇ، ئىنسانغا يەنىلا تىرىكچىلىك لازىم. ئىشقىيار نامەتمۇ ئۇزۇن قەغەز بۆكنى كىيىپ، مەھەللىدىكى كۆرەش يىغىنلىرىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان كۈنلەردىن باشقا ۋاقىتلاردا قورساقنىڭ غېمىدە بازار ئارىلاپ يۈرۈۋەردى.

راست گەپنى قىلغاندا ئاشۇ قالپاق كىيدۈرۈلۈپ سازايى قىلىنغان كۈندىن كېيىن ئىشقىيار نامەتنىڭ يۈرىكى سەل پۈتۈن بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا، ئىلگىرى يېگەن ئەندىشە - ۋايىملار، «يەنە قانداق ئىشلار بولۇپ كېتەر» دەيدىغان ئەنسىرەشلەر تۈگەپ «ھەرقانچە قىلساڭمۇ مۇشۇنچىلىك قىلىدىكەنسەنغۇ» دەيدىغان قانائەت، ھەتتا قارشىلىشىش تۇيغۇسىنىڭ كۆڭۈلدە يىلتىز تارتقانلىقى بىر سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن كونكرېت ئەھۋالنىڭ كۆز ئالدىدا تىكلىنىپ تۇرغانلىقىمۇ مۇھىم سەۋەب ئىدى. يەنىلا ئىشقىيار نامەتنىڭ مەھەللە - كويدا، بازاردا تولىراق ئىشلىتىپ قويىدىغان ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا ئۆيدىكى ئۆزى بىلەن قوشقاندا ئالتە قىزىل كېكىردەكنىڭ «نان دەپ قاراپ تۇرغانلىقى» ھەممىدىن مۇھىم ئىش ئىدى. ئادەمنىڭ بېشىغا نېمە دەرد، نېمە قىسمەتلەر كەلسۇن، ھاياتلا بولىدىكەن يەنىلا ئاش، نان يېمىسە بولمايدۇغۇ. ئەنە شۇ زۆرۈرىيەت قېرىپ، ساقىلى تېخىمۇ

ئاقىرىپ، قەدەملىرى بۇرۇنقىدىن ئاستىلاپ قالغان ئىشقىيارنامەتنى ھەر كۈنى دېگۈدەك، ئاساسىي قاتلامنىڭ قىسمىقىدىن بوشانسىلا بازارغا ئېتىترىپ، ھەيدەپ تۇراتتى. قىزلىرى تۇنىساخان، چولپانخانلار ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكىنى بىلەن، ئوغلىنىڭ ئائىلىسى چوڭلار بىلەن بىللە تۇراتتى. گەرچە ئوغلى تىرىكچىلىكنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان بولسىمۇ، تاپقىنى تايىنلىق ئىدى. ئۇ چاغلار تەبىئىي ئاپەتتىن ھالسىرىغان خەلقنىڭ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، ھەممە نەرسە نورمىلىق قىلىۋېتىلگەن مەزگىللىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تەڭگىلىك نەرسىنى بازارغا ئاچىقىپ سېتىپ چاي ـ تۇز قىلاي دېسە بازار باشقۇرىدىغانلار دەررۇ تۇتۇۋالسا! شۇنىڭدىمۇ قىزىل كېكىردىكى بارلىكى ئادەم قورساق غېمىدە مىدىرلىمىسا بىر ئائىلە ئاچ قالىدىغان گەپ ئىدى.

ئىشقىيار نامەت بۈگۈنمۇ لەڭزەبېشى تەرەپكە ئاز ـ تولا ئوقەت، سودا ـ سېتىق بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئۈمىدلىنىپ ماڭدى. كىم بىلسۇن، دەل شۇ ئەسنادا ياندىكى كوچىدىن چۇۋۇرلىشىپ، چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ، ئۆتكەندە ساقال كېسىمىز دەپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلغان باللاردەك بىر توپ قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى ۋە ئىشقىيار نامەتنى ئارىغا ئېلىشىۋالدى.

ــ باللىرىم، مەن سەل جىددىيرەك، بازارغا ماڭغان، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت ئۇلارنىڭ يەنە بىرەر ئىش تاپىدىغىنىنى پەملەپ، ــ خاپا بولماي قويۇپ بەرگەن بولساڭلار.

— بولمايدۇ،— دېدى بىر بالا، ئوزايىدىن مۇشۇلارنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى،— قېنى بىزگە كەينى - كەينىدىن ئىككى «ئەڭ ئالىي يوليورۇق» يادلاپ بېرىدىلا، چوڭ دادا، بولمىسا كەتكۈزمەيمىز.

ئىشقىيار نامەت بۇ بالىلاردىن ئاسانلىقچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغىنىنى پەملىدى - دە، ئوقۇسام ئوقۇيىيا دېگەن يەرگە كەلدى. مەھەللىدىكى يىغىنلارغا تولا قاتنىشىپ، تولا يادلىغاچقا بىرمۇنچە «ئۇزۇندى» ئېسىدە قېپقالغانىدى.

— ئوقۇساملا بولامدۇ، بالام؟ قايسىنى ئوقۇي؟— دېدى ئىشقىيار نامەت ئاخىرى باشلىق بالىغا كۆكۈچ كۆزلىرىنى مىختەك قاداپ.

— قايسىنى يادلىساڭلا مەيلى،— دېدى بالا،— خېلى جىق بىلەمدىلا نېمە؟

— پىشۇرۇۋەتتىڭلارغۇ...— دېدى ئىشقىيار نامەت ۋە ئوقۇشقا تۇتۇندى،— ئوقۇدۇم ئەمىسە، ھە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ... ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى... بولدىما، بالام؟

— بولمىدى، بولمىدى!— دەپ چۇرقىراشتى بالىلار،— مۇھىم يېرى چۈشۈپ قالدى...

— ھە، باشقىدىن، تولۇق ئوقۇسۇن!

— قايسى يېرى، بالىماي؟— دەپ سورىدى ئىشقىيار نامەت غەم تارتماي.

باشلىق بالا ئەسكەرتتى:

— قۇربان بېرىشتىن قورقماي دېگەن يېرىنى ئوقۇمىدىلا، شۇنى قوشۇپ، تولۇق ئوقۇسىلا!

ــ باللىرىم، ــ دېدى شۇ چاغدا ئىشقىيار نامەت، ــ قۇربان بولۇشتىن قورقماي دەپ قويۇپ، ناۋادا ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسام ئۆيدىكى بەش جاننى سىلەر باقامسىلەر؟

قىزىل قوغدىغۇچى باللار تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. بىر هازادىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىز چاقچىمدە سۆزلەپ قالدى:

ــ ئەمىسە يەنە بىرنى ئوقۇسۇن!

باشلىق بالا جانلاندى.

ــ هە چوڭ دادا، باشقا بىرنى ئوقۇسلا.

ــ يەنە ئوقۇمدىم؟ ــ ئىشقىيار نامەت ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپ يەنە بىر ئۇزۇندىنى ئوقۇدى، ــ مانا سىلەرگە لايىق بىرى يادىمغا كېلىپ قالدى. ئوقۇدۇم ئەمىسە... دۇنيا سىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزنىڭ، تازا يىغىپ ئېيتقاندا سىلەرنىڭ. سىلەر ياشلار كۆتۈرۈم كېلىسىلەر، خۇددى ئەتىگەندە ئاچىقىپ تۆكۈۋەتكەن كۆلدەك، تازا گۈللىنىۋاتقان ۋاقتىڭلار...

ئىشقىيار نامەت بۇ گەپلەرنى شۇنداق تېز دېدىكى، ئۇنىڭسىزمۇ توختىماي بىر ـ بىرى بىلەن قۇشقاچتەك چۇرۇقلىشىپ پاراڭ سېلىشىۋاتقان، كۆندىلا بىر خىل بۇنداق ئىشلاردىن زېرىككەن باللار هەر هالدا ئاڭقىرالماي قالدى. پەقەت ئارىلىقتا «باشقىنى ئوقۇسۇن» دەپ چاقىلدىغان قىز يەنە چاقىلداپ قالدى:

ــ بۇنداق يەرلىرى يوقتىغۇ!

ئاڭغىچە باشلىق بالا ئۇزۇندى يادلايسەن دەپ ئىككى ئادەمنى توسۇۋالغانىدى، ئۇمۇ ئىشقىيار نامەتىن زېرىكتى بولغاي، قارىمايلا:

ــ كېتىۋەرسىلە، چوڭ دادا! ــ دېدى. ئۇنىڭسىزمۇ

جىنى تاقىلداپ تۇرغان ئىشقىيار نامەت شاپىلداپ يۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى نىمە بولغان، ئىشقىيار نامەتنىڭ ھەدىگەندىلا تەلىيى ئوڭدىن كەلمىۋىدى، ئاخىرىغىچە شۇنداق بولدى. جىۋۇسادۇيدىكىلەر بازارغا يامراپ كەتكەنىدى. بىرەر نەرسە ئېلىپ ـ سېتىشنىڭ پۈرسىتى بولمىدى. بولمىسىغۇ بوۋاينىڭ يولدا كېتىۋېتىپلا بىرەر ھاجەتمەننىڭ ئۆچ ـ تۆت توخۇسىنىمۇ، بىرەر قوزا ياكى ئوغلىقىنىمۇ، كونا ـ يېڭى چاپىنىنىمۇ... ئەيتاۋۇر ھەرقانداق نەرسىنى ئەرزىنىغا ئېلىۋېلىپلا، گەپدانلىقى بىلەن دەررۇ پايدىسىغا سېتىۋېتىدىغان ئىشلارغا بەك ئېپى بار ئىدى. مۇبادا بىر ئادەم رېزىنكە چاقلىق بىر ھارۋىنى قۇرۇق پېتى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان بولسا، ئىشقىيار نامەت دەررۇ بۇنىڭغا سەگەكلىك بىلەن سەپسالاتتى. دېگەندەك، تولا ھاللاردا بۇنداق ھارۋىلار سېتىۋېتىلىدىغان بولۇپ چىقاتتى. ئەگەر ھارۋىنى سەل ئېپىدە ئېلىۋېلىپ ئەكېتىۋاتقىنىدا ئالدىغا سەھرادىن ئەكەلگەن ئەرزان قوغۇن ـ تاۋۇز ئۇچراپ قالسا، ئىشقىيار نامەت قوغۇن ـ تاۋۇزدىن تاللىۋېلىپ، ھارۋىغا بېسىۋالاتتى. نەدە توختىغان بولسا شۇ يەردىن، بازارراق يەرلەردىن مېڭىپ، تونۇش ـ بىلىشلەرگە گاھ قىزىق، گاھ كىنايىلىك گەپلەرنى قىلىپ قوغۇن ـ تاۋۇزنىمۇ، ئارىلاپ ھارۋىنىمۇ ماختاپ سۆزلەپ ماڭاتتى. قايسىنىڭغا خېرىدار كەلسە شۇنىڭ سودىسىنى قىلىۋېرەتتى. ئەگەرچەندە تاۋۇزدىن ئاۋۋالراق ھارۋىغا خېرىدار چىقىپ قالسا، دەررۇ ھارۋىنى يول چېتىگە تارتىپ، قوغۇن ـ تاۋۇزنى ئېرىق بويىغا چۈشۈرۈۋالاتتى ـ دە، ھارۋىنىڭ

«تويىنى قىلىشۇېتىپ»، كەينىدىن شۇ يەردە تۇرۇپ قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىغا خېرىدار چاقىراتتى... لېكىن بۇگۈن ئۇنداق ئىشقاي كېلىشلەر نېسىپ بولمىدى. ئەكسىچە، سەل مېڭىشۇېدى، يەنە بىر توپ قىزىپ كەتكەن بالىلار تۇتۇۋېلىپ، ئۆزۈندى يادلاشقا بۇيرۇدى. قورساقنىڭ غېمىدە ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئىشقىيار نامەت بۇ دورەم كىمنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارى بولماستىن «ئۆزۈندى» يادلىدى:

ئەڭ ئالىي يولىيورۇق،
بىزنىڭ ئۆيدە نورما يوق.

ــ تۈزۈك ئوقۇ!ــ دېدى قاپىقى يامان بىر يىگىت،ــ بولمىسا تۇتتۇرۇۋېتىمەن...
ــ بالام،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت جان ئاچچىقىدا،ــ مۇشۇ تاپتا بەش جاننىڭ بۇگۈن كەچتىكى قورسقى ماڭا قاراشلىق، ئوخشىغان گىردىدىن بەشنى ئەكىلىپ بېرىپ، مېنى دېسەڭ ئاتتۇرۇۋېتە!
ئاڭغىچە قىزىقسىنىپ ئەتراپىقا توپلاشقان ئادەملەر ئۆزۈندىچى بالىلارغا نەسىھەت قىلدى:
ــ بولدى قويۇڭلار، ھەي ئىنىلار، كۆرمىدىڭلارمۇ، يەتمىشتىن ئاشقان، ئاق ساقال ئادەمكەن، بىرەر غېمى باردەك قىلىدۇ، قويۇپ بېرىڭلار، يولىغا كېتىۋالسۇن!
ياش بالىلارمۇ ئوڭايلا يۇمشىدى، بەزىلىرى ئىشقىيار نامەتنىڭ گەپلىرىدىن ھەدەپ خىرىلداپ كۈلەتتى. سالا ـ سۇلا بىلەن ئىشقىيارنامەت ئۆزۈندى ھاشارىدىن قۇتۇلۇپ مېڭىشۇېدى، تاجىۋاي مەھەللىسىگە قوشنا مەھەللىدىكى بىر تونۇشى ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

— ھوي ئىشقىياركا، يامانمۇ ئالدىراش مېڭىپ قاپسىزغۇ، تىنچلىقتۇر؟

— سەل كېچىكتىڭىز،— دېدى ئىشقىيار نامەت،— بولمىسا كۆرەتتىڭىز، ئاران تىنچلىق بولدۇم ھېلى...

ھېلىقى ئادەم ئەزۋەيلەپ سورىدى:

— ئوقەت قىلغاچ تۇردىڭىزمۇ؟

— ئوقەتنىڭ تايىنى يوق،— دېدى ئىشقىيار نامەت،— ئەمما بىكار يۈرگىچە دەپ ئېچىلىپ - سايراپ تۇردۇق.

— قانداق سايراۋاتىسىلەر؟— دەپ قىزىقتى ھېلىقى ئادەم.

ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى قىسىپ، ئەلەم بىلەن جاۋاب بەردى:

— ھۆپۈپتەك سايراۋاتىمىز.

— مانى قاراڭ،— دەپ تۇرۇۋېدى ھېلىقى مىس - مىس ئادەم، ئاغىنچە يولدىن بىر توپ «ئىسيانچى» لار كاناي، دۇمباق، جاڭ - جاڭلىرىنى ۋاراڭشىتىپ، شوئار توۋلىغانچە گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ قالدى:

— ئىسيانچىلارنى ئازاد قىلايلى، خەلق ئاممىسىنى رەنجىتمەيلى!

— توۋا قىلدىم، ما گەپنى قاراڭ،— دېدى ئىشقىيار نامەت ھېلىقى تونۇشىغا قاراپ دەررۇ ياقىسىنى تۇتقىنىچە،— ئاجايىپ شوئارلارنى توۋلايدىكىنە ھازىر؟ رەنجىتمەيلى دەپ، دوقاسلىتىپ باش - كۆزىمىزنىڭ ساق يېرىنى قويمىدى، ئۇرايلى دېگەن بولسا تىرىك جاننى قويمايتتىكەن - دە!

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئىشقىياركا،— دەپ قايناپ قالدى

قوشنا مەھەللىلىك تونۇش كىشى،— بىزنىڭ مەھەللىلەرمۇ شۇ، بىزنىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇدىرى يامانمۇ ئېسىل ئادەم ئىدى، سىلەرنىڭ... ئابلىپىزخانىمىدا؟ ھە، ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ، ھەسەنجان قاپاقنىڭ ئوغلىغۇ ئۇ؟ ئابلىپىزخان دەپ كېتىدىكەن تېخى ئۆزىنى ئۇ تەخسىكەش، بىز كىچىك چاغلاردا بىللە ئوينىغاندا، مەھەللىدە ئابلىپىز پاقا دەيتتۇق ئۇ ئاداشنى... شۇنداق قىلىپ قاراڭ، بىزنىڭ شۇ مۇدىرنى ئۆپكىسى يوق ياش باللار، مەھەللىنىڭ چالا ئاكتىپلىرى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ، ئۇزۇن موزا كىيدۈرۈپ ئۈچ كۈن سازايى قىلدى. كوچىدا ئەسكى مەشىنىڭ قاپقىقىنى چالىسەن، قەدەمدە بىر توختاپ «مەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ جاكارلايسەن دېگەندە، ئوغۇل بالا مۇدىرىمىز ئۇنىمىغان گەپ، شۇنىڭ بىلەن قاراڭ، ئىشقىياركا، بايىقى، بالىسى بىلەن تەڭقۇراملىق شۇمتەكلەر گەپ ياندۇردۇڭ دەپ ئۇ كىشىنى ئۇرۇپ، پېشانىسىنى يېرىۋېتىپتۇ. بۇنى نېمە دەيمىز ئەمدى؟

— شۇنى دەيمەن - ھە!— دېدى ئىشقىيار نامەت ئاڭغىچە سەل نېرىدا توختىغان سېلىمئاخۇنغا قىيا قاراپ، كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قوشنا مەھەللىككە سۆز قىلدى،— ماڭا قاراڭ، بۇرادەر، بۇ گەپلەرنى سىزمۇ خەقتىن ئاڭلىدىڭىزغۇ دەيمەن؟ ھازىر ئەلەم كۈرىشى ئەمەس، قەلەم كۈرىشى قىلىدىغان چاغ تۇرسا، كىچىك باتۇرلارمۇ ئۇنچىۋالا چوپچوڭ ئادەمنى ئۇرمىغاندۇر؟ تايىنلىق شۇ، ئىسيانچىلارنىڭ قەلىمى مۇدىرنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ، جىجىلىۋەتكەن پاراڭ...

كەچمۇ كىرەي دەپ قالغانىدى، ئەنە شۇنداق رەللىچىلىكلەر بىلەن ئىشقىيار نامەت بۇگۈن بازاردىن بىرەر ئىرىم قىلماي ئۆيگە قايتماقچى بولدى. ماڭارىدا تۆتىنچى كوچىدىكى ئىمىن ناۋاينىڭ ئۆيگە يولۇققاچ، ئامال يوق چاغلاردىكى ئادىتى بويىچە نېسىگە يازدۇرۇپ تۆت ـ بەش نان ئالغاچ كەتمەكچى بولدى ـ دە، شۇ كوچىغا بۇرالدى. قانداق بولدى، كوچىغا كىرىپ ئەمدى ئىچكىرىلەپ مېڭىشىغا ئالدىدىن بىر توپ ئادەم چىقىپ كەلدى. ئىشقىيار نامەت يەنە نېمە ئىش بولغاندۇر دەپ ئويلاپ، ئورنىدا توختاپ قارىۋىدى، توپنىڭ ئالدىدا نەق ئىمىن ناۋاي قاتارلىق، بويىنىغا تاختاي ئېسىقلىق ئۈچ ـ تۆت ئادەمنى ئىسيانچىلار ۋە جيۇسادۈيدىكىلەر كەچ بازارغا سازايى قىلىپ ئەكېلىۋېتىپتۇ. گەرچە قالپاق كىيدۈرۈپ، كوچىدا سازايى قىلىدىغان ئىشلار ئۆتكەنكىلەردىن سەل بېسىقىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق مۇنۇلار ئاخىرقى دوقاللارنىڭ بىرىگە ئۇچراپ قالغانىدى.

ئىشقىيار نامەت تۇرغان يەردە داڭ قاتقىنىچە كەچكى چايغا ئالغاچ كېتەي دېگەن نانغا چېچەك چىققىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ، يولنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ كېلىۋاتقانلارغا سەپسالدى. ئىمىن ناۋاينىڭ بويىندىكى تازىمۇ يوغان تاختايغا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھايانكەش ناۋاي» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. قالغانلىرىنىڭ بويىندىكىلىرىمۇ ھەر يوغان تاختايلار ئىدى، بىرىنىڭ بويىنىغا ئۆزى نان زۇۋۇلا قىلىدىغان ئەمبەلنىلا ئېسىپ قويۇپتۇ، ئىنچىكە سىم ئۇنىڭ بويىنىنى بوغۇپ، ئېغىر تاختاي قەددىنى تېخىمۇ

ئېگىۋەتكەنىدى. ئىشقىيار نامەت گەرچە قايسى كۈنىلا ئۆزىمۇ شۇنداق كۈننى كۆرگەن بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ قورسىقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان، ئانا سۈتىدەك پاكىز ناننى دەپ قىزىق تونۇرغا مىڭ ئېگىلىدىغان ناۋاي بۇرادەرلەرنىڭ ھالى ـ سىياقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشتى. بولۇپمۇ ئىمىن ناۋاي كۆڭلى يۇمشاق، خەير ـ ئېھسانلىق ئېسىل ئادەم ئىدى... ئىشقىيار نامەت شۇلارنى ئويلاپ بولغۇچە توپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى.

— ھەي بوۋاي، چەتتە تۇر!— دېدى جيۇسادۇيدىكىلەردىن بىرى،— يولىمىزنى توسۇما!

ئىشقىيار نامەت ھېلىقىنىڭغا تازا زەھەردەك بىر گەپ قىلاي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، بىردىن توختىۋالدى. كۆڭلىگە دەررۇ ئەسلىي مجەزى شولا چاچتى... شۇنىڭ بىلەن ئىشقىيار نامەت ئالدىغىلا كېلىپ قالغان ئىمىن ناۋايغا كۆزىنى قىسىپ سالام قىلدى، ئىمىن ناۋايمۇ دەررۇ شۇنداق جاۋاب ياندۇردى.

بۇ چاغدا ئىشقىيار نامەت تېزلىكتە پىچىرلىدى:

— راسا ئوقەتنىڭ پەيتىكەن، بوينۇڭلاردا ئەمبەل بولغاندىن كېيىن چانمايدۇ، ئايلىنىپ يۈرۈپ ناننى سېتىۋېرىڭلار!

# خۇشخۇي كادىر

1968 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ساراسىمىلىرى بىرى بېسىقسا، بىرى چىقىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇزمەي پاراكەندە قىلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. بۈگۈن ئىشقىيار نامەتمۇ كۈننى كۆڭلى غەشلىك ۋە ئېغىر خىياللار ئىلكىدە ئۆتكۈزدى. ئېغىر خىياللار دېگىنىمىز، ئاخىرى چىقمايدىغان، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان خىياللار ئىدى، بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال ئۇنى مەھەللىگە چۈشكەن كادىرلار سۆھبەتكە چاقىردى، بۇنداق ئىشلار ئەلۋەتتە پات ـ پاتلا بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرلىرى ئالمىشىپ تۇرغاچقا ھەر كەلگىنى ئىشنى يېڭىدىن باشلايتتى. يەنە شۇ سوئال ـ سوراقلار، يەنە شۇ تۈگىمەس خاتىرە يېزىشلار، يەنە باشتىن تارتىپ، چويلىغا چىقمايدىغان ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشلەر... شۇ ئارىلىقلاردا تېرىكىپ ـ بوغۇلۇشلار ۋە بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇستەلنى ئۇرۇپ پوپوزا قىلىشلار باشلىناتتى. بۇ كۈنلەرنىڭ ئاياغلىشىدىغان ۋاقتى ـ سائىتى بارمۇ زادى؟

ئىشقىيار نامەت ئۆيىدىكى بۇلۇڭتە ئوڭدىسىغا چۈشۈپ يېتىپ، قوللىرىنى گەدىنىگە قويغىنىچە بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى «سۆھبەت»نى ئويلىدى. كۆزلىرىدىن

كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئوتتۇز بەش ـ ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى ئورۇقتىنا يىگىت، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئالىقىنى بىلەن بۇرنىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئېرتىپ تۇرىدىغان، گەپنى ئىتتىك قىلىدىغان كادىر ئىشقىيار نامەت كۆرگەن، تاجىۋاي مەھەللىسىگە چۈشكەن كادىرلارنىڭ ئارىسىدا سەل باشقىچىرەكى بولۇپ، مۇبادا ئابلىمىزخان مۇدىر ئۇ يىگىتنى «بۇياق ئىلگىرى بىزنىڭ سانائەتتە بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر مائارىپ ئىدارىسىدە، بۇمۇ بۇدا يۇقىرىدىن چۈشكەن كادىر» دەپ تونۇشتۇرمىغان بولسا، ئىشقىيار نامەت ئۇنى ئۆزىنى بىكاردىن ـ بىكارغا گەپكە سېلىۋاتقان ئادەم دەپ ئويلاپ، زەھەردەك گەپتىن ئىككىنى قىلىپ، سىلكىۋەتكەن بولار ئىدى. چۈنكى، ئۇ كادىر ھەدېسە ئىشقىيار نامەتتىن ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان چاقچاقلىرىنى سورايتتى ياكى بولمىسا تولىراق چاقچاق ئارىلاش سوئال سورايتتى.

ــ ئىشقىياركا، تاماكا چەكمەيدىلا ـ ھە، چەكسىلە بىرنى يۆگەپ بېرەي دەيمىنا!ــ دېدى ھېلىقى خۇشخۇي كادىر ئالدىدىكى گېزىت قەغىزىدىن جارتتىدە يىرتىپ، ئەپلەشمىگەنلا ھەرىكەت بىلەن موخوركا يۆگىگىنىچە.

ــ يوقسۇ،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت بېشىنى چايقاپ،ــ شۇ دەخمىزىنى ئۆگەنمەپتىكەنمىز.

ــ لېكىن ئۆزلىرى تاماكا، گېزىت، سەرەڭگە سېتىپ باققان ـ ھە؟ خەنزۇ بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا؟

ئىشقىيار نامەت غەلىتە بىر نەزەر بىلەن، توغرىسى، تولىراق ئېھتىيات بىلەن خۇشخۇي كادىرغا ھومىيىپ قارىدى.

— نېمە، ئۆزى چەكمىگەن ئادەم موخوركا ساتسا بولمايتتىمىكەن؟ جان باقتۇق شۇ!

— يا ـ يا ـ ياق...— خۇشخۇي كادىر ئىككى ئالىقىنىنى ئىشقىيار نامەتكە تەڭلەپ، گېپىگە ئىزاھات بەردى،— شۇ چاغلاردا ئۆستەڭنىڭ دوقمۇشىدا تولا كۆرەتتىمچۇ سىلىنى، شۇ يادىمغا كېلىپ قالدىغۇ، كېيىن قاسساپلىقمۇ قىلدىلا...

— ھەممە ماتېرىيالىم بار ئىكەنە سىلىدە،— دېدى ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى خۇشخۇي كادىرغا تىكىپ،— يە بۇرۇن كەلگەنلەر ئۆزلىرىگە جىمى گەپنى سۆزلەپ بېرىپ كەتتىمۇ؟ سوراۋەرسىلە، ئۇكام، موخوركىمۇ ساتتۇق، سامانمۇ ساتتۇق، ھە راست، سوپۇن چىقىرىپ، ئۇنىمۇ بازارغا ئاپىرىپ ساتتۇق، قىزىل كېكىردەك ياتقۇزمايدىكەن ئەمەسما! يەنە سورايدىغانلىرى بارمۇ يا؟ تايىنلىق ئۆيدە چوكانلىرى سىلىنى كېلىدۇ دەپ قاس ـ قاس سوزۇپ لەڭمەن ئېتىپ قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىز كەچكىچە بازار تەرەپكە بىر چىقىپ كەلمىسەك، بالىۋاقا ئاخشام ئىچكەن يوبداننى چۇشەپ ياتىدۇ.

خۇشخۇي كادىر بىردىنلا كۈلكىدىن توختاپ، ئالدىدىكى قەلەم ـ قەغىزىنى يىغدى.

— خاپا بولمىسىلا، ئىشقىياركا، راست، سىلىنى ئۇزاق تۇتۇۋاپتىمەن، شۇنداق سۆزلىشىدىغان رەسمىيەت بار ئىكەن، ماقۇل ئەمىسە، كېيىنچە يەنە پاراڭلىشارمىز.

ئىشقىيار نامەت تۇيۇقسىزلا بايا دەۋەتكەن تەئەددى گېپىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئادەم ئادەمگە ئوخشاشمايدۇ دەپ، بۇرنىنى ۋە ئىككى كۆزىنى پات ـ پاتلا ئىشقىلاپ تۇرىدىغان مۇنۇ كادىر ھەم ئېگىز بويلۇق،

بۇدۇر چاچلىق، مۇلايىم يەنە بىر سالاپەتلىك كادىر بۇرۇن كەلگەنلىرىگىمۇ، ھازىر كەلگەن بەزىلىرىگىمۇ ئوخشاشمايتتى... شۇلارنى ئويلاپ ئۇ خېلىلا تەۋازۇلۇق مۇئامىلە بىلەن كادىر بىلەن خوشلاشتى. ئىشقىيار نامەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خۇشخۇي كادىر ئابلىپىزخان مۇدىر بىلەن ئۇ توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشتى.

ــ مۇشۇنداق ياشانغان ئادەملەرنىڭمۇ پاچىقىغا ئېسىلىۋالىمىزە! ــ دېدى خۇشخۇي كادىر، ــ جان باقسام، كەمنى بار قىلسام، بىرنى ئىككى قىلسام دېگەندىن باشقا نېمە ئەيىبى بار دەيسىز بۇلارنىڭ؟

ــ ئېھىم... ــ قىلىپ يۆتىلىپ، ئەتراپىغا بىر قاراپ قويدى ئابلىپىزخان، بۇ دېگىنى «سالاھىيىتىڭنى ئۇنتۇما» دېگىنى ئىدى، خۇشخۇي كادىرمۇ بۇنى دەررۇ چۈشەندى بولغاي، گەپنى دەررۇ يۆتكىدى.

ــ گەپكە يامان بوۋايكەنە بۇ، ئا جۇرېن، ــ دەپ يەنە كۈلكىسىنى كۈلدى، ــ يەتمىشتىن ئېشىپتۇ، يەنە تېمەن تۇرۇپتا!...

كېيىن ئۇ ھىرىلداپ كۈلۈپ ئىزاھ بېرىپ قويدى:

ــ مۇشۇنداق گېپىنى قىلسامغۇ بولار؟

ئابلىپىزخاننىڭ مەيلىچە بولسا ئۇ تىرتەك بوۋاينىڭ ھەرگىز ياخشى گېپىنى قىلمىغان بولار ئىدى. تالاي ــ تالاي قېتىم ئىشقىيار نامەتنىڭ يۈرەككە پىچاقتەك تېگىدىغان ھەقلىق گەپلىرىنى، تەنبىھلىرىنى ئاڭلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرى بولغانىدى. لېكىن، ھازىر بولسا ئۇ ئېھتىياتچان مىجەزىگە يارىشا، ئىشقىيار نامەت توغرىسىدا ئارتۇق پاراڭ قىلمىدى. سەۋەبى ئىشخانىدا ئىككىسىدىن باشقىلارمۇ بار ۋە

ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئادەملەر كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. ھېچنېمە دېمەي دېسە، مۇنۇ يېڭى كەلگەن سۆزمەن، بىلىملىك كادىردىن سەل تەپ تارتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابلىپىزخان مۇدىر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا:

ــ ئىشقىلىپ، خۇدايىم گەپنى يەتكۇچە بەرگەن ئادەمغۇ بۇ ئىشقىيار،ــ دەپ قويدى. لېكىن، خۇشخۇي كادىرنى ئىشقىيار نامەتنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى پاراڭلىرى قىزىقتۇراتتى. ئۇ بۇنداق گەپلەرنى كۆپرەك ئاڭلىماقچى ۋە ئاخشاملىرى مەھەللە دوقمۇشلىرىدا بولىدىغان كالتە سۆھبەتلەردە باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدى.

ئابلىپىزخان مۇدىر، خۇشخۇي كادىرنىڭ ئاغزىنى تاتلىشى بىلەن ئىشقىيار نامەتنىڭ بىرنەچچە قىزىق ئىش، ئۆتكۈر پاراڭلىرىنى سۆزلەپ بەردى. خۇشخۇي كادىر ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئالىقىنىدا بۇرنىنى يۇقىرى قارىتىپ ئىرتىپ قويغاچ ۋە قىزىقسىنىپ «ئاڭغارا...» دېگەچ، بۇ گەپلەرنى بىر ياقتىن ئاڭلاپ، بىر ياقتىن خاتىرىلەپ ماڭاتتى.

ــ ئىشقىيار نامەتنىڭ بىزنىڭ مەھەللىگە كەلگەندىن كېيىنكى قىزىق ئىشلىرى جىق،ــ دېدى ئابلىپىزخان موخوركىسىنى شورىغاچ،ــ بىر قېتىم بىزنىڭ مۇنۇ ئايالىلار مۇدىرىمىز رىزۋانەم ئىشقىياركامغا ھالىنى ئېيتىپتۇ:

«ئايال كىشى باشلىق بولسا قاملاشمايدىكەن قارىسىلا، گېپىمنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق، پىچىقىم كەسمەيدۇ.»

دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان ئىشقىيار نامەت جىددىي قىياپەتتە رىزۋانەمگە مەسلىھەت بېرىپتۇ:

«ۋاي، پىچىقىڭىز ئۆتمىسە، قايچا بىلەن كېسىڭ!»

خۇشخۇي كادىر ۋاھاھالاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە دەررۇ يازغاچ:

— رىزۋانەممۇ كۈلۈپ كەتكەندۇر تايىنلىق؟ — دەپ قويدى.

— كۈلمەمدۇ، — دېدى ئابلىپىزخان جىلماراپ، — ھازىرغىچە دەپ، كۈلۈپ يۈرىدۇ. بۇنداق گەپلىرى جىق...

— ھە، قېنى! — دېدى خۇشخۇي كادىر ئالىقىنىنى بۇرنىغا ئاپىرىپ دەررۇ. ئابلىپىزخان يەنە پاراڭغا ئېغىز ئاچتى:

— بىر يىلى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. بىر چاغدا ئىشقىيار ھەدەپ قازاننى قومۇرۇۋاتقان ئوغرىنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئاستا:

«سەت بولدى، بۇرادەر، ھە، تۇزۇكرەك نېمە يوق، خىجىل بولۇپ قالدىما، ھەر ھالدا تۇۋىقىنى ئۇنتۇپ قالما جۇما!» دەپتۇ.

— ھا - ھا - ھا... — كۈلدى خۇشخۇي كادىر.

— ئاخىرى بار، — دېدى ئابلىپىزخان، — ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپىنى بىلەن تەڭلا، چۆچۈپ كەتكەن ئوغرى ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۆزىنى تالاغا ئېتىپتۇ...

— ھە...

«ئوغرىنى تۇتۇۋالمىغىنىڭىز نېمىسى؟» دەپ ئايالى كايىپتىكەن، ئىشقىيار نامەت غەم تارتماي دېگۈدەك:

«تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلاي، ئۇنىڭسىزمۇ ئىزا تارتىپ چىقىپ كەتتى بىچارە!»

— يەنە بىر كۈنى، — ئابلىپىزخان ئەمدى قىزىپ قالغانىدى، — «شام - چىراغ» دەپ غەلىتىلا لەقىمى بار بىر ئادەم بار ئىدى مۇشۇ مەھەللىدە، ئۆلۈپ كەتتى رەھمەتلىك، بىر پاراڭ سورۇنىدا شۇ ئىشقىيار نامەتكە پو ئېتىپتۇ:

«نامىتىكا، سىلىنى بەك گەپچى دەيدىكەن، ئەمما لېكىن مېنى ئوخشىتالمايلا جۇمۇ!»
«سىلىنى ئوخشىتىش ئوڭايغۇ» دەپتۇ ئىشقىيار خاتىرجەم هالدا. هېلىقى ئادەم قىزىشىپ ئۆرەدەپتۇ:
«قېنى، قانداق ئوخشىتىلا؟»
ئىشقىيار نامەت دەررۇلا دەپتۇ:
«پۇۋ دەپلا ئۆچۈرۈۋېتىسەك ئوخشىغانلىرى شۇ ئەمەسما!»
— ها... ها... ها...، — خۇشخۇي كادىر بىر ياقتىن كۈلۈپ، بىر ياقتىن ئاساسلىق گەپلەرنى قىسقا قىلىپلا خاتىرىلەپ ماڭاتتى، ئارىدا ئۇ - بۇ كىرىپ، ئىشقىيار نامەت ھەققىدە يەنە نەچچە قىزىق پاراڭلار بولۇندى.
بىر كۈنى، خۇشخۇي كادىر مەھەللىدە ئىشقىيار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:
— ئىشقىياركا، تازا كۆرۈشەلمەيمىزغۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ئىشقىيار نامەت دەررۇ:
— خاپا بولمايلا، كادىر ئەپەندىم، باشتا كەلگەن كادىرلار بىلەن يامان جىق كۆرۈشۈپ كېتىپ، كادىردىن چىقىپ كېتىپتىمەن قارىسىلا، — دېدى - دە، ئاخىرىغا ئۇلاپلا قوشۇپ قويدى، — ئىشقىلىپ يەنە كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، بالام، بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بارىدىغان ئىش ئەمەسمۇ، ھەرقايسىلىرى ئىشقىيارنى كۆرەتتىم دەپ ئالايىتەن سوغۇق يەپ نە - نەلەردىن كېلىشىۋاتىسىلا، كۆرۈشمەي ھەددىمىزمۇ!
خۇشخۇي كادىر بېشىنى ئىتتىك - ئىتتىك لىڭشىتىپ، كۈلۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئاخىرى چىقماس ھەرىكەتلەر بېسىقمىغۇچە ئىشقىيار نامەتنى تالاي كۆرۈشۈشلەر كۈتۈپ تۇراتتى.

# ئىلغار سايلاش

بۇ، ئىشقىيار نامەت «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيىپ قىلىشتىن بىر يىل بۇرۇن بولغان ئىشلار.

تاجىۋاي مەھەللىسىدىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئاجايىپ ئادەملەر قەدەمدە بىر تېپىلاتتى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى، ئۆزىنى ئۆزى بىر كوچىغا گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ سايلىۋالغان ھاۋاخان دېگەن ئايال ئىدى.

شۆھرەتپەرەسلىك ئېگى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر باركى، ساختا شۆھرەتپەرەسلىك كويىدا ئار ـ نومۇسنى بەش پۇلغا سېتىپ، مۆرىتى كەلسە ھەتتا جېنىدىن كېچىشتىنمۇ يالتايمايدۇ. نېرىغا كەتمەيلى، بىر ئوبدان ئۆيى، ئېرى، باليچاقىسى بار، يېگىنى ئالدىدا، يىمىگىنى كەينىدە بولغان، ئۆزىمۇ بىر ئوبدان كېلىشكەن بۇ ھاۋاخان دېگەن ئايالنىڭ بەزىبىر قىلىقلىرى چېلەك مەھەللە دائىرىسىدە قىزىق ھېكايە ئىدى.

بىر كۈنلىرى تۇرۇپلا ھاۋاخان شۆھرەتكە خۇمار بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، تاجىۋاي مەھەللىسىدە رىزۋانەم دەيدىغان بىر ئاياللار مۇدىرى بولۇپ، ھاۋاخان كۆڭلىدە نەق شۇ رىزۋانەم بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇراتتى. ئالدى

بىلەن ئۇ ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشنى مەھەللىدە داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا رىزۋانەم بىلەن تۆر تالىشىشتىن باشلىدى. بۇ ئەتراپتا رىزۋانەم مۇدىر چوڭ ھۆرمەت، ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. مۇدىر بولسىمۇ كىچىك پېئىللىقى، چوڭدىن - كىچىككىچە خۇش چىراي بېقىپ، سالام - سەھەتنى ئۆكسۈتمەسلىكى، كەمبەغەل، قېرى، ئاجىزلارغا، ناتىۋان، يېتىم - يېسىرلارغا، كىچىك باللارغا كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشلىرى چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەمنىڭ تىلىدا تەرىپلىنەتتى. ھەتتا ھەرقانداق ئادەمگە «بالام...» دەپ تۇرۇپ زەھەردەك گەپ قىلىدىغان، ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇققانسىرى ۋە يېشى ئۇلغايغانسېرى بۇ مىجەزى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ كېتىۋاتقان ئىشقىيار نامەتمۇ رىزۋانەم مۇدىرنى كۆرگەندە مۇلايىملىق بىلەن ئېرىدىنىلا كۇلۇمسىرەپ پاراڭ قىلاتتى. نۆۋەتتە رىزۋانەممۇ ئىشقىيارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئاساسى قاتلام ئىشخانىسىدا بوۋاينىڭ يامان گېپى بولغان چاغلاردا ئىللا گەپ قىلىشتىن ئايانماس ئىدى.

— قويساڭلارچۇ، بىر قېرى ئادەم بىلەن ئېمانچە ئېيتىشىش ئەمدى بۇ، مىجەزى شۇنداقكەن راست، كەمبەغەلچىلىك، موھتاجلىق يامانغۇ! شۇ موھتاجلىقنىڭ سەۋەبىدىن قېرىغاندا يۇرتىنى تاشلاپ، مۇساپىر بولۇپ چىقىپتۇ. مۇساپىرچىلىق يامانغۇ سادىغاڭ كېتەيلەر، قولۇڭلاردىن كەلسە يۆلەڭلەر شۇ بىچارىلەرنى، ئەنە تۇنىسا، چولپان دەپ ئىككى قىزى بار، بولسا بىرىنى بولسىمۇ ئىشقا تونۇشتۇرۇپ قويايلى، ئابابەكرى دېگەن

ئوغلىمۇ بارغۇ دەيمەن؟ بىرەر ئوقەت قىلامدۇ ئۇ بالا؟ ھە، بولسا شۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ قويايلى، ھۆكۈمەتمۇ ئىناق – ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەيدۇغۇ! بىر مەھەللىلىك قولۇم – قوشنىلارغۇ ھەممىمىز...

ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ دەپ، رىزۋانەم مۇدىرنى كۆرگەندە ئىشقىيار نامەت شۇنداق مۇلايىملىشىپ كېتەتتى، گاھىدا يۇرىكىدىكى مۆڭلىرىنى، ئىستەكلىرىنى ئۆزىمۇ سەزمەستىن شۇ ئايالغا تۆكۈپ قالاتتى. بىراق، ھاۋاخاننى كۆرگەندە ئۇنداق ئەمەس ئىدى... راستلا، بىز ئەسلىدە ھاۋاخان ھەققىدە پارالڭ قىلىۋاتقان ئەمەسمىدۇق.

رىزۋانەم مۇدىرنىڭ ئەل – جامائەت ئالدىدا يۈز تېپىپ كېتىشى ھاۋاخاننىڭ شۆھرەت ئىستىكى بىلەن قىزىپ تۇرغان يۈرىكىنى زادىلا ئارامىدا قويمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ ھەسەت ئوتىنى بېسىش ئۈچۈن توي، نەزىر دېگەندەك سورۇنلاردا ئەمدى رىزۋانەم بىلەن ئابرۇي تالىشىدىغان، تۆر تالىشىدىغان بولۇۋالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، رىزۋانەمگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دائىم ئۇنى چۆشۈرىدىغان، سەتلەيدىغان گەپلەرنى قىلاتتى. بارا – بارا ئۇنىڭ بۇنداق سەت قىلىقلىرى ئاياللار ئارىسىدىمۇ قارشى ئېلىنماس بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاۋاخاننىڭ كۆڭلىدىكى ھەسەت ئوتى ھەۋەس ئوتىغا ئالماشتى، يەنى ئۇ مەھەللىدە قۇرۇق بولسىمۇ بىرەر ئەمەل تۇتۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ قالدى. «رىزۋانەم دېگەن ھىجاق ئايال پۈتۈن بىر تاجىۋاي مەھەللىسىگە ئاياللار مۇدىرى بولسا بولىدىكەنۇ، ئۆزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئايالدىن ياش تۇرسا،

سوقا ـ سەندەلدەك زەرگەر ئېرى تۇرسا، نېمىشقا ئەڭ بولمىغاندا بىرەر كوچىغا بولسىمۇ گۇرۇپپا باشلىقى بولالمىغۇدەك»... ھاۋاخان ئاخشاملىرى ئۇيقۇسى قېچىپ يېتىپ ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. توغرا، ئالدى بىلەن ئىشنى كىچىكتىن باشلاش كېرەك. ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كوچىسىغا گۇرۇپپا باشلىقى بولۇۋالسۇن، ئاندىن قېنى، خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدىكىن. بارغانسېرى خىزمەت كۆرسىتىپ ئاساسىي قاتلامدىكى باشلىقلارنى، بولسا ئابلىپىزخان مۇدىرنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالالىسا، ئەڭ مۇھىمى يۇقىرىدىن ئۇزۇلمەستىن كېلىپ تۇرغان كادىرلار، خېلى يىللار بولدى، ھەرىكەتنىڭ ئۇستىگە ھەرىكەت بولۇۋاتامدۇ... ھاۋاخان كۆڭلىدە ئاللىقانداق چوتنى سوقۇپ، پىلاننى تۇزۇۋالغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا يارىشا ھەر تەرەپتىن ئىشنى باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كوچىسىدىكى ئاياللارنى توساتتىنلا ئۆيىگە چايغا چاقىردى. نېمە چايلىقىنى بىلەلمىگەن قوشنىلار بىر ـ بىرىدىن سەۋەبىنى سورا ـ سورا، ئاقىۋەت چاقىرغاندىن كېيىن كىرمەيمىزمۇ دېيىشىپ، ئاز ـ تولا ئادىمەتچىلىكلىرىنى ئېلىپ، دېگەنىبىلەن ئونچە ئايال چايغا كىردى، شۇ ئاي، شۇ كۇنلەردە دېمىسىمۇ كۆپلىرى ئۆيىدە زېرىكىپ ئولتۇراتتى. ئەڭ بولمىغاندا بىر مۇڭدىشىپ، ئىچى ـ قارنىلىرىنى بوشىتىپ چىقىشار. يەنە بىر تەرەپتىن، چايغا كىرگەن ئاياللار ھاۋاخاننىڭ مەقسەتسىز بىر لوقما تائام بەرمەيدىغان مىجەزىنىمۇ ياخشى بىلىشەتتى. شۇڭا، پوسۇقىدە سېلىنىپ قىلىنىۋاتقان بۇ داستىخاننىڭ كەينىدە چوقۇم بىر مۇددىئا، بىر سەۋەب بارمىكىن... مەھەللە ئاياللىرى

چايغا كىرمەستە ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشىپ باشلىرى قاتقان بولسا، ھاۋاخاننىڭ ئالايىتەن داستىخان يېيىپ ئۆزلىرىنى چىللاپ، چاي ئاخىرىدا دېگەن گېپى، قىلغان ئۆتۈنۈشىنى ئاڭلاپ ئەقلى ھەيران، پەملىرى سىڭارىيان بولۇشتى، ئۆيلىرىگە چىقىپ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشتى. ئەتىسى بۇ مېھماندارچىلىق ۋە شۇ مېھماندارچىلىق ئۈستىدە، ساھىبخانىنىڭ «قوشنىلىرىم، سىلەردىن ئات ـ تۆگە سورىمايمەن، كىچىككىنە بىر تەلىپىم بار، ئاغزىڭلارنىڭ يېلى، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بارغاندا ھاۋاخان زۇجاڭ دەپ قويساڭلارلا بولدى...» دەپ ئۆتۈنگەن غەلىتە تەلىپى ھويلا ـ ھويلىلاردا كۈلكە ـ پاراڭ، غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭ تېمىسى بولدى. نېمە بولسا بولسۇن ئەيتاۋۇر، كوچىدىكى ئاياللار شۇنىڭدىن كېيىن ھاۋاخاننى كۆرگەندە زاڭلىق قىلىشىپ بولسىمۇ «قانداق ئەھۋاللىرى، ھاۋاخان زۇجاڭ؟»، «نەگە ماڭدىلا، ھاۋاخان زۇجاڭ؟» دەيدىغان بولدى. بۇنداق مەسخىرىلىك پاراڭلارنى ئاڭلىغان ھاۋاخان خىجىل بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە راستتىنلا شۇنداق ئىش بولغاندەك كېرىلىپ، تالتىيىپ بىر بولۇپ كېتەتتى. كۆڭلىدە بولسا «خەپ رىزۋان، يالغاننى راست قىلمىسام ھاۋا ئانام بولماي كېتەي!» دەپ ئويلايتتى.

ئەمەلىنىڭ پېشىغا چىڭ ـ پىششىق ئېسىلىش كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان غەلىتە ھاۋاخان تەدبىرلەرنىڭ يەنە بىرى سۈپىتىدە زەرگەر ئېرىگە ئاساسىي قاتلام كومىتېتىدىكى ئابلىمىزخان مۇدىر باشلىق كادىرلارنى ھەم يۇقىرىدىن چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى

كادىرلارنى مېھمانغا چاقىرىش تەلىپىنى قويغانىدى، ئارمىنىنىڭ ئەكسىچە ئىبرىدىن قاتتىق دەككە يىدى. كۈندە ئىككى ـ تۆت سەر هاراق ئىچمەستىن مەھەللىگە قەدەم باسمايدىغان زەرگەر خېلى ئەس ـ يادى جايىدا ئادەم ئىدى. هاۋاخان ئىبرىدىن يەتكۈچە تىل ئىشىتكەندىن كېيىن پەدىنى باشقا ياققا توغرىلىدى، يەنى ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىشخانىسىغا تېز ـ تېز بارىدىغان بولۇپ قالدى. ئاساسىي قاتلام كومىتېتى دېگەنگە مۇنداق ئىختىيارىي ئاكتىپلار دورىغۇ، بولۇپمۇ يۇقىرىدىن چۈشكەن كادىرلار شۇ كونا يەردە دەماللىققا قىلىدىغان ئىش تاپالماي ئولتۇرۇشاتتى، شۇڭا بارغان كۈنلا ئۈچ ـ تۆت ئادەمنى چېقىشتۇرۇۋەتكەن هاۋاخان ئىسىملىك بۇ پىدائىي زۇجاڭنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئايال باشلىقى ھەدېگەندىلا ياقتۇرۇپ قالدى ۋە هاۋاخان بىلەن خېلى ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى، بەزى ئىشلارنى تاپشۇردى. چېچەكچى چاي بولۇپ كەتكەن هاۋاخان پەيدەك يەڭگىللەپ ئاساسىي قاتلام كومىتېتى دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقىنىدا، قول هارۋىسىنى سۆرەپ بازار ياقتىن مۈكچىيىپ كېلىۋاتقان ئاپپاق ساقاللىق ئىشقىيار نامەتكە دوقۇرۇپ قالدى ۋە ھېلىلا مۇشۇ مەھەللىنىڭ خوجىسى بولۇپ قالغاندەك كېرىلىپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈشتۈرۈپ ئىشقىيار نامەتكە دوق قىلدى.

— ھىي ئىشقىياركا، ئاڭلىسام ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ قويىنى سويۇپ بەرگەندىن سىرت يەنە ئۆزلىرىنىڭمۇ گۆشلىرىنى سېتىپتىلا ـ ھە؟

— يوقسۇ، بالام،— دېدى ئىشقىيار نامەت بوينىنى

بىر يانغا سەل قىسسىپ،ــ خاتا ئاڭلاپتىلا، ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ساتمىدىم، قوينىڭ گۆشىنى ساتتىم.

ئۆپچۆرىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا دائىم بىكارچىلار يىغىلىۋالاتتى، كۈلگەنلەر شۇلار ئىدى. ھاۋاخان ئۆپكىدەك قىزاردى:

ــ ھايانكەشلىك شۇ، بازارنى قالايمىقان قىلىپ...ــ دېگىنىچە دوقۇلداپ يۈرۈپ كەتتى. بايىقى كۈلگەنلەردىن بىرى ئەمدى غودۇرىدى:

ــ ئۆزىنىڭ ئېرى كۈندە مەست كېلىپ مەھەللىنى قالايمىقان قىلسا گەپ يوق، خەق جان باقىمەن دەپ ئوقەت قىلسا قانداق قالايمىقانچىلىقكىنە ئۇ ــ ھە!

يەنە بىرەيلەن ئىشقىيار نامەتكە مەدەت بەردى:

ــ ھەلا دەپ قويۇڭ، ئىشقىياركا، ئاشۇنداق لاۋزا خوتۇن ئۇ. ئېرى زەرگەر، ھېچنېمىدىن غېمى يوق ــ دە...

ــ مەنغۇ ھەلا دەپ قويىمەن، بالام،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت،ــ بىراق بۇ خوتۇن ئالدىراپ ھە دەيدىغاندەك قىلمايدا، كۆرمىدىڭلىمۇ، ئاساسىي قاتلامدىكى باشلىقلار بەتلەپ قويۇۋېتىپتۇ!

كۈلكە سادالىرى ئىچىدە ئىشقىيار نامەت ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

ھاۋاخان شۇ ماڭغان پېتى يولدا ئىشقىيار نامەت ھەققىدە ئويلاپ ماڭدى. «شۇ ئادەم توغرۇلۇق جىقراق ئىشلارنى ئىگىلەي،ــ دەپ چەن سالدى ئۇ،ــ بايا ئارىلىقتا سېلىمئاخۇنمۇ شۇ بوۋايدىن رەنجىپ بىرنېمىلەرنى دېدى. باشقا يۇرتتىن كېلىپ نېمانچىۋالا

مەمەدانلىق ئۇ قىرىغا، خەپ، ئاڭلىسام رىزۋان كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكۈدەكمىش شۇنداق نىمىلەرگە، توختاپ تۇر، شۇنىڭ ئۆزى بىر مەسىلىغۇ، بىر خاتالىققۇ، شۇ يىرىنى تۈتۈۋېلىپ نىمە دەيمەنكىن ئەمدى خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقىغا...»

كىيىنكى كۈنلەردە ھاۋاخان ئوبدانلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىكارغا ئىشلەيدىغان بۇنداق خالىس ئاكتىپ، پىدائىيلار ئۇ زامانلاردا قەدىرلىنەتتى. دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ ئىشقا سېلىۋېرىدىغان گەپ ئىدى. ھاۋاخاننىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ئۇنى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بارغانسېرى ھىمزىر ھىم قىلدى. ئۇنىڭ «ئىگىلىگەن ئەھۋال» لىرى ئەمدى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە پات ـ پات قونۇپ تۇراتتى، ھاۋاخان خەقنى چىقىشتا ۋاستە تاللىمايتتى، گەپنىڭ ئالدى ـ كەينىگىمۇ قاراپ ئولتۇرمايتتى. بىر قېتىم مەھەللىدىكى زېرىكىپ قالغان بىر ھەييار يىگىت ئەتەي ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئايالغا بىر «ئۇچۇر» يەتكۈزۈپتۇ. يەنە كىلىپ بۇ ئۇچۇر رىزۋانەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن... شۇنىڭ بىلەن ھاۋاخان خۇشاللىقىدا ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغۇدەك ھاسىراپ چىپىپ، پىرام ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىشخانىسىغا كەپتۇ ـ دە، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىغا دوكلات قىپتۇ:

ــ ئاخشام كۆرگەنلىرىم بار، رىزۋانەمنىڭ ئېرى مەمتىلى قۇشقاچ ھەر كۈنى كەچتە ئۆيىدە مەخپىي ھالدا مەرۋايىت ھەرىدىگۈدەكمىش...

ــ مەرۋايىتنى... ھەرىدەمدىكەن؟...ــ دەپ

چۇشەنمەستىن تېگىرقاپ سوراپتۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى،ــ نېمىشقا؟

ــ ساتىدۇ، قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلىدۇ!ــ دەپ چۇشەندۇرۇپتۇ ھاۋاخان چىڭقىلىپ. دەل شۇ چاغدا چېقىمنى ئاڭلاپ تۇرغان ئابلىپىزخان مۇدىر پاراڭغا ئارىلىشىپتۇ:

ــ قويىسىڭىزا، ھاۋاخانەي، سىزمۇزە،ــ دەپ ۋارقىراپتۇ ئابلىپىزخان،ــ مەرۋايىتنىمۇ ھەربىدەمدۇ، بۇغدايچىلىك نېمە تۇرسا ئۇ، خەق ئەخمەق قىلسا يۇگۇرۇپ كېلىۋېرىدىكەنسىز، ئا...

پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن ھاۋاخان ئېتىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىغا قارىغانىكەن، ئۇمۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ. «توغرا گەپكە شۇك تۇر» دېگەن شۇ ــ دە!

بىر كۈنى، ئاساسىي قاتلام كومىتېتىدىن «ھەممە ئائىلىدىن بىردىن ئادەم قاتناشسۇن، جىددىي يىغىن بار» دېگەن ئۇقتۇرۇش چۇشۇپ قالدى. قانداق بولدى، شۇ كۈنى ئىشقىيار نامەت ئەل قاتارى يىغىنغا قاتنىشىپ قالدى. يىغىننى ئابلىپىزخان مۇدىر ئاچتى:

ــ شەھىرىمىزدە ئىلغارلار قۇرۇلتىيى ئېچىلماقچى،ــ دېدى ئۇ گەپنى قىسقىلا قىلىپ،ــ بىزنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بىر سان چۇشۇپتۇ، قېنى كۆپچىلىك، مۇزاكىرىلىشىپ بىرەيلەننى كۆرسىتىپ بېرەيلى...

ــ مەن بىر ئادەمنى كۆرسەتمەكچى،ــ دېدى شۇ ھامان سېلىمئاخۇن،ــ ئۆزى يېڭى ئاكتىپ، ھاۋاخان...

ــ مېنىڭچىمۇ شۇ ئايال بولىدۇ،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت قولىنى كۆتۈرۈپ،ــ سەۋەبىنى دەيما؟

— ھە، دېسىلە، ئىشقىياركا، — دېدى ئابلىپىزخان مۇدىر قىزىقسىنىپ.

— سەۋەبى شۇكى، ھاۋاخان ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاساسىي قاتلامغا كېلىپ بىرەر ئادەمنى چېقىشتۇرۇۋې- تىپ، ئاندىن ئۆيىگە بېرىپ ئەتكەنچېيىنى ئىچىدۇ، مانا بولامدىكەن؟

پاراقلىغان كۈلكىلەر بىلەن، ھاۋاخان تاتىرىپ سېلىمئاخۇنغا ئۈمچەرەپ قارىدى، سېلىمئاخۇن بولسا چوقۇرلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

# «ئۆگىنىش كۇرسى»دا

بىر چاغلاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ مەھەللە ـ مەھەللىلىرىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ يېڭى شەيئىلىرىدىن بىرى بولغان «ئۆگىنىش كۇرس» لىرى قاپلاپ كەتتى. جەمئىيەتتىكى ئازراقلا «خۇمدان دەزى» بار نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بۇ كۇرسلارغا كىرىپ، يېتىپ ـ قوپۇپ مەسىلە تاپشۇرۇپ، ئىدىيەلىرىنى قېزىپ، ماتېرىيال ئۆگىنىپ «سەۋىيەلىرىنى ئاشۇرۇشتى». ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە بىزنىڭ جاپاكەش قەھرىمانىمىز ئىشقىيار نامەتمۇ بار ئىدى.

ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ھويلىسىدا ئىلگىرى ئىسكىلات قىلىنغان، كۆپتىن بېرى ۋەيرانە بولۇپ ياتقان بىر كىچىكرەك زال بار ئىدى. «ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى» بىلەن شۇ ئۆي شاپۇر ـ شۇپۇرلا تازىلىنىپ، تەكتىگە مەڭگەن يېيىتىلىپ «ئۆگىنىش كۇرسى» قاتناشقۇچىلىرى ئۈچۈن ماكان تەييارلاندى. ئەتىسىدىن تارتىپ كۇرسقا قاتنىشىدىغانلار بىر ـ بىرلەپ بۇ يەرگە كىرىپ، جاي ئېلىشقا باشلىدى. ۋەزىيەت ئۇشتۇمتۇت كەسكىنلىشىپ كەتكەندى. مەھەللىگە چۈشكەن «لۇشيەن كادىرلىرى»مۇ بىردىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

«ئۆگىنىش كۇرسى»غا ئالدى بىلەن ئىشقىيار نامەت ۋە بىر چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۇرەشكە تارتىلغان

ئاكا ـ ئۇكا پومېشچىك تەركىبلەر چاقىرىلغانىدى. كېيىن يېڭىدىن ـ يېڭى قاتناشقۇچىلار بىر ـ بىرلەپ كىرىپ مەڭگەن ياتاقنى تولدۇرۇۋەردى. ھەتتا يېقىندا قوشنىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپىقىنى يېرىۋەتكەن بىر دودەنمۇ كۇرسقا تەكلىپ قىلىنغانىدى. كىرگەنلەرنىڭ تولىسى تاجىۋاي مەھەللە دائىرىسىدىكى ئۇششاق ئوقەتچىلەر ئىدى. ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ شەخسىي جان بېقىشى شۇ زاماندىكى سىياسەت بويىچە ئېيتقاندا كاپىتالىزم يولىغا مېڭىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلىنى كولىغانلىق بولاتتى.

«ئۈچ كۈندىن كېيىن گۆرگىمۇ كۆنۈپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، «ئۆگىنىش كۇرسى»غا كىرىپ قالغانلار بىر ـ ئىككى كۈن ۋايىم يەپ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، بىراق ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بىر ـ بىرى بىلەن چاقچاق قىلىشىپ، بۇ يەرنىمۇ بىر ئوبدانلا تۇرالغۇغا ئايلاندۇرۇۋېلىشتى. تېخى قوشنىسىنىڭ قاپىقىنى يېرىۋەتكەن دودەن «خەپ، دۇتارىمنى ئەكىرىۋالغان بولسامچۇ» دېيۋىدى، ئىشقىيار نامەت دەررۇ «تېخى بىر جىڭمۇ ئەكىرىپ بەرسە ـ ھە، ساڭا، بالام» دەپ ھەممەيلەننى كۈلدۇرۇۋەتتى.

«ئۆگىنىش كۇرسى» باشلىنىشى بىلەنلا، ئالدى بىلەن ماتېرىيال ئۆگىنىش بىلەن تەڭ بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلارنىڭ تېگى ـ تەكتى، ئومۇمىي ئەھۋالى، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئېنىقلاش باشلاندى. خۇددى بىر ئىچەرمەن ساقىي «نۆۋەت كىمگە كەلگەندى؟ بولدى ئۆزۈمدىنلا باشلايلا!» دېگەندەك ئىشلار بولۇۋاتاتتى. ئۆمۈرنىڭ زايە

بولغىنى بولغانىدى. يۇقىرىدىن چۈشكەن كادىرلار ئالمىشىپ تۇراتتى ۋە ھەربىرىنىڭ قىلىدىغان بۇنىڭدىن باشقا ئىشىمۇ يوق ئىدى.

«ئۆگىنىش كۇرسى»دا ئىشقىيار نامەت ھەممىدىن بەك «قىزىق نۇقتا» ئىدى. كۇرس باشلىنىپ ھەدېمەيلا ئۇنى ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىشخانىلىرىنىڭ بىرىگە ئايرىم چاقىرىشتى. ئىشقىيار نامەت كىرىۋىدى، ئىشخانىدا ئۆزى ئىلگىرى بىر - ئىككى قېتىم كۆرگەن قارىدىن - قارا، يوغاندىن - يوغان، قاپىقى ئىلگىرى - كېيىن يامان بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ.

— تاغا،— دېدى ھېلىقى كادىر، تاجۇۋاي مەھەللىسىگە يېڭىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى گۇر - گۇر سۆزلەپ،— ئاڭلىسام بۇ يەردىكى مەسىلىسى بارلارنىڭ ئىچىدە يامانراقى سەن ئىكەنسەن...

— سىزكەنسىز ياكى سىلىكەنلا دېسەڭ، بالام،— دېدى ئىشقىيار نامەت ئاپپاق ساقىلىنى سىيپاپ.

— نېمە دېيىشىم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن،— دېدى قاپقارا كادىر تېخىمۇ قارىداپ،— سورىغان سوئاللىرىمغا جاۋاب بەر، ئۆرۈشۈپ قالمايلى يەنە...

— سىلى بىلەن ئۇرۇشقىلى بولامدىغان،— دەپ غۇدۇڭشىدى ئىشقىيار نامەت، كېيىن كۆكۈچ كۆزلىرىنى قارا يوغانغا تىكتى،— ھە، سورا، بالام!

— ئىسمىڭ نېمە؟— دەپ سورىدى قارا كادىر دەپتەر - قەلىمىنى ئېلىپ.

ئىشقىيار نامەت ئەجەبلەندى:

— ئىسمىمنى تېخى بىلمەمسەنا، بالام؟

— كىم سېنىڭ بالاڭكەن؟— كادىر تۇتۇقۇپ

ۋارقىرىدى، ــ سوتسىيالىزمنىڭ ئۆلىنى كولايدىغان دادام يوق مېنىڭ...

ــ مېنىڭمۇ شۇ، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت. قارا يوغان چەكچەيدى:

ــ سېنىڭ نېمەڭ شۇ؟

ــ سىزنىڭ دېگىنە، بالام، ــ دېدى ئىشقىيار نامەت غەم تارتماي، ــ ھە ماقۇل، ئىسمىم ئىشقىيار نامەت، پەيزاۋاتتىن...

ــ تەركىبىڭ نېمە؟

ــ كەمبەغەل.

ــ قانداق كەمبەغەل سەن؟

ــ باشقا كەمبەغەللەر قانداق كەمبەغەل بولسا، مەنمۇ شۇنداق كەمبەغەل، ئەششاپتۇلدەك ئېزىلگەن كەمبەغەل، بالام.

ــ ھەي، تۈزۈك جاۋاب بەر، غۇلجىغا كەلمەستە، قانداق مۈلۈكلىرىڭ بار ئىدى؟

ــ پاھ، ئۇ چاغلاردا پەيزاۋات قىزىلبويىدا ئىككى مو تېرىلغۇ يېرىم، بىر سېيىرىم، تۆت ساغلىق قويۇم، يەنە... بىر قورۇ ــ جاي، سوپۇن ياسايدىغان ئىككى چوڭ قازىنىم بار ئىدى... كېيىن نېمە بولدى...

قارا كادىر بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن ئالدىدىكى سىرىق ئۈستەلنى گۈملا قويدى.

ــ ھەي، شۇنچە مۈلۈك بىلەن يەنە كەمبەغەلماسەن؟

ئىشقىيار نامەت دەررۇ ياقىسىنى تۇتتى:

ــ يائاللا، كادىر بالام، شۇ چاغلاردا ئەشەددە بولغان بولساڭ ئاتاتتىڭمۇ؟

قارا يوغان تۇتۇقۇپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى، كېيىن

تاماكا يۆگەپ چەكتى، تاماكىنىڭ ئىسسىدىن كۆزلىرىنى قىسىشتۇرۇپ ئىشقىيار نامەتكە قارىدى.

— ماڭا قارا، تاغا، بىز چىرايلىق پاراڭلىشايلى جۇمۇ، ئەمدى يەنە بىر گەپ، ھازىر ئۆيۈڭدە قانداق مۈلۈكلىرىڭ بار؟

ئىشقىيار نامەت ساناشقا باشلىدى:

— تۆۋتقى يېرىق بىر قازان، سەل قارىدىغان بىر كورا، لەپەڭشىپ تۇرىدىغان بىر شىرە، تۇتقۇچىنى سىمدا چولاپ قويغان بىر چۆگۈن، ئاتا مىراس... يەنە ئالتە ـ يەتتە ئاپقۇر...

قارا يوغان كادىر تېرىكىپ ئۈستەلگە يەنە گۇممىدە ئۇردى.

— ھەي، تولا قۇۋلۇق قىلماي، قولغا چىققۇدەك يوغان ـ يوغانلىرىنى دە!

— يوغانلىرىنى دەيما؟ — دېدى ئىشقىيار نامەت كۆزلىرىنى قارا كادىرغا تازا قاداپ تۇرۇپ، — ئەمىسە سەنمۇ شۇنى ئايرىم يەرگە يوغان قىلىپ يېزىپ قويە، بالام، ئۆيۈمدە ئىشقىيار نامەت قاچان يەيدىغان بىرنېمە ئەكېلەركىن دەپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بەش قىزىل كېكىردەك بار.

قارا يوغان ئىشقىيار نامەتكە تەڭ كېلەلمەيدىغىنىنى سەزدىمۇ، ئارتۇقچە سوئال سورىمىدى، بىراق ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن «ئۆگىنىش كۇرسى»نى باشقۇرۇۋاتقان كادىرلار ھەدېسىلا ئىشقىيار نامەتكە تولۇق تېگەتتى. لېكسىيە سۆزلىسىلا ئىشقىيار نامەتنىڭ «جاھىللىقى»، «ئەكسىيەتچى مەيداندا چىڭ تۇرۇۋېلىشى»نى مىسالغا ئېلىپ، ئۇنى مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېنىق ھەم تولۇق

تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى. گېزىتتىكى ماقالىلەرنى ئوقۇسىمۇ، بىر يەرلىرىدە توختاپ «مەسىلەن، ئىشقىياردەك...» دەپ قوياتتى. بۇ ئىشلاردىن بىزار بولغان ئىشقىيار نامەت بىر كۈنى قول كۆتۈرۈپ سۆزگە رۇخسەت سورىدى.

— نېمە گەپ، ئىشقىيار؟ — دېدى ياش، ئوچۇققىنا كادىر بالا. ئىشقىيار نامەت ئۈنىگدىن سورىدى:

— كادىر ئەپەندىم، مۇشۇ مەدەنىي ئىنقىلاب دېگەن پۈتۈن خەلققە كەلگەن ئىنقىلابمۇ ياكى پەيزاۋاتلىق ئىشقىيار نامەتكىلا خاس چىققانمۇ؟

كادىر بالا دەررۇ ھۇپپىدە قىزاردى.

— نېمە دېمەكچىسەن... سىلى؟

— يا ئەمدى دەيمەن، — دېدى ئىشقىيار نامەت بوينىنى بىر ياققا سەل قىيسايتىپ، — گېزىتتىمۇ مېنىڭ ئىسمىم، ماتېرىيالدىمۇ مېنىڭ ئىسمىم، ھەرقايسىلىرى دەرس ئۆتسىلىمۇ يەنە مېنىڭ ئىسمىم، بۇ ئىنقىلابنى قوزغىغانلار ئىشقىيار بوۋاينى يامان چوڭ بىلىپ كەتتىمۇ نېمە؟

«ئۆگىنىش كۇرسى»دىكىلەر ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى. قوشنىسىنىڭ قاپىقىنى يارغان دودەن چاقچاق قىلدى:

— ئىشقىياركا، دېمىسىمۇ سەن بىزنىڭ تاجىۋاي مەھەللىسىدە بىر ئىشقىيار جۇمۇ!

— دۇنيا دېگەن تاجىۋاي مەھەللىما؟ — دېدى ئىشقىيار نامەت. ئاڭغىچە كادىر بالا تۈۋلاپ قالدى:

— بولدى، بولدى جىم، يەنە جىم بولمىساڭلار قارا قادىركامنى چاقىرىمەن جۇمۇ!

كىچىك بالىنى ئاپىسى «بۆجۆ كەلدى» دەپ قورقۇتسا جىم بولغاندەك، مەڭگەن ياتاقتىكىلەر دەررۇ جىم بولدى.

مەنىسى يوق نىرى تارت ـ بېرى تارت بىلەن «ئۆگىنىش كۇرسى» خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. ئارىلىقتا «پوزىتسىيەسى ياخشى» دەپ بىر ـ ئىككىسىنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭىدىن مەسىلىسى بايقالغان بىرنەچچەيلەننى ئەكىردى. ئىشقىيار نامەت ئىش ـ ئوقەت قىلماي بۇ يەردە يېتىپ قالغىنىغا ئىچى سىقىلىپ، دەردىنى زەھەردەك گەپلەرنى قىلىپ چىقىراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھەر نېمە دېگەنبىلەن ياشىنىپ قالغان ئەمەسمۇ، بىر كۈن ساق، بىر كۈن ئاغرىق بولۇپ قالاتتى. ئوغلى ھەر كۈنى تاماق ئەكىلىپ، چاي توشۇپ، بوۋايغا تەسەللى بېرەتتى. ئىككى قىزىمۇ بىر ـ ئىككى قېتىم يوقلاپ كىردى. ئىشقىيار نامەت مومىيدىن ۋايىم يەيتتى، ئايالىنىڭ قان بېسىمى پات ـ پات ئۆرلەپ قالاتتى، بۇ ئىشلارنى ئىچىگە ئېلىپ كەتمىسىكەن.

بىراق كەمپىرى ھېچنېمە بولماي، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆزى ئاغرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قارا يوغان باشلىق ـــ قارا قادىرنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆيگە يېنىپ چىقىپ ئارام ئالدى.

ئۆيگە يېنىپ چىقىپ بىرنەچچە كۈن يېتىۋېدى، زادىلا ئوڭشىلاي دېمىدى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا تىترەپ، قىزىپ، مۇزلايتتى. موماي بىچارە ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسسىق مەنپەر ئىچكۈزگەچ كوتۇلدايتتى:

ـــ خەق بىلەن ئېيتىشمىسىلا دەپ يۈز قېتىم، مىڭ

قىتىم دەيمەن، گەپ ئاڭلىمايلا، ئادەمنىڭ دۈشمىنى ئادەم... ۋاي نىمىدىگەن تولا گەپ، ۋاي نىمىدىگەن تولا زەھەر گەپ! پەيزاۋاتتا ئانچۇۋالا ئەمەس ئىدىلىغۇ، ئىلىغا كېلىپ ئىچىلىپ كەتتى بۇ ئادەم.

ئىشقىيار نامەت كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قەدىناسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ياتاتتى، قىزىق ئاشتىن كېيىن مەڭزلىرى تەپچىرەپ، تەردىن پارقىرايتتى.

ـــ ھېلىمۇ ئىلىلىق دېگەن تېگى چاقچاقچى خەق بولغاچ گەپ كۆتۈرىدىكەن دېسە، قەشقەردە بولغان بولسا ئېتىۋېتەتتىمۇ بۇكەمگە...

ئىشقىيار نامەت «پىق»قىلىپ كۈلۈۋىدى، كەمپىرىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ يەنە كۈلۈۋاتقىنىنى... جېنىغا جاپا سېلىپ...

ئەتىسى قىزى تۇنىساخان كېلىپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئۇنى تاشلەپكىدىكى شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. تېگىگە مەڭگەن سالغان زەي زالغا خېلى ئادەملەر چىدىمايتتى، ئىشقىيار نامەتدەك قېرىپ قالغان ئادەم چىدىسۇنمۇ!

ـــ ئۆپكىگە ئازراق سوغۇق ئۆتۈپتۇ، ـــ دېدى ئاق باش دوختۇر، ـــ يەنە رېماتىزممۇ بار ئىكەن، بىرنەچچە كۈن ئوكۇل ـ دورىنى ئۇزمەي ئىشلىتىڭ. يەنە، ئىمكانىيەت بولسا قۇرۇق يەردە يېتىڭ.

ئىشقىيار نامەت ئۆزلىرى بىلەن بىللە كەلگەن ياش كادىر بالىغا قارىدى.

ـــ ئۆگىنىش كۇرسىدا تولا يېتىپ ئۆيۈممۇ قۇرۇپ كەتكەن، ئامال بار شۇ يەردىلا ياتايمىكىن!

كادىر بالا ئۇنچىقمىدى، بىراق بىرنەچچە كۈندىن

كېيىن بىر ئالاقىنى كۆتۈرۈپ ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، تاغا؟ مەندىمۇ ئامال يوق، قارا قادىركام بۇنى ئۆزى يېزىپ ئەۋەتتى، ئۆگىنىش كۇرسىدا مەسىلىلىرىڭىزنى تونۇش يوزىتسىيەڭىز ياخشى بولمىغاچقا ئەتىدىن تارتىپ يەنە ئۆگىنىش كۇرسىغا كىرىپ ياتىدىكەنسىز.

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاچچىقى غۇززىدىلا تۇتتى.

— بېرىپ قارا قادىرىڭغا ئېيت، بالام، مەن قىرىغاندا ياتىمەن دەپ مۇشۇ ھويلىنى ئاران تەستە مىڭ سومغا سېتىۋالغان، مەشەدە ياتىمەن، — دېدى كادىر بالىغا سۆزلەرنى دانىمۇدانە قىلىپ.

# مەيلى ئۆسۈۋالسىلا

نىمىلا دېگەنبىلەن ئۇ چاغلاردا كادىرغا تەڭ كەلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن، بالىۋاقىلىرىمۇ «كادىرلار بىلەن تولا ئېيتىشماڭ، ئۇلاردىمۇ گۇناھ يوق، بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى» دەپ يۇرۇپ ئىشقىيار نامەتنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قايىل قىلىشتى. دورا ـ ئوكۇللارمۇ خېلى كار قىلىپ قالغانىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىشقىيار نامەت مەڭگەن يېيىتقان ۋەيرانە زالغا ئۆزى قايتىپ باردى. قارا قادىرمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. پەقەت ياش كادىر بالىلا بېشىنى لىڭشىتىپ:

ـــ مانا بۇ قىلغانلىرى بولدى، تاغا، ـــ دەپ قويدى.

«ئۆگىنىش كۇرسى»دا كۈندە قىلىنىدىغان ئىشلار بىر خىللا بولاتتى، يەنى مەسىلە تاپشۇرۇپ ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقىلارنى پاش قىلىش... بۇ جەرياندا، كۆپچىلىك بولغاندىن كېيىن ھەر قىسما قىزىق ئىشلارمۇ، مۇڭلۇق ئىشلارمۇ، كۈتۈلمىگەن ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى.

«ئۆگىنىش كۇرسى»نىڭ تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، قاتتىق ئاغرىپ قالغانلار سىرتقا چىقالىغاندىن باشقا، ھېچكىمنىڭ تالا ـ تۈزگە چىقىشىغا يول قويۇلمايتتى، سىرتتىنمۇ ئادەم كىرگۈزۈلمەيتتى. كۇرس ئېچىلىپ بىرەر ئاي بولغاندا بۇ يەردىكىلەرنىڭ

كۆپىنچىسىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن چاچ ـ ساقاللارنى ئېلىۋېلىشنىڭ جېدىلى باشلاندى. ياش كادىر بالا كۇرستىكىلەرنىڭ تەلىپىنى يۇقىرىدىن چۈشكەن كادىرلارنىڭ مەسئۇلى قارا قادىرغا ئېيتىۋىدى، قادىر باشلىق ئۇنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن قېقىۋەتتى:

ــ بولمايدۇ، تالاغا چىقىپ چاچ ـ ساقىلىنى ياسىتىشىغا رۇخسەت يوق.

ــ ئەمىسە تالادىن ساتىراش ئەكىرەيلى، ــ دېدى ياش كادىر، ــ شۇنداق قىلساق ئىش ئوڭايلا پۈتىدۇ، قانداق دېدىم، قادىركا؟

ــ بۇمۇ بولمايدۇ، ــ دېدى قادىر قارا، ــ مۇنداق قىلايلى، سەن كىرىپ ئۆلاردىن سورا، ئارىسىدا ساتىراش ياكى ساتىراشلىقتىن خەۋىرى بار بىرەرى بارمىكىن. بولسا، چاچ ئالىدىغان ماشىنا، ئۇستىرا، قايچىلارنى بىز ئېلىپ بېرىمىز، بىر ـ بىرىنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىشىۋالسۇن.

بۇمۇ بولىدىغان چارىكەنغۇ دەپ ئويلىغان ياش كادىر «ئۆگىنىش كۇرسى»غا كىرىپ، ئۇ يەردىكىلەردىن سورىدى:

ــ ئاراڭلاردا ساتىراش بارمۇ؟

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ئارىلىقتا بىر ـ بىرىگە «سەن بىلەمسەن؟ سەن ئانچە ـ مۇنچە نىڭقىلالامسەن؟...» دېيىشلەر بولدى، لېكىن «مەن ساتىراش» ياكى «مەن قىلالايمەن» دەيدىغان بىرەرى چىقمىدى. بولۇۋاتقان گەپنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ بىرەيلەن غەرلىككە سېلىنىپ ياش كادىردىن سورىدى:

— ساتىراشنى نېمە قىلاتتىڭلار، ئۇكام؟

— نېمە قىلاتتۇق، باشلىق سىرتتىن ساتىراش تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىشكە بولمايدۇ، ساتىراشلىقنى بىلىدىغانلىرى بولسا بىر ـ بىرىنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىپ قويسۇن، ئەسۋابنى بىز ئېلىپ بېرىمىز دەيدۇ.

شۇ كەمگىچە جىممىدە ئولتۇرغان ئىشقىيار نامەت بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كادىر بالىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— بالام، مەنمۇ ساتىراشلىقنى بىلمەيدىكەنمەن، خىجىل بولۇپ قېلىۋاتىمەن، بولمىسا، مېنى چىقىرىۋېتىپ ئورنۇمغا بىر ساتىراش ئەكىرىۋالامسىلەر؟

مەڭگەنلىك زالدا قىيقاسلىق كۈلكە چىقىپ كەتتى.

بىر كۈنى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئايالى ئۇنى يوقلاپ ئاساسىي قاتلام كومىتېتى هويلىسىغا كىردى، بىر خەلق ئەسكىرى ئايالغا ئىشقىيار نامەتنى چاقىرىپ بېرىپ، ئۆزى كەتمەي ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇردى.

ئايالى ئىشقىيار نامەتتىن خېلىغىچە هال ـ ئەهۋال سوراپ، ئەكىرگەن نەرسىسىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى ـ دە: «سالامەتلىكلىرىگە دىققەت قىلسىلا، كادىرلارنىڭ ئېغىزىنى غىرىچلىمىسىلا، خەقنىڭ چىشىغا تەگمىسىلە» دەپ بىرمۇنچە تاپىلىدى ـ دە، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا بىرنېمىنى يادىغا ئالغاندەك قايرىلىپ، ئېرىدىن سورىدى:

— راستلا، دادىسى، ياتقان يەرلىرى بەك زەيدۇر تايىنلىق، ئۆيدىكى جۇۋىنى ئاچىقىپ بېرەيمۇ؟

— تىش... ش... دېدى باياتىن خوتۇنىغا مۇلايىم گەپ قىلىپ، ئۇنى بەزلەۋاتقان ئىشقىيار نامەت بىردىنلا

تېرىكىپ، — ئۇنىڭنى ئۆچۈر، جۇۋىنىڭ گېپىنى قىلغۇچى بولما.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئايالى چۆشەنمەي، — جۇۋىسى بولسىمۇ جىنايەتمىكەن؟

— جىنايەتقۇ ئەمەس، — دېدى ئىشقىيار نامەت نېرىدا تۇرغان خەلق ئەسكىرىگە قاراپ قويۇپ، — مۇنۇ بالا كادىرلارغا جۇۋىسى بار ئىكەن دەپ قويسا، مېنى قىشچە بۇ يەردىن قويۇپ بەرمەيدۇ.

... تالادا بوران چىقىپ، مەڭگەنلىك زالنىڭ ئەينەك ئورنىغا چاپلاپ قويۇلغان يىرتىق گېزىتلىرى شالدىرلاپ تۇرغان بىر چۆشتىن كېيىنلىكى «ئۆگىنىش كۇرسى»نى بىر جىمجىتلىق، غېرىبلىق بېسىۋالدى. ھېچكىم ئىچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭ قىلمايتتى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد، كۆڭلىدىكى مۇڭلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئىشقىيار نامەتمۇ ئاللىقانداق خىياللار بىلەن ئېڭەك تۇتۇپ ئولتۇراتتى. توساتتىن ئارقا كوچىدىن ئېلىپ ماڭغان جىنازىنىڭ يىغا ئاۋازى ھەممەيلەنگە شۇنداق ئوچۇق ئاڭلاندى. بىر ياشراق كىشى يىغلاپ كېلەتتى.

— ۋاي ئاتام، رەھمەتلىك ئاتام، ئەجەب ئايرىلىپ قالدۇققۇ سەندىن ئاتام، دېرىزىسى يوق، كىگىز - كېچىكى يوق، قازان، تاۋىقى يوق بىر يەرگە ئەكېتىۋاتىمىزغۇ سېنى ئاتام...

توساتتىن ئىشقىيار نامەت ھودۇقۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، ئىشىك تەرەپتىكىلەرگە ۋارقىرىدى:

— قويۇڭلار، ھاي ئاغىنىلەر، دەررۇ ئىشىكنى

ئېچىڭلار، بىزنىڭ شۈشىبەنگە يەنە بىرىنى ئەكىلىۋاتقان ئوخشايدۇ...

مەڭگەنلىك زالدا ئولتۇرغانلار يا كۈلۈشنى، يا تېخىمۇ يىغلىشنى بىلمەي قېلىشتى.

بۇ پاراڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەل تېگەر گەپلىرىنىڭ ئىشقىيار نامەتكە يەنە قانچىلىك پالاكەتلەرنى ئەكېلىدىغىنى ھەممىمىزگە ئايان. بۇ توغرۇلۇق بىز يەنە بىر بابىمىزدا سۆزلەيمىز.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدۇ، بىر قارىساڭ بۇ ئىشلار بىر ئويۇندەكلا: ئوغۇل بالىلارنىڭ بىر - بىرىنى ياغاچ مىلتىقتا «پاڭ - پۇڭ» دەپ تۇرۇپ ئاتقىنىدەك، «ئۆلگەن» بالىنىڭ يالغاندىن ئۇڭدىسىغا چۈشۈپ مىدىرلىماستىن يېتىۋالغىنىدەك، قىز بالىلارنىڭ قوچاق، ئاغچايلام ئويناپ، يالغاندىن ئۆي تۇتۇپ، ئۆزئارا مېھماندارچىلىققا بېرىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلغىنىدەك... يەنە ئوغۇل بالىلارنىڭ ئويۇنغا قايتىپ كەلسەك، بىرى ساقچى، بىرى ئوغرى بولۇپ، بىر - بىرىنى قوغلاپ، تۇتۇپ، يالغاندىن قوللىرىنى باغلىغان، بىر يەرلەرگە سولىغان... بولۇپ ئويناشلىرى ئادەمنى قانچىلىك كۈلدۈرسە، تۇرمۇشتىكى رېئاللىق، ئاشۇ ئويۇنلار تەقلىد قىلىنغان رېئال تۇرمۇش ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ، ئەپسۇسلاندۇرىدۇ ۋە مۇڭلاندۇرىدۇ.

مانا، ئىشقىيار نامەت نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نازارەت ئاستىدا ياتقان، بىر غېرىچ ئارىلىقتىكى ئۆيىگىمۇ چىقالماستىن سولىنىپ قالغان «ئۆگىنىش كۇرسى». بۇ يەردە باشقۇرغۇچىلارمۇ ئادەم، باشقۇرۇلغۇچىلارمۇ ئوخشاشلا ئادەم. لېكىن پەرقى شۇكى، نىمىشقىدۇر

بىرلىرى ئەرزىمىگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن جاۋاب بېرىدۇ، بىرلىرى بولسا ئۆز زىمىسىدە قاپ ـ قاپ گۇناھنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىگە قارىماي، ئاۋۇلارنىڭ «گۇناھلىرى» دىن ھېساب ئالىدۇ. ئەلمىساقتىن بۇ ئىشلار شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن، يەنە قاچانغىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ...

تولا دەسسىلىپ بېسىلىپ كەتكەن مەڭگەن ئۈستىگە سېلىنغان نامەتمەن كىگىزدە ئوڭدىسىغا يېتىپ، ئىككى ئالقىنىنى گىرەلەشتۈرۈپ بېشىنىڭ ئاستىغا قويغان ئىشقىيار نامەت توپا تۆكۈلۈپ تۈرغان تورۇسقا قاراپ شۇ خىياللارنى قىلاتتى، ئاپپاق، تۆت ئىلىك ساقىلى دىگگىيىپ تۇراتتى. خىيالدىن كۆكۈچ كۆزلىرى قىسىلغان، يىللارنىڭ شامالىرى قورۇقلارنى مول تاشلاپ كەتكەن يۈزىدە خىياللاردىن پەيدا بولغان مۇڭ. قىر قازاقلىرىنىڭكىدەك، ئىككى مەڭزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈپدۈگىلەك قىزىللىق چىرايىنىڭ سېرىقلىقىدا تازىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. خىياللار ئەركىسىز... ئىشقىيار نامەتنىڭ يادىغا شۇدەم مۇڭلۇق خىياللارغا ئۇلىنىپلا، ئۆزىنىڭ قايسىدۇر بىر چاغدا، «ئۆگىنىش كۇرسى» باشلانماستا لەڭزە بېشىدىكى مال بازىرىدا ئېيتقان سۆزلىرى يېتىپ قالدى... مال بازىرىدىكى بىر سامسىخانىدا، تېخى يېقىندىلا ئىسيانچى بولۇپ خەقلەرنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ يۈرگەن ياش سامسىپەز بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بالىسىنىڭ ئىشلىگەن تاپشۇرۇقىغا قاراپ ھەيران بولۇپ، نېرىدىكى ئىشقىيار نامەتنى چاقىردى.

ــ ۋايتوۋا، قارىسىلا، ئىشقىياركا، بۇرۇن ھەممە خەق

خەتنى ئوڭدىن باشلاپ يازاتتى، بۇ ھازىرقى بالىلار سولدىن باشلاپ يازىدىغان بولۇپ قاپتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئىمىر ـ چىمىر نېمە خەتلەر بۇ؟

ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ساپساپەزلىك بىلەن ئۆتكەن ساۋاتسىز ساپساپچىنىڭ يېڭى يېزىق دېگەن خەتنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن ئىشقىيار ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

ـــ سىلەر مۇئەللىملەرنى «سېسىق زىيالىي» دەپ ئۆرۈۋەرگەچكە، ماموتخان، ـــ دېدى چۈشەندۈرۈپ، ـــ مۇئەللىملەرنىڭ بېشى گاراڭ بولۇپ كېتىپ بالىلارنى تەتۈر يازىدىغان قىپ قويايتۇ مانا...

نېمىشقىدۇر مانا ھازىر شۇ گەپ ئىشقىيارنىڭ يادىغا يېتىپ قالغانىدى. دۇنيانىڭ ئىشلىرىمۇ مۇشۇنداقمىكىن، بىز ئوڭ ئىشلارنى تەتۈر قىلىۋالغاچقا ياكى تەتۈر دەپ چۈشىنىۋالغاچقا، نۆۋىتىدە ئوڭ ئىشلارمۇ بىزگە تەتۈر يۈزى بىلەن دۈچ كېلەمدىكىنيا... ئىشقىيارنىڭ پىكىرلىرى گىچماچلىشىپلا كەتتى...

لېكىن بىز بۇ گىچماچ پىكىرلەرنى، نەپسىز خىيال، قىياسلارنى تاشلاپ رومانىمىزنىڭ قەھرىمانى ئىشقىيار نامەتنىڭ «ئۆگىنىش كۇرسى» داۋامىدىكى قىزىقارلىق ئىشلىرى، پاراڭلىرىنى تەسۋىرلەشنى داۋام ئېتەيلى.

«ئۆگىنىش كۇرسى» داۋاملاشقانسېرى باشلىقلار قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي قالدىمۇ، ئىشقىيارلارنى ئۆستەڭ ئەمگىكىگە ئاچىقتى. بۇ كەچ كۈز مەزگىللىرى ئىدى. دېھقانلارنىڭ ئېتىز ئىشلىرىدىن قولى بوشىشىغا، ھەر يىلى غول ئۆستەڭلەرنىڭ لاتقىسىنى تازىلاش،

ئىككى قىسرىنى ئۇلداش، تارماق ئۆستەڭ قىرىش ئىشلىرى باشلىناتتى. تاجىۋاي مەھەللە ئاھالە كومىتېتىدىكىلەر يۇقىرىنىڭ قوشنا گۇڭشىلار①نىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قارىدۆڭ يېزىسىنىڭ كۆتۈرمە قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە ئىپادە بىلدۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئۆگىنىش كۇرسى»دىكى ئوتتۇزچە كىشى قارا قادىر باشلىقىنىڭ قوماندانلىقىدا، بىرنەچچە ياش كادىرلارنىڭ باشقۇرۇشىدا جىرغىلاڭ دېگەن يەردە يېتىپ - قوپۇپ يىگىرمە نەچچە كۈن دامبا ياسىدى. ئىش ئۈستىدە، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەتراپىدا ھەر دائىم ئادەم جىق بولاتتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ قىزىق، يېڭى پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا، بىردەم بولسىمۇ پاراق - پاراق كۈلۈشكە ئىنتىلەتتى. شۇنىڭدا ئېغىر ئەمگەكمۇ، كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرمۇ بىردەملىككە ئۇنتۇلۇپ قالاتتى.

قوشنىسىنىڭ قاپىقىنى يېرىۋەتكەن دودەن يادىمىزدا ھېلىمۇ بولسا كېرەك، شۇ يىگىتنىڭ نامى ئەزەلدىن چېلەك مەھەللە دائىرىسىدە غال يۆگىمەچ دەپ مەشھۇر ئىدى. سەۋەبى، ئۇ نەدىكى پەلىپەتىش گەپلەرنى قىلىپ، ئۇچرىغان ئادەمگە يۆگىمەچتەك يېپىشىپ ئالاتتى. ئۆزىمۇ ئۇچ كۈننىڭ ئىككىسىدە مەست ئىدى. كۆتۈرمە ئەمگەكتىمۇ غال ھەدېسىلا ئىشقىيارنامەتنى گەپكە سالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ چۆرىسىنى ئەگىپ يۈرۈۋەردى. ئاغزىنى تاتىلايمەن دەپ ھەدېسە بوۋايغا تۇتامسىز

① گۇڭشې ـ كوممۇنا.

چاقچاقلارنى قىلاتتى. باشتا ئەشقىيار ھەممەمىز بىر دەردمەن دەپ، غال يۆگىمەچكە سىپايە گەپ قىلدى. بىرنەچچە كۈنگىچە ئارتۇق ئىغىز ئاچمىدى، لېكىن يۆگىمەچ بولدى قىلاي دېمەيتتى، ئاخىر بىرىپ غال ئەشقىيار نامەتنى پاراڭ قىلۇرىمەن دەپ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرىدىن تارتقىلى تۇردى. ئەشقىيار شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ لەقىمىنى قوشۇپ تۇرۇپ ئاچچىق ـ ئاچچىق ئىككى ـ ئۈچلا ئوخشىتىۋىدى، غال يۆگىمەچ چىدىماي ۋارقىرىدى:

ــ يېڭى شەيئىلەرنى چۆكۈرگىن دەپ كىم ئېيتتى ساڭا؟

ئەشقىيار نامەت دەرھال چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

ــ كونا شەيئىلەرنى كولاڭلار دېگەن ھۆججەتنى كىم بەردى ساڭا؟

ــ ۋا...ــ دېگەن چۇقان كۆتۈرمىنى بىر ئالدى. غال يۆگىمەچ تاتىرىپ كەتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر كۆلمىدىغان ئىش يۈز بەردى. غال يۆگىمەچ ئەشقىيارغا يېقىنلا يەردە، گۈرجىكىنى يەرگە ئەشلەتمەي، ئەتەي ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گۈرجىكى، جوتۇسىغا سوقۇپ ئەمەك قىلمۇۋاتاتتى، بىر چاغدا خەققە ئۇرغان گۈرجىكى ئۆزىنىڭ پۇتىغا تېگىپ كەتتى. قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن چېغى، شۇ ھامان:

ــ ئەيىۋا!ــ دەپ ۋارقىرىدى.

باشقىلار بىر نېمە دېگۈچە، ئەشقىيار نامەت ئىشتىن توختاپ پاراڭ قىلدى:

ــ نېمە بولدۇڭ، بالام، بىر يەرلىرىڭ خەنزۇچە ئاغرىپ كەتتىما؟

كۆلكە ساداسى ئىچىدە غال يۆگىمەچ تاتىرىپ جىم بولدى.

قادىر قارا ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ خەقنى جىم قويماي، ئارا كۈندە بىر چىقىپ يىغىن ئېچىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ كۆتۈرمە بېشىدا ھەممەيلەننى يىغىۋېلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمگەك مەيدانىدىمۇ ھە، بىز سىياسىي ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويساق بولمايدۇ، ھە، ھەر زامان، ھەر دائىم سەگەك تۇرۇپ سىنىپىي دۈشمەن، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ پاراكەندە قىلىشىنى توسۇپ، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىشىمىز لازىم، ھە... ئىشقىيار، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟

بۇ چاغدا ئىشقىيار نامەت ئەتىگەندىن بېرى لۆمۈلدەپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئىچىسىنى تېپىش ئۈچۈن كۆڭلىكىنىڭ قولتۇقىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاختۇرۇۋاتاتتى. شۇ پەيتى باشلىقىغا جاۋاب بەردى:

— نېمە قىلاتتىم دەيدىلا، يىگىرمە كۈندىن بېرى دىقسىراپ، پاراكەندە قىلىۋاتقان سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرەي دەپ شۇ ناكەسلەرنى ئىزدەۋاتىمەن.

قارا قادىر تېخىمۇ قارىيىپ، تۇتۇقۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئورنىدىن لەسلا تۇرۇپ ئېلان قىلدى:

— بولدى، يىغىن تۈگىدى، بېرىپ ئىشلەش!

... كۆتۈرمە ئەمگىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قادىر قارا ئىشقىيار نامەتنى يەنە بىر قېتىم سۆھبەتكە چاقىرتىپ چىقتى. بۇ دورەم ئۇ ئىشقىيارنى سەنلىمەي، سىلى دەپ پاراڭ باشلىدى:

— بۇ قېتىم شۆشمبەندىن خېلى تەربىيە ئالغانلا؟
— ئالدىم، بالام،— دېدى ئىشقىيار،— ئالمامتىكى...
— خوش ئەمدى باشقىدىن بىر پاراڭلىشىپ باقىلى، ئەمەلىي ئىشلاردىن ـ ھە! ئاڭلىسام ھەممە ئوقەتنى قىلىدىكەنلا، سامانچىلىق، قاسساپچىلىق، سوپۇنچىلىق، ھەتتا تۇخۇمچىلىق... بۇلارنىڭ ھەممىسى، بىر ئېغىزلا گەپ، يىغىپ ئېيتقاندا ھە بىر ئېغىزلا گەپ، ھايانكەشلىك! قاراڭغۇ بازارچىلىق ـ ھە!...
— مەنغۇ تىرىكچىلىك دەپ يۈرۈپتىكەنمەن،— دېدى ئىشقىيار نامەت غەم تارتماي.
— بەس! مانا ھە، مانا، ئىدىيەدە چوڭ ئۆزگىرىش بولماپتۇ، قېنى سوراپ باقاي، نېمە ئۈچۈن قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلىدىلا؟
— ئاشكارا ساتسام تۇتۇۋالغاچقا،— دېدى ئىشقىيار.
— نېمە ئۈچۈن ھايانكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىلا دەيمەن؟— قادىر قارا ۋارقىرىدى.
ئىشقىيار نامەت ئادەتتىكىچە جاۋاب بەردى.
— باشقا ئىش ـ ئوقىتىم بولمىغاچقا.
— چىقە... چىقسىلا!— دېدى قادىر قارا، ھايال ئۆتمەي يەنە بۇيرۇدى،— ئولتۇرسىلا!
— زادى چىقامدىمەن، ئولتۇرامدىمەن!— دېدى چىقىشقا تەرەددۇتلەنگەن ئىشقىيار نامەت. بۇ چاغدا قادىر قارا خاتىرىسىدىكى بىر يەرگە قادىلىپ قاراپ قالغانىدى. شۇ پېتى بېشىنى كۆتۈرمەي سۆزلىدى:
— ئولتۇرسىلا، مەيەردە بىر گەپلەر بار ئىكەن، شۇلارنى ئېنىقلىۋالايلى، قاسساپچىلىق قىلغانلىرىغا

دائىر... راست گەپ قىلسىلا، مۇشۇ كەمگىچە زادى نەچچە كالا، نەچچە قوي سويۇپ ساتتىلا؟

— ئېيتتىمغۇ، يەتتە كالا، يىگىرمە قوي دەپ، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — بارى شۇ.

— يالغان ئېيت... مىسىلا! — دېدى قادىر قارا يەنە سىرىق ئۇستەلنى گوممىدە ئۇرۇپ، — ھە، قېنى باشقىدىن دەياس، ئېنىق قىلىپ...

ئىشقىيار نامەت ئورنىدىن تۇردى:

— مەيلى، كادىر بالام، — دېدى بوينىنى سەل قىيسايتىپ، — ئۇنداق بولسا كالىنى سەكسەن، قوينى يۈز ئەللىك دەپ يېزىپ ئاپىرىپ بېرىپ، بىر ئۆسۈۋالسىلا!

# چېقىمچى

ھاياتتا ھەرخىل چېقىمچىلىقلار بولىدۇ. بۇ خىل ئىللەت بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ يامان يارىسى بولۇپ، ھازىرغىچە ھەممىمىزنى ئازابلاپ كەلمەكتە.

ئىشقىيار نامەتمۇ ھاياتىدا چېقىمچىلىقنىڭ دەردىنى ھەممىدىن بەك تارتىپ ئۆتتى. ئۇنى ھەرخىل سورۇقچىلىقلارغا سالغان، ئاساسىي قاتلامدىكى كۈرەش يىغىنلىرىدا تالاي قېتىم بېشىنى ئەگكۈزۈپ تۇرغۇزغان، گەرچە يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئالمىسىمۇ، «سىنىپىي كۈرەش تەربىيەسى خىزمەت گۇرۇپپىسى»دىكىلەرنىڭ بىر ئاچچىقى بىلەنلا «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيىشكە سەۋەب بولغان، ئۆي ـ ماكانىدىن مەجبۇرەن ئايرىپ، ئىككى قېتىم غۇلجا ناھىيەسىنىڭ خۇدىيارىيۈزى يېزىسىغا ۋە تېكەس ناھىيەسىگە (تېكەسكە ئاپىرىۋېتىلگەن قىزىق جەرياننى بىز تېخى قەلەمگە ئالمىدۇق) تارقاقلاشتۇرغۇزغان، «ئۆگىنىش كۇرسى»دا نەچچە قېتىم «ئىستىقامەت» قىلدۇرغان... سورۇقچىلىقلارنىڭ ھەممىسى چېقىمچىلارنىڭ «تۆھپىسى» ئىدى. چېقىمچىلىق ــ كۆرەلمەسلىك، شەخسىيەتچىلىكنىڭ پەرزەنتى. چېقىمچىنىڭ چىرايىدا بەلگىسى بولمايدۇ. ئۇ ھەتتا ھەممە ئادەملەردىن خۇشخۇي - مۇلايىم، ئالىم سۈپەت ياكى غەمخور مىجەز بولۇشى

مۇمكىن. چېقىمچى سىزنىڭ يېنىڭىزدا كۈلۈمسىرەپ يۈرۈپ، سىرلىرىڭىزنى بىلىندۈرمەي كوچىلاپ، ئاقىۋەت پوستىڭىزغا سامان تىقىشى ھەم ئېھتىمال. ھاياتىنىڭ مۈرەككەپلىكى شۇ يەردىكى، سىز كۆپرەك، بېشىڭىزغا دەرد كەلگەندە، ئۇقماستىن دۈشمىنىڭىزنىڭ يەلكىسىگە بېشىڭىزنى قويۇپ يىغلايسىز.

ئوقۇرمەنلەر ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەتراپىدىكى چېقىمچىلار ھەققىدىكى تەپسىلاتنى تېزرەك بىلىشكە ئىنتىلىۋاتقان بولسا كېرەك، خوپ، ئەمدى بايانىمىز شۇ ھەسرەتلىك كۈلكىلەردە بولىدۇ.

بىز رومانىمىزنىڭ بېشىدا «ئىشقىيار نامەت غۇلجىدا ياشىغان يىگىرمە ئۈچ يىللىق ھاياتىدا ئىككى ساقچىدىن ئەدەپ يەپ ئۆتتى» دەپ يازغانىدۇق. ئۇنىڭ بىرى قىتمىر ساقچى، بىز كېيىنكى بابلاردا بۇ دومباق تەقسىر ھەققىدە يەنە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن. خوش ئەمدى ئىككىنچى ساقچى بولسا، بىز كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان لەگزەبېشىدىكى مال بازىرىدا تەرتىپ ساقلايدىغان بازار ساقچىسى تۇردى پەتەك ئىدى. ئىشنىڭ يامىنىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ «پەتەك» دېگەن لەقىمىدىن باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا مال بازىرىنىڭ بىر چېتىگە ئۇستىنى بورا - چەگزە بىلەن يېپىپ سامان دۇكىنى ئېچىۋالغان ئىشقىيار نامەت تۇردى پەتەكنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ سانجىلىپ قالدى. سەۋەبى، ئىشقىيار نامەتنىڭ دۇكىنىنىڭ بىقىنىدىلا پەتەك ساقچىنىڭ سامان دۇكىنى بار ئىدى.

بازار دېگەن ئاجايىپ بولىدۇ. خېرىدارمۇ نۆۋىتىدە ياخشى گەپكە، قىزىق پاراڭغا ئامراق. ئۇن ئىككى ياشلىق

ئوغلىنى مەكتەپكە بارغۇزماي سامان دۇكىنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان تۇردى پەتەك بويى - بەستىگە قارىماي مال بازىرىدىكى ياللانما «ساقچى»لىقنى بازارغا ساتۇمال ئەكەلگەن، سامان - مەڭگەن ئالغىلى كەلگەن خېرىدارلارغا كۆرسىتىپ، پەش قىلاتتى. ئىشقىيار نامەت دۇكان ئاچماستىن ئىلگىرىمۇ، تۇردى پەتەك ئەتراپتىكى باشقا سامانچى، قورايچىلاردىن ھەدېسە بازار تالىشىدىغان.

ــ ھەي ئاداش، ھەي ۋېلىسىپىتلىك، ماياقىغا كېلىڭلار، مەيەردىمۇ سامان بار!ــ دەيتتى ئۇ ئۆزىنىڭ دۇكىنىدىن ئۆتۈپ نېرىقى دۇكان تەرەپكە ماڭغان خېرىدارغا. ئۇ خېرىدار دەررۇ پەتەككە رەددىيە بېرەتتى.

ــ خالىغان يېرىمدىن ئالىمەن، قانداق؟

ــ مەن دېگەن بازارنىڭ ساقچىسى جۇمۇ،ــ دەپ ئېگىز بويلۇق خېرىدارنىڭ ئالدىدا خور - خور ئىتتەك يۇقىرىغا ئۆرەدەپ ۋارقىرىدى تۇردى پەتەك،ــ مېنىڭ سامىنىم يارىمىسا خەقتىن ئالىسەن، ماۋۇ بازار مېنىڭ...

ــ ۋا - ۋا - ۋا...ــ خېرىدار ئەجەبلىنىپ ئەتراپىغا قاراپ، قىزىقسىنىپ سورايتتى،ــ مۇشۇ لەڭزە بېشى بازار سېنىڭما؟

ــ ھە ياق، مال بازىرى مېنىڭ، مەن دېگەن مەشەنىڭ ساقچىسى، بىلدىڭما؟ــ دەپ يولسىزلىق قىلاتتى پەتەك،ــ شۇڭلاشقا، ئالدى بىلەن مېنىڭ سامىنىمنى ئالىسەن.

ــ ئۆتەپ بارەۋاي، سېنىڭ ئۇ لاي سامىنىڭنى مال يەمدا؟ــ خېرىدار پىسەنت قىلماي ۋېلىسىپىتىنىڭ

داڭگىراتىنى ئىشقىيار نامەتنىڭ دۇكىنى ئالدىغا تىكلىدى. بۇنى كۆرگەن تۇردى پەتەكنىڭ جان ـ ئىمانى چىقىپلا كەتتى.

ــ ھەي توختا، توختا، ئاداش، بۇ ئادەمنىڭ سامىنىنى ئالساڭ تېخىمۇ بولمايدۇ...

ــ نېمىشقارۇي؟ــ دەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى خېرىدار. گەپ ـ ئورانىدىن تارانچىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى.

ــ نېمىشقا بولاتتى،ــ دەپ كۆكەلتايلىق قىلدى تۇردى پەتەك،ــ ئۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى دېگەن قەشقەردىن چىققان قارا نوپۇس، بىلدىڭما، ئاداش، ئالساڭ بولمايدۇ.

ــ قىزىق گەپ بولدى ـ دە،ــ دېدى خېرىدار ئىشقىيار نامەتنىڭ چەللە ـ باراڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا قاتار تىكلىنىپ، ئېغىزلىرى ئوچۇق قويۇلغان تاغارلاردىكى ساماندىن ئوچۇملاپ ئېلىپ پۇرىغىنىچە،ــ قارا نوپۇس بولسا نېمە چاتىقىمۇي، قارا نوپۇس دېگەنمۇ خۇدانىڭ بەندىسىغۇ، سامىنى ئوبدان بولسا بولدى ماڭا، مانا قارا، بۇ ئادەمنىڭ... ئىسمىڭىز نېمە، ئاكا؟

ــ ئىشقىيار،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت كۆزىنى ئۇششۇق تۇردى پەتەكتىن ئۈزمەي تۇرۇپ.

ــ ھە، مانا ئىشقىيارخۇنكامنىڭ سامىنى قەۋەت ئوبدانكەن، قارىغىنا مانا، يېڭى سامانكەن، پارقىراپ تۇرىدۇ، پۇرىساڭ شۇنداق خۇشبۇي، باھاسىمۇ سىنىڭكىدىن يىگىرمە تىيىن ئەرزان تېخى... ئالسام نېمىشقا بولمايدۇي؟

ــ بۇ ئادەمنىڭ دەۋاتقىنى،ــ دېدى ھېلىمۇ ھازىرغىچە ئاران جىم تۇرغان ئىشقىيار نامەت،ــ مېنىڭ

سامىنىمدىن ئەتكەن ھەلەپنى يېسە قويلىرىڭىز پەتەك بولۇپ قالىدۇ دەيدىچۇ!

— ھا ـ ھا ـ ھا...— باياتىن ئەتراپتا بىكار تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار تەڭلا گۇرۇلدەپ كۈلۈپ كېتىشتى... شۇ كۈندىن باشلاپ تۇردى پەتەك جان ـ تېنى بىلەن ئىشقىيار نامەتنىڭ پېيىدە بولۇپ قالدى.

كېيىنكى ئىشلارنى بىرمۇ بىر، بەتەپسىل يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ زەردىسىنى قايناتقۇمىز يوق. تۇردى پەتەك ئىشقىيار نامەتنىڭ شۇ بىر ئېغىز ئوخشىتىشىنى شۇنچىلىك ئېغىر ئالغانىدىكى، نەچچە كۈنلەرگىچە چۈشىدىمۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇخلىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئەڭ ئېغىر ئالىدىغىنى ئۆزىنىڭ بويى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆز، ئوخشىتىش ئىدى. نەچچە قېتىم شۇ تۇپەيلى مۇشۇ بازاردىكىلەر بىلەن بوغۇشۇپ، قان بولۇشۇپ كەتكەن، ئايالى بىلەنمۇ شۇ گەپ تۇپەيلى ئىككى قېتىم ئاجرىشىپ، ياراشقانىدى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ بىر ئېغىز ئاجايىپ كەلتۈرگەن گېپى بىلەن تۇردى پەتەك ئەمدى ھەممىلا يەردە ئىشقىيار نامەتنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى چۆكۈرىدىغان، بوۋاينىڭ تىرىقچىلىك ئوقىتىنىمۇ قارا باستۇرىمەن دەيدىغان مۇددىئادا بولىدىغان بولۇپ كەتتى. راست گەپنى قىلغاندا پەتەك ساقچىنىڭ بازار بويىچە ئەڭ ئەيمىنىدىغان ئادىمىمۇ ئىشقىيار نامەت ئىدى. تەقى ـ تۇرقىدىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەكلىرىگىچە، گەپ قىلىشىدىن تارتىپ ھەرىكەتلىرىگىچە باشقا ئادەملەرگە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان بۇ زەردىلىك بوۋاي ئۇنى قورقۇتاتتى. ئىشقىيار نامەتنىڭ ئادەتتىكى قارا پايپاق،

قارا قورساق ئادەملەرگە، مۇنۇ بازارغا كىلىپ ـ كىتىپ تۇرىدىغان باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشمايدىغانلىقىنى پەتەك كۆڭلىدە بىلىپ، سىزىپ يۈرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ بوۋايغا ئوچۇق ـ ئاشكارا چىقىلىشقا پېتىنالمايتتى. پەقەت ئىشقىيار نامەتنىڭ يوقىدا ئۇنىڭ يامان گىپىنى قىلاتتى، سودىسىنى باشقىلارغا ئامانەت قىلىپ قويۇپ، ئاساسىي قاتلام كومىتېتىدىكى تۆگىمەس سوئال ـ سوراقلارغا تاقابىل تۇرغىلى كەتكەن ئىشقىيار نامەتنىڭ خېرىدارلىرىنى ھەر قىسما گەپلەر بىلەن يالتايتاتتى ياكى ئۆزىگە تارتىپ كىتەتتى. ھەتتا بىر قېتىم ئىشقىيار نامەتنىڭ يوقىدا، ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى سامانىنى يارىتىپ، شۇ دۇكاندىن بىرنەچچە مىشكاپ سامان ئالماقچى بولغان بىر خېرىدارنىڭ قولىقىغا پەتەك بىرنىمىلەرنى دەپ ئۇزاق پىچىرلىغانىدى، قىلىچتەك ئىتتىك زاماندىن يۈرىكى زەربە يەپ كەتكەن ھىلىقى خېرىدار ئىشقىيار نامەتنىڭ دۇكىنىدىن سامانمۇ ئالماي، باشقا سامان دۇكانلىرىغا قىيا قارىماي كىتىپ قالدى. ئەسلىدە پەتەك ئۇنىڭغا «كىمدىكىم بۇ دۇكاندىن سامان ياكى چۆپ ئالسا، ھۆكۈمەت شۇنى تەكشۈرىدۇ، چۈنكى بۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى يامانمۇ خەتەرلىك ئادەم، ئەتراپتا كۆزىتىۋاتقان ئادەم بار» دىگەنىدى.

تۇردى پەتەكنىڭ ئىشقىيار نامەتكە يامانلىق قىلىشتىكى ئىككىنچى ۋاستىسى ـــ ھەقىقىي چىقىمچىلىق، يەنى ئىشقىيار نامەتكە لەگزەبىشى دائىرىسىنى باشقۇرىدىغان، ئۆزىنى مال بازىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا ئەۋەتكەن يەنە بىر ئاساسىي قاتلام

كومىتېتى ئىشخانىسىغا دىككىدە بېرىپ ئىشقىيار نامەتنى پات ـ پات چېقىش ئىدى. بۇ ئاساسىي قاتلامغىمۇ تاجىۋاي مەھەللىسىدىكىگە ئوخشاشلا ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىلىرى باشچىلىق قىلاتتى. تۇردى ساقچى كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك ئاساسىي قاتلام ئىشخانىسىغا قىلغان خىزمەتلىرىنى كۆپتۈرۈپ، ئۆزىنى ماختاپ دوكلات قىلغىلى كەلگىنىدە ياكى ئۆگىنىشلەرگە قاتناشقىنىدا، مال بازىرىدا ئىشقىيار نامەت دەيدىغان بىر قارا نوپۇس بوۋاينىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ بىر قارىماققىلا غەلىتە، گۇمانلىق ئادەم ئىكەنلىكى، زەھەردەك گەپلەرنى قىلىپ نۆۋەتتىكى «چوڭ ياخشى» ۋەزىيەتنى مەسخىرە قىلىدىغىنىنى... بىرگە ئۇننى قوشۇپ دوكلات قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ھەققىدىكى چېقىم يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ دەررۇ دىققىتىنى تارتاتتى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۇردى پەتەككە مال بازىرىدىكى ھېلىقى گۇمانلىق بوۋايغا داۋاملىق كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى بۇيرۇدى. بۇ ئارىدا بەئەينى لەتىپىدەك قىزىق بىر پاراڭ بار. بىر كۈنى لەڭزەبېشى تەۋەسىنى باشقۇرىدىغان ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى تۇردى پەتەكتىن سوراپ قالدى.

ــ يولداش تۇردى، مال بازىرى، سامان بازىرى ھەممە ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقى قانداق؟

ــ ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ئىتتىپاق، ۋاڭ زۇجاڭ،ــ دېدى تۇردى ساقچى دەرمەھەل،ــ ئۇرغۇي ياخشى، خەنزۇ ياخشى، تۇڭگان ياخشى، قازاق ياخشى... شۇ، پەقەت

ئەشەدە بىر قاشقالىق بار...

ــ نېمە، قەشقەرلىق ئۇيغۇر ئەمەسما؟ ــ دېدى ئەجەبلىنىپ ۋاڭ زوجاڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا.

تۇردى پەتەك، كېكەچلەپ كەتتى:

ــ يا ئەمدى... يەرلىك ئەمەس دەيمەن ــ دە، مۇساپىر... قارا نوپۇس...

ۋاڭ زوجاڭ ئەمدى ئىشقىيار نامەتنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىدىيەسى مۇجمەل پەتەككە ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەپ كەتتى.

نېمىلا بولسا بولسۇن ۋاڭ زوجاڭ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى بىر ياش يىگىتنى مال بازىرى، سامان بازىرىنى خۇپىيانە ئايلىنىپ، ھېلىقى ئىشقىيار نامەت دەيدىغان بوۋاي ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشكە بۇيرۇدى. يىگىت باشلىقنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شۇ دائىرىنى بىر ــ ئىككى كۈن كۆزىتىپ، نۇرغۇن ئادەم بىلەن پاراڭلاشتى. دېگەنىبىلەن تۇردى ساقچىدىن باشقىلار ئىشقىيار نامەتنى ياخشى تەرەپتىن تەرىپلەپ بەردى.

بىز ئەمدى داۋاملىق تۇردى ساقچى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ ھەتتا تاجىۋاي مەھەللىسىگىچە ئىشقىيار نامەت توغرىسىدىكى تايىنى يوق چېقىملارنى پات ــ پات ئەۋەتىپ تۇرغانلىرىنى سۆزلەشتىن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلايلى ــ دە، ئىشقىيار نامەتنىڭ جېنىغا تىكلەنگەن يەنە بىر چېقىمچى ھەققىدە ــ تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى يەنە بىر بايقۇش ھەققىدە توختىلايلى.

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ يادىدا قوشنىسىنىڭ قاپقىنى

يارغان بىر ھۆررەك ساقلىنىپ قالغان بولسا كېرەك. شۇ قىلمىشى تۈپەيلى «ئۆگىنىش كۇرسى»غا «قەدەم تەشرىپ» قىلغان غال يۆگىمەچنىڭ (نۆۋەتتى كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ كېتەيلىكى، مىللىتىمىزدە پەرزەنت تېپىشنى بىلىپ، ئىسىم قويۇشنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان ساددا ئادەملەرمۇ خېلى بار. بىز تەرىپىنى قىلىۋاتقان بۇ جانابىي ھۆررەكنىڭ ئەزان چاقىرىپ قويۇلغان ئىسمى ئەسلى غالىبىيەت بولۇپ، مەھەللە ـ كويدىكىلەر ئۇنى قىسقارتىپلا «غال»دەپ چاقىراتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، دېگەنىبىلەن مىجەزىنىڭ شاراپىتىدىن «يۆگىمەچ» لەقىمى ئىنئام قىلىنىپ، تاجىۋاي مەھەللىسى، پۈتۈن ـ مەھەللە دائىرىسىدە ئۇ «غال يۆگىمەچ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى) كۆتۈرمە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ چاقچاق پەشۋاسىنى تازا ئوخشىتىپ يېگەنلىكى ھەممىمىزنىڭ يادىدا. ئەينى چاغدا ئۇ قوشنىسى بىلەنمۇ، كېيىنچە ئىشقىيار نامەت بىلەنمۇ ئاشۇ يۆگىمەچلىكىنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن ئېرەكەشكەنىدى. كۆتۈرمە ئۆستەڭدىكى ئىشتىن كېيىن غال يۆگىمەچ خۇددى لەڭزەبېشىدىكى تۈردى پەتەككە ئوخشاشلا ئىشقىيار نامەتكە كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ قالدى. ئۆستەڭ ئەمگىكىدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن غال يۆگىمەچ ئىلگىرىكى ئادىتىنى بۇزۇپ، پەقەت بىرلا ئىشقىيار نامەتكە كاندەك يېپىشىۋالدى. كادىرلار «بىر ـ بىرىڭلارنى پاش قىلىڭلار» دېسە، غال يۆگىمەچ ئەمدى ھېچكىم بىلەن ئېيتىشماي ئىشقىيار نامەتنىڭ

ئۈستىدىن قارىسىغا «سايراش»قا باشلايتتى. بىر چاغلاردا ئىشقىيار نامەتنىڭ بازاردا ئۇچراپ قالغان قوشنا مەھەللىدىكى تونۇشىغا «ھۆپۈپتەك سايراۋاتىمىز» دېگىنى ئېسىمىزدە بولسا كېرەك، بوۋاي بۇ چاقچاقنى قىلغاندا دەل غال يۆگىمەچتەكلەرنى نەزەردە تۇتقانىدى. «ئۆگىنىش كۇرسى» تۈگەپ، تاكى خېلى زامانلارغىچە، ھەتتا ئىشقىيار نامەت توقسان يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغۇچىلىك غال يۆگىمەچ ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۈستىدىكى يالغان ـ ياۋىداق چېقىمچىلىقلىرىنى توختاتمىدى، بىچارە ئاقساقالنى خېلى ھەلەيكۇملارغا سالدى. بۇ توغرىسىدا كېيىنكى بابلىرىمىزدا يەنە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز ئېھتىمالۇ، لېكىن ھازىر غال يۆگىمەچنىڭ ئەدەپسىز قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئىشقىيار نامەتتىن قانداق ئەدىپىنى يېگەنلىكىگە دائىر قىزىق ئىشلارغا كۆلۈپ، ئۇنىڭسىزمۇ يان ـ يېنىمىزدىكى چېقىمچىلارنىڭ قىلىقلىرىدىن زەردىگۈش بولغان كۆڭۈللىرىمىزنى بىر ئاز ئاۋۇتايلى.

بىر كۈنى غال يۆگىمەچ لەڭزەبېشىدا تۆت ئاغىنىسى بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن ئىچىپ، كەچقۇرۇن مەزگىلىدە پاتقاقتا مىلەنگەن پېتى تاجىۋاي مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىپ، ئارا يولدا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئىشقىيار نامەت يولدىن ئۆتۈپ قالغانىدى، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان غال يۆگىمەچ ئىشقىيار نامەتنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، دەررۇ ۋارقىرىدى:

ــ ھەي ئىشقىياركا، كېلە، گەپكە يامانغۇ ھە سەن؟ يامان بولساڭ مېنى بىر ئۇخشىتە؟

ئىشقىيار نامەت غال يۆگىمەچكە يېقىن كەلدى ـ دە، دېدى:

— ئۆزۈڭ يەتكۈچە ئوخشاپ بوپسەن، بالام، مەن ئەمدى يەنە نەرىگنى ئوخشىتىمەن؟

غال يۆگىمەچ غىلڭ قىلالمىدى.

يەنە بىر كۈنى بازاردىن ھېرىپ - ئېچىپ يانغان ئىشقىيار نامەتنىڭ ئالدىغا باش - كۆزى يېرىلغان، ئۆزى مەست غال يۆگىمەچ يولدا دوگىيىپ يېتىپ قالغان ھالەتتە ئۇچرىدى. قاش قارايغان پەيت بولغاچقا، كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. ئىنسانچىلىق ئەمەسمۇ. ئىشقىيار نامەت دەررۇ غال يۆگىمەچنى يۆلەپ ئۇنى يېقىن ئارىدىكى شىپاخانىغا ئېلىپ باردى، قانلىرىنى ئادالاپ، يارىسىنى تاڭدۇردى. كېيىن ئۆزىگە يەتكۈچە ئەسكىلىك قىلغان بۇ بىر مەھەللىلىكىنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. مىيان ھەزرىتىم مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىلەك مەھەللىلىك بىرنەچچە مويسىپىت چىقىپ قالدى. ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى ئىشقىيار نامەتنى تونۇيتتى.

— ۋا - ۋاھ ئىشقىياراخۇن، بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟ — دەپ ئىنتايىن ھەيران بولۇپ سورىدى ھېلىقى كىشى ئىشقىيار نامەتنى قولتۇقلىۋالغان، باش - ئېكىكى، بىر قولى ئاپپاق داكىدا تېڭىلغان مەستنى كۆرۈپ ياقىسىنى ئۇشلىغىنىچە.

— بۇ ئۆلۈك، — دېدى ئىشقىيار نامەت چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، — ئىككى ئەرۋاھنى كېپىل قىلىپ، بۇنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىلى ئۇ دۇنيادىن ئەكېلىۋاتىمەن.

شۇ كۈنكى ئىش ۋە ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاشۇ گېپى ئاۋۋال چىلەك مەھەللىسىگە، كېيىنچە يىراق - يېقىنغا پۇر بولۇپ، خېلى يىللارغىچە ئۇنتۇلمىدى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ غال يۆگىمەچكە قىلغان يەنە بىر ئاجايىپ ئىبرەتلىك سۆزىنىمۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېتىبارىدىن مەھرۇم قالدۇرمايلى. دەل شۇ غال يۆگىمەچ بىر كۈنى مەھەللىدە شىر كەيىپ ھالەتتە كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەننى ئاغزىنى ئىنتايىن ئەپسانىگە تولدۇرۇپ تىللاپ يول بويىدا دەلدەڭ ئۇرۇپ تۇراتتى. ئىشقىيار نامەت خىلىغىچە بېشىنى چايقاپ غال يۆگىمەچنىڭ قىياپىتىگە قاراپ تۇردى. بىر چاغدا غال يۆگىمەچ يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ بىر ئاغىنىسىگە ئەپسانە چاقچاق قىلىپ، نېرىغا، ئاغىنىسى ياققا مېڭىۋىدى، ئىشقىيار نامەت ئۇنى چاقىردى:

ــ ھەي غال بالام، ئىشتىنى چۈشۈپ قالدى، كۆتۇرۇۋال!

غال يۆگىمەچ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەررۇ ئورنىدا چېپىپدە توختىدى ـ دە، ئاۋال شىمىنىڭ بەلبېغىنى تۇتتى، كېيىن پۇتۇن كىيىم ـ كېچەكىنى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئاخىرىدا ئاچچىقى بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىشقىيار نامەتتىن سورىدى:

ــ نېمىنىڭ ئىشتىنى چۈشۈپ قالدا ۋاي، تاغا؟

ئىشقىيار نامەتتىن ئالدىرىماي ئىزاھ بەردى:

ــ چاقچىقىڭنىڭ ئىشتىنى!

ياراتقان ئىگىسى ھەممىمىزنى چېقىمچىلىقتىن ھەمدە چېقىمچىنىڭ ئازابىدىن ساقلىسۇن.

# كېيىنكى ئىشلار

بەلكىم ھەممە نېمىگە قىزىققۇچى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئىشقىيار نامەت قاتناشقان «ئۆگىنىش كۇرسى»نىڭ ئاخىرىدىكى ئىشلار ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بىلگۈسى كېلىدىغاندۇ؟ ئۇنداق بولسا مەرھەمەت، ئەمدىكى پارىڭىمىز شۇنىڭ بايانىدا.

«ئۆگىنىش كۇرسى»دا بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە گەپ ـ سۆزلەر قانداقلارچىدۇر ھايال ئۆتمەيلا، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سىرتقا تارقىلىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ تاجىۋاي مەھەللىسى، چىبلەك مەھەللە دائىرىسى، ئۇ يەردىن ھالقىپ خېلى ـ خېلى يىراق مەھەللىلەرگىچە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارغا، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق ئەسكەرلىرىگە ۋە ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان غال يۆگىمەچ، سېلىمئاخۇن چوقۇر، ھاۋاخاندەك ئادەملەرگە قادىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئاجايىپ ئۆتكۈر، ھازىر جاۋاب، دەل كېسەر گەپلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇپ سۆزلىنىپ، بىر ـ بىرلىرىگە يەتكۈزۈلۈپ، قىيقاسلىق، قايىللىق كۈلكىلەرنى قوزغاشقا باشلىدى. كېيىنچە پۈتۈن شەھەر دائىرىسىدە ـــ ئولتۇرۇشلاردا، كوچا دوقمۇشلىرىدا، ئادەملەر توپلانغان جايلاردا، ئائىلىلەردە ئىشقىيار نامەت دەپ غەلىتە ئىسمى بار قەشقەر پەيزاۋاتلىق بىر بوۋاينىڭ ئەينى چاغدا

ۋەزىيەتكە تازا جىپسىلاشقان، ماسلاشقان، ھەققانىي پاراگلىرى سۆھبەتلەرنىڭ تېمىسى بولۇشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا بىزگە تونۇشلۇق خۇشخۇي كادىر سابىرجان سادىققا ئوخشاش، ئىشقىيار نامەت بىلەن يۇزتۇرانە پاراڭلاشقان ۋە ئالاقىلەشكەن كىشىلەرنىڭ تۆھپىسى زور ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاسارەتلىرى كۆڭۈللىرىگە داغ سالغان، دۈۋپىگەي[1]نىڭ ناھەقچىلىكلىرىدىن يۈرەكلىرى مۇجۇلغان خەلق ئۆز قەلبىنىڭ ساداسى بولغان بۇ ئاجايىپ ئۆتكۈر پاراڭلارنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلايتتى، ئالدىراپ بىر - بىرلىرىگە يەتكۈزەتتى. ئوردا مەھەللىسىدە ئەمدى ئىشقىيار نامەتنىڭ يېڭى گەپلىرىنى ئاڭلىماي دەپلا سابىرجاننى دوقمۇشتا كۈتۈپ تۇرىدىغانلار، ئۇنى ئالايىتەن سورۇنلارغا چاقىرىدىغانلار كۆپەيدى.

ئەمەلىيەتتە سابىرجان ئۆزىمۇ ياشلىقىدىن تارتىپ قىزىق گەپ قىلىدىغان، بىر سورۇننى قىزىتىپ، ھەممىنى ئۆز ئاغزىغا قارىتالايدىغان يىگىت ئىدى. رومانىمىزنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا بىز مەخسۇس ئۇ توغرۇلۇقمۇ توختىلىمىز. بىراق، ھازىر ئىشقىيار نامەت ھەققىدە ھېكايىمىزنى داۋام ئېتەيلى.

نېمە دەۋاتاتتۇق؟ ھە راستلا، ئىشقىيار نامەتنىڭ داڭقى ئەمدى پۈتۈن غۇلجا شەھىرى دائىرىسىدە تارقىلىشقا باشلىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتۇق. بىر چاغلاردا تاجىۋاي مەھەللىسىنى، خۇدىيارىيۈزىنى، لەڭزەبېشىنى ئۆز پاراڭلىرى بىلەن جەلپ قىلغان ئىشقىيار نامەت

[1] دۈۋپىگەي — كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش دەپ ئاتالغان، چېكىدىن ئاشقان «سول»چىل ھەرىكەت.

ئەمدىلىكتە ئاستا ـ ئاستا غۇلجا شەھىرىگە مەلۇملۇق شەخسكە ئايلىنىۋاتاتتى. ھەتتا ئىشقىيار نامەتنى كۆرمىگەن ئالايىتەن چېلەك مەھەللىسىگە كېلىپ ئۇنى ئىزدىگەنلەرمۇ بولاتتى. ئىلى خەلقى چاقچاق دېسە جېنىنى بېرىدىغان تۇرسا، يېگىدىن بىر قىزىقچى پەيدا بوپتۇ دېسە دەررۇ دىققەت قىلماي قالاتتىمۇ؟ بىر چاغلاردا، مۇشۇ شەھەردە يېگىمىچە بىر چاقچاقچىنىڭ «شاما قىلىۋېتىمىز» دەيدىغان پارچى تارقىلىشى بىلەن ھەممىلا يەردە، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئاشۇ پاراڭ بولۇپ كەتكەندى. مەزكۇر قۇرلارغا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان مۇئەللىپمۇ ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا ئاشۇ قىزىق ئىبارىنىڭ تۇرتكىسىدە ھېسام چاقچاقلىرىغا قىزىقىپ، ئاخىرىدا بۇ تېمىنى ھەق ـ دادىغا يەتكۈزدى. كېيىنچە ھېسام قۇربانىنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى؟ خەلق ئۇنى ھازىر جاۋاب، قىزىق پاراڭلىرى بەدىلىگە تۆرگە ئۆتكۈزدى، بېشىدا كۆتۈردى... ئىلى خەلقى مەرد ـ مەردانە خەلق، جاپالارنى كۆلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدىغان، ئەزرائىلنىڭ ئالدىدىمۇ ناخشا ئېيتالايدىغان خەلق، ئۇمىدۋارلىق ۋە سەۋر ـ تاقەت ئىلىلىقنىڭ مەزمۇت ئىككى قانىتى. ئىلىدا سەنئەتكارلار كۆپ ئۆتكەن، لېكىن ھەممىسىگە خەلقنىڭ ئېتىبارى، ئىللىق مېھرى تەڭ يەتكەن ــ يېتىشكەن. ئىلىدا چاقچاقچىلار تولا، لېكىن ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق سورۇنى، ئۆزىگە خاس ھۆرمەت ـ ئىززىتى بار، بۇنى ئۇلارغا خەلق بەرگەن...

ئېيتماقچى، ئىشقىيار نامەتمۇ نۆۋىتى كېلىپ سەنئەت، چاقچاق ئاشناسى ئىلى خەلقىنىڭ قەدىرلىشىگە، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشكە باشلىغانىدى.

بىر كۈنى تاجىۋاي مەھەللىسىگە قولتۇقىغا ئۇزۇن بىر مانتا كاۋىنى قىستۇرۇپ كۆتۈرگەن ئەللىك نەچچە ياشلىق، ئورۇقىنا بىر ئادەم كەلدى ـ دە، بىر قورۇنىڭ ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئاياللارنىڭ ئالدىدا توختىدى.

ــ تاجىۋاي مەھەللىسى مۇشۇمۇ؟ــ دەپ سورىدى ئورۇقىنا كىشى قولتۇقىدىكى ئېغىر كاۋىنى ئېلىپ يەرگە قويغاچ.

ــ ھەئە مۇشۇ،ــ دېدى شەيرانىراق بىر چوكان قىزىقسىنىپ،ــ كاۋىنى ساتامدىلا؟

ــ ھە، ياقەي، مۇشۇ مەھەللىدىكى بىرىگە ئالايىتەن ئەكېلىۋېدىم، كۆڭۈل ساناپ...

ــ كۆڭۈل ساناپ؟ــ شەيران چوكان جاراڭگىدە كۈلۈۋەتتى،ــ كۆڭۈل ساناپمۇ يە پۇل ساناپمۇ؟

ــ ھوي خاسىيەت،ــ دېدى ياشقا چوڭراق ئايال قوشنىسىنى ئەيىبلەپ،ــ بىر كۆرگەنلا ئادەمگە ھەدېگەندە شۇنداق گەپ قىلامدىغان...ــ ئاندىن ئۇ ئايال ئورۇق كىشىگە قارىدى،ــ ماڭقارىسىلا، بۇ مەھەللىدىكى كىمگە ئەكەلگەندىلا بۇ كاۋىنى؟ نەدىن كېلىدىلا؟

ــ بايانادىن كېلىمەن،ــ دېدى ئورۇق كىشى نېرىغا، كۆتەك ئۈستىگە ئولتۇرۇپ تەرىنى ئېرىتقاچ،ــ شۇ، ئىسقىيار نامەت دەيدىغان ئادەمنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ شۇنداق مەستلىكىم كەلدى دەڭا، خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنىلا قىپتۇ ـ دە! شۇنىڭ بىلەن ئىزدە ـ سورا، بىردەم ئاپتوبۇس ئالمىشىپ، بىردەم ئېشەك ھارۋىسىغا چۇشۇۋېلىپ مەشەگچە كېلىۋالدىم، شۇ ئادەمنىڭ ئۆيى قەيەردىرەك؟

— ۋىيەي، ئىشقىياركامنى ئىزدەپ تازىمۇ جاپا تارتىپلا ـ ھە؟ دېمىسىمۇ شۇنداق پاراڭچى ئادەم ئۇ. يامانغا يامان، ياخشىغا ياخشى...— خاسىيەت دەيدىغان شەيران چوكان يەنە چاقىلدىدى،— بۇ كاۋىنى ئۆزلىرى تەرگەنما؟

— ھەئە، ھويلامغا تېرىۋىدىم، قارىسام ئالغاچ كەلگۇدەك باشقا نەرسە يوقكەن، بوپتۇلا، ئېغىر بولسىمۇ مۇشۇنى ئالغاچ باراي دەپ ئېلىۋېلىۋىدىم، ۋالقايرىقىمنى چىقاردى، تاشلىۋېتەي دېسەم ئىچىم ئاغرىيدۇ. قۇرۇق قول كەلسەم ئۇياتقۇ، ئوخشىتىپ بىر مانتا ئېتىپ يەۋالار دېدىمغۇ، ئەھلىسي ئايالى باردۇر، تاماق ـ پاماق ئېتىپ بەرگۇدەك؟

ئورۇق ئادەم سۆزلىگەنىرى ئېچىلىپ، سۆزلەپ كەتتى. ئايالالار ھەدەپ كۈلەتتى.

— ۋاي بار، ياۋاشقىنا بىر مومىيى بار، ئىشقىياركامنى ئۆزلىرى كۆرگەنمۇ؟ سەكسەن ياشلاردا بار ئادەم ئۆزى، ئاپپاق ساقال، بىراق ئۆزى شۇنداق تېتىك...— كېيىن سۆزلىگەن ياشقا چوڭ ئايال شۇنداق دېۋىدى، باياتىن گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان سېمىز ئايال گەپكە قېتىلدى:

— قارىسىغۇ كۆرۈمسىزلا ئادەم... بۇياق بايانداىدىن كەپتە؟ ۋىيەي...

— ياخشىنى كۆرگىلى مەككىگە بارغۇلۇقمىش، نۇرەلەخان، ئىشقىياركامنى بارغۇ، بايانداىدىن ئەمەس، ئۇرۇمچىدىن كېلىپ كۆرسىمۇ ئەرزىيدۇ،— ياشقا چوڭ ئايال بايىقى ئايالغىمۇ رەددىيە بەردى،— ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ پۈتۈن تاجىۋاي مەھەللىسىگە تېتىغان

ھېلىقى ھاۋاخان كۆيدۈرگىنى قانداق ئۇخشىتىۋەتتا؟ ئۇھ ـ ئۇھ ... شۇنداق پۇخانىمدىن چىقىۋالغانىدىم شۇ چاغدا، ئىشقىياركامدەك ئادەملەرچۇ ھازىر دورا، ھەئە، جوزوغا ـ بوزۇغا...

ياشقا چوڭ ئايال گەپتىن توختاپ، يەنە باياندايلىق ئورۇق ئادەمگە قارىدى.

ــ سىلىگە... قەۋەت يېقىپ كەتكەن قايسى گېپى ئۇ ئىشقىياركامنىڭ؟

ــ ھەئە، شۇنى دەيمەن، شۇنى ئاڭلايلىلا، ــ دېدى شەيران چوكان دەررۇ.

ــ ۋاي مەنمۇ شۇ ئىشقىيار بوۋاي ياتقان شۆشبەن① دە جىق يېتىپ كەتتىمچۇ باياندايدا، ــ دەپ گەپ باشلىدى ئورۇق كىشى، ــ شۇ ھېچ گۇناھىم يوق، پومپىشچىكنىڭ بالىسىكەنسەن دەپ ياتقۇزۇۋالامدۇ دۈۋپىگەيلەر②، بولمىسىغۇ ئۇ پومپىشچىك دادامنىڭ تىرناقچە راھىتىنى كۆرمىگەنمەن، بەش ياش ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن رەھمەتلىك، مايلىق قالپىقىغا مىراسخور بولۇپ قالمايمەنمۇ! ھەرىكەت بولسىلا ئاچىقىپ دوڭغايتىۋاتقان... بولۇپمۇ مۇنۇ مەدەنىي ئىنقىلاب، دوپىگەي دېگەنلىرىدە ماتىرىستىۋاتتى. پومپىشچىكنىڭ بالىسى بولغاندىن كېيىن يېڭى جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىكىڭ بار دېيۋىدى، ياق دېدىم، يېڭى زامانىنىڭ ھېچ زىيىنىنى كۆرمىدىم دېدىم، يەر بەردى، نان بەردى، ئاش بەردى، نېمىگە ئۆچلۈك قىلاتتىم، ئىنىلىرىم، دېدىم، ياق دېدى، ئىنىلىرىم دېمە، سەندەك

① شۆشبەن ــ ئۆگىنىش كۇرسى
② دۈۋپىگەي كادىرلىرى دېمەكچى.

پومبىشچىك پۇشتىغا ئىنى ـ سىڭىل بولمايمىز دېدى، ھە دېدىم، يەنە شىپقاپ كىلىپ ئۆز گەپلىرىنى يورغىلىتىپ، يېڭى دەۋرگە ئۆچمەنلىكىڭ بولغاندىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلگە چوقۇم قاتناشتىڭ، باشلىقى بولساڭ ئەزالىرىڭنى دە، ئەزا بولساڭ شېرىكلىرىڭنى دەپ بەر دەيدۇ، توۋا دەڭلار، مۇنداق قەدەممۇقەدەم قىستاۋەرسەڭلار ھاڭغا چۈشۈپ كەتمەيمەنمۇ دېدىم... دېگىنىم شۇ گەپ، كوكۇلامغا چىڭ ئېسىلۋالدى دوپىگەيلەر، يېڭى دەۋرنى ھاڭغا ئوخشاتتىڭ دەيدۇ، ياق دەيمەن، تېپىرلايمەن...

— ۋىيەي، بىچارە!— دېيىشتى ئاياللار تۇشمۇتۇشتىن ئۇھ تارتىشىپ،— تازىمۇ جاپا تارتىپسىزە!

— ئۇنى بىر دېمەڭ...— دېدى ئورۇق كىشى جىق گەپ قىلىۋەتكەچكىمۇ دېمى سىقىلىپ، خىرقىراپ،— يالۋۇرىمەن، يىغلايمەن، قاراپ تۇرۇپ قارا سانىماڭلار دەيمەن، ئۇ گېپىمدىنمۇ قۇسۇر چىقىرىدۇ، ئىنقىلابىي كادىرلار قارا ئادەم بولدۇقمۇ ئەمدى دەيدۇ، ۋاي ياق دەيمەن، گېپىمنى ئاڭلامدۇ، يەنە بايىقى ئۆز گەپلىرىنى يورغىلىتىپ «تەشكىلىڭدىكىلەرنى دەۋەت، دەۋەتسەڭ ئازاد بولىسەن» دەيدۇ... ئاخىر بىرنېمىلەرنى قىلىپ كۆپ قاتارى قۇتۇلدۇق ئۇ شۆشىبەنلەردىن، يۇقىرىدىن ياخشى بىر سىياسەت كەلگەن چېغىۋا، بولمىسا شىپپىدىلا يېلى چىقىپ كېتەمدۇ، شۇ، شۆشىبەندىن چىقىپ ئۇھ دەپ مەھەللە ـ كويغا ئارىلاشسام خەقنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ ئىشقىيار... نامەت دەمدا؟ ھە، شۇ ئادەمنىڭ پاراڭلىرى، نېمىدېگەن ئەمەلىيەت گەپلەر دەيمەن، مەن ئۇچۇنلا دەپ

قويغاندەك... ھە، بىرنى دەپ بېرەي ـ ھە، تايىنلىق سىلەرمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭلار بىر مەھەللىلىك بولغاندىن كېيىن، دەۋېرەي ـ ھە؟ ئۇ بىچارە بوۋاينىمۇ شۆشىبەنگە ئەكىرىۋېلىپ خېلى ھەلەيكۇملارغا ساپتىكەنغۇ، راستىما؟... ھە ئەنە، بىر كۈنى دۆۋپىگەيلەرنىڭ باشلىقى ئىشقىيارنى ئايرىم ئۆيگە ئاچىقىۋېلىپ، ئۇنى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ئىشلىرىنى دەپ بەر دەپ راسا قىيىن ـ قىستاققا ئاپتەك، ئىشقىيار بوۋاي مەن ئىللا ـ بىللا ئۇنداق نېمىلەرگە قاتناشمىدىم، قەسەم قىلىپ بېرەي دېسىمۇ نۆزەمبىللا ئۇنىمىغۇدەك، يەنە ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ «ھەي ئىشقىيار، راست گەپنى قىل، مۇشۇ چېلەك مەھەللىسىدە قانچە ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات بار؟» دەپتىكەن، ئىشقىيار نامەت ھېلىقى قارا كادىرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ «دەپتەرلىرىنى ئالسىلا، كادىر بالام، دەپ بېرەي» دەپتۇ. ھېلىقى كادىر ئەمدى دەيدىغان بولدى دەپ خۇشال بولۇپ دەرھال قەغەز ـ قەلىمىنى تەييارلاپ «قېنى ئېيتە!» دەپتىكەن، شۇ چاغدا ئىشقىيار بوۋاي نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر؟ «قېنى يازسىلا، كادىر بالام، بىر بوتۇلكا هاراقنىڭ ئىچىدە قىرىق تەشكىلات بار» دەپتۇ، ھا ـ ھا ـ ھا... ھېلىقى قارا كادىر ئۇجۇقۇپ، بەتتەر قارىداپ كەتكەن پاراڭ...

— ۋىيەي، ھى ـ ھى ـ ھى...، ئەجەب قاملاشتۇرۇپ دەپتا!

— بۇ پارڭنى مەن ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— ۋاي دەيدۇ ئۇ ئادەم، دەيدۇ، بىر كۈنى...

ئاياللار چۇرقىرىشىپ ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپىگە

چۈشەي دېۋىدى، باياندايلىق كىشى توساتتىن ئاسمانغا قاراپ، ئورنىدىن لەسلا تۇردى.

— هوي، گەپ بىلەن ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن، كۈن چۈشتىن قىيىلىپ قاپتىغۇ، قايسىڭلار ئىشقىيار بوۋاينىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويىسىلەر!؟

— ۋىيەي، راست تازىمۇ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇقۇي، يۈرسىلە، ئاكا، مەن سىلىگە كۆرسىتىپ قوياي، ئۆيۈممۇ شۇ ياقتا، — دېدى شەيران چوكان چاقىلداپ سۆزلەپ، — ئىشقىياركامنىڭ ئۆيى ئەنە ئاۋۇ تىراكتور تۇرغان يەرنىڭ ئۇ يېقىدىلا، بەلكىم ئۆزىمۇ ئۆيىدە باردۇر...

باياندايلىق سەممىي ئادەم كاۋىسىنى يەنە قولتۇقىغا جايلاشتۇردى ـ دە، چوكاننىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. بۇ پاراڭمۇ ئىشقىيار نامەت ھەققىدىكى پاراڭلارغا ياكى ئىشقىيار نامەتنىڭ لەتىپىسىمان گەپلىرىگە ئوخشاش، شۇ كۈندىن تارتىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىدە بولدى.

# ھېسام ۋە ئىشقىيار نامەت

ھېسام قۇربان ۋە ئىشقىيار نامەت ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سۆز چېچەنلىرىدۇر. مۇئەللىپ ھېسام ھەققىدە قىرىق يىلدىن ئارتۇق ماتانەتلىك ۋە خالىس خىزمەت قىلىپ، ئەينى چاغدىكى بۇ مەھەللە قىزىقچىسىنىڭ كاتتا شان ـ شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولۇشىغا پۇختا ئاساس سالدى ۋە شۇ تۆپەيلى ئەزىز خەلقىمىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا، رەھمىتىگە ئېرىشتى. «ئىشقىيار نامەت» ناملىق بۇ يىرىك شەجەرىنى، ئۇيغۇر چاقچاقچىلىرى ھەققىدىكى ئىككىنچى رومانىنى باشلاشتىن سەل ئىلگىرى، مۇئەللىپ نەشرىياتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۆزىنىڭ ھېسام قۇربانغا بېغىشلانغان ئۇزاق يىللىق ئەمگەكلىرىنى جۇغلاپ چوڭ ھەجىملىك بىر كىتاب تۈزۈپ چىقتى. ئاتاقلىق تەرجىمان، ئىجتىھاتلىق ئەدىب خوجائەخمەت يۇنۇس مەزكۇر كىتابقا يازغان «كىرىش سۆز»ىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى ھېسام قۇربان يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ئۆزىنىڭ چاقچاق ـ لەتىپىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇش جەھەتتە قىلغان جاپالىق ئەجرىگە يۈرەك قېتىدىن مىننەتدار بولۇپ كەلدى. ئۇ چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا ماخمۇت مۇھەممەتتىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئاغزاكى

ئېيتىش بىلەنلا قالماي، ئوغۇل پەرزەنتى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ‹ماخمۇت› دەپ ئىسىم قويدى.

‹كۇلكە گۇلىستانى ــ ھېسام چاقچاقلىرى ۋە ئۆمۈر بايانى› ناملىق كىتابقا ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ‹زامانىمىزدىكى ھايات نەسرىدىن ئەپەندى› دەپ ئاتالغان ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى ھېسام قۇربان ھەققىدىكى قىرىق نەچچە يىللىق ئىزدىنىش ۋە ئەمگەكلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھېسام قۇرباننىڭ مۇئەللىپ تەرىپىدىن تاۋلىنىپ ۋە بېيىتىلىپ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەگە ئىگە قىلىنغان قىزىق، ئۆتكۈر، ھازىر جاۋاب ۋە ئۆزگىچە چاقچاقلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسىگە ئىگە قىلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ھېسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا دائىر تەتقىقات ماقالە، ئەسلىمىلىرى ھەمدە ھېسام قۇرباننىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى بەدىئىي تۇستە قىزىقارلىق بايان قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك ‹كۇلكە داۋانلىرى› ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى، ‹چاقچاقچى ھېسامنىڭ كەچۈرمىشلىرى› سەرلەۋھىلىك ئون قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە ھېسام قۇرباننىڭ ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن سۈرەتلەر بۇ كىتابنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە ھۆججەتلىك خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.»

يۇقىرىقى كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرىدىن باشقا، مۇئەللىپنىڭ 2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھېسام ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىمۇ ھېسام ھاياتىغا بېغىشلانغان ۋە

بارلىق ئۇيغۇر چاقچاقچىلىرىغا تىكلەنگەن ئابىدىدۇر.
خوش... ئەمدى ئۇشبۇ بابىمىزنىڭ مەزمۇنىغا كېلەيلى. ھېسام بىلەن ئىشقىيار نامەتكە تەڭ باغلىنىشلىق پاراڭلاردىن مۇئەللىپنىڭ يادىدا قالغانلىرى مۇنۇلار:
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىراق بولسا كېرەك، بىر سورۇندا ھېسام چاقچاق سۆزلەۋېتىپ ئىشقىيار نامەتنىڭ بىر گېپىنى دەۋېتىپ قالدى. ئەسلىدە بۇ ئىنتايىن تەبىئىي ۋە راۋان كېتىۋاتقان پاراڭ ئىدى، بىراق سورۇندىكى ئانچە ـ مۇنچە كىتاب ئوقۇيدىغان بىر ياش يىگىت ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ قالدىمۇ:
ــ ھېسامكاۋاي، بۇ سىزنىڭ گېپىڭ ئەمەس، ئىشقىيار دېگەن ئادەمنىڭ گېپىغۇ!ــ دەپ گەپنىڭ بېلىگە تەپتى ۋە ئۆزىنىڭ سۆزىنى دەلىللىمەكچى بولغاندەك، شۇ سورۇندا ئولتۇرغان مۇئەللىپكە قارىدى،ــ راستمۇ، ئاكا؟
مۇئەللىپ ئەمدى بىرنېمە دەي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە ھېسام ھېلىقى يىگىتكە قاراپ سۆزلەپ قالدى:
ــ ئۇكاۋوي، ئەجەب خاپا بولۇپ كەتتىڭا، ئىشقىيارنىڭ سىڭلىسىمۇ يە سەن؟
سورۇندا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ھېلىقى يىگىت شەلپەردەك قىزىرىپ:
ــ يا ئەمدى ماخمۇتكام...ــ دېيىشىگە، ھېسام يەنە گەپ دېگەننى تۆكۈۋەتتى:
ــ بىزمۇ ئىشقىيارغا نەچچە چاقچاقنى بېرىپ تۇرغان

دېگىنە، چاقچاقچىلارنىڭ ئوتتۇرىدا ئېلىم ـ بېرىم دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ، سەن تولا ئەر كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، باجخانىدا ئىشلەمسەن يە؟ ئۆزۈڭمۇ چاقچاقنى دۆندۈر ئېلىپ، پارچە ساتىدىغاندەك قىلىسەن، بىزنىڭ چاقچاقلارنىڭ باھاسىنى ماۋۇ ماخمۇت ئاكاڭ بىلىدۇ، پۇلۇڭ جىقراق بولسا مۇنۇ روزى توخۇنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ تۇخۇمىدىنمۇ ئېلىپ قوي، باستۇرۇۋالساڭ دانلىق ـ دانلىق چاقچاقلار چىقىدۇ...

ھېسامنىڭ ئاغزىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. ئۇنىڭ چاقچاقتىكى خۇسۇسىيىتىمۇ دەل شۇ ئىدى، ئىشقىيار نامەتتە بۇنداق ئالاھىدىلىك كەمدىن ـ كەم ياكى ئومۇمەن يوق ئىدى. بۇ جەھەتتە ئىشقىيار نامەتنىڭ چاقچاقلىرى سالغا تېشىغا، ھېسامنىڭ ئاپتوماتقا ئوخشايتتى... ھېلىقى يىگىت دېگەن گېپىگە تويۇپ، ھېسامنىڭ ئۇزۇلمەس پاراڭلىرى ۋە سورۇن ئەھلىنىڭ كۈلكىلىرى ئالدىدا ئىلاجسىز يىغلامسىرىغاندەك كۈلۈپلا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇنداق ئادەملەرنى غۇلجا خەلقى «سورۇن كۆرمىگەن» دەيدۇ.

دەرۋەقە، ئۆزىنىڭ چاقچاقلىرى بېسىلغان كىتابقا ئىشقىيار نامەتنىڭ ئايرىم چاقچاقلىرىمۇ قېتىلىپ قالغانلىقىنى ھېسام قۇربان ئىلگىرىدىن تارتىپلا بىلەتتى. بۇنى ئۇنىڭغا مۇئەللىپ ئېيتقان.

ــ چاتاق يوق، ئۇكا،ــ دەپ دەرھال ئىنكاس قايتۇرغانىدى شۇ چاغدا ھېسام دەررۇ،ــ چاقچاقچىلىقتا سېنىڭ ـ مېنىڭ دەپ ئولتۇرمايمىز، ماۋۇ روزىلارمۇ بەزىدە بولالماي قالسا بىزنىڭ ھويلىلارغا كىرىپ كاكىلاپ چىقىپ كېتىدۇغۇ!

ــ ھېسامكا،ــ دەپ بىر كۈنى قارىۋاي مەھەللىلىك ئاۋاكرى دەيدىغان ئاغىنىمىز (لەقىمىنى ئېيتمايمىز) مۇئەللىپكە بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ھېسامغا چاقچاق قىلدى،ــ ئىشقىيار دېگەن دەيدۇكى، ھېسام كىتابىغا كىرگۈزۈۋالغان چاقچاقلىرىمنى قايتۇرسۇن، بولمىسا...

ــ بولمىسا نېمە قىلىدىكەن، ئاۋاكرى؟ــ دەپ ھېسام گەپنى بۆلدى،ــ بىزنىڭ چاقچاقلىقتا ئېغىنامدىكەن؟

ــ ۋا...ــ چاقچاق دېگەندە ئەتراپتا تۇرغانلار يا بولمىسا سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ ئاشۇنداق «ۋا...»لىرى يامان، چاقچاقچىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرىدىغانمۇ ئاشۇ تەخىرسىز كۈلكە... ئاۋاكرى ئاغىنىمىز يېرىم جۈملە گېپى، چاقچىقى ئۇچۇن ئالغان جاۋابىغا ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ـ دە، ھېسامنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلىدى:

ــ يامان جۇمۇ، ھېسامكا سەن، يامان...

ــ ھەي ئاۋاكرى، مۈرەم سېنىڭ يانپىشىڭ ئەمەس جۇمۇ، ئىشقىياركام شۇنداق شاپىلاقلاپ قويسا قەشقەردىن غۇلجىغا يورغىلاپ چىقىدىغان...

ــ ۋا ...

ــ ھەي ئاۋاكرى، ئىشقىيار نامەتنىڭ قولىدىكى جوۋالدۇرۇزدىن قورقۇپ، تاجىۋاي مەھەللىسىنى توختىماي ئىككى ئايلىنىپ چىققىنىڭ راستمۇ؟

ــ ھەي ئاۋاكرى، ئىشقىيار نامەت ئۇچاڭغا سامان تاغىرى ئارتىپ ھەيدىسە، بىر چەتتىن سامان يەپ ماڭغىنىڭ راستمۇ؟

ــ ھەي ئاۋاكرى، ئىشقىيار تاشلەپكىدە چاپان

سودىسى قىلمۇۋېتىپتۇ دېسە، قوشنىلىرىڭ يېيىپ قويغان كىرلارنى ئوغرىلاپ ئاپىرىپ ساتقىنىڭ راستمۇ؟

— ھەي ئاۋاكرى، ئىشقىيار...

ھېسامنىڭ ئادىتى شۇ، بىرسى ئاغزىنى تاتىلىدىمۇ، بولدى، ھەق ـ دادىغا يەتكۈزمەي بولدى قىلمايدۇ. ئاغىنىمىز ئاۋاكرىمۇ ھېسامنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويۇپ، يېرىم سائەتكىچە خەقنىڭ «ۋا...»لىرىغا ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈپ ئولتۇردى.

بىر كۈنى مۇئەللىپ ھېسامغا ئىشقىيار نامەتنىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدىمۇ يېڭىدىن بىر كىتاب ئىشلىگەنلىكىنى، شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا چوڭلارنىڭ تەستىقى بىلەن «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابلارنىڭ بىرىنچى قىسمىغا قىستۇرۇلۇپ قالغان ئىشقىيار نامەت پاراڭلىرىنى ئەمدى «ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى»گە كىرگۈزگەنلىكى ۋە بۇ ھەقتە بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىمۇ يازغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ھېسام ھەر دائىم گەپنى ئۆزىنىڭ پاراڭ ئادىتى بويىچە قىلاتتى.

— ياخشى قىپسىز، — دېدى ئۇ مۇئەللىپنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — ئۇ رەھمەتلىكمۇ ھەممە چاقچاقلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، خاتىرجەم ياتىدىغان بوپتۇ. بولسا ماۋۇ روزى توخۇنىڭ تۆت ـ بەش گېپىنىمۇ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىڭا، بارغان يەردە تولا ۋاقاقلاپ قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كەتتى...

— بىراق روزىكام باشتىلا ئۆزىنىڭ ھەممە چاقچاقلىرىنى سىزگە ئاتىۋەتكىنىنى بىلدۈرگەن، — دېدى مۇئەللىپ، — سىزگە چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەيدۇ ئۇ ئادەم.

ــ چاقچاق دېگەن نېمىنىغۇ، كىم قايسى چاقچاقنى قىلدى دەپ ئايرىپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ،ــ دېدى ھېسام قۇربان خىيال ئارىلاش،ــ ئۇنى دېسىڭىز مېنىڭ جىق گەپلىرىمنى غوپۇركام دىگىخۇلۇ، زوردۇن شىۋە، ئابلاخىنكاملار ھەر ياڭزا قىلىپ سورۇنلاردا دېگەن، دادام رەھمەتلىكمۇ، دادامنىڭ ئاكىسى ئىسمايىلەممۇ تازا گەپچى ئادەملەر ئىدى... ماۋۇ پالاننىڭ گېپى، ماۋۇ پوكۇننىڭ دېمەي، ئوتتۇز ئوغۇلنى كۈلدۈرۈشنىلا بىلەتتى. ھازىرقى بەزى ياش باللار تۆت تال گەپنى ئۆگىنىۋېلىپلا چاقچاقتا ئەن باسىدىغان بولۇۋاپتۇ. كېيىن چاقچاق توغرۇلۇق ماقالە يېزىپ قالسىڭىز مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنىمۇ قىستۇرۇپ قويۇڭ، ماخمۇت!

كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ھالا مانا بۇگۈن ئىشقىيار نامەت ھەققىدىكى يېڭى يازمىمىزدا ھۆرمەتلىك ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ مېڭىسى ئوچۇق شۇ مەزگىللەردە قىلغان گېپىنى ئالايىتەن ئەسلەپ، گېزى كەپتىكەن مۇشۇ قۇرلارغا تىركەۋاتىمىز. بۇ غەنىيمەت ئىنسان ئەينى يىللىرى، ئىشقىيار نامەت ھايات چاغدا بىرنەچچە قېتىم ئۇنى كۆرگەن، پاراڭلاشقان ۋە مۇئەللىپكە ئۇ چېچەن بوۋاي توغرىسىدا ئۆز تەسىراتىنى ئېيتقانىدى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بۇ يەردە ھېسامنىڭ ئۇ گەپلىرىنى زىر ــ زەۋىرى بىلەن قەلەمگە ئېلىش ئەمەس. پەقەت ھېسامنىڭ بىر ئولتۇرۇشتا قىلغان مۇنۇ چاقچىقىنى ئەسلەش بىلەن بۇ بابىمىزنى تۈگىتىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بابىمىز بولسا كەمىنە مۇئەللىپنىڭ ھېسام چاقچاقلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان

ئەمگەكلىرىگە بېغىشلىنىدۇ، سەۋرچان ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇنى ئارتۇقچە كۆرۈشمەس دەپ ئويلايمىز.

— بىر كۈنى خەنزۇ بازىرىدىكى مۇساننىڭ چايخانىسىدا ئىشقىيار دېگەن ئادەمنى كۆردۈم، — دەپ ھېكايە قىلدى ھېسام قۇربان، — ئالدىغا ئۇچرىغان ئوقەتنى قىلىدىغان ئادەمكەن ئۇ. قايسى سەھرادىنكىن، ئوندەك توخۇنى ئەكىرىپ ساتالماي ئولتۇرغان بىر دېھقاننى گەپكە سېلىپ، ئۇنى - بۇنى دەپ كۈلدۈرۈپ ئاخىر توخۇلارنى ئەرزانلا ئېلىۋاپتۇ. ئاپپاق ئۆچكە ساقاللىق، مەڭزلىرى قىپقىزىل، شۇنداقمۇ ئىلدام ماڭىدىغان ئادەمكەن، قارىسام ئەللىك — ئاتمىش ياشلار ئۆپچۆرىسىدە كۆرۈنۈۋىدى، مۇسىراخۇن چايچى «نېمە دەۋاتىسەن، سەكسەنگە يېقىنلاپ قالغان ئادەم بۇ» دېمەمدا! مېنى كۆرۈپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھېسماخۇن، چاقچاقلىرى ئۇسساپ قالغان ئوخشىمامدا، ئالايتەن سۇ دەرۋازىدىن چايخانىغا كەپلا!» دەيدۇ، بىردەم ئۇنى - بۇنى دېيىشتۇق، ئەمما لېكىن گەپنى زەھەردەك قىلىدىغان ئادەمكەن...

— ھە، يەنچۇ، نېمە گەپلەرنى قىلىشتىڭلار؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىپ دەررۇ.

— ئىشقىياركا، مېنىڭ روزى دەپ بىر ئاغىنەم بار ئىدى، بۇلار شۇنىڭ تۇغقانلىرىغۇ، دېسەم، ئىشقىيار دېگەن ئادەم «توخۇنىڭ تۇغقىنى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ كۆرگەنلا يەردە دانلايدىغان يېتىممۇ نېمە ئۇ!» دېۋىدى، روزىنى ھەممىسى بىلىدۇ ئەمەسمۇ، چايخانىدا قىيقاس چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا چايخانىچى مۇسىراخۇن:

«ئىشقىياركا، ھېسامنى بۇرۇندىن تونۇيدىغان ئوخشىمامدا؟» دەپ سورىغۇدى، ئىشقىيار نامەت:

«بۇرۇن گېپىنى جىق ئاڭلىغان، ئۆزىنى كۆرمەپتىكەنمەن، بۈگۈن مېڭىشىدىن تونۇۋالدىم» دەيدۇ...

ھېسام شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ ئۆزىمۇ راھەتلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

# ھېسام چاقچاقلىرى ۋە مۇئەللىپ

بۇ ئەسلىمەمدە تىلغا ئېلىنغان ئايرىم بايانلار ئۇشبۇ كىتابنىڭ باشقا بەتلىرىدىمۇ زۆرۈرىيەت تۇپەيلى ئۇچراپ قالسا، ئوقۇرمەن ئەپۇ قىلغاي!

بۇنىڭدىن قىرىق بەش يىل مۇقەددەم مەن تېخى ئون ئالتە ياشلىق بالا ئىدىم. كىتابقا، ئەدەبىياتقا دېگەن مەپتۇنلۇق، بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ جۇدۇنلۇق دەسلەپكى شۇ يىللىرىدىمۇ ئۆزۈم ئوقۇپ ھارمايدىغان سالتىكوف شېدرىن، گوگول، چېخوفنىڭ كىتابلىرىدىن كەلگەن. نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئاجايىپ لەتىپىلىرىدىن يۇققان، قىزىقچى تەبىئەتلىك ئاتام مۇھەممەت جامالنىڭ خىسلىتىدىن سىڭگەن چاقچاق، لەتىپىگە زوقمەنلىك... ۋۇجۇدۇمدا زاھىر ئىدى. خۇددى شۇنداق پەيتلەردە مەن تاسادىپەن ھېسام چاقچاقلىرى بىلەن ئەڭ دەسلەپتە تونۇشتۇم.

1967 ـ، 1968 ـ يىللىرى غۇلجىدا ھېسام ئىسىملىك بىر قىزىقچىنىڭ بىرمۇنچە لەتىپىسىمان سۆزلىرى ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈردى، «مەن كەتمەنچىغۇي»، «ئىچسەممۇ ـ ئىچمىسەممۇ مەست» قاتارلىق ھېسام ئاكىنىڭ ئون توققۇز چاقچىقى 1968 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «يېڭى ـ پارچە لەتىپىلەر» نامىدا كۆچۈرۈلگەن سېرىق تاشلىق خاتىرە دەپتىرىم تاكى

ھازىرغىچە بار. يەنە شۇنىمۇ ئەسلىگەچ كېتەيكى، شۇ يىللاردا ھېسام ئاكىنىڭ ئېغىزىدىن تارقالغان «شاما قىلىۋېتىمىز» دېگەن ئىبارە خەلقنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئارىسىدا بازارلىق مال سۈپىتىدە ئەل كېزىپ يۈرگەنىدى. باللىق قىزىقىشىمدىنمىكىن، شۇ ئوخشاتمىنى تېما قىلىپ يازغان ئەڭ دەسلەپكى خام ـ خوتا بىرنەچچە ئاتالمىش «ھېكايەم» مۇ ئاشۇ خاتىرە دەپتىرىمدە ھېلىغىچە ئەستىلىك بولۇپ ساقلانماقتا.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېسام ئاكىنىڭ نامىمۇ مەن تۇيەيلى قاناتلىنىشقا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىللىق، ھازىر جاۋاب، كۈلكىگە تويۇنغان گەپلىرىمۇ گاھ لەتىپە، گاھ چاقچاق سۈپىتىدە ئەل ئىچىدە ئاۋۇشقا، داڭقى ئېشىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، بۇ قىزىق سۆزلەرنى ئىشتىياق، ئىجتىھات بىلەن يىغىپ، توپلاپ، قاش ـ كۆز ياساپ، لەتىپە شەكلىدە قەلەمگە ئېلىش مەشغۇلاتىمنى داۋام ئېتىۋەردىم. لەتىپە ـ چاقچاقلارنىڭ سانىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈنمىكىنتاڭ ياكى باشقا ئېھتىياج، ئىلھامنىڭ قىستىشىدىنمىكىن، پەيزىم تۇتۇپ كەتسە ئۆزۈممۇ ئانچە ـ مۇنچە توقۇۋېتىپ قالاتتىم. شۇنداق قىلىپ 1977 ـ يىلى مەن ھېسامكامنى كۆرۈپ، تونۇشقانغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ مەن «توپلىغان» لەتىپە ـ چاقچاقلىرى يۈزدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇلارنىڭ تولىسى ھېسامكامنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، دۈۋپىگەي يىللىرىدە قىلغان ئۆتكۈر پاراڭلىرى بولۇپ، كۆپچىلىككە تونۇشلۇق ئىدى، كېيىنكى ئىشلار مەن كۆتكەن ۋە ئويلىغاندىنمۇ تېز ۋە ئوڭۇشلۇق بولدى. مېنىڭ ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش

ئىشتىياقلىق مەشغۇلاتىمدىن خەۋەردار بولغان مەرھۇم تۇرسۇن زىردىن ئاكا، يەنە غوجەخمەت يۇنۇس، روزى ئابدۇۋەلى ئاكىلار ماڭا قول ـ قانات ۋە مەسلىھەتچى بولدى. ئۇلار ئارقىلىق مەن ھىسام ئاكا بىلەن تونۇشلۇقۇمنى كۈچەيتتىم. ئۈچرىشىشىمنى كۆپەيتتىم. شۇ يىللاردا بىز نەچچە قېتىم مەخسۇس ھالدا بىزنىڭ ئۆيدە ياكى باشقا جايدا چاقچاق ئېيتىشىش ۋە چاقچاقلارنى قەلەمگە ئېلىش سورۇنلىرىنى تۈزۈپ، ھىسام چاقچاقلىرىنىڭ قەلەمگە ئېلىنىشىنى تېزلەتكەندۇق، بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولاتتى: باشقىلار ھىسامكام بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ جىمىكى كونا چاقچاقلىرىنى بىرمۇ بىر، قېتىرقىنىپ ئەسلەيتتى ياكى روزى ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار دەممۇ دەم چاقچاق قىلىشىپ، ھىسامكامنى غىدىقلايتتى. بۇنداق چاغلاردا ھىسامكامنىڭ ئېغىزىدىن يىڭنىدىن ـ يىپقىچە گەپلەر، ئوخشاتمىلار تۆكۈلەتتى. ھەر ئىككىلا ئەھۋالدا مەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ، تېز خاتىرىلەيتتىم، بەزىدە بۇنداق كېچىلەر تاڭغا ئۇلىشاتتى. 1980 ـ يىلى مەن تەلىيىم كېلىپ، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ھىسامكام ۋە مەرھۇم داۋۇتجان ناسىر ئاكا بىلەن خىزمەتداش بولۇپ قالدىم. ئەمدى مەن دائىم، بىمالال ھىسامكامنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنى ئاۋۇتالايتتىم. ئۇ كەملەردە ھىسامكام ۋە داۋۇتجان ئاكىنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا بازىرى ئىتتىك ئىدى. مەن بولسام ئۇ ئىككىيلەننىڭ تەكلىپى بىلەن، «ھىسام چاقچاقلىرى» نىڭ توپلىغۇچىسى سالاھىيىتىدە ئۇلار بارغان كۆپىنچە سورۇنلاردا بىللە بولاتتىم ۋە تېز ئاتار ھىسام ئاكىنىڭ

يېگىدىن ـ يېڭى چاقچاقلىرىنى «ئەنگە ئالاتتىم»، چاقچاق فوندىنى ئاۋۇتاتتىم. شۇنداق قىلىپ، 1980 ـ يىلى تۆت يۈزگە يېقىن چاقچاقتىن تەشكىل تاپقان تۇنجى «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ئەۋەتىپ بەردىم. ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا كىتابنىڭ نامى «ھېسام لەتىپىلىرى» ئىدى.

ھېسام چاقچاقلىرى ئۈستىدە سۆز بولسىلا ئالدى بىلەن يادىمغا ئۇستاز، مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ كېلىدۇ. تېيىپجان ئاكا مېنىڭ ھېسامغا ئائىت جاپالىق ۋە خاسىيەتلىك ئەمگىكىمگە يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ھېلىمۇ يادىمدا، يەنە بىر قايتىلاشتىن ئايانمايمەن: «ماخمۇت، خەلقىمىز ئىچىدىكى بارلىق يېگىچە لەتىپە، چاقچاقلارنى توپلاپ، ھازىرچە ھېسامىنىڭ نامىدا نەشرگە سۇنۇڭ. ۋاقتى كەلگەندە غېزىنى غاز، ئۆردىكىنى ئۆردەك قىلىۋالىمىز، ھازىر چىققىنى ئەۋزەل». كۆپچىلىككە مەلۇم، ئىلى چاقچاق ماكانى، بۇ ئەزىز ماكاندا ئاۋۋالمۇ، ھازىرمۇ كونا ـ يېڭى، قېرى ـ ياش سۆز چېچەنلىرى ئەلۋەك ياشىغان ۋە ياشىماقتا. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي لەتىپە، چاقچاقلىرىنى تاماسىز ۋە تەمەنناسىز ھالدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى فوندىغا ئاتىۋەتكەن. ئەمگىكىمنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان، قايتا ـ قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق نامى «ھېسام چاقچاقلىرى» دەپ بېكىتىلگەن ئەڭ دەسلەپكى چاقچاقلار 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوشۇلۇپ بېكىتىش ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن «ئىلى گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىنىپ زور

زىلزىلە قوزغىدى ھەمدە مېنىڭ بۇ ساھەدىكى يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمگە ئىلھام ئاتا قىلدى. 1982 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق تۇنجى كىتابىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. تۇنجى كىتابىنىڭ تىراژى ئوتتۇز مىڭ ئىدى.

ماقالەمنىڭ بېشىدا قەيت قىلغىنىمدەك، ئويلاپ باقسام ھېسام چاقچاقلىرىغا ۋە ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ چاقچاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىش ۋە ئۇلارنى جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇشقا ئەجىر قىلىۋاتقىنىمغا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپ قاپتۇ. ھازىرغىچە ھېسام چاقچىقىدىنلا مىڭدەكنى توپلاپ ـ رەتلەپتىمەن. 1982 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق بەش كىتابىم ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى. 1998 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئالدىنقى تۆت كىتابنى مەن يېڭىدىن تەييارلىغان ئالتىنچى كىتابقا قوشۇپ، ئۇزاق يىللىق تەتقىقاتىمدىن تامچە بولمىش «ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق يىرىك ماقالەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قەدەر مۇكەممەل توپلام ــ «ھېسام چاقچاقلىرى»نى نەشر قىلدى. مۇشۇ كىتابلار ئاساسىدا، ھەرخىل غەيرىي مەقسەتلەر بىلەن بولسىمۇ، تەرجىمە قىلىنغان تۆت خەنزۇچە كىتابمۇ شۇ يىللاردا يورۇق كۆردى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق ۋە باشقا مىللەت تىللىرىدا گېزىت ـ ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنغان، رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردا ئاڭلىتىلغان «ھېسام چاقچاقلىرى» ساناقسىز، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق

ئىچكىرى ئۆلكە، شەھەرلەردە، چەت ئەللەردە «ھېسام چاقچاقلىرى» ھەرخىل يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ، تونۇشتۇرۇلدى، بوگۈنكى كۈندە ھەتتا مەخسۇس ھېسامشۇناس تەتقىقاتچىلارمۇ بارلىققا كەلدى. «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى» گە ھېسام چاقچاقلىرى مەخسۇس تەركىب سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى يىللاردا مەملىكىتىمىز ۋە خەلقئارادا ھېسام قۇربان «زامانىمىزنىڭ ھايات نەسرىدىن ئەپەندىسى» دېگەن كاتتا تاجنى كىيدى... مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە باشلامچى بولۇپ ئەجىر سىڭدۇرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايمەن. «ھېسام چاقچاقلىرى» قازسا تۈگىمەيدىغان بىر ئالتۇن كان، «ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى»نىڭ يىلتىزى بىزنىڭ ئۇلۇغ خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا، قەلبىدە. ھېسام چاقچاقلىرى ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتى، خىسلىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندى.

«سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دېگەندەك، دانىشمەن خەلقىمىز ئۆز نۆۋىتىدە قىلغان ئەجرى ۋە تارتقان جاپاسى ئۈچۈن كەمىنىنە مۇئەللىپنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. پەقەت بىرلا ئاددىي مىسالنى ئېيتسام، ھېسام چاقچاقلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشلىرىم ئۈچۈن، 1992 ـ يىلى ئاممىۋى مەدەنىيەت ساھەسى بويىچە كاندىدات تەتقىقاتچىلىق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولدۇم.

يەنە بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەي: كەمىنە مۇشۇ ئاددىي ۋە قىسقا ماقالەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كوپىيەسىنى يېزىشقا تەييارلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، بىر مۇھاكىمە

سورۇنىدا قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق قىزىقچىسى، سەنئەتكار مۇتەللىپ ئابدىراخمان ئاكا «ئابايىنى دۇنياغا تونۇتقان مۇختار ئەۋىزوۋ بولسا، ھېسامنى دۇنياغا تونۇتقان ماخمۇت مۇھەممەت بولدى» دېگەن بىر جۈملە ھەققانىي سۆزنى قىلدى. بۇ سۆز خەلقىنىڭ ئاۋازى سۈپىتىدە قەلب گۈلزارىمغا قونۇپ، مېنىڭ بۇ يولدا ئىشلىگەن ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئەمگىكىمنىڭ مۇكاپاتى بولدى.

# ھېسامنىڭ يېڭى پاراڭلىرى

بۇ ئۇزۇن قىسسىمىزنى ئارا يولدا سەلگىنە توختىتىپ، مۇشۇ بىيوگرافىيەلىك رومان جىددىي يېزىلىۋاتقان كۈنلەردە تېخى ھايات بولغان ھېسام قۇربانىنىڭ ئەڭ يېڭى چاقچاقلىرىدىن تۆت ـ بەش كەلىمە سۆزلەپ ئۆتۈپ كەتسەك ئوقۇرمەنلىرىمىز نېرى تۇر دېيىشمەس!

ھېسام قۇربان ياشىنىپ قالدى. بىر يىللىرى ئوردا مەھەللىگە چۈشكەن دۆۋېگەي كادىرىنىڭ «تۇرپانىيۇزىدىن غۇلجىغا كىمدىن سوراپ، قانداق كەلدىڭ؟» دېگەن سوئالىغا «تام بەنجاڭدىن سوراپ، توپادەڭنىڭ يولىدا مېڭىپ كەلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن قىرىق نەچچە ياشلىق ھېسام بۇ كۈنلەردە كۆچ ـ ماغدۇرىدىن قېلىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق، ھايات ھەممىمىزنى شۇنداق سوۋغاتلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشقا تەييار. لېكىن، ئىنسان يۈرىكىدە ئارمان مەۋجۇتكى، ياشاشقا بولغان ئۈمىد ۋە ئىنتىلىش باركى، چاقلىق ئورۇندۇقمۇ پادىشاھنىڭ تەختىدەك تۇيغۇ بېرىۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ــ ھاياتلىقتىن بەلگە، يورۇق دۇنيادىن نىشان.

كېيىنكى كۈنلەردە ھېسام ھەققىدە، سورۇنلاردا يېڭىدىن ـ يېڭى گەپلەر يەنىلا ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ

تۇردى. چۈنكى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى خەلق يەنىلا ھېسامغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ھېسامنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى چاقچاقلىرىنى، ھېسام ھەققىدىكى يېڭى پاراڭلارنى ئاڭلاشنى خالايتتى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، نەسىردىن ئەپەندى نامىغا تەققاسلانغان بۇ ئىنسان ھېلىھەم بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشاۋاتاتتى. ھازىر ئۇ بىر مويسىپىت، سەكسەندىن خېلىلا ئېشىپ قالغان بىر دانىشمەن چال. گەرچە شۇ كۈنلەردە زېھنى سەل خىرەلىشىپ، ئىنكاسى ئاستىلاپ قالغان بولسىمۇ، كىشىلەر قەلبىدە يەنىلا يۇرۇنقىدەك ھازىر جاۋاب، ئۆتكۈر، كۈلكە خەزىنىسى ــ ھېسام!

خوش ئوقۇرمەن، ئەمدىكى قۇرلىرىمىزدا ھېسام ھەققىدە ئەڭ يېڭىدىن توقۇلغان چاقچاقلارنى ھۇزۇرىڭىزغا سۇنىمىز، تىڭشاڭ!

△ ھېسام ياشىنىپ تالا ـ تۈزگە چىقالمايدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۈنى زېرىكىپ قالمىسۇن دېگەن ئايالى زېمىنىخان چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ كوچىغا ئاچىقىپ ئايلاندۇرۇپ يۈردى. بىرىنچى كۈنى تالاغا چىقىشىغا بىر پەمىسىز قوشنىسى ئۇلارغا ئۇچراپ:

ــ ھېسامكا، چاقلىق ئورۇندۇق مۇبارەك بولسۇن!ــ دېدى.

ــ رەھمەت،ــ دېدى ھېسام،ــ يېڭى ئۆيگە كۆچكىنىمدە مۇبارەكلىمىگەندىڭىز، ھەر ھالدا چاقلىق ئورۇندۇقۇمنى بولسىمۇ مۇبارەكلىدىڭىز.

△ زېمىنىخان ھېسام ئولتۇرغان چاقلىق ئورۇندۇقنى ئەتىگەندە ئىتتىرىپ كوچىغا ئاچىقىپ قويۇپ، ئۆزى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋالغىلى كىرىپ كېتەتتى. بۇنداق

چاغلاردا مەھەللىدىكى كىچىك باللار ھارۋىنى ئىتتىرىپ ھېسامنى ئايلاندۇراتتى.

ــ ھېسامكا، نەگە ماڭدىڭىز؟ ــ دېدى شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىرەيلەن يولدا ھېسامغا.

ــ مەن ھېچ نەگە ماڭمىدىم، ــ دېدى ھېسام، ــ مېنى ئورۇندۇق ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مۇنۇ باللار مېڭىۋاتىدۇ.

△ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھېسامنىڭ يېنىغا ئۆزۈلمەي ئۇ ـ بۇ كېلىپ پاراڭلىشىپ ئۆتەتتى، چاقچاق قىلىشاتتى.

ــ ھېسامكا، بىر چاغلاردا ئۆيلەرگە چاق بېكىتسە دەپ چاقچاق قىلىپ يۈرەتتىڭىز، مانا ئەمدى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپسىز...

ــ ئاۋازىڭىزنى پەسرەك قىلىڭ، ــ دېدى ھېسام دەررۇ، ــ مۇشۇ گېپىڭىزنى زېمىنىخان ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئاساسىي قاتلامغا دەپ ئۇنىمۇ قىلدۇرۇشتىن يانمايدۇ.

△ ھېسامنى چاقلىق ئورۇندۇقتا كوچىدا كۆرگەن جەنۇبلۇق ساياھەتچىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلمەي خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ، يانچۇقىغا بىرەر ـ ئىككى يۈز كوي پۇل سېلىپ كېتىشەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئادەم ھېسامدىن ئەھۋال سورىدى:

ــ ھېسامكا، مۇشۇ كۈنلەردە ئىشلىرىڭىز قانداقراق؟ بىرەر دۇكان ـ مۇكان ئېچىۋالمىدىڭىزمۇ؟

ــ دېمەيلا قويۇڭ، ــ دېدى ھېسام جاۋابەن، ــ نەچچە يىلدىن بېرى ماڭالمايمەن دەپ ئۆيدە بىكار

ئولتۇرۇپتىمەن، ئاچىدىغان دۇكان چاقلىق ئورۇندۇقكەن ئەمەسمۇ!

△ ھېسام خەقلەرگە پاراڭ قىلىپ بەردى:

— بىزنىڭ مۇشۇ زېمىنىمىزنىڭ ئاجايىپ خوتۇن، ئاخشام ئۆيدە ئولتۇرسام «ھېسام، مۇنۇ ئۆپكە ـ ھېسىپچى قوشنىمىز ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، سىز ئولتۇرامسىز؟» دەيدۇ، «ئۇغۇ كەچ بازاردا ئۆپكە ـ ھېسىپ ساتىدىكەن، مەن نېمىش قىلىمەن؟» دېسەم، «تۇرپاندىن، قەشقەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئاخشىمى كوچىغا چىقار؟...» دەيدۇ...

△ بىر ئەمەلدار كوچىدا ھېسام بىلەن بەس ـ بەستە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋاتقان ساياھەتچىلەرنى كۆرۈپ، ئەتەيلەپ شوپۇرغا پىكاپىنى توختاتقۇزۇپتۇ ـ دە، ھېسامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھە ھېسام، بازار ئىنتايىن چاپ ـ چاپ ئىكەنە؟ — دەپتۇكەن، ھېسام شۇ ھامان:

— بىراق شۇ تاپتا بۇ ئورۇندۇقتا ئۆزىڭىز ئولتۇرغان بولسىڭىز، كاسات بازارنى شۇ چاغدا كۆرەتتىڭىز، — دەپتۇ.

△ جەنۇبلۇق بىر ياش ساياھەتچى ھېسام بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا ئىككى يۈز سوم تەڭلەپ، توساتتىن ھېسامغا چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭغا دېدى:

— ھېسامكا، تالون بېرەمسىز، بۇدا مەن خىزمەت بىلەن چىققان، قايتقاندا ئاتچوت قىلدۇراتتىم.

ھېسامنىڭ غەم تارتماي پۇلنى ئالغاچ:

— تالون يوق ئىدى، ئۇكا، بىراق مەن بىلەن چۈشكەن

سۈرىتىڭنى ئاپىرىپ باشلىقىڭغا كۆرسەتسەڭ، سۈرەتنىڭ كەينىگە تەستىق سېلىپ بېرىدۇ، ــ دېدى.

△ بىرنەچچە ئۇششاق بالىلار ھېسام ئولتۇرغان چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ يولدا خېرىدار چاقىرىپ مېڭىپتۇ:

ــ ھېسام يۈز، مانا ھېسام يۈز...

بىر مويسىپىت يولدا كېلىۋېتىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

ــ ھېسامىدىن، بۇ بالىلار ھېسام يۈز، ھېسام يۈزلا دەيدۇ، نېمە دېگىنى ئۇ؟

ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

ــ بۇلار ماڭا بەك ئامراقچۇ، ھاجىكا، شۇڭا «ھېسامكام يۈزگە كىرگەي» دەپ خۇدايىمدىن تىلەۋاتىدۇ...

ــ ئامىن! ــ دەپتۇ ھاجىم.

△ ھېسام بىر كۈنى تالادا، چاقلىق ئورۇندۇقتا مىجەزى يوق، پەرىشان ئولتۇرسا بىر قىلىقسىز ياش ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە:

ــ ھېسامكا، ئىككىمىز بىر سۈرەتكە چۈشۈۋالامدۇق؟ ــ دەپتۇ.

ــ بۈگۈن دۇكان تاقاق، ئۇكا، ــ دەپتۇ ھېسام دەررۇ، ــ باشقا كۈنى تالون كەستۈرۈپ كەلگىن!

△ ھېسامنى خېلى كۈنلەر تالادا كۆرمىگەن بىرى بىر كۈنى ئۇنى ئولتۇراق رايونىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپ قېلىپ، ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

ــ ۋاي ھېسامىدىن، ئەجەب يالغۇز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ؟

— زېمىننىخان بىلەن گەپ تالىشىپ قالغانىدىم مەشەگە ئاچچىقىپ قويدى،— دەپتۇ ھېسام،— كەچتە ئاچچىقى يانغاندا ئۆزى چىقىپ ئەكىرىپ كېتىدۇ.

△ مەھەللىدىكى بىر يىگىت ھېسام ئولتۇرغان چاقلىق ئورۇندۇقنى ئۇيان - بۇيان سۆرەپ، ساياھەتچىلەر بەرگەن پۇلدىن قايرىپ يامان ئۆگىنىپ قاپتۇ.

بىر قېتىم بىر ساياھەتچى بالىچاقىسى بىلەن ھېسامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپتۇ - دە، خۇشاللىقىدا ھېسامغا پۇل تەڭلەپ:

— ھېسىماخۇنكا،— دەپتۇ،— بۇ كىچىككىنە كۆڭلۈم ئىدى، سىزگە بەرسەم سەت بولارمۇ؟

— ياق،— دەپتۇ ھېسام دەرھال،— ئۇقۇشماي يېنىمدىكى قويمىچىغا بەرسىڭىز سەت بولىدۇ.

△ بىر قېتىم بىر يىگىت ئىشقىيار نامەتنىڭ لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ، مەھەللىگە كېلىپ ھېسامدىن سورىدى:

— ھېسامكا، ئىشقىيار نامەت يامانمۇ، سەن يامانمۇ؟

ھېسام جاۋاب بەردى:

— ئىشقىيار تاجىۋاي مەھەللىسىنىڭ يامىنى، مەن سۇ دەرۋازىسىنىڭ يامىنى.

— △ ھېسامكا، ماخمۇتكام ئىشقىيارنىڭ بەزى چاقچاقلىرىنى سىزنىڭ چاقچاقلىرىڭىزغا قوشۇۋېتىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپلەر سىزنىڭ بولۇپ كەتتىما؟— دەپ سورىدى بىرى.

— ياق،— دېدى ھېسام،— كېيىن ئىگىسى تونۇپ قېلىپ، پەيزاۋاتتىن كېلىپ ئېلىپ كەتتى.

△ بىر قېتىم بىر سورۇندا ياش چاقچاقچىلاردىن بىرى ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلاش مەقسىتىدە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ ھېسامكا، ئاڭلىسام ئىشقىياركام ئاتمىش يەتتە يېشىدا قەشقەردىن غۇلجىغا چىقىپتىكەن، سىز ئاتمىش يەتتە يېشىڭىزدا غۇلجىدىن قەشقەرگە ئويۇن قويغىلى بېرىپسىز، ئىككىڭلار مەسلىھەتلىشىۋالغانمۇ ـ يا؟

ــ ياقەي،ــ دېدى ھېساممۇ دەررۇ،ــ ئىشقىيار ماڭا دەپ قويماي چىقىپتىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭغا دەپ قويمايلا بېرىۋەردىم.

△ بىر ياش يىگىت مەلۇم سورۇندا ھېسامنىڭ چاقچىقىغا ئىشقىيار نامەتنىڭ چاقچىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ قويۇپ، كېيىن:

ــ ھېسامكا، مۇشۇ سىزنىڭ چاقچىقىڭىزما؟ــ دەپ سوراپتىكەن، ھېسام دەررۇ:

ــ ياق، يېرىمى ئىشقىيارنىڭ، يېرىمى مېنىڭ چاقچىقىم،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

△ ــ ھېسامكا، ئىشقىيار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغانمۇسىز؟ــ دەپ سوراپتۇ بىر قىزىققاق يىگىت.

ــ بىر سورۇندا ئولتۇرمىغان،ــ دەپتۇ ھېسام جاۋابەن،ــ ئەمما مۇسانىڭ چايخانىسىدا بىردەم ئۆرە تۇرۇشقان!

# ۋاپۇرۇشلۇق

1970 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

ئـەتىگەنىنىڭكىياقى چىقىۋاتقان ئاچچىق، ئىزغىرىن شامال يۇزلەرنى ھەرىدەك چېقىپ، يولدىكى توپا، ئەخلەتلەرنى توزۇتۇپ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بىر بىزەۋتەلىك ياغدۇراتتى. كوچىدا ئادەم شالاڭ، تاجىۋاي مەھەللە ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققان ئىككى ئادەم بىردەم يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇزايىدىن نېمىدۇر بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار دەل ئوقۇرمەنلىرىمىز ئىلگىرىكى بابلارنىڭ بىرىدە تونۇشۇپ ئۆتۈپ كەتكەن خۇشخۇي كادىر ۋە ئېگىز بويلۇق، بۇدۇر چاچلىق، سالاپەتلىك مۇلايىم كادىر — تاجىۋاي مەھەللىسىگە بۇ قېتىم يەڭگۈشلىنىپ كەلگەن كادىرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئىككىيلەن بۇگۈنكى پىلان بويىچە مەھەللىنى بىر باشتىن ئايلىنىپ، ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلام دائىرىسىدە «ئۆزگەرتىپ تۈزەش» نىشانى بولۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشماقچى بولغانىدى.

— خوش، سابىرجان، نەدىن باشلايمىز؟ — دېدى مۇلايىم كادىر، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىنىچە، — سىز بۇ يەرگە كونا، يولنى سىز باشلاڭ!

— ئۇنداق بولسا، — دېدى خۇشخۇي كادىر ئادىتى بويىچە جىلمىيىپ، — يېقىنراق، ئىشقىياركامدىنلا باشلايلى.

— تونۇگۇنىڭياقى گېپى بولۇۋاتقان ئىشقىيار نامەت دېگەن ئادەمدىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەترەت باشلىقى، — ئۇ ئادەمنى سىز يامانمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇۋەتتىڭىزغۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى بىر كۆرمىسىڭىز بولماس، ياقۇپجىنىكا؟ — دېدى خۇشخۇي كادىر ئالىقىنى بىلەن بۇرنىنى بىر سۇرتۇۋېتىپ، — ئۆيى مانا ئاشۇ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۆزىدىلا... ھوي - ھوي.... — بىردىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگەردى، — ئۆزىمۇ كېلىپ قالدىغۇ ئەنە ئاياقتىن... ئەتىگەندىلا بازارنى بىر پىرقىرىۋېتىپ كەپتۇ - دە، ئەنە... ئاۋۇ ئېشەكلىك، شۇ...

ئەترەت باشلىقى كوچا ئېغىزى تەرەپتىن كېلىۋاتقان، ئېشەك مىنگەن ئادەمگە يالت ئېتىپ قارىدى، ئېشەكلىك كىشى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى، يىراقتىنلا ئۇنىڭ دولىسىغا ئارتىلغان ئىككى پاي ئاياغ نېرى - بېرى پۇلاڭلاپ، كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇراتتى.

— موزدۇزمۇ بۇ ئادەم؟ — دەپ، نەزەرىنى ئېشەك مىنگەن كىشىدىن ئۈزمەي سورىدى ئەترەت باشلىقى ھەمراھىدىن، — ئۆتۈك - پۇتۇك تىكەمدۇ؟

— تىكمەيدۇ، ساتىدۇ، ۋاپۇرۇش، ھەممىنى قىلىدۇ... — دەپ چاقچاق ئاھاڭدا جاۋاب بەردى خۇشخۇي كادىرمۇ ئېشەكلىككە بولجىماي قارىغىنىچە، كېيىن ئۇ تەرەپكە قاراپ توۋلىدى، — ھە، ئىشقىياركا، بۇياققا كەلسىلە، بىز سىلىنى ساقلاپ تۇرغان...

ئېشەكلىك ئادەم، يەنى ئىشقىيار نامەت بۇ گەپنى

ئاڭلىدى ـ دە، دەررۇ ئىككى پۇتى بىلەن تېپىنىپ، چۇلۇۋۇرنىڭ بىر تەرىپىنى تارتىپراق «خې ـ خې...» لىدى، ئېشەكمۇ سەل بويۇنداپ، قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ئىككى كادىر تەرەپكە يېقىنلاشتى. ئۇستىدىكى ئادەم ئېشەكتىن چۇشۇشكە تەمشەلدى.

ـــ ياق... بولدى، بولدى چۇشمىسىلە!ـــ دېدى ياقۇپجان ئىسىملىك كادىر،ـــ مۇشۇنداق پاراڭلاشساقلا بولۇۋېرىدۇ،ـــ شۇ گەپنى قىلغاچ، ئۇ ئېشەك ئۇستىدىكى ئادەمگە قىزىقىش نەزىرىنى يوشۇرالماي، باشتىن ـ ئاياغ سەپسالدى، كۆز ئالدىدا پەقەت قەشقەرنىڭ بىرەر چەت ـ ياقا يېزا يولىدا كېتىپ بارغان ئادەم جۇسۇنلىنىپ تۇراتتى. ئالدى ئېچىلىپ تۇرغان كىيىملىرى، قاسقان تۇمىقى، چاڭ ـ توپىدا ئاقىرىپ كەتكەن پوپۇشتەك ئايىغى... يەنە ئېشەك ئۇستىدە ئولتۇرۇشلىرىغىچە...

ئىشقىيار نامەت ئالدىدىكى بىرى تونۇش، بىر ناتونۇش ئىككى كادىرغا كۆكۆچ كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ، ساقاللىق يۈزىگە سەل ـ پەل جىلمىيىش ئالامىتىنى يۇگۇرتكىنىچە بىر قولىنى مەيدىسىگە قويدى ـ دە:

ـــ نېمە ئىشتىكىنا، كادىرلىرىم؟ـــ دەپ سوزۇپقىنا سورىدى.

ـــ باشقا ئىش يوق،ـــ دېدى ياقۇپجان ئىشقىيار نامەتنىكى جىددىيلىكنى دەررۇ بايقاپ،ـــ پەقەت سالاملىشىپ، ئالدىن بىر تونۇشۇپ تۇرايلى دېگەنىدۇق، ئەتىگەندىلا بازاردىن يانغانلىقلىرىغا قارىغاندا ئالدىراش بىر ئىش بىلەن قايتقان ئوخشايلا، خېرىدار سورىغان ئاياغ ئۆيدە قاپتۇمۇ يە؟

ئىشقىيار نامەت ئالدىراشچىلىقتا ئۆزىنى توسۇۋالغان

ئىككى ئادەمگە ھەقىقەتەن سەل جىلچىلىكتە پاراڭ قىلىشقا تەييارلانغانىدى، بىراق مۇلايىم كادىرنىڭ ئەۋلىيادەك تاق ئىشنىڭ تۆپىسىدىن چۈشكىنىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى، توغرىسى سەل تەمتىرىدى.

— را... راست دەيلا، كادىر ئەپەندىم، خېرىدارنىڭ سورىغىنى ئۆيدىكى بىر ئاياغ ئىدى، شۇنى دەررۇ ئاپىرىپ بېرىۋېتەي دەپ شۇ...

— ئۇنداق بولسا يوللىرىدىن قالمىسىلا، تىرىكچىلىك مۇھىم، — ياقۇپجان كادىر چىرايىدىكى مۇلايىملىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىنىچە ئالدىراپ سۆزلىدى، — بىز مەشەدە بار ئادەملەر، ئالدىرىماي سۆزلىشۋالىمىز، ئوقەتنى ئوبدان پۇتكۈزۈپ، باللارنىڭ غېمىنى قىلىۋېتىپ، ئەتە ـ ئۆگۈن بىكار بولغانلىرىدىلا دىككىدە بىر ئاساسىي قاتلامغا يولۇقۇۋېتەرلا، پاراڭلىرىمىز بار...

— تولا ئوبدان، تولا بەلەن، — دېدى ئىشقىيار نامەت بېشىنى كەينى ـ كەينىدىن لىڭشىتىپ، شۇ پەيتتە كۆڭلىدىن «مانا بۇنداقلىرىمۇ كېلىدىكەنغۇ كادىر دېگەننىڭ... ماۋۇ كۈلۈپلا تۇرىدىغىنىمۇ خېلى بولىدىغان نېمىدى، بۇمۇ بولىدىكەن» دېگەن خىيالنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئاڭغىچە خۇشخۇي كادىر گەپكە ئېغىزلىنىپ قالدى.

— راستلا، ئىشقىياركا... بۇ كىشى بۇ مەھەللىگە كەلگەن كادىرلارنىڭ باشلىقى، ئىسمى ياقۇپجان... ياقۇپ دۈيجاڭ بولىدۇ، ئىشلىرى پۈتكەندە بىللە پاراڭلىشارمىز!

— تولا ئوبدان! — دېدى ئىشقىيار نامەت يەنە بىر قېتىم ۋە ئىككىيلەنگە يەنە بىر قېتىم سەل تەۋازۇلۇق

بىشىنى ئىگىپ قويۇپ پۇتلىرى بىلەن ئىشەكنىڭ بىقىنىغا تەپتى، ــ خىخ قوتۇر...

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئوڭ پۇتى سەل قاتتىراق تەگكەن بولسا كېرەك، باياتىن سالپىيىپ تۇرغان قىرچاڭغۇ سۇر ئېشەك بىر دىنىلا چاپچىپ، سول تەرىپىگىرەك ئېگىلىپ، تىرپاتاغا چۇشۇپ يۇرۇپ كەتتى، ياقۇپجان كادىر ئىشقىيار نامەتنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ دېگىنىڭلاردىن ئارتۇق ئادەم ئىكەن، بۇ ئادەمنى باشقۇرماق ئوڭاي ئەمەستۇ...

ــ شۇ ئەمەسمۇ، ــ دېدى خۇشخۇي كادىر جىلمىيىپ، ــ ئابلىپىزخان ئىداردە ئولتۇرۇۋېلىپ ھەر پو ئاتىدۇ، شۇنچە يىلنىڭياقى مۇشۇ مەھەللىدە تۇرۇپ بىلمىگەندەك... نى ـ نى بوران، جۇدۇنلاردا قاغجىراپ، پىشىپ كەتكەن ئادەم بۇ!

ــ ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ــ دېدى خىيال ئارىلاش ياقۇپجان، ــ ئادەم دېگەن سىرلىق مۆجىزە، مۇھىمى كۆڭلىنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىش كېرەك، كۆرەر ـ كۆرمەيلا ۋار ـ ۋۇر قىلىپ ۋارقىراشقا بولمايدۇ، ئىنسان ئەمەسمۇ.

ــ مانا بۈگۈنكىسىنى ئوبدان قىلدىڭىز، ــ دېدى خۇشخۇي كادىر، ــ بۇرۇن كەلگەن كادىرلار، بولۇپمۇ ئايرىم دۈيجاڭلىرى بۇ ئادەمنىڭ پوقىنى قاتۇرۇپ قويغان...

ــ خوش، ئەمدى بۇ ئادەمنىڭ قىلمىۋاتقان ئىرىكچىلىكلىرىگە كېلەيلى، ــ دېدى ياقۇپجان سۆزىنى بۇراپ، ــ ۋاپۇرۇشلۇق قىلىدۇ، يەنە نېمە ئوقەتلەرنى قىلىدۇ؟

— ئالدىغا ئۇچرىغان ئوقەتنى قىلىدۇ، — دېدى خۇشخۇي كادىر، — مەن بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ سانائەت كارخانىسىدا بوغالتىرلىق قىلاتتىم، ئىشقىياركام بىزنىڭ سانائەتتىمۇ ئىشلىگەن، بۇ گەپلەرنى دېيىشكىنىز بىر قىزىق ھېكايە... ئۇنى كېيىنرەك دەپ بېرەي، خوش، سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بەرسەم، بۇ ئادەمنىڭ قىلمايمەن، قىلالمايمەن دەيدىغان ئىشى يوق، ئەمما ھارامخورلۇق قىلمايدۇ...

خۇشخۇي كادىر شۇ گەپنى قىلدى ـ يۇ، تىلىنى چىشلىۋالغاندەك جىم بولدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇنداق گەپ ئاقمايتتى، بولۇپمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئادەملەر بۇنداق ھېسداشلىق گەپلىرىنى قىلسا ھەرگىز بولمايتتى.

ياقۇپجان كۈلۈپ كەتتى.

— ھېچقىسى يوق، سابىرجان، گېپىڭىزنى داۋام قىلىۋېرىڭ، بۇ گەپلەر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە، نېمە بولسا شۇنى دېگەن، دېيەلىگەن ئەۋزەل ئىدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى خۇشخۇي كادىر كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك، جانلىنىپ، — سىزنىغۇ مەن بىلمەنغۇ، لېكىن شۇنداق بىر ئادەملەرمۇ كېلىپ ـ كەتتى قاراڭ بۇ مەھەللىلەرگە، بۆكىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى كېسىدىغان، راستتىنلا پۈتلىشىپ يۈرسىمۇ قارىماستىن، يالغاننى ئىزلەپ يۈرىدىغان... ۋا قويۇڭ، ئادەم دېگەن مىڭ خىل بولىدىكەنغۇ!

— بايا دېگىنىم شۇغۇ، — دېدى ياقۇپجان، — سىز بىلەن بىز بۇ ئىشلارنى ئىچىمىزدە بىلسەكلا بولدى،

ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە بىر تارازا بار، شۇنىڭدا دەڭسەپ تۇرساقلا بولغىنى... پۇقراغا ئوڭاي ئەمەس، جان باقمىسا تېخى بولمىسا، جاھان تۇتمىسا تېخى بولمىسا...

ئىككى كادىر كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىنىچە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلىشىپ، سىردىشىپ كەتتى... كېيىن بىردىن يەنە قىلىدىغان ئىشلىرى ئەسلىرىگە كەلدىمۇ، مەسلىھەتلىشىۋېلىپ، مەھەللىنىڭ ئىچكىرىسىگە ــ يەنە بىر پاراڭلىشىش ئوبيېكتىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. بۇ چاغدا ئىشقىيار نامەت تاشلەپكىدىكى ۋاپۇرۇش بازىرىدا جاھاندارچىلىق غېمى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

كېسەلخانىدا يېتىش داۋامىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ كېيىنچە دوختۇرخانا ئەتراپىدا ئىككى ئىشنى قىلماقلىقنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىدا. ئەنە شۇ ئىككىنچى خىيالىنىڭ دالالىتى بىلەن، ئۆتكەندە ئۇ چايخانىنى نان بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا، ۋاپۇرۇش بازىرىدا ئاياغ كىيىم ئېلىپ ـ سېتىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلىغانىدى.

ۋاپۇرۇش بازىرىمۇ ئۆزىگە خاس بىر دۇنيا. بۇ يەردە پەقەت ئاياغ كىيىملەر سودىسى، مەسە، ئۆتۈك، باجىنگىر، توپلەي، غىغاق... نىڭ گەپلىرىلا بولىدۇ. ھەرخىل ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان تۈرلۈك پاسوندىكى ئاياغلار موزدۇزلارنىڭ قولىدىن ۋاپۇرۇشلارنىڭ قولىغا، ئاندىن خېرىدارنىڭ قوللىرىغا ئۆتىدۇ. ياماقتا ياماق چاپلىنىپ، كومۇل ـ شۇمۇل تىكىلگەن يېڭى ئاياغلار پەرداز قىلىنغان ئەسكى ئاياغلار بىچارە ھاجەتمەنلەرنىڭ قولىغا... ياق، پۇتلىرىغا ئۆتىدۇ.

«قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ» دېگەن ماقالدىكىدەك، بۇ يەردە ھەركىم ئۆز نىيىتىنى تېپىپ يېيىشكە، ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ھەل قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق، ئالارمەندىن ساتارمەن تولا، خېرىداردىن دەللال تولا بازارغا ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ دىيدىل مىجەزى ۋە گەپچىلىكى بىلەن بىرنەچچە كۈندىلا بېشىچە كىرىپ كەتتى... شۇنىڭ بىلەن ۋاپۇرۇش بازىرىدىمۇ بىرمۇنچە قىزىق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى.

بازاردا غەلىتە مىجەزلىك، تولۇقراق ئېيتقاندا، «ئەركەكزەدەك» بىر ۋاپۇرۇش بولۇپ، ياسىنىشلىرىدىن تارتىپ مېڭىشلىرىغىچە، ھەتتا گەپ قىلىشلىرىغىچە ئايال كىشىگىلا ئوخشايتتى. بازاردىكىلەر ئۇنى ئارقىسىدىن «مەينەم غىغاق» دەپ ئاتىشىپ، كۈلكە قىلىشاتتى. ئىشقىيار نامەتنىڭ ۋاپۇرۇش بازىرىغا ھەر كۈنى كېلىپ جان بېقىشى ئالدى بىلەن ئاشۇ مەينەم غىغاققا ياقمىدى.

ــ ماڭا قارا، تاغا، ــ دېدى بىر كۈنى مەينەم خوتۇنچىلاپ، ناز ئاۋازدا، ــ نېمە ئەمدى بۇ بازارغا ساقىلىڭنى ئۇچلاپلا كىرىۋالدىڭ؟ بىز جان باقىدىغان يەر بۇ!

ئىشقىيار نامەت ئالدىدىكى غەلىتە ئادەمگە مۇنداقلا بىر قارىدى ــ دە، جاۋاب بەردى.

ــ خاتىرجەم بول، مەن غىغاق ساتمايمەن، رابوتچىك ئۆتۈك ساتىمەن.

ئەتراپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، مەينەم ھېچنېمە بولمىغاندەك يەنە گەپ قىلدى:

— بۇ يەردە جان باقساڭ باج تۆلەيسەن جۇمۇ، تاغا!

— كىمگە تۆلەيمەن؟— دېدى ئىشقىيار نامەت،— يېڭى گەپقۇ بۇ.

— ئاشۇنداق يېڭى گەپلەر تولا بۇ يەردە،— مەينەم غىغاق ئىككى يېنىغا قىمداندى،— ماڭا تۆلەيسەن، سەن ئولتۇرۇۋالغان ئايەرچۇ، مېنىڭ بۇرۇنقى يېرىم ئىدى.

— ھېلىغۇ بۇرۇنقى يېرىڭكەن،— دېدى ئىشقىيار نامەت،— بۇرۇنقى ئېرىڭ بولسىمۇ تۆلىمەيمەن، يامان بولساڭ باشلاپ كەل!

پاراقلىغان كۆلكىلەر ئەتراپنى بىر ئالدى، بازاردىكىلەر سىياقى غەيرىي، گەپلىرى قالتىس ئۆتكۈر يېڭى ۋاپۇرۇشقا قايىللىق نەزەرلىرى بىلەن قارىدى، بۇ چاغدا مەينەم غىغاق مۇرىسىنى چايقاپ نەگىدۇر غايىب بولغانىدى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەمدىكى كۈنلىرى ئۆي بىلەن ۋاپۇرۇش بازىرى ئارىلىقىدا ئۆتىدىغان بولدى. ئاساسىي قاتلامدىن پات ـ پاتلا چاقىرىۋالىدىغان سۆھبەت، ئۆگىنىش كۇرسى، يىپەن يىغىنلىرىدىن كېيىنمۇ ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئۇدۇل بازارغا چاپاتتى. ئۇقەت قىلىپ ئۆيىنى گۈلدەك باقىدىغان ئادەم ھەرگىز بىرەر كۈن ئىش ـ ئوقەتسىز كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئۆيدىكى بار نەرسىگە قانائەت قىلىپ ئۆتۈشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ.

ئەمدىكى كۈنلەردە ئۆي بىلەن ۋاپۇرۇش بازىرى ئارىلىقىدا ماڭغاندا، ئۇنىڭ مۇرىسىدە بىر ـ بىرىگە ئىشنۇرلىرى باغلانغان ئاياغ كىيىملەر ھەرقاچان پۇلاڭلاپ تۇراتتى. مەيلى پىيادە، مەيلى ئېشەكلىك ماڭسۇن، قاتار

ئاياغلار مۇرىسىدىن ئايرىلمايتتى، بۇ بىر تەرەپتىن ئىشقىيار نامەتنىڭ «ئىلان»ى ئىدى. دەرۋەقە يولدا كېتىۋېتىپلا دائىم سودا بولۇپ تۇراتتى.

ــ تاغا، توختىسىلا، ئاياغنى ساتامىلا؟

ــ ساتىمىز، ئۇكام، بازار ئايلانغىلى چىققان ئاياغ ئەمەس بۇ...

ــ تاغا، ئاۋۇ ئاياغ نەچچە پۇل؟

ــ كىيىپ كۆرەملا يە... تۇتۇپ كۆرەملا؟

ــ تاغا، ماڭا كەلگۇدەك ئاياغ بارمىدۇ؟

ــ بولماي... دولامدا بولمىسا ئۆيدە بار، چەتكە چىقسىلا...

ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن ئىشقىيار نامەت يول بويى سودا قىلىپ ماڭاتتى. خېرىدار بولغۇچى گاھىدا ئۇنىڭ پاراڭلىرىغا قىزىقىسىنىپ، قايىل بولۇپ، خىجىل بولۇپ... بولسىمۇ ئالغۇسى ئانچە يوق ئاياغنى ئېلىۋېتەتتى يا بولمىسا دېگىنىدىن قىممەترەككە ئېلىۋالاتتى.

جاھان ئەنسىز، ۋەزىيەت چىڭ كۈنلەر بولغاچقا، ۋاپۇرۇش بازىرىدىمۇ ھېلى جيۇسادۇينىڭ، ھېلى يەنە بىر يەرلەرنىڭ ئادەملىرى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئوپۇر ــ تۆپۈر ئۆكسۈمەيتتى. بىر كۈنى جيۇسادۇينىڭ ئادەملىرى ئادىتى بويىچە توساتتىنلا تۆت تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ، بازاردا ئۇوقەت قىلىۋاتقانلارنى تۇتتى. بازار سەل تىنچلانغاندا، ئىشقىيار نامەت مۆكۈۋالغان يېرىدىن مۇرىسىگە ئېسىۋالغان ئاياغلار بىلەنلا چىقتى ــ دە، يولنىڭ چېتىدە تۇرغان، ئادەتتىكىچە كىيىنگەن بىر يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا سورىدى:

— ئوكام، كەتتىمو؟

ھېلىقى يىگىت قايرىلىپلا ئىشقىيار نامەتنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى. ئەسلىدە ئۇمۇ جىيوسادوينىڭ پايلاقچىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشقىيار نامەت ئامالسىز جىيوسادوي ئىشخانىسىغا باردى ۋە قاش قارايغاندا ھارغىچە تەربىيە ئاڭلاپ، ئاھانەت ئىشىتىپ، قۇرۇق قول ھالدا يېنىپ چىقتى.

ئىشقىيار نامەت شۇ ھالەتتە ئەلەم بىلەن تاجىۋاي مەھەللىسىگە كىرىپ، ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى، يولدا بىر تونۇش ئادەم يولۇقتى ـ دە، سورىدى:

— ئىشقىياراخۇن، بۈگۈن بازار تەرەپنى يامان قالايمىقان دەيدۇ، نېمىلەرنى كۆردىلە؟

— كۆرگەننى سورىماڭلار، — دېدى ئىشقىيار نامەت شۇ چاغدا، — ھېچقاچان كۆرمىگەن «كەتتىمو»نى كۆردۈم.

يەنە بىر قېتىم جىيوسادويدىكىلەرنىڭ قوغلىشىدىن قاچقان ئىشقىيار نامەت ئاياغ كىيىملەر سېلىنغان مىشكاپنى مۈرىسىگە ئارتىپ، بازاردىن بىر تار كوچىغا بۇرالدى ـ دە، بولالمىغان يېرىدە بىر پاكار تامدىن ئارتىلىۋىدى، تاھارەت ئېلىۋاتقان بىر بوۋاينىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى. بۇ تۇيۇقسىز پالاكەتتىن قورقۇپ كەتكەن بوۋاي ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئىشقىيار نامەت بوۋاينىڭ چۆگۈنىدىكى سۇدىن ئۇنىڭغا چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈردى، بىر چاغدا بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يائاللا، نېمە بالا بۇ؟ نېمە ئىش بولدى؟ — دېيىشىگە ئىشقىيار نامەت ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى.

— بولۇڭ، بۇرادەر، ماڭىمۇ سۇ چېچىڭ، — دېدى ئۇ.

بىر قېتىم ۋاپۇرۇش بازىرىدا خېرىدار ئىزلەپ يۈرگەن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئالدىغا توساتتىن تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى ئاكتىپ سىلىمئاخۇن چوقۇر ئۇچراپ قالدى. «ئېچىلىپ ـ سايرىغان» يىغىنلاردا ئىشقىيار نامەتتىن بىرنەچچە قېتىم ئاجايىپ دەككىسىنى يېگەن سىلىمئاخۇن كۆڭلىدە غۇم ساقلاپلا يۈرەتتى. ھازىرمۇ ئۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ مۈرىسىدىكى پوپۇشلارغا بىر قارىۋېلىپ، ئىشقىيار نامەتنى سوراق قىلدى:

ــ بازاردا خاتىرجەم ئوقەت قىلىپ، ھە! يىغىن دېسە بارمايدىلا، تۇتقىلى بولمايدىغان قانداق ئادەم سىلى؟

ــ رەنجىمەيلا، قوشنام،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت سىلىمئاخۇننىڭ چوقۇر يۈزىگە مىختەك قادىلىپ، بوينىنى سەل ئەگكىنىچە سۆزلەپ،ــ ئانام پەيزاۋاتتا مېنى ئاشۇنداق ئاسان تۇتقىلى بولمايدىغان سىلىق قىلىپ تۇغۇپتىكەن...

سىلىمئاخۇن قارىداپ، تەتۈر بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي بازاردا ئىشقىيار نامەتنىڭ قىزىق پاراڭلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغاندى. بەزىلەر ئەتەي كېلىپ ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ، ئاغزىنى تاتىلايتتى.

بىر كۈنى بىر موزدۇز ئىشقىيار نامەت زاكاز قىلغان ئاياغنى تىكىۋاتقاچ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ ئىشقىياخۇن، دەپ باقسىلا، جازانىخور ئۆلسە دوزاخقا كىرەرمۇ ياكى جەننەتكىمۇ؟

ــ ئاۋۋال جەننەتكە كىرىپ قاراپ باقىدۇ،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت،ــ ئۇ يەردە پايدا چىقمىسا، دوزاخقىمۇ كىرىپ كېتىۋېرىدۇ.

موزدۇز جان ـ جەھلى بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۆزلىرىنى توختىماي سۈرتكەچ:

ــ راست، راست!ــ دېدى.

يەنە بىر قېتىم بىر خېرىدار ئىشقىيار نامەتكە مەھەللىسىدىكى بىر خۇشامەتچىنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى، يەنە بىر ـ ئىككى ئادەم سورۇنغا كېلىپ قېتىلدى، گەپنىڭ تېمىسى توساتتىنلا يەر تەۋرەشكە ئۆزگىرىپ كەتتى. بايىقى خېرىدار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپ بۇ ۋەھىمىلىك گەپلەرنى ئاڭلاۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ ئىشقىيار نامەتنى ھەرقانداق نېمىنى بىلىدۇ دەپ ھۆرمەت قىلىدىغان بولغاچقا، سوراپ قالدى:

ــ ئىشقىيار ئەپەندىم، بىلەمسىلا، يەر نېمە ئۈچۈن تەۋرەيدىغاندۇ؟

ئىشقىيار نامەت دەررۇ خېرىدارنىڭ بايىقى پارىڭىنى ئېسىگە سالدى:

ــ بايا دېگىنىڭىزدەك، تەخسىكەشلەر دۈم چۈشۈپ تەخسىلىرى سۇنۇپ كەتسۇن دەپ تەۋرەيدۇ ـ دە، بۇرادەر!

ــ قالتىس گەپ، قالتىس گەپ!ــ دېدى خېرىدار خۇشاللىنىپ.

ئەقىللىك ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇشبۇ چاقچاقنىڭ مۇشۇ كىتابنىڭ بېشىدىراق بىر قېتىم دېيىلىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىرىگە ئېلىشىۋاتقان بولسا كېرەك! ئېپى كەلگەن پاراڭ قايتىلانسا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

بىر قېتىم ئىشقىيار نامەت ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئېشىكىگە ھەلەپ بېرىپتۇ، سۇغىرىپ، ئايغىنى تازىلاپ، ئالدىن ۋاقچەرەك، ۋاپۇرۇش بازىرى قايدىسەن دەپ

ماڭاي دەپ تۇرۇۋىدى، ھويلىغا ئىلگىرى زادىلا كۆرمىگەن، كادىر سۇپەت ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى.

— ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ يۈرىمىز، تاغا، — دەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى ئۇلاردىن بىرى، — قارىساق دەرۋازا ئوچۇقكەن، كىرىۋەردۇق.

ئىشقىيار نامەت ئۈن - تىنسىز ئىككى كادىرنى ئۆيگە باشلىدى، مۇنداق ھەرخىل سەۋەب، ھەرخىل ئىشلار بىلەن ئۆيگە كىرىپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە ئۇ كۆنۈپ كەتكەنىدى. بايىقى ئىككى كادىر ئۆيگە كىرىپ بوسۇغىدىلا، نامرات چىراي ئۆي ئىچىگە سەپسىلىپ قارىدى - دە، ئۇلاردىن بىرى ئىشقىيار نامەتتىن سورىدى:

— تۇرمۇشىڭىز قانداق، نەدە ئىشلەيسىز؟

ئىشقىيار نامەت تۇرۇپ كېتىپ جاۋاب بەردى:

— تۇرمۇشىمىز ھەرقايسىلىرى كۆرۈپ تۇرغاندەك، كادىرلىرىم، تەشكىلىمنى سوراشسىلا، ئوبلاستلىق ۋاپۇرۇش بازىرىدا ئىشلەيمەن.

# خۇدايىم بۇيرۇسا ئىرىك

ئىشقىيار نامەتنىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قىزىقىسىنىپ كۈلۈپ كەتكۈدەك ئىشلار كۆپ يۈز بەرگەن. تۆۋەندە شۇلاردىن بىرىنى ھېكايە قىلىمىز.

بىر كۈنى ئىشقىيار نامەت بازاردىن تازا ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىنمۇ ھەر دائىمقى ئادىتى بويىچە، خېلىغىچە ھويلىدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پىسىرلاپ يۈردى. ئۇنىڭ تار، سوزۇنچاق ھويلىسىنىڭ ئارقا تېمىغا تاقاپ، ئۆينىڭ كەينىگە جايلاشقان مال قوتىنىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ يىرىقىنى يېقىن قىلىدىغان ئېشىكى باغلاقلىق ئىدى. گاھىدا بۇ قوتاندا بىر ـ يېرىم قوي، پاقلانمۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى، ئېشەك جانىۋار بىلەن قوشۇلۇپ بەزىدە مال ـ ۋاران ئۈچ ـ تۆتمۇ بولۇپ قالاتتى. قايسىدۇر بىر كۈنلىرى ئىشقىيار نامەت يىراقىراق يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئېشىكىنى مىنىپ كېتىپ، كەچتە ئېشىكىنىڭ توقۇمىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، يالاق قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا، بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا ئائىلە ياكى بالىلىرى بولسۇن «ئېشەك قېنى؟» دەپ سوراشمايتتى. ئۇلار بىلەتتىكى، يولدا ئېشەككە كۆڭۈلدىكىدەك بىر خېرىدار ئۇچرىغان ۋە ئىشقىيار نامەت دائىملىق ئادىتى بويىچە پۇلىنى ساناپ ئېلىپ،

ئىشەكنىڭ توقۇمنى ئېلىۋېلىپ، بىر مەزگىل ئۆزىنى بازاردىن ـ بازارغا توشۇپ يۈرگەن زۇۋانسىز ھەمراھىنى باشقا بىر ھويلىغا ئۆزىتىپ قويغان بولاتتى. بىراق، ھەرقانداق شارائىتتا، ئىشقىيار نامەت توقۇمنى ياندۇرۇپ كېلەتتى. «ئىشەكنى توقۇمسىز يەتمىش تەڭگىگە، توقۇم بىلەن يۈز تەڭگىگە ئالىمەن» دېسىمۇ، ئون تەڭگىلىك توقۇمنى جەزمەن ياندۇرۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىشەكنى سېتىشقا بولاتتىكى، توقۇمنى ھەرگىز بىللە بېرىۋېتىشكە، سېتىشقا بولمايتتى، بولمىسا بازارنىڭ رىزقىنىڭ ئالدى ئېتىلەتتى، ئاتىسى نامەتئاخۇن رەھمەتلىك شۇنداق دەيدىغان، كىچىكىدىن تارتىپ ئىشقىيار نامەت بۇ ئەقىدىنى قۇلىقىغا قۇيۇۋالغانىدى.

مانا ھازىرمۇ، ئىشقىيار نامەت شۇنچە ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگىنىگە قارىماي، ئۆيگە دەررۇ كىرمىدى. قوتانغا كىرىپ، قارا پاقلاننىڭ يېنىدا تۇرغان سۇر ئىشكىنى بىر قۇر سىلاپ ـ سىيپاشتۇردى. ئىككى جانىۋارنىڭ ئايغىنى تازىلىدى، ئوقۇرغا چۆپ سالدى، يەنە نېمىلەرنىدۇر قىلىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە پىسىرلىدى.

ئىشقىيار نامەت ئۆيگە كىرگىنىدە زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، خىيال چۇلغىغان نۇرخان بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ھەدەپ پىلتە ئۇزۇۋاتاتتى. ئىشقىيار نامەت ئادىتى بويىچە سۇپىلىق ئۆينىڭ تۆرىگە ئۆتتى ـ دە، بۇگلۇك قىرىغا لەسسىدە ئولتۇردى. خېمىرنى كۆرۈپ، قورسىقى ئاچقانلىقىنى شۇ ئەسنادىلا ھېس قىلىپ قالدى. شۇ ھېسنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ، تاكى ھازىرغىچە، ئۆزى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ بىر ئېغىز زۇۋان

سۇرمىگەن قەدىناسىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ سورىدى:

— نېمە ئېتىۋاتىسىلەر؟

— لەگمەن، — دېدى نۇرخان شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېرىگە قاراپ قويۇپ، كېيىن مەقسەتسىزلا قوشۇپ قويدى، — ئابابەكرى ئەجەب يوقىلىپلا كەتتىغۇ!

— ئەجەب بەلەن تاماق ئېتىپسىلەر، — ئىشقىيار نامەت نۇرخانىنىڭ ئاخىرقى گېپىگە دىققەت قىلماي، باشتىكى گېپىگە ئىنكاس قايتۇردى، — خېلى بوپتىكەن لەگمەن يېمىگىلى، ئىككى تەخسە يېمىسەم... بۇگۈن قورساقمۇ تازا ئېچىپ كەتتىغۇ!

— خۇدايىم بۇيرۇسا دېسىلە، خۇدايىم بۇيرۇسا يەيمەن دېسىلە، — نۇرخان ئېرىنىڭ گېپىگە دەررۇ تۈزىتىش بەردى. بىراق، ئىشقىيار نامەت گېپىنى چاقچاققا يۆلىدى:

— سىلەر ئەتكەندىن كېيىن، مەن يەيمەن - دە، مەن يېمەي كىم يەيدۇ بۇ لەگمەننى...

— ئىشقىلىپ، خۇدايىم بۇيرۇسا دېسىلە، — نۇرخان يەنە تەكىتلىدى، كېيىن بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى، — ئابابەكرى ئەجەب كىرمەيدا، ئۇتۇن يېرىپ بەرسە بولاتتى، ئاش ئۆرلىتىدىغانغا ئوتۇن يوق دېسە، سىلىغۇ ئۇنداق ئىشلارغا مۇنداق ئېتىپ قارىمايدىلا، بازارغا چاپقان، بازارغا چاپقان...

باشقا ۋاقىت بولغان بولسا ئىشقىيار نامەت كەمدىن - كەم كايىپ قالىدىغان قەدىناسىغا باشقىچە پارالڭ قىلغان بولارئىدى، لېكىن ھازىر لەگمەننى چاپسانراق يەي دېدىمۇ، ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەن ياراي، مەن يىرىپ بىرەي ئوتۇننى...

شۇ گەپ بىلەن ئىشقىيار نامەت ھويلىغا چىقتى. قاش قارىيىپ كېلەتتى. ئۇ قاراڭغۇچىلىقتا بىر نىمىلەرنى قىلىپ ئوتۇن يېرىۋاتاتتى، دەرۋازا تۇساتتىن ئەنسىز تاراقلاپ ئېچىلدى. ئېڭىشىپ ئوتۇن يېرىۋاتقان ئىشقىيار نامەتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى ئابابەكرىنىڭ دەرۋازا ئېچىشىغا ئوخشاشمايتتى. ئاڭغىچە نېرىدىن قوپال بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كىم ئۇ يەردىكى؟ ئىشقىيارما؟

— ئىشقىياركامما دەڭ!— ئىشقىيار نامەت شۇ تاپتىمۇ تەئەددىنى ئۇنتۇمىدى، قوپال ئاۋاز ياش ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىدى، بۇنىڭغا ئىشقىيار نامەت تۆزمەيتتى... نېرىدىكى ئاۋاز ئىگىسى، توغرىسى ئىككى ئادەمنىڭ بىرى يېقىنلاپ كەلدى، بىراق بۇ قېتىم سەل ئەدەپلىك بولدى.

— بىز بىلەن ساقچىخانىغا بارىدىلا،— دېدى ئىشقىيار نامەتتىن سەل نېرىدا توختاپ ساقچى بالا، نېرىدىكىسىمۇ يېقىن كېلىپ توختىغانىدى (ئىشقىيار نامەت قولىغا قولچىراغ ئالغان ئۇ ساقچىنىڭ قوتان تەرەپتىن چىققىنىنى كۆرمەي قالدى)،— ئېنىقلايدىغان جىددىي ئىش بار.

ئىشقىيار نامەت قورقۇپ كەتمىدى - يۇ، سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى:

— مۇشۇ تاپتىلىما؟— دەپ سورىدى.

— مۇشۇ تاپتا،— دېدى يەنە بىر ساقچى، پۇقراچە كىيىنىۋالغىنى،— قېنى يۈرسىلە، ماڭايلى!

ئىشقىيار نامەت كەينىگە ئۆرۈلۈپ، يەتتىنچى

لامپىنىڭ سۇس يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان دېرىزىگە قارىدى ـ دە، ئىككى ساقچىغا يېقىنراق كەلدى.

ــ ئەته ئەتىگەندە بارسام بولماسمۇ، ئۆكىلىرىم؟

ــ بولمايدۇ، ــ دېدى ئاۋۋال گەپ قىلغىنى، ــ سوجاڭ ساقلاپ تۇرىدۇ...

ــ مەن بىلەن... مەندىن سورايدىغان نېمە ئىشكىنا ئۇ؟ ــ ئىشقىيار نامەت تېخىچىلا ئىسەنكىرەپ تۇراتتى.

ــ بارغاندا دېيىشىمىز، سوجاڭ دەيدۇ، قېنى، قېنى ماڭايلى! ــ بايىقى ساقچى تاقەتسىزلەندىمۇ، ئىشقىيار نامەتنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتتى. ئاڭغىچە ئىشقىيار نامەتمۇ زاۋالدىكى بۇ تويۇقسىزچىلىقتىن ئەمدىگىنە ئېسىنى تېپىپ، «نېمە بولسا بولمامدۇ، بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەنغۇ مەن!...» دېگەندەك، ئۇنچىقماي ئىككى ساقچىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. بىراق، يۈرىكىدە بىر خىل ئەلەم، يەنە بىر خىل گاڭگىراش، چۈشەنمەسلىك غالىب ئىدى.

كوچىدا ئىنسى ـ جىن يوق ئىدى، قاراڭغۇدا ئىشقىيار نامەتنىڭ بۇ ھالەتتە ماڭغىنىنى ھېچكىم كۆرمەي قالدى. ئىشقىيار نامەت يۈرىكى ئاجىز، قان بېسىمى پات ـ پاتلا ئۆرلەپ قالىدىغان ئايالىنى كەچ ـ پاتتا بولۇۋاتقان بۇ ئەنسىز ئىشتىن قورقۇپ، يۈرەك ئاغرىقى قوزغىلىپ يېتىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنىنى چىقارماستىن، دەرۋازىنىمۇ تاراقلاتماي ئاستا يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، لېكىن كۆزى كەينىدە كەتتى.

شۇ تاپتا ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ ساقچىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ساقچىخانىغا ماڭغىنىنى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھېچقايسىنىڭ كۆرمەسلىكىنى تىلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن

تەڭلا، دائىم مۇنداق كەچ قالمايدىغان ئابابەكرىنىڭ شۇ ئەسنادا پەيدا بولۇپ قېلىشىنى كۆڭلى تولىمۇ ئىستەيتتى (بۇ ئابابەكرىنىڭ ئايالى تۇغۇتلۇق بولۇپ ئانىسىنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان چاغلار ئىدى). ئۇغلى پەيدا بولسا، ئۇنى نۇرخاننىڭ يېنىغا تاشلاپ، ئۆزى خاتىرجەم ماڭالايتتى، لېكىن مەھەللە دوقمۇشىدىن قايرىلغۇچە ئابابەكرىنىڭ ئىزنىشى بولمىدى.

ئىشقىيار نامەت چېلەك مەھەللىسى ساقچىخانىسىغا ئىلگىرىمۇ نەچچە قېتىم بارغانىدى. ئۆزى بىر ئىشلارنى ھەل قىلغىلىمۇ بارغان، قېتىمىر ساقچىنىڭ قىتمانلىقى بىلەن مەجبۇرەنمۇ بارغان... بۇگۈنمۇ كەچ قاراڭغۇسىدا ئۇڭغۇل ـ دوڭغۇل شېغىللىق يولدا پۇتلىشا ـ پۇتلىشا كېتىۋېتىپ، بۇنچە كەچتە ئۆزىنى ساقچىخانىدا كىمنىڭ سېغىنىپ ـ ئەسلەپ قالغانلىقىنى ئويلىدى. كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ بولىدۇ. ئىشقىيار نامەتنىڭ بەزى پەرەز، تەخمىنلىرى كۆپ ھاللاردا ئۆزى ئويلىغىنىدەك، ئۇختىسىغا چىقىپ قالاتتى، بۇ قېتىممۇ دەل شۇنداق بولدى.

تاجىۋاي مەھەللىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە، ئىشقىيار نامەتنىڭ ھويلىسىغا يېقىن يەردىكى بىر قورۇدا، ئالدىنقى كېچىسى بىر جۈپ ساغلىق يوقالغانىدى. ئىشقىيار نامەت دەل بازاردا تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەن چاغدا، بۇ دېلودىن خەۋەردار بولغان قىتمىر ساقچى قوي ئوغرىسى ھەققىدە ئاستىرتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. كەچكە يېقىن قىتمىرنىڭ قۇلىقىغا بىر مەلۇمات كېلىپ يەتتى. مەلۇمات بەرگۈچى باشقا بىرى ئەمەس دەل ھاۋاخان بولۇپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن

ئۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ ھويلىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قورۇ ئىچىدىن قوينىڭ ئەنسىز مەرىگىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەستىن ئۇ يوقالغان قويلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ مەھەللە ئايلىنىپ يۈرگەن قىتمىر ساقچىغا يولۇقۇپ قالدى. قىتمىر پوكزەكمۇ ئەسلىدە ئاساسىي قاتلامنىڭ «ئىشەنچلىك ئادەملىرى»نى ئىزدەپ يۈرگەنىدى. ھاۋاخان قىتمىر ساقچىدىن قوي دېلوسىنى ئاڭلىدى ـ يۇ، يادىغا دەررۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ قورۇسىدىن ئاڭلانغان قوينىڭ مەرىشى كەلدى.

ــ ئۇ ئىشقىيار دېگەن بويۇنتاۋ ئادەم جېنىنى ئاران بېقىپ يۈرگەن تۇرسا، ھويلىسىدىكى نەنىڭ قوينىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئۇ،ــ دېدى ھاۋاخان ئۇزۇن بوينىنى غازدەك قىتمىر تەرەپكە سوزۇپ، پىچىرلاپ. ئىشقىيار نامەتنىڭ بىرەر كوكۇلىسىنى تۇتۇۋالسام دەپ پايلاپ يۈرىدىغان ئىككى بەندە بىر يەرگە كەلگەنىدى. مەلۇماتنى ئاڭلاپ قىتمىر ساقچىنىڭ گۆشلۈك يۈزىگە بەزى كىنولاردىكى ئىشپىيونلارنىڭكىدەك غەر كۈلكە يۈگۈردى ۋە ئالمان ـ تالمان كەينىگە بۇرالدى...

ئىككى ساقچى بىلەن ئىشقىيار نامەت ساقچىخانىغا بارغاندا مۇئاۋىن باشلىق قىتمىر ساقچىخانىدا يوق ئىدى. ساقچىلار ئىشقىيار نامەتنى چەتتىكى بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، تام تۈۋىگە قويۇلغان ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ـ دە، ئۆزلىرى نېرىقى ئىشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئىشقىيار نامەت بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كېلىپ قالغىنىنى تېخىچىلا بىلەلمەي، ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تازىمۇ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

قورساقنىڭ ئاچلىقى بىلەن ھارغىنلىق غالىب كەلدىمۇ، بىر چاغدا ئۇ ئۆزۈن ئورۇندۇقتا قىسايغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ قانچىلىك ئۇخلىغىنى مەلۇم ئەمەس، بىر چاغدا ئۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلاردىن ئويغىنىپ كەتتى. ئىرغىپ تۇرۇپ قارىۋىدى، سول تەرەپتىكى ئىتتىك قەدەم ئاۋازلىرى بۇياققا يېقىنلاشتى، ئاڭغىچە بايا ئىشقىيار نامەتنى ئەكەلگەن ئىككى ساقچى بالا بىلەن يەنە بىرنەچچە ئادەم قولىغا كويزا سېلىنغان بىر ياش بالىنى ھەيدەپ ئەكىرىپ ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۇدۇلىغا، تام تۈۋىگە ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى.

ــ ئىشقىياركا، سىلى ئۆيگە قايتمۇەرسىلە،ــ دېدى شۇ چاغدىلا، كەچقۇرۇن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆيىگە بارغان ساقچى باللاردىن بىرى، قولچىراغ كۆتۈرۈپ قوتانغا كىرىپ چىققىنى،ــ ئىش تۈگىدى، سىلىگە ئەمدى ھېچ گەپ يوق...

ساقچى بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا، ئېرىقى تامنىڭ تۈۋىدە تۇرغان ياش بالىغا قارىدى ـ دە، كۆڭلى دەررۇ بىر نېمىنى تۇيغاندەك بولدى، لېپىدە ئورغۇغان بىر ئاچچىق بوغۇزىغا كېلىپ تاقاشتى، كۆڭلىدە بىر خورلۇقنى سەزدى. شۇ ھېسسىياتى بىلەن ئۇ ئالدىغا سەل مېڭىپ ساقچى بالىدىن سورىدى:

ــ قىتمىر سوجاڭ قېنى، مەن بىلەن شۇ ئادەم پاراڭلاشماقچىدى ئەمەسمۇ؟

ــ قىتمىركام يوق، بولدى قىلىڭ، ئىشقىياركا، بەزى ئىشلارنى دېمىسەكمۇ ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ! ھازىر سائەت

بىر بولدى، ئۆيگە قايتىپ ئارام ئېلىشقا، توغرا چۈشىنىڭ ـ ھە، خىزمەت ئەمەسمۇ، ماقۇلمۇ؟ ــ كەچقۇرۇننىڭياقى ئىشقىيار نامەتنى بىردە «سەن» بىردە «سىلى» دەپ سۆزلىگەن ساقچى بالا ئەمدى «سىز»لەشكە ئۆتكەنىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەچقۇرۇنقى ۋە باياتىن ئىشقىيار نامەت يالغۇز ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ ـ چىققاندىكى ئەلپازى يوق ئىدى. ئىشقىيار نامەت بۇنداق ئىشلارغا جىق يولۇقۇپ، كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇ تەتۈر زاماندا باشقا كەلگەن ھەر چوڭ ئىشلارغىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ئىشقىيار نامەت ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ ئىزغىرىن شامال چىقىۋاتقان تالاغا چىقتى...

شۇ ماڭغىنىچە ئەگرى ـ بۈگرى، تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ مەھەللىسىگە كەلدى. قاراڭغۇدا پىپاسلاپ دەرۋازا ھالقىسىغا قول ئۇزاتتى. دەرۋازا تاقالمىغانىدى. ئىشقىيار نامەت ھويلىغا كىردى، ئۇدۇلدىكى ئۆيدە يەتتىنچى لامپا تېخىچە ئۆچمىگەنىدى، بوۋاي ئىتتىك بېرىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېھتىيات بىلەن تاقىلداتتى. ئۆي ئىچىدە ئەنسىز بىر شەپە ئاڭلاندى، بىرى ئۇيقۇلۇقتا سۇپىدىن تاپىسىغا سەكرەپ چۈشتى، ئارقىدىن نۇرخاننىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ كىم ئۇ؟

ــ ئىشىكنى ئاچ، خوتۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا سېنىڭ ئېرىڭ! ــ دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇ.

ئاڭغىچە نېرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ غاچ قىلىپ ئېچىلغانىدى.

# مەھەللىدىكى قىزىق پاراڭلار

ئادەم بار يەردە ئويۇن ـ كۈلكە، گەپ ـ سۆز بولۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئىلى دىيارىدەك يىلىكى توق زېمىندا نەزىر دىمۇ، مازارلىقتىمۇ چاقچاق قىلىشىپ قويىدىغان ئىشلار ھەر دائىم كەمەس. ھەربىرىمىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىمىزنى، خام ـ خۇتىلىرىمىزنى ئىگىسى ئۆزى كەچۈرسۇن.

ئىشقىيار نامەت تاجىۋاي مەھەللىسىدە ياشىغان يىللاردا ئەنسىزچىلىكلەر ئاز بولمىسىمۇ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇرمۇشنىڭ قىزىقچىلىقلىرى ھەم كەم بولماي ئۆتتى.

تاجىۋاي مەھەللىسىنىڭ ياش باللىرى كېيىنكى يىللاردا ئىشقىيار نامەتنى بارغانسېرى ھۆرمەتلەيدىغان، مەھەللە دوقمۇشلىرىدا توپلاشقاندا ئىشقىيار نامەتنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى دېيىشىپ، ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزىلىرى تېخى ئىشقىيارچە مېڭىش، ئىشقىيارچە قاراش، ئىشقىيارچە گەپ قىلىش... لارنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدى. خۇددى ھازىرقى كۈندە سەھنىلەرگە گاھىبىر دورامچۇقلار چىقىپ ھېسامنىڭ ئاۋازىنى دوراپ «بىر كۈنى...» دەپ تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرگىنىدەك.

ــ ئىشقىياركام يېڭىدىن ئۆيلەنگەن يىللىرى، ــ دەپ

گەپ باشلىدى شۇنداق توپلاشما پاراڭلارنىڭ بىرىدە تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى ياشلارنىڭ قىزىقچىسى مەختۇم دېگەن يىگىت، شەكسىزكى، ئۇ شۇ تاپتا ئېيتىۋاتقان يۇمۇرىنى ئىشقىيار نامەتكە ئارتىپ ئۆزى توقۇۋالغانىدى،— بىرنەچچە قېتىم مەشرەپ، سورۇنلاردىن تازىمۇ كەچ قايتىپ، ئايالىدىن قورققانمۇ يە ئۇنى ئويغىتىپ ئاۋارە قىلماي دېگەنمۇ...

— ئاۋۇالقىسى!— دېدى گەپنى شارتتىدە بۆلۈپ، گەپ تىڭشاۋاتقان بالىلاردىن بىرى،— قورققان گەپا ۋاي!

— ھە، ماقۇل، قورققانمۇ دەپ تۇرايلى،— دېدى قىزىق بىر كۈلۈمسىرەپ مەختۇم ۋە شۇ ئارىدا ئىشقىيار نامەتنى دوراپ بوينىنى بىر ياققا قىسىپ قويدى، ياش بالىلار پاراقلاپ كۈلۈشتى،— شۇنىڭ بىلەن بەك كەچ قايتىپ، تامدىن ئارتىلىپلا چۈشۈپتىكەن، تېخىچە ئۇخلىماي ئېرىنى ساقلاپ تۇرغان يەڭگىمىزنىڭ ئالامەت ئاچچىقى كېلىپ كەتكەن گەپ!

«تامنى شورا قىلغۇچە دەرۋازىنى ئۇرسىڭىزلا مەن ئېچىپ بەرمەيتتىممۇ» دەپ كايىپ كېتىپتۇ يەڭگىمىز.

بىر كۈنلىرى ئىشقىياركامنىڭ ھويلىسىنىڭ يان تېمى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتقان ئىشقىياركام دەرۋازىنى گومۇلدىتىپ قېقىپتۇ. ئۇخلاپ قالغان ئايالى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ چىقىپ، ئاكىمىزغا كايىپ كەتكەن گەپ!

— تام ئۆرۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ دەرۋازىنى ئۇرغىنىڭىز نېمىسى، ئادەمنى ئاۋارە قىلغۇچە شورىدىن ئاتلاپ كىرىۋەرسىڭىز بولماسمىدى؟

— ئۆزىڭىز تامدىن ئاتلىماي، دەرۋازىنى قېقىڭ دېگەن ئەمەسمۇ!— دەپتۇ دەررۇ ئىشقىياركام ئايالىغا گەپ بەرمەي...

— ۋەيت!!— مەختۇمنىڭ توقۇلما چاقچىقى تۇگىشىگە دوقمۇشتا غۇلجىنىڭ مەشھۇر كۇلكىسى ياڭرىدى، كەينىدىن چاچما چاقچاقلارمۇ ئۇلىنىپ كەتتى:

— ئاكىمىزمۇ ئايالىدىن قورقىدىكەن دەڭلار!

— كوچىدا ھېچكىمدىن قورقمايدىغاندەك ماڭىدا...

— دېمىسەڭمۇ نى ـ نى كادىرلىرىڭدىن قورقمايدىغۇ!

— تېخى ئايالىنى سىزلەيدىكەن ـ ھە!

— ... ...

ياش بالىلارنىڭ مۇنداق بىر باشلانغان پارىڭى بىرى بىلەنلا تۇگەيدۇ دەمسىلەر، مەختۇمنى دورىغۇسى كەلگەندەك ھەم «كېكەچ گەپكە ئامراق» دېگەندەك، خىر ـ خىرلىقىغا باقماي پاراڭنى تولا قىلىدىغان ھېكىم خىر ـ خىر دېگەن بالا گەپنى تارتىۋالدى.

— مەنمۇ بىرنى دەي ـ ھە، ئەمما لېكىن بۇ نەق بولغان ئىش جۇمۇڭلار، مەختۇم بالىدەك توقۇغاننى تۇتمايمىز بىز... ھېلىقى يىللىرى، ئىسيانچىلار بازاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئىشقىياركامنىڭ قول ھارۋىسى بىلەن گۆشلىرىنى تارتىۋاپتۇ. خېلى جىق زىيان ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئىشقىياركام ئۇنىڭغا يالۋۇرا، بۇنىڭغا يېلىنا...

— ئىشقىيار نامىتىكام بىرىگە يېلىنمايدا ۋاي،— دېدى مەختۇم قاپىقىنى تۇرۇپ، ئۆپچۆرىدىكى بىرنەچچە بالىمۇ «راست، راست» دېيىشتى،— ئەللامىسىگە يېلىنمايدۇ، زاكونلىشىدۇ...

ــ ئەمدى پاراڭ دېگەن شۇنداق بولىدۇ دېگىنە، مەختۇم ئاداش،ــ دېدى ھېكىم خىر ـ خىر كۈلۈپ،ــ ماقۇل دەپ ئاڭلاپ تۇرە، سەن پاراڭ قىلغاندا بىز مەنپەر تاشلىمىغاندىن كېيىن... ھە، شۇنىڭ بىلەن ئىشقىياركام ھارۋىسى بىلەن گۆشلىرىنى تارتىۋالغان ئىسپانچىلارنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىغا بېرىپ، بىر كاتتىباشقا يولۇقۇپتۇ.

«بالام، مەن ئۇششاق باللىق ئادەم، تىرىكچىلىك قىلىمەن دەپ ئۆيۈمدە بېقىۋاتقان بىر چىشقاق توقلىنى سويۇپ سېتىۋاتقانىدىم، سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز ئەكەتتى. شۇنى بىر قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز» دەپتۇ... ھە، مەختۇمنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا يېلىنىپلا...

ــ ھەي خىر ـ خىر، تاپا ـ تەنەڭنى قويۇپ، نەق پارىڭنى قىلە!ــ دېدى مەختۇم. ھېكىم خىر ـ خىر دەررۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ ھەي قاراڭغۇ بازارچى، ھايانكەش ئۇنسۇر،ــ دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ئىسپانچىلارنىڭ باشلىقى،ــ سەن تېخى قايتۇرۇپ بېرىڭلار دەمسەنا؟ گۆشۇڭنى مۇسادىرە قىلدۇق، شۇ تاپتا قازاندا پىشىۋاتىدۇ، ماڭ يوقال، ھېلى بىكار...

«رەھمەت بالام،ــ دەپتۇ ئىشقىياركام شۇ چاغدا،ــ گۆشۇمغۇ قازاندا پىشىۋېتىپتۇ، بىراق شۇنى بىلىۋېلىپ كېتەي، ھارۋام قەيەردە پىشىۋاتىدۇ؟»

پىخىلدىغان كۈلكىلەر ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاڭلاندى. ئەسلىدە قاتتىق كۈلۈشكە تېگىشلىك ئۆتكۈر، ھازىر جاۋاب چاقچاقتىن قاتتىق بىر مۇڭ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئىلىنىڭ باللىرى قايسى گەپكە كۈلۈپ، قايسى

گەپكە سۆكۆت قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى... لېكىن ھېكىمخىمر ـ خىمرنىڭ پارىڭى تۈگىشىگە ئىشقىيار نامەتنىڭ ھەممە ئادەمگە ياد بولۇپ كەتكەن پاراڭلىرى يەنە داۋاملىشىپ قالدى.

ــ مەن بىرنى دەيمۇ؟ ــ دەپ قالدى ئىنچىكە بويلۇق، سېرىق چاچلىق بىر يىگىت، ــ دەيمۇ يە، مەختۇمكا؟

ــ دەۋەر، ئابدۇغېنى، گەپكە باج ئالمايمىز، ــ دېدى مەختۇم ئىسىملىك، تاجىۋاي مەھەللىسى ياشلىرىنىڭ يىگىتبېشى. سېرىق چاچ ئابدۇغىنى يۆتىلىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

ــ ئاجايىپ گەپلىرى بار ـ دە بۇ ئىشقىيار دېگەن بوۋاينىڭ... بىر قېتىم، خېلى يىللار بولدىغۇ، ئاساسىي قاتلامغا تونۇشتۇرۇش ئالاي دەپ كىرسەم، يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ كۆزئەينەكلىك بىر باشلىقى باردىغۇ، ئىسمى نېمىدا؟ ھېلىقى پوخۇر ئاداشچۇ، ھە، شۇ ئىشقىياركامنى چوڭ ئىشخانىغا چاقىرىپ ئەكىرىۋېلىپ سوراقا تارتىۋېتىپتىكەن، تاق ئۈستىدىن چۈشۈپ قاپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئىشقىياركامنىڭ قىزىق گەپلىرى ئەمدى چىقىدۇ، بىر ئاڭلايچۇ دەپ بىر چەتتە قاراپ تۇردۇم. ھېلىقى كۆزئەينەك بىر چاغدا ئىشقىيار بوۋاينىڭ تاق ئالدىغا كېلىپ، ئىككى قولىنى كىرەدەپ ئۈستەلگە تايىنىۋېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ـ دە، تەھدىت سالغاندەك ئاۋازدا:

«ھە، ھايانكەش ئىشقىيار، شۇ تاپتا نەدە ئولتۇرغىنىڭنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئىشقىيار نېمە دېدى دېمەمسىلەر؟

— ھە، نېمە دېدى؟ — دېيىشتى باللار تۈشمۇتۈشتىن، — گەپنى سوزماۋوي بازىمەنچى![1]

ئابدۇغىنى كۆلۈپ كەتتى ۋە گېپىنى داۋام قىلدى:

«نېمىشقا بىلمەيتتىم، — دېدى ئىشقىياركام دەرھال، — ئىككى پەنجىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىمەنغۇ!»

— ۋەيت!... — ياشلارنىڭ كۆلكىسى يەنە مەھەللىنى بىر ئالدى. كۆلكە ئارىسىدا دىقماق بىر بالا سۆز قىستۇردى:

— يەنە بىرنى دېگىنە، ئابدۇغىنى، يامان جىق بۇنىڭدا... ئىشقىياركامنى ئىچىپلا ئاپتۇ!

— ھە، دەرە، بازىمەنچى، — دېدى مەختۇم، — بۇداقى ئولتۇرۇشتا تۆپچى[2] مەھەللىدە ساتىدىغان مال كۆپەيسۇن!

— بىر قېتىم ماۋۇ ئىمرەمزىلەر بىلەن ئاساسىي قاتلامنىڭ ئالدىدا تۇرساق، بىزنىڭ خالتا كوچىدىكى ئەمەت ئەنسىز بارغۇ، ھە، شۇ بازار تەرەپتىن كېلىپ ئۇدۇل بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ توختاپ «دوختۇرغا بېرىپ كېلىۋاتىمەن قاراڭلار، ئۇكىلار...» دەپ ئەمدىلا گېپىنى باشلىۋىدى، ئاساسىي قاتلام دەرۋازىسىدىن بىرنەچچە ئادەم بىلەن ئىشقىياركام چىقىپ كەلدى، قولتۇقىدا يوغان بىر بوپا، كېيىن ئۇقساق «ئۆگىنىش كۇرسى»دىن ئەڭ ئاخىرىدا قويۇپ بېرىلىشى ئىكەن... ھېلىقى ئەمەت ئەنسىز دەيدىغان ئادەم ئىشقىياركامنى كۆردى ـ دە، بىزنى تاشلاپلا شۇ ئادەم تەرەپكە چاپتى.

---

① بازىمەنچى — ئاشخانىدىكى خېمىر ئۇستىسى.

② تۆپچى — غۇلجا شەھىرىدىكى قەدىمىي مەھەللىلەرنىڭ بىرى.

قىزىق گەپ ئاڭلايمىز دەپ بىزمۇ ئارقىسىدىن ئەگەشتۇق...

— قىزىق پاراڭ چىقىدىغان يەرگە ئۇلگۇرۇپلا تۇرسەن — دە، بازىمەنچى! — دېدى ھېكىم خىر — خىر بوغۇق كۇلگىنىچە.

— خېمىر نوچى — دە، خېمىر... — دېدى بايىقى دىقماق.

— جىم تۇرۇشە، خوش شۇنىڭ بىلەن؟... — مەختۇم جارا — پارانى جىم قىلدى. ئابدۇغىنى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى ئۇ ئەنسىز، تېخى بىر قولىدا ئىشقىياركامنىڭ قىش — ياز بېلىدىن يەشمەيدىغان پوتىسىدىن تۇتۇۋاپتۇ... ئىتتىك بېرىپ ئاڭلىسام، ئەمەت ئەنسىز ئىشقىيار بوۋايغا ھالىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

«ئىشقىياركا، سىلى كۆپنى كۆرگەن دانا ئادەم، ماڭا بىر مەسلىھەت بەرگەچ، سوئالىمغا جاۋاب بەرسىلە، شۇ تاپتا دوختۇرخانىدىن كېلىۋاتىمەن قارىسىلا، بىر ئاي بولدى، مەيلى ئۆيدە ياتاي، مەيلى سالقىنداپ ھويلىدا ياتاي، زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتىمەن دېسىلە، ئۇيقۇسىزلىق بىر بالا بولدى، بېشىم گاراڭ... شۇڭا دوختۇرغا بېرىۋىدىم، ئادەم زادى قانداق قىلسا، قايسى كۇنى خاتىرجەم بىر ئۇخلار؟»

ھەممىمىز تەڭ ئىشقىياركامغا قارىۋىدۇق، بوۋاي قولتۇقىدىكىنى بىر ئوڭشاپ قويۇپ:

«ئۆگىنىش كۇرسى»دىن چىققان كۇنى، ئىنىرى ئۆتە!» دەپ ئەمەت ئەنسىزنى ئىتتىرىۋېتىپلا كېتىپ قالدى...

— ھا ـ ھا ـ ھا...— بۇ قېتىم كۈلكە ساداسى باشقىچە بولدى، بۇ كۈلكىدە قايىللىق، مەمنۇنلۇق ئىپادىلىرى ئۇرغۇپ تۇراتتى. كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ كۈلۈۋاتقان دىقماق بىر چاغدا، كۈلكىلەرنىڭ بېسىقىشىغا گەپكە ئېغىز ئۆمەللەپ قالدى.

— «بىزدىمۇ بىر پىكىر ياتىدۇ» دەپتىكەن ھېسامكام، مەندىمۇ تۇتۇلمىغان بىر يېڭى گەپ، ئىشقىياركامنىڭ پېچەت چاقچىقى ياتىدۇ... دەيما؟

— دە، ئاران بىر گەپ قىلغاندا سەن،— دېدى مەختۇم،— باللىرۇي، پاكارراق يۇمۇردىن بىرنى ئاڭلايمىز جۇمۇ ھازىر، دىققەت!

كۈلكە سادالىرى ئارىسىدا دىقماق بالا ئىشقىيار نامەتتىن پاراڭ باشلىدى:

— بىر قېتىم مۆمىنجىنكامنىڭ ساتىراشخانىسىدا بەش ـ ئالتىمىز نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغانىدۇق، ساتىراشخانىغا لوڭگىدە قىلىپ ئىشقىيار بوۋاي كىرىپ قالدى. سالام بىلەن تۆرگە ئۆتكۈزدۇق، بىكار ئولتۇرغىچە دېدىمۇ، چوڭلار ئىشقىياركامنى گەپكە سالدى.

«ئىشقىياركا، ئۆمرىڭىزدە چاقچاقتىن لوقىدە پايدا كۆرگەن ۋاقتىڭىز بولغانمىدى؟» دېدى بىرنەچچە گەپلەردىن كېيىن، قولى ئىشتا، مۆمىنجان ساتىراچ. بوۋاي بىلەن بەك يېقىنچۇ ئۇ ئادەم.

«بولمامدىغان،— دېدى ئىشقىياركام گەجگىسىنى تاتىلاپ قويۇپ،— بىلىسىلەرغۇ، بىر گەپ باشلىسىلا يە بويىنىنى قىسىدۇ، يە گەجگىسىنى بىر تاتىلاپ قويىدۇ ئۇ ئادەم... شۇنىڭ بىلەن، «بولمامدىغان» دەپلا گېپىنى

باشلىدى، ــ بىر قېتىم ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدىكى موللىەم تۇماقچىدىن بەش سومغا كېلىشىپ بىر تۇماقنى نېسىگە ئالدىم ـ دە، بازارغا ئاپىرىپ ئالتە سومغا گۇپپىدە ئۇرۇۋېتىپ، پۇلىنى خەجلىۋالدىم.

موللىەم تۇماقچى مېنى كۆرگەن يېرىدە پۇلىنى نەچچە سۇيلەپ ئالالمىدى. بىر كۈنى بىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە، بىر دەستە تۇماق كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان يېرىدە يەنە ئۇچراپ قالدى ـ دە، دەررۇلا ھېلىقى يامىقىنى سورىدى. مەنمۇ گەپنى چاقچاققا بۇراپ «ۋاي موللىەم بۇرادەر، قىرىق يىل كېزىپ بولۇپ، مويى قالمىغان ئەسكى تۇماقنى ئەجەب ئۇنتالمىدىلىيا!» دېۋىدىم، موللىەم غەزەپتىن تىترەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، قولىدىكى تۇماقلاردىن بىرىنى ئاتتى... تۇتۇۋېلىپ ئۇدۇل تۇماق بازىرىغا ماڭدىم.»

ــ ھا ـ ھا... ۋەيت!... ــ دىقماقنىڭ يېڭىياچە پارىڭى يەنە بىر قېتىم كۈلكە قوزغىدى، بۇ كۈلكىلەر ساتىراشخانىدىكى كۈلكىنىڭ داۋامى ئىدى.

تاجىۋاي مەھەللىسىنىڭ ھەربىر ئۆيى، ھەر دوقمۇشى، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا مانا شۇ تەقلىدتە، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاچچىق كۈلكە، ئازادە كەيپىيات قوزغىتىدىغان پاراڭلىرى ھەر دائىم بولۇپ، سۆزلىنىپ، ئۇستىگە يېڭىدىن ـ يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ... كىشىلەرنى يېڭىدىن ـ يېڭى تەسىراتلارغا بۆلەپ تۇراتتى. ھەتتا خاس ئاياللار سورۇنلىرىدىمۇ، گەپ ئارىلىقلىرىدا بۇ «ئاچچىقى يامان بوۋاي»نىڭ ئەڭ يېڭى گەپلىرى تىلغا ئېلىنىپ، ئاق كۆڭۈل، ساددا ئاياللارنى كۈلدۈرەتتى. ئەنە شۇنداق

سورۇنلارنىڭ بىرىدە، قوشنىلار چېيىدا، تويلاردا ساندۇق ئاچىدىغان بىر شېتىلە چوكان ئاياللارغا مۇنداق بىر يېڭى گەپنى سۆزلەپ بەردى:

— بىزنىڭ مۇنۇ ئىشقىياركام باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئاپپاق كېچىلىك كىيىم كىيىپ، خۇپتەنگە يېقىن كوچىدا، دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرسا، ئاۋۇ خېلىچىخنىدەم، ئابلىكىم قەندەلىنىڭ ئاپىسىچۇ؟ ئابلىكىملەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ۋاقچىرەك ئۆيىگە قايتىپتىكەن، ئىشقىياركامنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا ئاپپاق بىرنېمە ئەشەدە ئولتۇرغۇدەك... يامان قورقۇپ كېتىپتۇ.

«ۋىيەي قانداق قىلارمەن، كىمۇي بۇ؟» دەپ ۋارقىراپ كەتسە، ئىشقىياركام غەم تارتماستىن:

«قورقماڭ، مەن ئەزرائىل!» دېگۇدەك، بىر قىسمەتلا ئادەمغۇي!

ئايالالار بىر ياقتىن تۇۋا دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، بىر ياقتىن كۈلۈشۈپ، بۇ گەپنىمۇ ھەممە يەرگە تارقىتىۋەتتى.

# بىر ئائىلە كىشىلىرى

بىز رومانىمىزنىڭ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان تەپسىلاتى داۋامىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە توختىلىپ ئۆتكەن بولساقمۇ، لېكىن مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ پاراڭ قىلمىدۇق. مۇئەللىپ بۇ كەمتۇكلۈكنى تولۇقلاشنىڭ ئەمدى پەيتى كەلدى دەپ ئويلايدۇ، سەۋەبى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىشقىيار نامەتنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ھەققىدە بىز ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدۇق. خەيرىيەت، رومانىمىزنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك يېزىلىپ پۈتكەندە تاسادىپەن بىر ئەھۋالدا مەرھۇم ئىشقىيار نامەتنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بىرى بىلەن، چوڭ قىزى تۇنىساخان ھاجىم بىلەن تېلېفون ئارقىلىق «دىدارلىشىش»، يەنى ھازىرقى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىمسىز تېلېگرافنى باي قىلىشقا تەييارلا تۇرغان ياشلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئۈندىدارلىشىش»قا مۇيەسسەر بولۇپ قالدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىپ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئادىلجانغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك. چۈنكى، مۇئەللىپنىڭ ئىشقىيار نامەت ھەققىدە يېرىك بىر ئەسەر يېزىۋاتقانلىقىدىن، لېكىن مۇشۇ كەمگىچە ئىشقىيار نامەتنى ئوبدان تونۇيدىغان بىرەر ئادەم ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادى بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكى، توغرىسى

تاپالمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئادىلجان ئاتىسى ئورنىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ چىلەك مەھەللە، تاجىۋاي مەھەللە، خەنزۇ بازىرى، قارادۆڭ... قاتارلىق يەرلىرىنى بىرنەچچە كۈن قويماي كېزىپ، شۇ مەھەللىلەردە ئالدىنقى ئۇچرىغانلىكى چوڭلاردىن سوراپ، ئاخىرى بىر ئاقساقالدىن، يەنى ئەينى يىللىرى ئىشقىيار نامەت بىلەن ھەمسۆھبەتچىلىكتە ئۆتكەن بىر كىشىدىن تونىساخان ھاجىمىنىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ توپادەڭدىكى مال بازىرى ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغانلىق خەۋىرىنى ئالغان ۋە ئىزدەپ ـ سوراپ يۇرۇپ ئىشقىيار نامەتنىڭ مەزكۇر چوڭ قىزىنى تاپقان ھەمدە شۇ ئايالنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېلىپ، مۇئەللىپكە ئەۋەتىپ بەرگەنىدى... ئەنە شۇنىڭ بىلەن بىزگە ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن پاراڭلىشىش ۋە بۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى ھەققىدە كىتابىمىزدىن ئالايىتەن سەھىپە ئاجرىتىش ئىمكانىيىتى، مۇھىمى، ئىشقىيار نامەت ھەققىدە يېڭىدىن ـ يېڭى دېرەكلەرنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

ئىشقىيار نامەت بىلەن نۇرخان ھاياتىدا ئۈچ پەرزەنتلىك بولۇشقان، چوڭى قىز، تونىساخان، يەنى مۇئەللىپ بىۋاستە پاراڭلاشقان بىردىنبىر پەرزەنت بولۇپ، 1943 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ياشاپ ئۆتمەكتە. بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى ئابابەكرى دېگەن ئوغۇل بولۇپ، 1947 ـ يىلى تۇغۇلغان. ھاياتىدا ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنتلىك بولغان بولۇپ، ئەپسۇسكى، ھازىرقى كۈندە ئامىنەم ئىسىملىك بىرلا قىزى قالغان، تونىساخاننىڭ ئېيتىشىچە، ئامىنەم ھازىر

غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭمەھەللە، گۈللۈك مەسچىت ئەتراپىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئابابەكرى قىرىق بىر يېشىدا كىسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن، بالىلارنىڭ ئۈچىنچىسى چولپان ئىسىملىك قىز بولۇپ، 1959 ـ يىلى تۇغۇلغان، يەنى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان بىردىنبىر پەرزەنت شۇ بولغان، چولپانخان ھازىر ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ ياشلار باغچىسى ئەتراپىدىكى بىر ئولتۇراق رايوندا بولۇپ بىر ئوغۇل، تۆت قىزى بار ئىكەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ئىشقىيار نامەتنىڭ بالىچاقىلىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللى، نوپۇسقا تىزىملاش قائىدىسىگە يېقىن ئەھۋالى. ئەلۋەتتە بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرى، ھۈنەر ـ كەسپلىرى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بولغان ۋە ھازىرمۇ داۋام ئەتمەكتە. مۇئەللىپىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى ئاساسەن خەلق قىزىقچىسى ئىشقىيار نامەتنىڭ فولكلورغا دائىر ھاياتىنى قەلەمگە ئېلىش ۋە ئۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقلىنىشىغا، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىغا سۇنۇش بولغاچقا، ھايات دېڭىزىدا ئايرىم ـ ئايرىم يەلكەن چىقىرىپ، تىرىكچىلىك قولۋىقىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بۇ پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرلىرى ھەققىدە ئويلىنىشنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ، پەقەت ئۆزىگە كېرەكلىك قىسمىنى سەھىپىگە قوندۇرۇشنى ئىختىيار قىلدى. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ ئىستەكنى مەقبۇل كۆرۈشەر دېگەن خىيالدىمىز.

مۇئەللىپ تۇنىساخان ھاجىمدىن ئانىسى نۇرخان ھەققىدە بەزى تەپسىلاتلارغا ئىگە بولۇشنى خالىۋىدى،

ئەپسۇس تۇنساخان بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇرراق پاراڭ قىلىپ بېرەلمىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئانىسى نۇرخان ياۋاش ـ يۇمشاق مەزلۇم بولغان، ئائىلە غېمى، تۈگمەس قازان بېشى ئىشلىرى بىلەن بىر خىل، جىمجىت، جاپالىق ئائىلە ئاياللىرىغا خاس مەشغۇلات بىلەن ئۆتكەن، ئاتىسى ئىشقىيار نامەت ئوقەتچى ئادەم بولغاچقا، دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىن بېرىقى ھەممە ئىشلار شۇ غەيرەتلىك ئايالغا، ۋاپادار، ئېھتىياتچان، كەم سۆز رەپىقە، مېھرىبان، خىيالچان ئانىغا تەۋە بولغان، ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ ياقىسىنى كىر قىلماسلىق، قورسىقىنى ئاچ قويماسلىق مەرھۇمنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ مۇددىئاسى ۋە ۋەزىپىسى بولغان، ئۆي ئىشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ھۈنەر، قول ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانمىغان، ئېيتماقچى، نۇرخان بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل مۇقەددەم توقسان يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

تۇنساخان ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتىسى ئىشقىيار نامەت ۋە ئانىسى نۇرخاننىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى ئاقسۇ تەۋەسىدە، بولۇپمۇ باي ناھىيەسىدە، يېقىنقى يىللارغىچە ياشاپ كەپتۇ، ھازىرقى كۈنلەردە بولسا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ ھايات كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

# تۇنىساخان خىيال سۇرمەكتە

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، غۇلجا.

غۇلجا شەھىرىنىڭ «مال بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دائىرىسى غۇلجىنىڭ باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ئولتۇراقلىشىپ قالىدىغان، توپلىشىدىغان، ئىزدەپ ـ سوراپ كېلىدىغان ئەڭ مۇھىم تۈگۈنى. چۈنكى، بۇ يەردە لەڭزەبېشى دەيدىغان، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن تارتىپلا تىلغا چىققان دۆڭلۈك ـ سازلىق مەھەللە بار. ھەرەمباغ، لەڭزە بېشىدا ئەينى يىللىرى بولغان ئۇرۇشلار ئىلى خەلقىنىڭ ئېغىزىدا داستانغا، ناخشىغا ئايلانغان.

لەڭزەبېشىدىن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ كەلسەكلا مىڭلىغان ئورۇق ئات، موھتاجلارغا كۆپ يىللاردىن بېرى نان بېرىپ كېلىۋاتقان، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار» دەپ تەرىپلىگەن خەنزۇ بازىرى بىزنى قۇچىقىغا ئالىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پەيزاۋاتتىن پاناھ ئىزدەپ چىققان ئىشقىيار نامەتىمۇ خەنزۇ بازىرىدا، لەڭزەبېشىدا، خۇسۇسەن لەڭزەبېشىدىكى مال بازىرىدا تالاي يىللار پىرقىرىغان، جاھانسازلىق قىلغان. ئوقەتكە، جان بېقىشقا يېقىن بولسۇن دەپ، مال بازىرىغا قول يېتىم يەردىكى چېلەك مەھەللىسى تەۋەسىدە ئۆي تۇتۇپ، شۇ ئەتراپتا ياشىغان.

تۇنساخان هاجىم كەشمىر رومالىنى بېشىغا ئارتىپ ـ يۆگىنىپ، ئىزغىرىن شامالغا قارىماستىن ئەتىگەندىلا كوچىدا، دەرۋازا ئالدىدا خىيالغا پېتىپ ئۇزاق تۇردى. كىملەردۇر ئالدىدىن ئۆتۈپ سالام قىلاتتى، كىمدۇر بىرىگە ۋارقىراپ گەپ قىلاتتى. هويلىسىدىن چىققان نەۋرىلىرى ئۇنىڭ يېنىنى ئەگىپ، پەشلىرىنى تارتىپ چۆرگۈلەيتتى. لېكىن، ئايال بۇنى سەزمەيتتى. بىرنەچچە كۈن بولدى، ئۇرۇمچىدىكى بىر يازارمەن، دادىسى ئىشقىيار نامەت ھەققىدىكى ئىشلارنى سوراپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگەندىن كېيىن، تۇنساخان مۇشۇنداق خىيالچان بولۇپ قالدى. خاتىرىسىدە ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار ئويغىنىپ، كۆز ئالدىغا مەرھۇم، جاپاكەش دادىسى ئىشقىيار نامەت، مېھرىبان، خۇدانىڭ مۆمىنى ئانىسى نۇرخان، يەنە ئارىلاپ، مەرھۇم ئىنىسى ئابابەكرى تىكلىنىۋېلىپ، كۇندۇزلىرى خىيالىغا، كېچىلىرى چۈشىگە كىرىۋالاتتى. خېلى يىللاردىن بېرى ئۆزىدە مۇنداق هالەت كۆرۈلمىگەنىدى.

مال بازىرى كوچىسى، خېلى يىللار ئىلگىرى بۇ يەردىن كۆچۈرۈلۈپ كەتكەن مال بازىرىنىڭ يادنامىسى. هازىر ئۇ بازار ئىلى دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە. هالبۇكى، ئەينى يىللىرى بۇ ئەتراپتا تۆت ئەتراپتىن، يىراق سەھرالاردىن، ھەتتا قوشنا ناھىيەلەردىن ئەكېلىنگەن سان ـ ساناقسىز مال ـ ۋارانلار ئىگىلىرىگە تېزرەك خېرىدار تېپىپ بېرىشنى ئىستىگەندەك، تىنىمسىز، بەس ـ بەستە مەرىشەتتى، مۆرىشەتتى، كىشنىشەتتى، هاڭرىشاتتى... ئەنە شۇ تىنچىماس ماللارنىڭ ئارىسىدا، قىي ـ چۇۋلۇق بازارنىڭ ھەممە

يېرىدە مەرھۇم ئاتىسى ئىشقىيار نامەت بالىچاقىلىرىغا نان ئىزدەپ، بىرلىرىگە ئەقىل كۆرسىتىپ، بىرلىرىگە مەدەت بېرىپ، يەنە بىرلىرىنى شۇ ئارىلىقلاردا ئۆتكۈر سۆز قىلىچى بىلەن ئەدەپلەپ، دەللاللىق قىلاتتى. خەقنىڭ يانچۇقىدىكى، ئالىقىنىدىكى پۇچۇق ياماقنى چېغىدا، رازى - رەغبىتىدىكى بىلەن ئالماق، خېرىدىن قىل سۇغۇرغاندەك سۇغۇرۇۋالماق ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى، ئەنە شۇنداق ھۈنەر خۇدايىم بەرگەن چېچەن تىللىق ئىشقىيار نامەتكە نېسىپ بولغانىدى. تۇنىساخان دادىسىنىڭ شۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

تۇنىساخان ھاجىم دەرۋازا ئالدىدا سوغۇقتىن تەنلىرى جۇغرۇقىنىغا پەرۋا قىلماي، شۇ خىياللار بىلەن داڭ قېتىپ تۇرغىنىدا، قۇلىقىغا ئەينى يىللاردىكى مال بازىرىنىڭ تىنچىماس قىي - چۇۋلىرى گۇرۇلدەپ ئاڭلانغاندەك بولدى. مال بازىرى كۆچۈرۈپ كېتىلگەندىن كېيىن، بازار ئورنى مەھەللىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ھاجەتمەن ئاھالىلەرگە ئولتۇراق جاي كېسىپ بېرىلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇنىساخان ئېرى، بالىۋاقىلىرىنى جىددىي سۆيلەپ يۈرۈپ، ئەينى يىللىرى ئاتىسىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى كۆپ چاغلارغىچە تەگكەن بۇ شامالىلىقتا ئاخىرى قورۇ - جاي قىلدى، شۇندىلا كۆڭلى ئەمىن تاپتى. شۇنىڭدىن بېرى، ھەر كۈنى دەرۋازىنى ئېچىپ، كوچىغا چىقىسىلا، رەھمەتلىك ئاتىسى شۇ ئەتراپلاردا ئايلىنىپ يۈرگەندەك سېزىلىدىغان بولدى. بەلكىم، كىم بىلىدۇ، تاق مۇشۇ تاپتا ئۆزى خىيالغا چۆمگىنىچە دەسسەپ تۇرغان يەرنىڭ ئۆزىدە، ئاتىسى بىر چاغلاردا

دەسسەپ تۇرۇپ خىيال قىلغان، بالىلىرىنى، تۇنىساخان قىزىنى ئويلىغان بولغىيدى!...

تۇنىساخان ھاجىمنىڭ قاڭشىرى لۆمىدە ئىچىشتى، كۆزلىرىنى ياش خىرەلەشتۇردى. بەلكىم ئەسلىمىلەر دىلىنى ئەزگەندۇر يا بەلكىم دىكابىرنىڭ ئاچچىق شامىلى مېڭىسىگە ئۆتكەندۇر، ئايال كەڭ، قېلىن كەشمىر ياغلىقىغا تېخىمۇ ھىمراق يۆگىنىپ، خىياللىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆيگە يېنىپ كىردى. نەۋرىلىرىنىڭ تىنىمسىز سوئاللىرىغا، كېلىنىنىڭ سوئاللىق، ئەندىشىلىك قارىشىغا پىسەنت قىلماستىن، گىلەم، كۆرپە سېلىنغان نېرىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ ئولتۇردى. ھاجىمنىڭ خىياللىرىنى يىتتۇرۇۋەتكۈسى، خىياللىرىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

رەھمەتلىك ئاتىسى ئىشقىيار نامەت دۇنيانىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆتتۈپ كەتتى. تۇنىساخاننىڭ يادىغا ھەر دائىم رەھمەتلىك دادىسى كېلىشى بىلەن تەڭلا، ھېلىدىن ـ ھېلىغا، گاھىدا ئۇ، گاھىدا بۇ، ئاچچىق گەپلەر بىلەن، دوقۇسلىتىشلار بىلەن دادىسىنى بىر يەرلەرگە ئەكېتىۋاتقان، چاقىرىۋاتقان، دەررۇ بېرىشقا بۇيرۇۋاتقان ھەرخىل ئادەملەر كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى، ئاشۇ تەھدىتلىك، ئاچچىق، زەھەردەك گەپلەر قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق چاغلاردا بىچارە، مەرھۇم ئاتىسىغا ئىچى شۇنداق ئاغرىپ كېتەتتى. «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتى»دىن باشلانغان بۇنداق ئۇر ـ سوق، ئىتتەر ـ يىقىتلار تاكى دادىسى ۋاپات بولۇشتىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئاۋۋالغىچە، جاھان ئوڭشالغىچە داۋام قىلغانىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا

تۇنىساخان ھاجىممۇ چوپچوڭلا بولۇپ قالغان، ھەتتا ئۆي - ئوچاقلىق بولغانىدى. دادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كارتىنىلار ھېلىھەم يادىدىن چىقمايتتى، يۈرىكىنى ئېزەتتى...

بىر قېتىم، «دۇۋپىگەي»نىڭ راسا قايىنىغان مەزگىللىرىدە، يۇقىرىدىن كەلگەن قاپىقى يامان بىر كادىر (بۇ دەل ھېلىقى ئەترەت باشلىقى «قارا يوغان» ئىدى) يەنە بىر ياردەمچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، نەچچە كۈندىن بېرى ئاغرىپ ياتقان دادىسىنى سوراققا تارتتى، شۇ كۈنى تۇنىساخان دادىسىنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا مۈگدىشىپ ئولتۇرغانىدى.

— ھە، ئىشقىيار،— دېدى قاپىقى يامان كادىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا،— ئاغرىپ قالغىنىڭنى... قالغانلىرىنى بىلمىز، لېكىن دەررۇ دېيىشىمىسەك بولمايدىغان بىر ئىش بار، گەپلىرىمگە، ئوبدان ئويلىنىپ، راست سۆزلەپ جاۋاب بەرسىلە!

— قېنى قۇلىقىم سىلىدە، بالام،— دېدى ئاڭغىچە تىكلىنىپ ئولتۇرغان ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى قاپىقى يامانغا مىختەك قاداپ. قاپىقى يامان بوۋاينىڭ ئۆتكۈر نەزىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، خاتىرە دەپتىرىگە قارىۋالدى.

— بىرىنچى سوئال،— دېدى ئۇ سەلدىن كېيىن،— تونۇرچى مەھەللىسىدىكى ئىمىن تۆگىنى تونۇملا؟ ھە، ياق، تونۇيلا، شۇنداققۇ؟

ئىشقىيار نامەت كۆزلىرىنى قىسىپ بىر پەس ئويلاندى. مال بازىرىدا ئىمىن تۆگە دەيدىغان بىر تونۇشى بارلىقى راست ئىدى.

— مال بازىرىدا دەللال بولسا تونۇيمەن، ئەمما تونۇرچى مەھەللىلىكلىكىنى ئۇقمايدىكەنمەن،— دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. تۇنىساخان بىر چەتتە ئولتۇرۇپ پاراڭغا جىممىدە قۇلاق سالماقتا ئىدى.

— دەللال ئەمەس، ئەكسىيەتچى ئۇنىسۇر،— دەپ ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپىنىڭ شىخىنى قاقتى قاپىقى يامان،— ھىم، شۇنىڭ بىلەن مال بازىرىدا نەچچە يىل ئارىلىشىپتىلا، بىر مۇھىم سوئالغا توغرا جاۋاب بەرسىلە!

— قۇلىقىم سىلىدە،— ئىشقىيار نامەت يەنە بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى. قاپىقى يامان سىرلىق بىر قىياپەت بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— شۇ... دەللالنىڭ ئىچىدىكىنى بىزگە دەپ بەرسىلە، ئىچىدىكىنى...

— ھە، مۇنداق گەپمىدى،— دېدى ئىشقىيار نامەت ئەمدىلا چۈشەنگەندەك،— راست گەپ قىلسام، مەن ئۇنى دەسلەپ مال بازىرىدا كۆرگەندە، ئىچىدە تېرە پىنجەك بار ئىكەن...

«پىخ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، چىرايى بەتتەر قارىداپ كەتكەن قاپىقى يامان دەررۇ ھومىيىپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرگەن ياش كادىر دەررۇ جىم بولدى. دادىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان تۇنىساخانمۇ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا توختىتىپ، ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى ئاغزىغا باستى.

— سىز چىقىپ تۇرۇڭ،— دېدى قاپىقى يامان تۇنىساخاننى ئەمدىلا كۆرگەندەك ئالىيىپ،— ئويۇن ئويناۋاتمايمىز بۇ يەردە، مانا!

تۇنىساخان، ئۆزىمۇ، كۆڭلىمۇ قاپقارا كادىرغا يەر

ئاستىدىن بىر ئالىيمۇبتىپ، دالان ئۆيگە چىقتى. قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان پاراڭ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— يامان بوۋايكەنسەنە، ھىم... بوۋايكەنلا - ھە، — دېدى قاپىقى يامان شۇندىلا ئىشقىيار نامەتكە قوزىغا تاشلىنىش ئالدىدىكى بۆرىدەك ھۆرپىيىپ، — مېنىمۇ مالاڭ① قىلماقچىمۇ؟ مەن كىم؟... تېرە پىنجەك بارمىش، ھەي بوۋاي، سەن بارغۇ، بىزگە ھېلىقى دەللالنىڭ تەشكىلات بىلەن بولغان ئالاقىسىنى دەپ بەر!

— دەپ بېرىڭ دېسىڭىزا! — دېدى ئىشقىيار نامەت غەم تارتماي، — ھېلىقى... تەشكىلات دېگەن تونۇشنى ئۇقمايدىكەنمەن، باشقا ئاغىنە - بۇرادەرلىرىنى دەپ بېرەيمۇ؟

ئىشقىيار نامەتنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ قاپىقى يامان بۇقىدەك بىر پۇشۇلداپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— ما بوۋاينى ئەتە ئاساسىي قاتلام ئىشخانىسىغا ئاچىقىڭلار، ساقايسۇن - ساقايمىسۇن، — دېدى كەينىگە ئۆرۈلۈپ ياش كادىرغا، ئاندىن بوراندەك چىقىپ كەتتى.

دادىسىنىڭ كېيىنكى گېپىنى تۇنىساخان دالان ئۆيدە، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلىدى. بۇ قېتىم كۈلمىدى. كۆڭلىدە بىر تەرەپتىن دادىسىغا ئېچىنىش، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ئەنسىرەش ھېسسىياتى بار ئىدى. «دادام كادىرلار بىلەن تولا ئېيتىشمىسا بولاتتى» دېگەن خىيالمۇ كاللىسىدىن لىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

— بۇ ئادەم ئاشۇنداق، زادىلا ئۆزىنى ئايىمايدۇ، خەق بىلەن قېرىشىپ... — دېدى باياتىن قىزىنىڭ يېنىدا

① مالاڭ — «مالال» سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

تۇرۇپ، قولىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان پاراڭلارنى، جۈملىدىن ئېرىنىڭ قىرسىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان نۇرخان تۇنساخاننىڭ خىيالىدىكىنى بىلىۋالغاندەك.

دادىسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرەپ، شۇ كۈنى چوڭ ئۆيدە قونۇپ قالغان تۇنساخان ئەتىسى تېخىچىلا بېشى لەڭ ـ لۇڭ قېيىپ تۇرغان ئىشقىيار نامەتنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاساسىي قاتلام كومىتېتىغا ئاچىقتى. چۈنكى، ئەتىگەندىلا ياش كادىر يېتىپ كىرگەندى. قاپىقى يامان بۈگۈنمۇ ئۆزىنى سىرتقا چىقىپ تۇر دېسە بىر دەككىسىنى بېرەي دەپ تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى، لېكىن قارا يوغان بۈگۈن ئۈندىماق گەپ قىلمىدى.

ــ ھە، ئىشقىيار بوۋاي، بۈگۈن مىجەز قانداقراق؟ــ دەپ كۆرەڭ قىياپەتتە سورىدى قاپىقى يامان ئۈستەل ئالدىدا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ.

ئىشقىيار نامەت قاپىقى يامانغا تىكىلىپ قارىغىنىچە جاۋاب قايتۇردى:

ــ ياخشىغۇ، بالام!

ــ بىردەم ئۇكام، بىردەم بالام دەپ...ــ قاپىقى يامان غودۇڭشىپ قويدى، كېيىن دىپلوماتلارچە سىياققا كىرەي دېدىمۇ، ياراشمىغان بىر كۈلكە بىلەن گېپىنى داۋام ئەتتى،ــ خوش، سىلىنى ئاۋارە قىلمىساق بولاتتى، لېكىن ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى. تونۇرچى مەھەللە ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەن خىزمەت ئەترىتىدىكى سەپداشلىرىمىز بىزدىن ياردەم تەلەپ قىپتۇ. ئۇ مەھەللىلىك سىلىنىڭ ئاغىنىلىرى... ھىم، ھېلىقى

دەللال، نەق... ھەم... بولۇپ چىقىپتۇ. سوراقتا سىلىنى تىلغا ئاپتەك. شۇڭلاشقا، بىز بىلەن ئوبدان ماسلاشمىسىلا بولمايدۇ، سورايمۇ؟

— سورىسىلا، — دېدى ئىشقىيار نامەت كونا بىر چاقچىقىنى تەكرارلاپ، — پۇلغۇ سورىمايدىغاندىلا؟

— تېش! — دېدى قاپىقى يامان ئۇستەلنى گۇمىمدە ئۇرۇپ، تۇنىساخاننىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى، — چاقچاققا بىر تويغۇزىمەن!... ھەي بوۋاي، مانىڭغا جاۋاب بەرسىلە، جىددىي سۆھبەتنى باشلاش ئالدىدا سىلىدىن بىرنېمىنى سوراي، سىلىزە، بۇ تاجىۋاي مەھەللىسىدىكىلەر «ۋاي ئىشقىيار بوۋاي قىزىق گەپنى بەك قىلىدۇ» دەپ قويسا، سورۇن تاللىماي ئېگىز - پەس گەپنى قىلىدىغان ئۈچۈن ئېكەنلىكغۇ، سىلىدە مەيدان دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق زادى؟

— بەللى، كادىر ئەپەندىم، — دېدى بولجۇتماي ئىشقىيار نامەت، — كەڭرىگىنە سەينىاسى بار قورۇ - جايغا يېتىشەلمەيۋاتسام، مەيدان نېمىش قىلىدۇ مەندە؟

... تۇنىساخان ھەسرەتلىك، ئەمما بىر يەرلىرى كۆكۈللۈك ئەسلىملىرىنى داۋاملاشتۇرغاچ بىر پەس خىيال ئىلكىدە، قىپقىزىل زىلچا گىلەملىك ئۆي ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. كېيىن يەنە شۇ خىيال ئىسكەنجىسىدە ئۆزىمۇ تۇيماستىن دېرىزە تۈۋىدىكى چىلان رەڭ ياغاچ سافاغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئىشقىيار نامەت ئائىلىدە بىر مېھرىبان ئاتا، مەسئۇلىيەتچان ئەر ئىدى. ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ، تاكى ئەنسىز زامانلارنىڭ سورۇقچىلىقىدىن تىنماي، ئارقىمۇئارقا ئازار يەپ ۋە شۇ ئازارلارغا تەسكىرى مىجەزى

بىلەن تاقابىل تۇرغان قىرىغان چاغلىرىدىمۇ شۇ خىسلىتىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۆپىنچە دادا، كۆپىنچە ئەرلەردەك ئەمەس، باشقىچە، ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا ئىپادىلەيتتى. «هايۋانات دۇنياسى» پىروگراممىسىنى كۆرگەنلەر بولسا يادىدا باركى، يولۋاس يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتلىرىنى قوپالراق ئۇسۇل بىلەن، يەنى بالىلىرىنى چىشلەپ، يۇلقۇشلاپ، چىشلىۋېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئىرغىتىپ ئەركىلىتىدۇ.

بىر قېتىم ھەدە ـ سىڭىل ئىككىيلەن نېمە سەۋەبتىندۇر بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالدى. قىرىنداشلار ئوتتۇرىدىكى مۇنداق ۋاقتىنچە نىزالار تۇرمۇشنىڭ يارىشىقىغۇ!

ــ ھە قېنى، گەپ تالاشماي چاچلىشىڭلار، مورلىشىڭلار، قايسىڭلار يامانكەنسىلەر بىر كۆرەي! قېنى، قېنى، توختاپ قالدىڭلارغۇ؟ــ ئىشقىيار نامەت گەپ تالىشىپ ئۆرەدىشىۋاتقان ئىككى قىزىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنى ئاجراتماقچى بولۇۋاتقان نۇرخاننى چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى ئوتتۇرىغا كىرىپ دەيدەيگە سالدى. قىزلار توختاپ قېلىشتى، ئانا ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتتى.

ــ ما ئادەمنى، ئۇرۇشماڭلار دېمەكتە يوق، قايسىڭلار يامان دەۋاتىداي، قايسى ئاتا شۇنداق باشقۇرىدۇ بالىلىرىنى...

ــ كارىڭىز بولمىسۇن،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت،ــ بىرەرسى يامانراق چىقسا، ئاندىن يەنە ئۇرۇشمايدۇ بۇ خانلار!

... يەنە بىر قېتىم ئىككى قىز نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۇدا جېدەللىشىپ، گەپ تالىشىپ، غىژىلدىشىپ بېسىقمىدى. بۇنىڭدىن رەللە بولغان ئانا بايقۇش چاي ئۈستىدە كوتۇلداپ قالدى:

ــ ۋايتوۋا، قانداق باللار بۇ ئۆزى، ئۇرۇش دېسە تۆت كۈن ئۇدامۇ ئۇرۇشامدۇ دەيمەن!

ــ قىزىقكەنسىز، ئانىسى،ــ دېدى بازارغا ئالدىراپ، بېشىنى كۆتۈرمەي چاي ئىچىۋاتقان ئىشقىيار نامەت،ــ تۆت كۈن ئۇرۇشۇشمۇ ئۇرۇشمۇ، ئاڭلىمىغانمۇ، سوۋېت ـ گېرمان ئۆز ۋاقتىدا نەچچە يىل ئۇرۇشقان؟

قىزلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە دەررۇ ئەپلىشىپ قالدى.

بىر قېتىم تۇنىساخاننىڭ بالىسى بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە گەپتىن ـ گەپ چىقىپ، ئىشقىيار نامەتكە چۆگۈلداپ پاراڭ قىلىپ بەردى:

ــ بوۋا، بوۋا، بىز تۈنۈگۈن مەكتەپتە ئۆتمۈش تامىقى يەپ، ئۆتمۈشنى ئەسلىدۇق.

ــ تازا ئۇختىسىغا كەپتۇ، بالام،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت دەرمەھەل،ــ تۈنۈگۈن سىز مەكتەپتە ئۆتمۈش تامىقى يەپسىز، مەن ئاساسىي قاتلامدا ئۆتمۈش تايىقى يېدىم!

دادىسىنىڭ چاقچاقلىق جاۋابىنى ئاڭلاپ تۇنىساخاننىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى.

بەزىدە دادىسىنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن تۇنىساخان چۆچۈپمۇ قالاتتى. كىچىككىنە ئىشلارغا كاللا كېتىدىغان ئۇ زاماندا ئىشقىيار نامەتنىڭ تېگى بار، زەھەردەك ئاچچىق گەپلىرىنى باشقا بىر ئادەم قىلغان بولسا ھالىنىڭ نېمە بولارىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھەر

هالىدا ئىشقىيار نامەتنىڭ ھەر دائىم قىزىقارلىق، لەتىپىسىمان گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشى ۋە ياشقا چوڭ بولغانلىقىنىڭ شارايىتىدىن بولسا كېرەك، ئاللاتائالا دادىسىنى چوڭ بالا ــ قازالاردىن ساقلاپ كېلەتتى.

مەھەللىدە، بىر يىللىرى بىر مەھەل شەھەر ئاھالىسىنى يىراق يېزىلارغا، چەت رايونلارغا تارقاقلاشتۇرۇش شاملى كەزدى. شۇ مەزمۇندىكى ئاھالىلەر سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى يۇقىرىنىڭ تەشۋىقات تېزىسىنى ئۇرغۇ بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

ــ... ھازىر ئۇرۇش بولۇش ئېھتىمالى بەك يېقىن، ئۇرۇش بولسا بومباردىمانچىلىق بولىدۇ، شۇڭا خەلقنى تارقاقلاشتۇرۇپ، ئامانلىقنى قوغداش كېرەك...

دەل شۇ چاغدا، كۆپنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ئىشقىيار نامەت ئادىتىگە يارىشا تاقەت قىلالماي، ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ــ دە:

ــ كادىر ئەپەندىم، رۇخسەتما؟ــ دېدى قولىنى كۆتۈرۈپ.

گېپىنىڭ ئۈزۈلگىنىدىن سەل رەنجىگەن باشلىق بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپ:

ــ نېمە گەپ، ئىشقىياركا؟ــ دېدى سۇسلا.

ــ سورىۋالىدىغان بىر گەپ بار، ئۇرۇش بولىدۇ دەپ، يۇقىرىلارلا يېزىغا چۈشەمدۇ ۋە ياكى كادىرلارمۇ تەڭ بارامدۇ؟

كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ھەرخىل ئاۋازلار، ئىنكاسلار ئاڭلاندى.

باشلىق قويۇق قاشلىرىنى تەڭلا يۇقىرى كۆتۈرۈپ ھىمىرىپ، جاۋاب بەردى:

ــ كادىرلار ھازىرچە بارمايدۇ، ئاممىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدۇ، قانداق؟

ــ بەللى،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت تەئەددى قىلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا،ــ كادىرغا تەگمەي، پۇقراغا تېگىدىغان ئاجايىپ بومبىكىنە ئۇ ـ ھە!

باياتىن جىددىي ئولتۇرۇشقان ئاھالىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. يۇقىرىدىن چۈشكەن كادىرلار ئەتىرىتىنىڭ باشلىقى ھۇپپىدە قىزىرىپ، ئاتتەك دېۋىنگىنىچە ۋارقىراپ سۆزلىدى:

ــ سىلى ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشمىسىلا، بوۋاي، سەپەرۋەرلىكنى ئاڭلاپ، ئۆيگە چىقىپ تەييارلىقنى تەق قىلىپ، خاتىرجەم بىرەر يەرگە چىقىشقا ئۇقتۇرۇش كۈتسىلە، بولمىسا، ئۆگزىلىرىگە بومبا چۈشسە چاتاق!

ــ بالىماي،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى كادىرلار باشلىقىغا مىت قىلماستىن قاداپ،ــ تولا بىزنى ئەخمەق كۆرمە، خەق نەچچە مىليون سوملۇق بومبىسىنى ئىشقىيار نامەتنىڭ مىڭ سوملۇق ئەسكى ھويلىسىغا تاشلارمۇ؟ يەنە كېلىپ، ھەددىمۇ ئۇ خەقنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانغا!

كۈلكىلەر يەنە خېلىغىچە پەسلىمىدى. كادىرلار باشلىقى قارىداپ، بىرنېمە دەي دېدى ـ يۇ، لېكىن بىردىن تىلى تۇتۇلغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزى ئاخىرقى گېپى بىلەن مۇنۇ گەپچى، يانماس بوۋايغا قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويغان، كەتكۇزۇپ قويغانىدى. مۇبادا شۇ گېپىنى يۇقىرىدىكىلەر ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، خېلى بىر ئىش قىلاتتى. ئىشقىيار نامەتنىڭ «ھەددىمۇ ئۇ خەق (يەنى دۈشمەن)نىڭ

بۇ يەرگە كېلىدىغان (تاجاۋۇز قىلىدىغان)غا؟» دېگەن گېپى ئاجايىپ چەك باسقانىدى... باشلىق ئامالسىز تىلىنى چىشلەپ ئۆزىگە هاي بەردى، كېيىنچە بۇ ئىشنى، ئىشقىيار نامەتنىڭ «قۇتراتقۇ» سۆزىنىمۇ تەرگىمىدى، پەقەت دەردى، ئۆچىنى ئىچىدە بىلىپ قالدى.

شۇ كۈنكى يىغىندا بولغان ئىشلارنى كېيىنچە قوشنا ئاياللاردىن ئاڭلاپ نۇرخانمۇ، تۇنىساخانمۇ، باشقا باللارمۇ ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇلار بىر ـ بىرىگە سەزدۇرمەي، يەنە بىر پېشكەللىكنىڭ شەپىسىنى بايقاپ، كۈتۈپ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى دېگەنبىلەن. تەلەيلىرىگە بۇ گەپ قايتا تەرگەلمىدى، لېكىن كېيىنكى ئىشلارغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى تۇنىساخان ئانىسىغا شۇنداق دېدى:

ــ ئانا، ئاتامغا قاتتىقراق بىر گەپ قىلىڭ، ئەمدى كوچا ـ كويلاردا، يىغىنلاردا تىكىنى بار گەپلەرنى قىلىۋەرمىسۇن.

ــ كاشكى شۇ ئادەم قىلغان گەپنى ئاڭلىسا،ــ دېدى ياۋاش ئايال ئۇھ تارتىپ،ــ گەپ قىلغانسېرى ئەدەپ كېتىدۇ تېخى!

ــ ئاتام پەيزاۋاتتىمۇ ئاشۇنداق گەپلەرنى تولا قىلاتتىمۇ؟ مەن ئەجەب ئۇقمايمىنا،ــ دەپ سورىدى تۇنىساخان ئانىسىدىن ھەم ھەيران قالغاندەك، ھەم مەستلىكى كەلگەندەك قىياپەتتە. ئانىسى چوڭ قىزىنىڭ ئىلگىرى سوراپ باقمىغان بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ، كۈلۈمسىرەپ بېشىنى ئىرغاتتى.

ــ ۋاي بىلمىدىم، پەيزاۋاتتىمۇ گەپكە خېلى ئۆتكۈر

بولىدىغان، بىراق مۇنچىۋالالا ئەمەس ئىدى. قىرىغانسېرى ئېچىلىپ كېتىۋاتىدىغۇ تاڭ بۇ ئادەم.

ــ بىلىدىم، ــ دېدى تۇنىساخان، ــ ئىلىخودا چاقچاقچى تولا ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، سۆيۈپ ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت، توقچىلىق يۇرت بۇ دەڭا، ئانا، ئاتامغىمۇ مەشەنىڭ يەر، سۆيۈپ تەسىر قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ...

ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ گەپلىرىدىن تارتىپ، مۇشۇ تاپتا تۇنىساخان ھاجىمغا بۇرۇنقى خاتىرىلەر، ئۇنتۇلماس ئىشلار، سۆز ـ پاراڭلار بەزىلىرى ئېنىق، بەزىلىرى غۇۋا ھالدا قايتا ئەسلىنىپ، قەلب تارىنى چەكتى، دىلىدىن مۇڭ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزدى. يېقىنىنىڭياقى ئۇ پات ـ پاتلا مۇشۇنداق بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇرۇمچىدىكى سىڭلىسى چولپانخان ھاجىم نەچچە كۈن ئىلگىرى غۇلجىدىكى بىر قورۇ ـ جايىنى سېتىش ئۈچۈن، ئوغلى بىلەن بىللە بۇ تەرەپكە كەلگەنىدى. ئۇلۇشكۈن ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئاباكرىنىڭ، ئۈچ رەھمەتلىكنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپ ئۇزاق مۇڭدىشىشتى. ئۆتكەن كۈنلەر چۈشتەك بىلىنىپ، يالغاندەك تۇيۇلۇپ بىر ئۆمۈر يۈرەككە ئوت ياقىدىكەن. مانا پۈتۈنسۈرۈك بىر ئائىلىدىن ئىككى قىزلا، ئىككى ھەقدارلا قېپقالدى. ھەر ئىككىلىسى تولىراق دادىسىنىڭ گېپىنى كۆيۈپ، پىشىپ قىلىشتى. ئىشقىيار نامەتنىڭ غەيۇر ئوبرازى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تامغا بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى...

تۇنىساخان بۈگۈن ئەنە شۇلارنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىر كۈن كەچ كىرگۈچە خىيال سۈردى.

# تېكەس سەپىرى

بىز رومانىمىزنىڭ باشتىكى بابلىرىدىن بىرىدە «ئىشقىيار نامەت تاجىۋاي مەھەللىسىدە ياشىغان يىگىرمە نەچچە يىلدا ئىككى قېتىم مەجبۇرەن باشقا يەرلەرگە تارقاقلاشتۇرۇلدى» دەپ يازغانىدۇق ھەمدە بۇ كەلگۈلۈكلەرنىڭ سەۋەبىنىمۇ قىسقىچە قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تارقاقلاشتۇرۇلۇشى خۇددى بىز مۇشۇ بابىمىزنىڭ ماۋزۇسىدا يازغىنىمىزدەك، تېكەس سەپىرى بولۇپ، دەپ كەلسەك بۇمۇ بىر قىزىق ھېكايە.

1970 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەربىر مەھەللە، ئاساسىي قاتلاملىرىغا چۈشكەن خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە ئاھالىلەر كومىتېت مەسئۇللىرى يۇقىرىنىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. يەنى، ئۆز تەۋەلىكلىرىدىكى ھەرخىل مەسىلىلىرى بارلارنى يېزا ـ قىشلاقلارغا، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولغان غۇلجا شەھىرىدىن يىراق يەرلەرگە ئەۋەتىش، چەت ـ ياقا جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. تاجىۋاي مەھەللىسىدە، پىشانىسىگە ئاتنىڭ قاشقىسىدەك ئېنىق تامغا بېسىلىپ قالغان ئىشقىيار نامەت ۋە

ئىشقىيار نامەت بىلەن «ئۆگىنىش كۇرسى»دا بىللە ئوقۇغانلار، يومىشچىك تەركىبلىك ئاكا ـ ئۇكىلار بۇ قىممەتلىك تارقاقلاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى بولدى.

بۇ قىممەتلىك تارقاقلاشتۇرۇش ئىنتايىن جىددىي ۋەزىيەت جەريانىدا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قاتتىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا كەلگەن «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئوتتۇرىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، سۈر ـ ھەيۋىسىمۇ خېلى زور بولدى. ئىلگىرى ئىشقىيار نامەت خۇدىيارىيۈزىگە چىققىنىدا، شۇ چاغدا ئاساسىي قاتلامغا كەلگەن كادىرلار بوۋايدىن «نەگە بېرىشنى خالايسىز؟» دەپ سورىغاندى، لېكىن بۇ قېتىمقىسى ئۇنداق بولمىدى. ئارىسىدا ساقچىخانىنىڭ ئادىمىمۇ بولغان بىرنەچچە كىشى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئىنتايىن جىددىي ھالدا ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئىشقىيار نامەتنىڭ ھويلىسىغا كىردى ـ دە:

ــ دۈشەنبە كۈنى تېكەس ناھىيەسىگە تارقاقلاشتۇرۇلىسىلەر، تاللاشقا، كېچىكتۈرۈشكە رۇخسەت يوق، تەييارلىق قىلىڭلار، ــ دەپ گەپنى چورتلا قىلىپ، چىقىپ كېتىشتى.

جاھاننىڭ ھەرخىل سوغۇقچىلىقلىرىغا كۆنۈپ كەتكەن ئىشقىيار نامەت باشقا ئىشتىن ئەمەس، ئايالى نۇرخاندىن بەك ئەنسىرەپ، ئۇنى بەزلىدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ قىلغان گەپلىرىمۇ قولاشماي، كۆڭلى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە لەختە ـ لەختە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئىنساننىڭ يۈرىكى تۆمۈردىن سوقۇلغان ئەمەسقۇ! يېشى سەكسەنگە يەتكەندە بۇ كۆرگۈلۈك ـ تارتقۇلۇقلارغا قاراڭ. گەرچە ئايالى ۋە

قىزلىرى «ئاغزىڭىزدىن كېتمۇۋاتقان ئادەمسىز» دەپ تاپا ـ تەنە قىلىشىسمۇ، ئىشقىيار نامەت بۇ گەپلەرگە قايىل ئەمەس ئىدى. شۇ يىللاردا ئىككى گۇرۇھ دەپ، ئىسيان كۆتۈرىمىز دەپ گۇناھسىز ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋاتقان، ئۇرۇپ ـ سوقۇۋاتقان، دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىۋاتقان، يۇتۇۋېلىۋاتقان ئادەملەر بۇرۇتى تەۋرىمەستىن، بەخىرامان گىدىيىپ يۈرسە، قىلغۇلۇقنى داۋاملىق قىلىپ، شۇلارنىڭ بەدىلىگە ئەمەل، دەرىجىلىرى ئۆسۈۋاتسا ـ يۇ، گەپكە گەپ كەلگەندە كۆڭۈلدىكى ئىككى ئېغىز راست گەپنى دېيىش گۇناھ بولسا... شۇ ئىشلار ئىشقىيار نامەتنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. ئىشقىيار نامەتنى پەقەت مىجەز، خاراكتېرى ئۆزىگە تارتقان، گېزى كەلسە ئاچچىق ـ ئاچچىق گەپلەرنى قىلىپ قويىدىغان ئىچى كۆچلۈك ئوغلى ئابابەكرىلا چۈشىنەتتى ۋە ئانىسى دادىسىنى ئەيىبلىگەندە، ھەر دائىم بوۋاينىڭ تەرىپىنى ئالاتتى.

ــ ئاتامدا نېمە گۇناھ بار؟ــ دەيتتى ئۇ دائىم،ــ ئاتمىش يەتتە يېشىدا تاغ ئاتلاپ، ئاتا ـ ئانىسى كۆرمىگەن يۇرتقا چىقىپتۇ. بىزغۇ كىچىك ئىدۇق، ئانا، سىلى بىلىدىغاندىلا شۇ چاغدىكى ئىشلارنى؟ يۇرتىمىزدا جان باققىلى بولغان بولسا، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەيمىز دەپ سوپۇن قازىنىمىزنى چېقىۋەتمىگەن بولسا، بىر ئېرىقىدا ئالتۇن، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش ئاقسىمۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار ئۇچ بالاڭلارنىڭ ئىككىسىنى يېتىلەپ، بىرىنى قورساقتا سۆرەپ ياقا يۇرتقا چىقارمىدىڭلار؟ قېنى، ئالتۇنمۇ، كۈمۈشمۇ ئاقمايدىكەنغۇ بۇ يۇرتنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدە! «نەگە بارسا قازاننىڭ قۇلىقى

تۆت» ئىكەن. بايلىرى باي، كەمبەغەللىرى ئوخشاش كەمبەغەل ئىكەن. بىچارە دادام بۇ يۇرتقا چىقىپ نىمە خۇۋلۇق، نىمە راھەت كۆردى؟ تارتىمىغان جاپاسى، ئاڭلىمىغان ئاھانەتلىرى قالمىدى، تېخى! ئۆزى قەيسەر بولغاچقا، خۇدايىم تىلىغا گەپ بولسىمۇ سېلىپ قويغاچقا، سەكسەنگە كەلگەندىمۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، يىقىلىپ قالماي تىك يۇرۇۋاتىدۇ بىزنىڭ غېمىمىزدە، قارا قازاننىڭ غېمىدە چېپىپ يۇرۇۋاتىدۇ. تارتقان جاپاسىغا لايىق بىز ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيۋاتىمىز، راستمۇ، چولپان؟

ئاكىسىنىڭ گەپلىرىدىن باغرى ئېرىپ، دادىسىغا بولغان ئايانچلىق مېھرى تاشقىلىغان، قىزلارنىڭ كىچىكى چولپان كۆزلىرىدىن بۇلۇق ـ بۇلۇق ياش ئاققۇزۇپ ئاكىسىنى قۇۋۋەتلىدى.

ــ ئاكام راست دەيدۇ، ئانىكا، ئاتامنى تولا ئەيىبلەۋەرمەيلى، ئۆزىنىڭ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ، ھېلىمۇ كۆتۈرۈشلۈك، چىداملىق ئادەم ئىكەن، مىجەزى شۇنداق ئىكەن ئەمدى، نېمە ئامال؟ خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈلۈپ كېتەر، ياخشى كۈنلەر كېلەر، بىراق شۇ چاغلارغىچە بىچارە ئاتام سالامەت، ئامان تۇرسا بولاتتى، بىرنەچچە يىل بولسىمۇ تىنچ قۇلاق ياشاپ، راھەت كۆرسە بولاتتى!

نۇرخان ئانا كەرەشنىۋاي تور ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى دەممۇدەم كۆزلىرىگە بېسىپ، ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇن ئىككى ياشلىق قىزنىڭ يۇرىكىدىن ئۇرغۇۋاتقان سۆزلىرىنى قاراڭ!

خوش، ئەمدى بىز ئۆز ماۋزۇيىمىزغا قايتايلى.

شۇنداق قىلىپ، دېيىلگەن ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئىشقىيار نامەت ئائىلىسىدىكى تۇنىساخاندىن بۆلەك ئائىلە ئەزالىرى ئىككى ساقچىنىڭ نازارىتىدە، قارا ماشىنىغا بېسىلغان يۈك ـ تاقلارنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، سەھەرلەپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ تاجىۋاي مەھەللىسىدىن ئايرىلغىنىنى كۆپ كىشى كۆرمىدى، كۆرگەنلەر يۈرەكلىرى ئېچىشىپ قايغۇ، ھېسداشلىق ئىلكىدە قول پۇلاڭلىتىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاخشام يولدىشى بىلەن بىللە كېلىپ قونۇپ قالغان تۇنىساخانمۇ بار ئىدى. ھويلا ئۇنىڭغا ئامانەت قالغانىدى، ھەر ھالدا، نە ساقچىلار، نە ئاساسىي قاتلامدىكىلەر قورۇجاي ھەققىدە ئارتۇقچە بىر نېمە دېيىشمىدى. تۇنىساخانغا بۇ ھەقتىمۇ بەزى گەپلەر ئەسكەرتىلدى. ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى يىراق سەپەرگە ماڭغاندا يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن تۇنىساخان ئېرىگە يۆلەنگىنىچە قالدى.

ماشىنا تارىمۇ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، پايانى يوق بۇ دالالارنىڭ نەلىرىدىدۇر، يەنە گۇركىرەپ ئالغا ماڭماقتا ئىدى. كوزۇپ ئۈستىدە ئولتۇرغانلارنىڭ (ئىككى ساقچى كابىنكىدا ئىدى) ھېچقايسىسى بۇ تاغ يوللىرىنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان. مەنزىرىسى ئىنتايىن چىرايلىق تاغ ئارىلىرىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار باشلىرىدىكى غەمنىمۇ ئۇنتۇشۇپ «ياﺋاللا، نېمىدېگەن چىرايلىق يەرلەر بۇ... ئاللانىڭ مۆشۈنداقمۇ گۈزەل زېمىنلىرى بولىدىكەن. ھە... راست ئىلىخوكەن... نەزەر تەگكەن يەرلەركىنا...» دېگەندەك ھاياجانلىق خىتابلارنى قىلىشاتتى. پەقەت ئىشقىيار نامەتلا پاراڭغا قېتىلماي،

لام ـ جىم دېمەي، ئالدىغا قاراپ دۇگدەرەپ، ھوميىپ ئولتۇراتتى، ئاخشامدىن بېرى ئۇ مۇشۇنداق ھالەتتە ئىدى. كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلىپ بولماس ئىدى.

جاھاندا ئۇزۇن يوللار، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا سوزۇلغان يوللار بار، لېكىن تۈگىمەس يول يوق. ماشىنا تېكەسنىڭ داۋىنىغا ھالسىرىغاندەك غۇڭۇلداپ، ئەگىلىپ ـ چۆرگۈلەپ يامىشىپ مىڭبىر تەستە ئۆرىگە چىقىپ، داۋاملىق، تۆت ـ بەش سائەت ماڭغاندىن كېيىن (ئۇ چاغلاردا داۋان يوللىرى ئەمەس، ھەممە يوللار تۇزۇپ، خارابلىشىپ كەتكەنىدى) بىر تاقىر تۈزلەڭلىككە يەتتى. تۆمۈر جانىۋار ئۇنىڭ ئۇياقىغىمۇ يەنە خېلى مېڭىپ، ئاخىر قاش قارايغاندا دېگەن مەنزىلىگە، توپا تاملىق، خارابە ئۆيلەر كۆجۈم بولۇپ كىچىككىنە بىر دائىرىگە يىغىلغان قىشلاققا كېلىپ توختىدى، تېكەس ناھىيەسىدە بىر قازاق يېزىسى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىدىن چۇشۇپ ئۇلارغا ھەمراھ بولغانىدى. يول بويى بىر چىشۇقنى چىشلەپ ئويناپ، گاھ ئىسقىرتىپ، گاھ چىرتىدە تۈكۈرۈپ قويۇپ ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كەلگەن ياپياڭ يۈز، سىبىرىق بۇ يىگىت ماشىنا توختىغاندىلا دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قولىدىكى شىۋىقنى چۆرۈۋېتىپ:

ـــ ئاۋ مەنە قۇس جېتكەن، جېتتىڭ!ـــ دېدى.

«قۇس جەتكەن» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قىشلاق، بىر دېھقانچىلىق ئەترىتى بولۇپ، يۈزگە يېقىن تۈتۈنى بار، نامرات مەھەللە ئىدى. ئاساسلىقى كۆممىقوناق بىلەن زىغىر تېرىيتتى. ياپياڭ يۈز يىگىت چاپقىداپ يۈرۈپ بىر

چاغدا ئىككى ئادەمنى تېپىپ كەلدى. قارىمۇتۇق، ۋىجىك بىرى ئەترەت باشلىقى، چوكىدەك ئىنچىك، چىرايىدىن ئۆپكە كېسىللىدەك كۆرۈنىدىغىنى زاپخوز ئىدى. ئىشقىيار نامەتلەرنىڭ كېلىشىدىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى يوق بولسا كېرەك، ياپياڭ يۈز بىلەن خېلىغىچە دەتالاش قىلىشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن بۇ ياقلارغا يېقىنقى زامانلاردىلا چىقىپ قالغان ئىشقىيار نامەت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيتتى. ئىشقىيار نامەتلەرنى ئەكەلگەن ئىككى ساقچى «قۇس جەتكەن»گە يېقىن قالغاندا، ئىككى تەرىپى رەتلىك ئۆيلەر بىلەن تولغان بىر ئاۋۇل[①] دا، شۇ ئاۋۇلدىكى ساقچىخانىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ قالغان ۋە قالدى ئىشلارنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىن چىققان ياپياڭ يۈز يىگىتكە تاپشۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ياپياڭ يۈز قىشلاق ئىگىلىرى بىلەن مۇنۇ كەلگۈندىلەرنى مۇشۇ يەرگە يۇقىرىنىڭ سىياسىتى بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغىنىنى، ھازىر بولسا كەچ كىرىپ كەتكەن بولغاچقا بۇلارنى ۋە شوپۇر ئىككىسىنى بىر كېچىگە ئورۇنلاشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ جىق سۆزلەپ كەتتى. ئاخىرى ھاردى بولغاي، قالغان ئىشلارنى ئەتە تاڭ ئاتقاندا پۈتكۈزۈش، ھازىر بولسا پەقەت كەلگەن ئادەملەرنى بىر كېچە بولسىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇش، تاماق، ياتار جايىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا يېلىنىپ خىزمەت ئىشلىگىلى تۇردى. ماشىنىدىن ئاللىبۇرۇن پەسكە چۈشۈۋالغان ئىشقىيار نامەتلەر (ئىشقىيار نامەت،

---

① ئاۋۇل — يېزا دەرىجىلىك ئورۇن، مەھەللە.

نۇرخان، چولپان، ئابابەكرى، ئابابەكرىنىڭ ئايالى ۋە قۇچاقتىكى بالىسى) تاغ يېرىنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا تىترىشىپ، مالدەك بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالغانىدى.

ئاخىرى كەلگەنلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئىشقىيار نامەت ئائىلىسىدىكىلەر ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە، شوپۇر بىلەن يايپاڭ يۈز زاپخوزنىڭكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەيتاۋۇر قورساقنى ئاندا - مۇندا توقلاپ، شىرداق سېلىنغان يەردە غۇژمەكلىشىپ يېتىپ تاڭنى ئاتقۇزۇشتى. ئەترەت باشلىقىنىڭ ياۋاش ئايالى بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئىككى تاۋار يوتقاننى ئەكىلىپ، تارتىشتۇرۇپ يېپىپ قويدى. بۇ كېچە ئىنتايىن كۆڭۈلسىز كېچە بولدى.

ئەتىسى يايلاق ھاۋاسى پاللىدە ئېچىلىپ، بالدۇرلا كۈن چىقتى. بىراق، مېھمانلار سەھەرلىكتە دېگۈدەك ئۇخلاپ، خېلىغىچە قوپالماي قېلىشقانىدى. ئۇلارنى يايپاڭ يۈز يىگىت ئويغاتتى.

چايدىن كېيىن ئاخشامقى دەتالاش يەنە باشلاندى. ۋىجىك ئەترەت باشلىقى «مەن ئىلگىرى ئاۋۇل باشلىقلىرىغا دېگەن، ئەترىتىمىز كەمبەغەل، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئۆيىمىزمۇ يوق» دېدى. گەپ تىڭشاپ ئولتۇرغان باغرى يۇمشاق زاپخوز «كونا ئىسكىلات بار ئەمەسمۇ، شۇنى بوشاتساق بولىدۇ» دېگەنىدى، ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا بىر ئالايدى.

ئاخشامنىڭياقى جىم تۇرغان ئىشقىيار نامەت ئەتىگەندىن بېرى بولۇۋاتقان پاراڭلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ قازاقچە گەپنى خېلى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەزگۈر بوۋاي قىشلاق ئىگىسىنىڭ ئۆزلىرىنى

ئېلىپ قېلىشقا قوشۇلمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۈلگۈرگەندى... شۇ ئارىدا يايپاڭ يۈز يىگىتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ناھىيەدىكى ئاللىقانداق بىر چوڭ باشلىقنى شىپى كەلتۈرۈپ بىرنېمىلەرنى دېدى بولغاي، ئەترەت باشلىقى سەل يۇمشىدى ۋە ئىشقىيار نامەتكە:

— ئاقساقال، قالاسىز با؟ — دېدى.

دەل شۇ مىنۇتتا ئىشقىيار نامەتنىڭ كاللىسى ئاپتوماتتەك ئىشلەپ قالدى.

— قالساق قالىلى، دۈيجاڭ، — دېدى ئۇ كۆكۈچ كۆزلىرىنى ۋىجىككىنە دۈيجاڭغا ئۈزمەي قاداپ، — بىراق بەش قوي، ئىككى كالا بېرىلا، ھازىرلا...

— نى قوي، كالا!... — دېدى ھەيران بولۇپ ئەترەت باشلىقى ۋە يايپاڭ يۈز يىگىتكە قارىدى، يىگىت «بىلمەيمەن» دېگەندەك مۈرىلىرىنى قىستى.

— شۇنداق، — دېدى ئىشقىيار نامەت جىددىي ھالدا، — شەھەردىكى كادىرلار چىقساڭلار بەش تۇياق ياراق قوي، ئىككى تۇياق سۇتلۇك سىيىر بېرىدۇ دېگەن، ۋەدىمىز شۇنداق...

— ئۆزىمگە جوق، ساغان قايدا! — ئەترەت باشلىقى تېرىكىپ قولىنى بۇلغىدى، — قايت، قالاغا قايت!

ئىشقىيار نامەت ئىرغىپ قوپۇپ ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ماقۇل، شۇنى شاققىدە يازسىلا، — دېدى قوللىرىنى خەت يېزىشقا جوراپ.

ئەترەت باشلىقى يايپاڭ يۈز يىگىتنىڭ نېمىلەردۇر دېگەنلىرىگە قۇلاق سالماستىن، يېنىغا قايرىلىپ زاپخوز بىلەن قىسقىچىلا سۆزلەشتى، زاپخوز يانچۇقىدىن قەلەم

ۋە چوڭ بىر قىزىل خاتىرىنى ئالدى ـ دە، خاتىرىنىڭ ئاق بېتىنى ئېچىپ بىرنېمىلەرنى يازدى، كېيىن ئۇنى ئەترەت باشلىقىغا ئۇزاتتى، ئاڭغىچە ئەترەت باشلىقى چىبەرقۇت پەشمىتىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى چوڭ يانچۇقىدىن موخوركا يۇقى قارا خالتىنى چىقىرىپ تۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ خالتىدىن بارماقچىلىق تامغىسىنى ئالدى ـ دە، زاپخوز خەت يازغان ۋاراقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە تامغىنى ئاغزىدا راسا ئۇزاق پۈۋلەپ ئىسسىتىپ، ۋاققىدە باستى.

ئىشقىيار نامەت ئەترەت باشلىقىنىڭ قولىدىن تامغا بېسىلغان ۋاراقنى ئالدى ـ دە، چىرايىدا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان سۈس تەبەسسۇم پەيدا بولدى ۋە ۋارقىراپ دېگۈدەك:

ــ ئابابەكرىم، قايتىمىز، تېكەسنىمۇ تۇگەتتۇق!ــ دېدى.

بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن، تۇيۇقسىزلىقتىن ئىشقىيار نامەتنىڭ بالىچاقىلىرى ھەم ھەيران قالدى، ھەم خۇش بولۇشتى. تۇنۇگۇنىنىڭقىياقى ھەربىرىنىڭ بېشىنى ئەگكەن غەم، ئۆگىنىپ قالغان تاجىۋاي مەھەللىسىدىن ئايرىلىش جۇدالىقى شۇ تاپتا لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى تۇمان تارقىلىپ كەتتى.

ــ راستمۇ، ئاتا، راست كېتىمىزمۇ؟ــ دەپ سورىدى چولپان، دادىسىغا ئېسىلىپ.

ــ تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى دوستلىرىڭىز بىلەن يەنە بىللە ئويناىسىز، قىزىم،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت كەنجىسىنىڭ بېشىنى يوغان، يىرىك قولى بىلەن

سىلاپ،ــ بىراق ھازىر يەنە سەل چالىسى بار، ئانىڭىزنىڭ يېنىدىن ئايرىلماڭ.

چاقچاقتىن چىڭغا چىققاندەك، ئىشقىيار نامەتنىڭ شۇ بىر ئېغىز ھەزىلى بىلەن ئۇلارنىڭ تەقدىرى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ياپپاڭ يۈز يىگىت باشتا بۇ ئىشقا قوشۇلمىغان، پوپوزا قىلىپ خېلى سۆزلىگەندى، ئەمما ئەترەت باشلىقىنىڭ خەت يېزىلغان ۋاراقتا تامغىسىنى باسقىنىنى كۆرۈپ جىم بولدى. پەقەت غودۇڭشىپ:

ــ كۆرەمىزغۇي، قاناپىيا شۇجى تىڭداسا...ــ دەپلا قويدى.

ئىشقىيار نامەتلەرنىڭ قايتىپ كېتىدىغان بولغىنىغا شوپۇر خۇشال بولۇپ كەتتى. غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، قارادۆڭنىڭ يەرلىك بالىلىرى بىلەن ئاغىنە بولۇپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بۇ خەنزۇ يىگىت ئارقا ـ ئارقىدىن:

ــ كەتمەي نېمە قىلىدۇ، كەتكەن ياخشى بولدى، شۇ، چوڭ ئاپام جاپا تارتىدۇ،ــ دېدى ۋە نۇرخان بىلەن بالىلىق كېلىنىنى يۆلەپ كابىنكىغا چىقاردى.

تېكەس ناھىيە بازىرىدا ماشىنا توختاپ، ياپپاڭ يۈز يىگىت چۈشۈپ قالدى. شوپۇر بالا ئالايتەن كابىنكىدىن چۈشۈپ، ياپپاڭ يۈزگە بىرنېمىلەرنى تاپىلاپ، يانچۇقىغا ئىككى قاپ «مودەن» ماركىلىق تاماكا سېلىپ قويدى. ئۇزايىدىن ئىشقىيار نامەتلەرنىڭ غېمىنى يەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئىشقىيار نامەت ياكى ئائىلىسىدىكى بىرەرسى ئەسكەرتمىسىمۇ شوپۇر بالا يولدا ئالدىرىماي مېڭىپ، دۆڭمازاردا ئىككى ـ ئۈچ سائەت توختىدى. ھەممەيلەن

ئوخشىتىپ ئىتىلگەن لەشكەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. جاھان تېخىمۇ يورۇپ، دىللار يەڭگىللىككە بۆلەنگەچكە، دېگەنىبىلەن تاماقمۇ خېلى ئۆتتى. تاماق پۇلىنى تۆلەيدىغان يەردە شوپۇر يىگىت بىلەن ئىشقىيار نامەت بىردەم تالىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر، ئىشقىيار نامەتنىڭ بىر گېپى بىلەن شوپۇر بالا بوۋايىغا يول قويدى.

ئاخشىمى، خوپتەن مەھەلدىن كېيىن ئۇلار تاجىۋاي مەھەللىسىگە كىرىپ كېلىشتى. كوزۇپتىكى باغلاقلىق يۈكلەرنى شوپۇر بالىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئابابەكرى، چولپان تۇشىدى. نۇرخان ئانا چۈش كۆرگەندەك ھەيران ھەم خۇش ئىدى، نېمىلا بولسا بولسۇن، جاھاننى بىر ئايلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قەدىم مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىشىۋالدى، تاجىۋاي مەھەللىسىدىن رىزقىلىرى كۆتۈرۈلمەپتىكەن ــ دە!

شوپۇر بالىنى رەھمەتلەر بىلەن ئۇزىتىۋېتىپ، ھەممەيلەن ئارام ئېلىشتى. ئاۋۋال ئىشقىيار نامەت، ئاندىن نۇرخان بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ، ئىلگىرى ــ كېيىن تۇرۇشۇپ خۇپتەننى ۋە ئىككى كۈندىن بېرىقى قازا نامازلىرىنى ئۆتەپ، قايتىدىن يېتىشتى.

ئەمدى گەپنى «كۆكتېرەك[1]» ئاۋۇلدا چۈشۈپ قالغان ئىككى ساقچىدىن ئاڭلايلى. كۆكتېرەك ساقچىخانىسىدا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىلگىرى ئۇرۇمچىدە، ساقچى مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى بار ئىدى. ئۇ قازاق يىگىتنى ئىككىسى كۆپ ھەرەج تاپمايلا تېپىشتى. شۇ كۈنى كۆكتېرەكتە تاماشا قىزىپ كەتتى. ئەتىسى

① كۆكتېرەك ــ تېكەس ناھىيەسىدىكى يەر ئىسمى.

ساھىبخانا ئىككىيلەننى يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلاردىن بىرىنى توسۇپ، ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ باردى. ئۇ كۈنى كەچتە سورۇن تېخىمۇ چوڭ بولدى. ئۇنىڭ ئەتىسى ساھىبخانا ساقچى ئىككى مېھماننى غۇلجىغا ماڭغان بىر كىچىك ماشىنىغا سېلىپ قويدى.

ئىككى ساقچى چۈشكەن كىچىك ماشىنا غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ، ساقچىلارنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇلارنى خەنزۇ بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا، كىنوخانا ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويدى. كىنوخانىنىڭ سول بىقىنىدىكى ئۇچەيدەك تار، پاتقاقلىق كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىككىيلەننىڭ ئىدارىسى بار ئىدى. ساقچى باللار شۇ كوچا تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭدى ـ يۇ، تۇساتتىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى تەڭلا بىر كىشىگە ــ كىنوخانىنىڭ ئوڭ بىقىنى تەرەپتىن «تالىيە» مەكتىپى تەرەپكە كېتىدىغان يەردىكى دوقمۇشتا، ئۆستەڭ بويىدىكى ئىستولبا ياغىچىنىڭ تۈۋىدە تاماكا، سەرەڭگە، قەغەز سېتىپ ئولتۇرغان تۇماقلىق بىر بوۋايغا چۈشۈپ قالدى.

ــ ئاۋۇ بوۋاي ھېلىقى ئىشقىيارغا ئەجەب ئوخشايدىكىنا!ــ دېدى ساقچىلاردىن بىرى پىچىرلىغىنىچە.

ــ شۇ بوۋاي ئۆزى شۇغۇ...ــ دېدى يەنە بىرى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ھودۇققىنىچە.

ــ يوق گەپنى قىلمىغىنا، ئۇ بوۋاي ھازىر تېكەسنىڭ چېتىدە يۈرگەندۇر...ــ باشتا گەپ قىلغان ساقچىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق پارىڭىنىڭ ئاخىرى بوشاپ كەتتى. سەۋەبى ئۇلار بۇ چاغدا گەپ قىلغاچ ئۆزلىرىمۇ سەزمەي

مېڭىشىپ ئىستولىنىڭ يېنىغىلا بېرىپ قالغانىدى. ئۇ يەردە بولسا ئىشقىيار نامەت بۇدۇڭتەي تاماكا، قەغەز سېتىپ، چوقچاراپ ئولتۇراتتى.

ئەسلىدە ئىشقىيار نامەتلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ھېچقايسىسى ئېھتىياتتىن تالاغا چىقماسلىق ھەققىدە كېلىشكەنىدى. لېكىن، كۈندە بازاردىن ئىككى نان بولسىمۇ تېپىپ ـ يۇلۇپ كەلمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىغان ئىشقىيار نامەت ئايالى، بالىلىرى دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ ھەم ئۆيدە ئىچى پۇشۇپ، بۇگۈن ئەتىگەندە موخوركا ساتىدىغان ئوقىتىسىنى قىلىشقا بۇ يەرگە چىققانىدى، بىراق چۈشتىن كېيىنلىكىلا ئۆزلىرىدىن كېيىن قالغان مۇنۇ ئىككى ساقچىغا ئۇچراپ قالدى. ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن ئىككى ساقچىنىڭ بېشىدا مۇشۇ تاپتا ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئىككىسى نەچچە كۈن ئىلگىرى، يەنى «كۆكتېرەك» تە چۈشۈپ قالغان ۋاقتىدىلا «ئىشقىيارنى ئائىلىسى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىككى كۈن ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ئاندىن قايتتۇق» دەيدىغانلىقلىرىنىمۇ مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى. مانا ئەمدى نېمە ئىش بولدى؟ نېمە پالاكەت بۇ!

ــ ھەي بوۋاي،ــ دېدى ياشقا چوڭراق ساقچى غەزىپىنى تەستە بېسىپ،ــ ساڭا بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، ناھىيەگە ئاچىقىۋېتىپ كەلمىگەنىمدۇق، قاچان كېلىۋالدىڭ، نېمىدەپ؟

ــ كېلىۋالدىڭىز دېگىنە، بالام، كىچىك بولغاندىن كېيىن،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى گەپ قىلىۋاتقان ساقچىغا تىكىپ، بويىنىنى سەل قىسايتىپ،ــ ھەرقايسىڭلار ماڭا كىيدۈرگەن قالپاقنى بارغۇ، ھېلىقى

بىز بارغان ئاۋۇلدىكى قالپىقى يوق بىر مالچىغا بىرىۋېتىپ، شۇ كۈنىڭ ئەتىسى يېنىپ كەلدىم!ــ ئىشقىيار نامەت سۆزلەۋېتىپ، قولىنى قويۇن يانچۇقى تەرەپكە ئۇزاتتى. دەم ئۆتمەستىن يانچۇقىدىن «قۇس جەتكەن»دىكى ۋىجىككىنە ئەترەت باشلىقى تامغىسىنى باسقان رۇخسەتنامىسىنى ئېلىپ، ئىككى ساقچى بالىغا ئۇزاتتى...

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ يادىدا بولسا، ئىشقىيار نامەتنىڭ «بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقى» ھەققىدىكى بۇ چاقچىقىنى ئالدىنقى بابلىرىمىزنىڭ بىرىدە بىر قېتىم تىلغا ئالغاندۇق، بۇ بابتا تەپسىلاتىنى يازدۇق... بايانىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، بۇنىڭدىن ئارتۇقى ئارتۇق بولسا كېرەك.

# «سانائەت»تىكى تىرىكچىلىك

1978 ـ يىلى، غۇلجا.

بىز ئابلىپىزخان بايانىدىكى بابىمىزدا ئىشقىيار نامەتنىڭ سىدىق نۇر كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاجىۋاي مەھەللىسىدە ئابلىپىزخاننىڭ ھىماتىدا ئاچقان «سانائەت كارخانىسى»دا ئىشلىگەنلىكىنى يازغانىدۇق.

ئەلقىسسە، ھىماتنىڭ قەيەردە بولسا، ھاياتنىڭ شۇ يەردە دېگەندەك، تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى تار دائىرىلىك ئوقىتىمدىن سىدىق نۇرنىڭ تازا كۆڭلى سۇ ئىچمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئابلىپىزخاننىڭ خىزمىتىدە پوككىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى. ئۇ زامانلاردا پۇلى بارلا ئادەم ئۆز ئالدىغا، يەككە ئىش تەۋرىتەلمەيتتى. نامى يوللۇق بولۇش ئۈچۈن بىرەر تەشكىلنىڭ پېشىگە ئېسىلمىسا بولمايتتى. شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللە ئاساسىي قاتلاملىرىنى باشقۇرىدىغان، ئەسلىدىكى «ئىستالىن» مەكتەپىنىڭ (كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى يەتتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ) يېنىغا جايلاشقان رايونلۇق ئاھالىلەر كومىتېتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئىككى رايونغا ئايرىلغانىدى. شۇ ئاساستا شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپى، يەنى تاشلەپكىدىن نېرىسى ئىككىنچى رايون، ئەسلىدىكى رايون بولسا بىرىنچى رايون دەپ ئاتالدى، ئابلىپىزخان

دەل مۇشۇ ئىككىنچى رايوننىڭ مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلگەنىدى.

ئابلىپىزخاننىڭ خىزمىتىدىكى ئۆزگىرىش سىدىق نۇرنىڭ كاللىسىدا دەررۇ بىر پىلان پەيدا قىلدى. ئاغىنىسى يېڭى ئورۇنغا ماسلىشىۋالغىچە ئۇ بىر ـ ئىككى ئاي سەۋر قىلدى. ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ ئىدى، ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇ ئائىلىسىدە مول زىياپەت تەييارلاپ ئابلىپىزخاننى بىرنەچچە يېقىن ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرى بىلەن مېھمانغا چاقىردى. سىدىق نۇر جاھاندارچىلىق ئىشلىرىغا ماھىر ئىدى. نېمىنى قەيەردە بېجىرىش، قانداق گەپنى قەيەردە قىلىشنى ياخشى بىلەتتى. بۇ قائىدىلەرنى ھەربىي سەپتە تۇرغان چاغلىرىدا ئۆگەنگەنىدى، ئۇ كۈنى مېھماندارچىلىق ئۆز يولى بىلەن ئۆتتى، ئولتۇرۇش، ساز ـ نەغمە، چاقچاقلار بىلەن، مول تائاملار بىلەن راسا قىزىدى. ئابلىپىزخان بىر ئاغىنىسى ئارقىلىق ھېسام بىلەن ساتتار قورۇق[1]نى چاقىرىپ قويغانىدى. ئىككىسى بىر سەن، بىر مەن قىلىشىپ، سورۇننى تازىمۇ قىزىتىۋەتتى، ئىچىپ قىزىۋالغان ئابلىپىزخان ئارىلىقتا ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاجايىپ قىزىق گەپلىرىدىن بىرنەچچىنى دەپ بېرىۋىدى، سورۇندا قىيقاس چىقىپ كەتتى... ئىشقىلىپ، چىرايلىق مېھماندارچىلىق بولدى.

مېھماندارچىلىق ئۆتۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن، سىدىق نۇر ئابلىپىزخاننىڭ يېڭى ئىدارىسىگە باردى. ئىككىنچى رايون ئاھالىلەر كومىتېتى چېلەك

---

[1] ساتتار قورۇق ــ غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكەن بىر چاقچاقچى.

مەھەللىسىگە كېتىدىغان كوچىنىڭ سەل يۇقىرىسىغا قىيپاش ئۇدۇل جايلاشقانىدى. سىدىق نۇر ئاغىنىسىنىڭ يېڭى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياقتىن گەپ ئېچىپ، مۇددىئاغا يېقىنلاشتى. بىر چاغدا ئەسلىي مەقسىتىنى ئېيتىۋېدى، ئابلىپىزخان ئاڭلاپ تۇرۇپ كېتىپ، خۇشاللىقىدا «بولىدىكەنغۇ» دەۋەتتى. يېڭى قۇرۇلغان رايوننىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئۆز تەۋەلىكىدە مۇشۇنداقراق، نان تاپىدىغان بىرەر ئىش تەۋرىتىشنى ئويلاشقانىدى ۋە دەل ئابلىپىزخان رايوننىڭ شۇنداق ئىشلارغا مەسئۇل رەھبىرى ئىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ مۇددىئاسى بىر يەردىن چىقىۋىدى، شالتاي ـ پالتاي دېيىشمەيلا كېيىنكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىشكە تۇتۇنۇشتى. تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى ئۇنىڭسىزمۇ ئىشلىرى ئانچە ئاقمايۋاتقان سانائەت كارخانىسىنى رايون ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش، شۇ ئاساستا ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى كېڭەيتىش قارار قىلىندى. ئابلىپىزخان بۇ پىلاننى رايون رەھبەرلىرى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، شۇ بويىچە دەررۇ تەستىقتىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن سىدىق نۇر مەسئۇل بولغان ئىككىنچى رايون سانائەت كارخانىسى قۇرۇلۇپ، كىچىكمەستىن ئىش باشلىنىپ كەتتى. كارخانا تەركىبىدە ھەدېگەندە قۇرۇلۇش، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، تۆمۈرچىلىك كەسپلىرى يولغا قويۇلدى. لېكىن، سىدىق نۇرنىڭ ئەسلىي مەقسىتى بۇلار ئەمەس ئىدى، ئۇ خېلىدىن بېرى تېخىمۇ جىق پۇل تاپقىلى بولىدىغان بىر ئىشنى قىلىشقا تەرەددۇتلىنىپ يۈرەتتى... شۇ تەرەددۇت ئاخىرى ئابلىپىزخان قاتارلىق

مەسئۇل كىشىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، كىچىكمەستىن ئەمەلىي ئىشقا ئايلاندى. ئابلىپىزخان سىدىق نۇرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق شەھەرگە، ئوبلاستقا يول مېڭىپ يۈرۈپ، ئاپتونوم رايونغىمۇ بىرەر ـ ئىككى قېتىم قاتناپ، يېڭى يولغا قويۇلىدىغان ئىستىقباللىق كەسىپنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ تەق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى رايون سانائەت كارخانىسى تەركىبىدە دەسلەپتە كىچىكرەك تاماكا سېخى قۇرۇلدى (كىشىلەر ئۇشبۇ سېخنى ئۆزلۈكىدىنلا «تاماكا زاۋۇتى» دەپ ئاتىشىۋالغانىدى).

تاماكا سېخىدا ئاساسەن كۆك تاماكا، يەنى موخوركا پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى. سېخ ئىشقا كىرىشمەستىن تۇرۇپ، ئىشلارغا ئىبدىتلىق سىدىق نۇر خام ئەشيا توغرىسىدا ئويلىنىۋېتىپ، ئىشقىيار نامەتنى يادىغا ئالدى. بوۋاينىڭ ئىشقا دېدىللىكى، تىنىمسىزلىقى، سۆزمەنلىكى «ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلام سانائەت كارخانىسى»نى باشقۇرۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا سىدىق نۇرنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇنىڭچە، بوۋاي سۇر ئېشىكىگە مىنىۋېلىپ تۆت تامىنىنى بىر ـ بىرلەپ، ئالا قويماي ئايلانسا ياش باللاردىن ياخشىراق ئىش قىلالايتتى. شۇنداقمۇ بولدى ھەم.

سىدىق نۇرنىڭ ئىشقىيار نامەت ھەققىدىكى تەكلىپى دەسلىۋانىسىدا ئابلىپىزخاننىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى. ئۇ ئاچچىق تىللىق بۇ بوۋايدىن نېرى تۇرۇشنى ئويلايتتى.

ـــ ئاداش، ئۇ بوۋاي ئېشىكىنى رايوننىڭ قورۇسىغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا كىرىپ

ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلمايدۇ، شەھەرنىڭ سىرتىنى، تاماكا تەرگەن ئىتىزلارنى ئايلىنىدۇ،— دەپ چاقچاق ئارىلاش چۈشەندۈردى سىدىق نۇر ئابلىپىزخانغا،— قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، خالىمىسىڭىز سىزگە دىدارىنى يولاتمىسامىلا بولىدۇغۇ...

— يا... يا... ياق...— دېدى دەررۇ، ئېھتىياتچان ئابلىپىزخان،— مەن باشقىچە گەپ دېمەكچى ئەمەس، شۇ، سەكسەندىن ئېشىپ قالغان ئادەمنى ئىشقا سالساق قاملاشمادۇ دەيمىنا!

— نېمە دەيسىز؟— دەپ ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى سىدىق نۇر،— ئاشۇ ئىشقىيار دېگەن ئادەم سەكسەندىن ئېشىپ قالدىما؟ قويۇڭا، ئاتمىش نەچچە ياشلاردا باردۇر جىق بولسا؟

— قارىسىڭىز راست شۇنداق كۆرۈنىدۇ،— دېدى ئابلىپىزخان، كېيىن قوشۇپ قويدى،— مەيلى، ئۆزىڭىز بىر پاراڭلىشىڭ بولمىسا، ماقۇل، قىلاي دېسە ئۆزىنىڭ ئىشى، ئۇنىڭسىزمۇ جىم تۇرمايدۇ، تىنىمسىز ئادەم ئۇ.

شۇ گەپلەر بىلەن سىدىق نۇر دەررۇ ئىشقىيار نامەتنى ئىزدەپ تېپىپ سۆزلىشۋىدى، ئىشقىيار نامەت ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى. بۇ ئۇنىڭغا تازا لايىق خىزمەت ئىدى. ئابلىپىزخان توغرا ئېيتقانىدى، بۇ ئىشنى قىلمىسىمۇ، بەرىبىر ئىشقىيار نامەت جان بېقىش كويىدا باشقا بىرەر ئىش قىلغان بولارئىدى. ئېشەككە مىنىپ خام ئەشيا ئىزدەش ئۇنىڭغا راسا لايىق خىزمەت ئىدى... ئىشقىيار نامەت گەپ ئارىلىقىدا ئۆزىگە تېگىدىغان دارامەتنى سورىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى.

سىدىق نۇر بىلەن قىلىشقان پاراڭدىن كېيىن ئىشقىيار نامەت كىچىكمەستىنلا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئۇ سىدىق نۇردىن بەتەپسىل سورىۋالغانىدى. ئەمدىكى ئىشى ھەر كۈنى ئىتىز ـ ئېرىقلاردا، يىراق ـ يېقىن دېھقان مەھەللىلىرىدە يۈرۈپ، تاماكا تېرىغانلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھويلىسىغا كىرىپ سودىلىشىش بولاتتى. دەسلەپتە ئانچە ئۇچۇق چىراي ئاچمىغان، تاماكا يوپۇرماقلىرىنى ئەنقا كۆرسەتمىپ، باھاسىنى ئاسمانغا ئېسىۋالغان ئادەملەرمۇ، ئىشقىيار نامەتنىڭ پاراڭلىرىنى چارەك سائەت ئاڭلاپلا ئەلپازىنى، باھاسىنى ئۆزگەرتەتتى. تالادا تۇرغۇزۇپلا گەپلەشكەنلەر كېيىن بوۋاينى ئۆيگە باشلايتتى. دەسلەپ قۇرۇق ئولتۇرغۇزۇپ قويغانلار، بىر چاغدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ تاۋۇز بىلەن پىچاقنى ئىزدەپ كېتەتتى. ئارىلاپ، ئىشقىيار نامەتنى تونۇيدىغانلار، ئۆزىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ پارىڭىنى، قىزىق ئىشلىرىنى ئاڭلىغانلار ئۇچراپ قالاتتى. ئۇنداقلار سۆز ئېشىكىگە مىنىپ ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىغا كېلىپ قالغان بۇ «پەيزاۋاتلىق نەسرىدىن ئەپەندى» بىلەن زور ھەۋەستە پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ كېتەتتى.

تۆۋەندە، شۇ كۈنلەردە ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلگەن ھازىر جاۋاب كەلىمىلەردىن بىرنەچچىسىنى ئاڭلاڭ.

ئىشقىيار نامەت بىر كۈنى تاماكا ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر ئېتىزلىقنىڭ بويىدا، ئىش ئارىلىقىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان تۆت ـ بەش دېھقاننىڭ يېنىغا

باردى ۋە سالامدىن كېيىن بىر ئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئىشقىيار نامەتكە سىنچىلاپ قاراپ كېتىپ ئۇنى تونۇپ قالدى ۋە كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— سىلى تاجىۋاي مەھەللىلىك ئىشقىيار نامەت نامىتىكام ئەمەسمۇ؟

— دەل ئۆزى شۇ مەن،— دېدى ئىشقىيار بوينىنى بىر ياققا ئېگىپ، دەررۇ،— ئۆزلىرى؟

— مېنى تونۇمايلا، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن سىلىنى كۆرگەن. بىر قېتىم ئۆزلىرى مۇرىلىرىدە ئىككى ـ ئۈچ پارە ئاياغ، تاشلىپكە ياقتىن كېلىۋاتاتتىلە، بىر چاغدا كۆزۈم مۇنداقلا چۈشۈپ قالدى، قارىسام غەلىتە كېيىنىپ، ئۆكىرەڭ تاشلاپ مېڭىپ كېلىۋاتقان بىر ئاداش ئالدىلىرىنى توسۇپ تۇرۇۋېلىپ سىلىنى رەللە قىلىپ قويدى. ئەمدى بىر جېدەل بولارمۇ دەپ ئىتتىك يانلىرىغا كېلىشىمگە، سىلى ھېلىقى يىگىتتىن:

«كىمسەن ئۆزۈڭ؟» دەپ سورىدىلا، ھېلىقى بولسا قوللىرىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئىرغاڭشىپ تۇرغىنىچە:

«ئېقىمغا قارشى تۇرغۇچىمەن، قانداق؟» دېدى. شۇ چاغدا سىلى زەھەردەك بىر كۈلۈۋېتىپ:

«ياچېۋەكنى دورىغۇچىمەن دېگىنە!» دەپلا، ھېلىقىنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ كېتىپ قالدىلا، قايىل قالغاندىم، شۇ سىلى، ھە؟

ئېتىز قىرىدا ئولتۇرغانلار تەڭلا كۈلۈشۈپ، ئىشقىيار نامەتكە بۆلەكتىن سەپسېلىپ قاراشتى. ئىشقىيار نامەت پاراڭ قىلىپ بەرگەن كىشىگە قاراپ:

— شۇ ئەينى مەن بولىمەن، ھېلىقىنىڭ قەستى مۇرەمدىكى سىلى كۆرگەن شۇ ئاياغلاردا ئىدى، ئۇنداق شوينىبەلىلەگە بوزەك بولىدىغان بولساق، قىرغاندا پەيزاۋاتتىن چىقىپ ئىلىخودا تىرىكچىلىك قىلمايتتۇق دېسىلە! — دېدى.

— سىلى پەيزاۋاتتىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى ياشقا چوڭراق بىرى ھاياجانلىنىپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا! — دېدى ئىشقىيار قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، سەل قوزغالغىنىچە.

— ماۋۇ ئىشنى قارىسىلا، مېنىڭ بوۋام پەيزاۋاتلىق ئىدىكەن... خوش، ئۆزلىرى بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قاپلا؟

ئىشقىيار نامەت بۇ تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى. ياشقا چوڭراق دېھقان كۈلۈپ كەتتى.

— مانا قارىسىلا، دەل يېرىنى تېپىپ كەپتىلا، مەنمۇ قوشنىلىرىمنىڭ دالالىتى بىلەن ھويلامدىكى ئالتە پۈك يەرگە تاماكا تېرىپ قويغانىدىم، تازىمۇ قولاق تارتىپ، ياغلىشىپ قارامتۇل بولۇپ ئايىنىپ كەتتى، يىغىپ لەمپىگە بېسىپ قويۇۋىدىم... بولدى، كېلىشىپ قالساق سىلىگە بېرىۋېتەي، بىر قاتار قوشنىلىرىمنىڭ ھەممىسى پۇلى ئوبدان بولىدىكەن دەپ، ھويلىلىرىغا مېنىڭدەك تاماكا تېرىۋەتكەن، مەخسۇس تېرىقچىلىق يېرىگە تېرىغانلارمۇ بار تېخى... بولدى، پەيزاۋاتلىقىم، سەل ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، ماۋۇ ئىشىمنى تۈگىتىۋېتىپلا خىزمەتلىرىدە بولىمەن.

ئىشقىيار نامەتتىنىڭ «سانائەت»تىكى تىرىكچىلىكى ھەدېگەندىلا ئەنە شۇنداق ئوڭخا تارتىپ، يورۇشۇپ كەتتى.

ئىشقىيار نامەت بىر كۈنى يەنە بىر مەھەللىدىكى كۆكتاتلىقتا بىر تاماكا تېرىغۇچىنى ساقلاپ يېرىم كۈن ئولتۇرۇپ قالدى. كۆكتاتلىقتىكى ياشقا چوڭراق بىر ئادەم سولىشىپ قالغان تەرخەمەكلەرگە سۇ سېپىپ، تېگىگە سۇ ماڭدۇرۇپ، هارام چۆپلەرنى ئوتاپ، تىنماي ئىشلەيتتى ـ يۇ، ياشىراق يەنە بىر ئادەم نەچچە سائەت داۋامىدا ھېچ ئىش قىلماي، تەرخەمەكلىكنىڭ قىرىدا خۇددى پوستتەك تىكلا تۇردى، بىر چاغدا بۇنىڭدىن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئىچى پۇشتى، ئاستا ھېلىقى ئۆرىۋەدىنىڭ يېنىغا كېلىپ، سورىدى:

ــ ئىنىم، دائىم مۇشۇنداق تىككىدىلا تۇرامسەنا؟

ــ شۇنداق،ــ دېدى ھېلىقى ئادەم چەكچىيىپ،ــ ئېڭىشسەم بېلىم ئاغرىيدۇ، نېمە بولدى؟

ــ ھېچنېمە بولمىدى،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت شۇ چاغدا،ــ قاراپ ئويلاپ قالدىم ـ دە، يەر ئىسراپ قىلىپ تەرخەمەك تېرىپ يۈرگىچە، جىمى تەرخەمەكنى سەندىنلا ياسايدىغان گەپ ئىكەندۇق.

ھېلىقى تىكۆەگ ئۆپكىدەك قىزىرىپ، دەررۇ ئېڭىشىپ ئىشقا تۇتۇندى.

يەنە بىر كۈنى، ئىشقىيار نامەت ناتونۇش بىر مەھەللىدە، يولنىڭ بويىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئالدىدىن غەلىتە بىر خىل چاپان، تار ئىشتان كىيىپ، كاسىلىرىنى پۇسكايتىپ ئىككى يىگىت ئۆتۈپ قالدى. ئىشقىيار نامەتتىن سەل نېرىدا ئولتۇرغان كۆزئەينەكلىك، قولىدا

گېزىت تۇتقان زىيالىي سۇپەت ئادەم بېشىنى ئىرغىتىپ، ئىشقىيار نامەتكە قارىدى ـ دە:
ـــ قارىسىلا هازىرنىڭ ئوغۇل بالىلىرىنى، ـــ دېدى.
ـــ شۇنى دەيمەن، ـــ دېدى ئىشقىيار نامەت، ـــ بۇرۇنلاردا «بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق» دېگەن ماقال بولىدىغان، ئەمدى بۇنى «بالاڭنىڭ كىيىنىشىگە باق» دەپ ئۆزگەرتىدىغان ئوخشايمىز...
بەش قول ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئىشقىيار نامەتنىڭ ئالدىغا بىر خىل بىمەززە گەپ قىلىپ، سوئال سورايدىغانلارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى.
ـــ ئىشقىياركا، «مۇشۇ يامان بولىدۇ»لار بەك جىققەن چوڭلارنىڭ ئاغزىدا، سىلىدىن بىرنىلا سوراپ باقاي، مەسىلەن، قولنى يۇيۇپ، كەينىدىنلا سىلكىسە نېمە بولىدۇ؟
ـــ يۇندى چاچرايدۇ، ـــ دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇلا.
بىر كۈنى ئۇنىڭدىنمۇ تېتىقسىز بىرى سوراپ قالدى:
ـــ ئادەم چۈشىدە هۆر ـ پەرىلەر بىلەن تاماشا قىلسا، ئوڭىدا نېمە بولىدۇ؟
ئىشقىيار نامەت خاتىرجەم تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
ـــ نېمە بولاتتى، ئىنىم، تامبال هۆل بولىدۇ.
بىز ئەمدى بۇنداق يول ـ يولىكەي هازىر جاۋابلىقلارغا چېكىت قويۇپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ تاماكا سېخى ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىنىڭ داۋامىنى بايان قىلايلى.
سىدىق نۇرنىڭ قىياس قىلغىنىدەك، ئىككىنچى رايون سانائەت كارخانىسىنىڭ تىجارىتى، پەقەت تاماكا سېخى ئىشقا كىرىشتۇرۇلگەندىن كېيىنلا تېزلىكتە روناق

تېپىپ كەتتى. ئابلىپىزخانمۇ بۇ تۆپەيلى يۈز تاپتى. سىدىق نۇر نەپسى يامانراق ئادەم ئىدى، پۇل تاپقانسېرى تاپسامىلا دەيتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايتتى. بۇ مۇددىئادا ئۇ ئىككى تەرەپلىمە ئەجىر سىڭدۈردى. بىر تەرەپتىن موخوركىنىڭ ئالىيسىدىن ئاددىيسىغىچە بىرنەچچە خىلىنى سورتقا ئايرىپ، ئايرىم ئىشلەپچىقىرىدىغان ھالقىلارنى بېكىتتى، پاچكىلىق موخوركىنى تۈنجى قېتىم ئويلاپ تېپىپ، ئىشلەپ بازارغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن بازاردا بەڭگىلەر ئۈچۈن چوڭ يېڭىلىق پەيدا بولدى، موخوركىنىڭ بازىرى تېزلا چاپ ـ چاپ بولۇپ كەتتى. پاچكىلىق، ئالىي سورتلۇق بۇنداق موخوركىنى پۇللى بارلار، ئەمەلدارلار ئالايتەن بۇيرۇتۇپ چېكەتتى، ھەتتا ئالاھىدە زاكازلار بىلەن ئۇرۇمچىگىمۇ ئەۋەتىلىپ تۇراتتى. پايدا كۆپەيگەنسېرى سىدىق نۇرنىڭ كۆزى قىزاردى ۋە ئىككىنچى تەدبىرىنى يولغا قويدى، بىراق بۇ تەدبىر كۆك تاماكىچىلىق تۈزۈمىگىمۇ، ئەخلاققىمۇ مۇخالىپ ئىدى. يەنى سىدىق نۇر كېيىنكى ۋاقىتلاردا غەيرىي بىر مۇددىئا بىلەن ھەدەپ مېھمان چاقىرىپ، سوۋغا ـ سالام سۇڭگۇتۇپ، ئىشلىرىنىڭ مۇددىئاسىدىكىدەك راۋان مېڭىشىغا ئاساس تەييارلاش كويىغا چۈشتى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، ئېنىقكى، بۇ باجدىن قېچىش تەدبىرى ئىدى. بىر مەھەل سىدىق نۇر بىلەن ئابلىپىزخاننىڭ زىياپەت سورۇنلىرى قايناپ كەتتى. ھەر قېتىمقى سورۇنغا ھەرخىل مېھمانلار، ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى كېلەتتى. قويلار سويۇلاتتى، ھاراقلار

يەشكىلەپ ئىچىلەتتى، ۋەدىلەر بېرىلەتتى... لېكىن سانائەت كارخانىسىدىكى، ھەتتا تاماكا سېخىدىكى ئىشچىلارنىڭمۇ مائاشى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئازغىنا مائاشلىرىنىمۇ ۋاقتىدا ئالالمايتتى، شۇلارغا قوشۇلۇپ، پۇل، يۈز تاپقانسېرى خۇدىنى بىلەلمەي قالغان پوخۇر مىجەز سىدىق نۇرنىڭ تاماكا سېخىدىكى ئايرىم قىز - چوكانلارغا قىلغان زوتالىق، پەسكەشلىكلىرىمۇ خەقنىڭ تىلىغا چىقىپ قېلىشقا باشلىدى... ئىشقىلىپ، سىدىق نۇر ئۆزىنى ئۆزى كۆيدۈرىدىغانغا، قۇرۇق ئوتۇننى ئۆزىمۇ سەزمەي يىغىۋاتاتتى.

شۇ ئىشلار يەتمىگىنىدەك، خام ئەشيا قىسلىقى، تېپىلىسىمۇ قىممەتلىكى بېشىنى ئاغرىتقان سىدىق نۇر، بىر كۈنلىرى كېلىپ قول ئاستىدىكىلىرىگە تاماكىغا ساختىلىق ئىشلىتىش توغرىسىدا مەخپىي يولىيورۇق بەردى. يەنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئەمدى ئىككى ئۇلۇش تاماكا يوپۇرمىقىغا بىر ئۇلۇش پىدىگەن، كۆكمۇچ سېپى، قوۋزىقى ئارىلاشتۇرۇلاتتى. يانجىش ماشىنىسى ھەممىسىنى قوشۇپ، تالقاندەك قىلىپ ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى - دە، قارىماققا چانمايتتى، ئەمما خام ئەشيا تەننەرخى تۆۋەنلەيتتى. بۇ ئىشتىن سېخ مەسئۇللىرى ۋە تېخنىكلارلا خەۋەردار ئىدىكى، باشقىلاردىن سىر تۇتۇلاتتى. لېكىن، ئىشقىيار نامەت بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قالدى.

بىر كۈنى سىدىق نۇر ئىشقىيار نامەتنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، بۈگۈندىن باشلاپ پەقەت ھەر كۈنى كەچتە، دەريا بويى ئايدۆڭ مەھەللىسىدىكى بىر كۆكتاتلىقتىن شۇ يەردىكىلەر ئۇدۇللۇق يىغىپ، قۇرۇتۇپ مىشكاپلارغا قاچىلاپ قويىدىغان بىر خىل خام ئەشيانى جىددىي

توشۇشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە ئېشەكلەرنى ئۇنىغا كۆپەيتىشكە بۇيرۇدى. ئىشقىيار نامەت باشلىقنىڭ دېگىنى بويىچە ئىككى ئىشلەمچى، ئون ئېشەك تاپتى — دە، شۇ كەچلىگىلا ئايدۇڭ مەھەللىسىدىكى ھېلىقى كۆكتاتلىققا باردى. قارىسا، سىدىق نۇرنىڭ خام ئەشيا دېگىنى تاماكا غولىمۇ، تاماكا يوپۇرمىقىمۇ، ھەتتا تاماكا يىلتىزىمۇ ئەمەس، بەلكى پىدىگەن بىلەن كۆكمۇچ، قىزىلمۇچنىڭ سېپى، قوۋزاقلىرى ئىكەن... چېچەن ئىشقىيار نامەت دەررۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. بۇنداق ھارامخورلۇققا ئۇنىڭ ۋىجدانى يول قويمايتتى ۋە بۇنداق ئىشقا شېرىك بولۇشنىمۇ ئەسلا خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئون ئېشەك قۇرۇق قايتىپ كەلدى. ئەتىسى چۈشتىن ئاۋۋال بىرى پايلاپ تۇرۇپ، ئىشقىيار نامەت كارخانىغا كېلىشىگىلا ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى. باشلىق ئۇنى ئىشخانىسىدا ساقلاۋاتاتتى.

ئىشقىيار نامەت باشلىق ئىشخانىسىغا كىرىشىگە، چىرايى بۇلۇتلۇق ھاۋادەك تۇتۇلۇپ كەتكەن سىدىق نۇر ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك چامداپ كەلدى.

— مەن بۇيرۇغان خام ئەشيا نېمىشقا سېختا تەييار بولمىدى، تاغا؟ — دەپ ئاچچىقىدا سورىدى ئۇ ئىشقىيار نامەتتىن.

ئىشقىيار نامەت كۆكۈچ كۆزلىرىنى سىدىق نۇرغا تازا قاداپ كېتىپ، بېشىنى سەل سىڭارىيان قىلدى.

— خام ئەشيامۇ ئۇ، سىدىق نۇر ئىنىم ياكى ھارام ئەشيامۇ؟ — دەپ سورىدى.

سىدىق نۇر تېخىمۇ چەكچەيدى:

— نېمە ھارام ئەشيا ئۇ، سىلى نېمە دېمەكچى؟

— سىلىنىڭ ئەسلى قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز پاكىز ئىش ئەمەس، ئىنىم، راست، موخوركىنىڭمۇ مەنىسى چىكىمەن، بىراق چەيزە بىلەن لازىنىڭ سىپىنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلىمۇ چەكمەيمەن، ماقۇلما؟ پۇل خەجلەپ موخوركا ئالىدىغان خېرىدارلارنى مالاڭ قىلمىسىلا...

تەكەببۇر سىدىق نۇر ئاچچىقىدا سەكرەپ كەتتى:

— نىمە دەيدۇ ماۋۇ قېرى، جان باقسۇن دەپ قويسا... ئابلىپىزخان راست دەپتىكەن، چىقە ماڭەۋاي...

— چىقىمەن،— دېدى ئىشقىيار نامەت ئۆتكۈر نەزىرىنى سىدىق نۇرغا خەنجەردەك سانجىپ،— مەن ھېلى چىقىمەن، سىلى كېيىنرەك چىقىلا، ئىگىسى بار ئالەم بۇ...

ئىشقىيار نامەت ئەۋلىيادەك سۆزلىگەندى، بىرەر ئايغىمۇ بارماستىن، باج ئوغرىلىغانلىقى، خىيانەتچىلىكى ۋە باشقىمۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سىدىق نۇر ئەدىپىنى يېدى. ئابلىپىزخانمۇ تاياقتىن قۇرۇق قالمىدى.

# سابىرجان سادىق ۋە ئىشقىيار نامەت

1980 ـ يىلىنىڭ باشلىرى غۇلجا ناھىيەسى.

ئەينى چاغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ھاكىم جاپپار خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ غۇلجا ناھىيەسىگە كېلىپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ كۆيتۈندىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاپ بۇ تەرەپكە ئۆتۈشى ئىدى. ھاكىم جاپپار ئاكىنىڭ سادىر پالۋاننىڭ يۇرتىغا كەلگەنلىكى شەرىپىگە غۇلجا ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ئۆز ئۆيىدە چاي بەردى، ئىلىلىقلار سورۇن قۇرسا ناخشىچى، سازەندىلەردىن ئاۋۋال چاقچاقچىلارنى ئويلىشىدۇ. چاقچىقى تەڭشىلىپ كەلمىگەن ئولتۇرۇشنى ئولتۇرۇش ھېسابلىمايدۇ. ساھىبخانا غۇلجىغا ئادەم ماڭدۇردى. ئىلىنىڭ سەركە چاقچاقچىلىرىدىن ھېسام قاتارلىقلارنى تېپىپ چىقىشنى جېكىلىدى. ساھىبخانا ئىيتقان چاقچاقچىلارنىڭ قاتارىدا ئۇنىڭ يېقىن بۇرادىرى، گەپكە چېچەن سابىرجان سادىقمۇ بار ئىدى. قىبرىشقاندەك ئۇ كۈنى سابىرجان سادىقتىن باشقىلىرىنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى بولمىدى. سابىرجان چاينىڭ باشلىنىشىغا ئۇلگۇرۇپ، جېلىلىيۈزى بازىرىغا يېتىپ چىقتى. بىرنەچچە پەدە ساز، ناخشىدىن كېيىن قىزىقچىلىق باشلاندى. چاقچاقنى ئاۋۋال سابىرجان باشلىدى. شەھەردىن چىقىپ، سورۇنغا

كىرگەندىلا ئۇ ئىشىكنىڭ تۈۋىدىكى يەردىن، يەنى تاپىسىدىن جاي ئېلىپ، پەگاھتا ئولتۇرغانىدى. ھازىرمۇ ئاشۇ يەردە ئۆرە تۇرۇپلا گېپىنى باشلىدى.

— بىر كۈنى ئىشقىيار نامەت...

سابىرجان ھە دېمەيلا چاقچاق ۋە قىزىقچىلىقنى سورۇندا ئولتۇرغان كۆپچىلىك ئادەملەرگە ھازىرچە ناتونۇش ئىشقىيار نامەت پاراڭلىرىدىن باشلىدى. ئۇ دوراش سەنئىتىدىكى كەم ئۇچرايدىغان ھەييارلىقى، كەسپىي تەربىيە كۆرگەن كومېدىيە ئارتىسلىرىدەك ماھارىتى بىلەن ئىشقىيار نامەت پاراڭلىرىنى ئۇ كىشىنىڭ ھەرىكەت، ئاۋاز، قىلىقلىرىغىچە شۇ دەرىجىدە ئوخشىتىپ كەلتۈردىكى، ئولتۇرغانلار تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشتى، سورۇننىڭ تۆرىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھاكىم جاپپار ئاكا تولا كۈلۈپ، بىقىنلىرى قىسىپ بولالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىشقىيار نامەتتىن ئىبارەت بۇ غايىب، مەۋھۇم قىزىقچىنىڭ ئوبرازى سابىرجان سادىقنىڭ سۈرىتىدە گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. سابىرجان سادىق بىر تەرەپتىن سورۇن ئەھلىگە ئىشقىيار نامەتنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى، قانداق ئەھۋال، زۆرۈرىيەتلەر بىلەن بۇ ئۆتكۈر، لەتىپىلىك پاراڭلارنى قىلغىنى ۋە قىلىقلىرىغانلىكنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى «ئىشقىيار نامەت» بولۇپ سۆزلەيتتى، چاقچاق قىلاتتى. ئوزايىدىن ئۇنىڭ ئىشقىيار نامەتنى قانچىلىك چوڭقۇر كۆزەتكەنلىكى، چۈشەنگەنلىكى، تەتقىق قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئوقۇرمەنلىرىمىز ھەر ھالدا تاجۋاي

مەھەللىمىزدىكى خۇشخۇي كادىرنى ئۇنتۇپ قېلىشىمغاندۇر!

«ئىشقىيار نامەت» سۆزلىمەكتە، كۆپچىلىك كۈلمەكتە، ئاۋازلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئاجايىپ ئۆتكۈر پاراڭلارغا جان ـ جەھلى بىلەن كۈلمەكتە ئىدى. ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلار دەستىدىن يۈرەكلىرى ئېزىلىپ، مۇنداق مەززىلىك، تېتىملىق كۈلكىلەرگە زار بولغان سورۇن ئەھلى، خەلق كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشەتتى. سورۇندا كادىرلارمۇ، دېھقانلارمۇ، ئاددىي سەھرا ئادەملىرى، قوشنا ـ قولۇملارمۇ بار ئىدى. سابىرجان سادىق ئىشقىيار نامەت ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ لەتىپىلىك گەپلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۆككىنىدە، ھاكىم جاپپار ئاكا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان يېرىدە قولىشالماي يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئالماشتى، كېيىن كۈلكىنىڭ راۋاجىدا يەنە ئورۇن ئالماشتۇردى...

شۇنىڭدىن كېيىن سورۇن ئاخىرىغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نەچچە يىللار مابەينىدە بۇ ھۆرمەتلىك كىشى ئۆزى چىن دىلىدىن قايىل بولغان سابىرجاننى «ئىشقىيار نامەت» دەپلا ئاتاپ يۈردى، ھەتتا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق ئاتاۋەردى.

رومانىمىزنىڭ بېشىدىن تارتىپ بىرنەچچە يەردە بىز سابىرجان سادىقنىڭ ئىشقىيار نامەتنى قانداق تونۇيدىغانلىقى ھەققىدىكى باياناتلارنى قەيت قىلدۇق. دەرۋەقە، ئاپەتلىك يىللاردا قىسمەت ۋە كەچمىشلىرى ئالاھىدە ۋە مول بولغان بۇ پەيزاۋاتلىق خەلق

قىزىقچىسىنىڭ غۇلجىدا ئۆتكەن ھاياتى ئۆمرىنىڭ سالماقلىق قىسمىنى ئىگىلەيتتى، سابىرجان سادىق مانا مۇشۇ نۇقتىنى ھەر دائىم يۈرىكىدە چوڭقۇر ھېس قىلاتتى ۋە ئىشقىيار نامەتكە ئالاھىدە بىر كۆزقاراشتا، قايىللىق، ئاياش... پوزىتسىيەدە بولۇپ ئۆتكەنىدى. نۆۋىتىدە ئىشقىيار نامەت ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزىق پاراڭ، ئۆزگىچە سەرگۈزەشت ۋە ئىشلىرىمۇ سابىرجاننىڭ جەمئىيەتكە قىزىقچى مىجەزىدە تونۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. سابىرجان تاجىۋاي مەھەللىسى تەۋەسىدە ئىشلىگەن، كادىرلىق قىلغان مەزگىللەردە ئىشقىيار نامەتنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭ كەچمىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، گۇۋاھ بولدى، ئاپپاق ساقىلىنى سۆرەپ رەستىلەردە، خالتا كوچىلاردا تىرىكچىلىك ھارۋىسىنى تارتىپ يۈرگەن بۇ بوۋاي «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش» دولقۇنىدا، ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەرنىڭ كۆزىگە پات ـ پاتلا چېلىقىپ قېلىپ، «داتاڭ سوراق»لارغا تېز ـ تېز كىرىپ قالاتتى. سابىرجان سادىق ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئىشقىيار نامەت بىلەن كۆپ ئەسىرالاشقان ۋە ئۇنى كۈرەشكە تارتقان مەيدانلاردا بىرگە بولۇپ، ئۇنىڭغا تاشلانغان ئالاھىدە يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي سوئال ـ سوراقلارنىڭ شاھىتى بولغان، قىلچىتەك شۇ ئىتتىك چاغلاردىمۇ ئاياپ قالغۇدەك يېرى بولسىلا، يۈرسىتى كەلسىلا ئۇنى ئاياپ، ئاسراپ قالغانىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز ئىشقىيار نامەتنىڭ ھەقىقەتكە يېقىن، چۈقانلىق، ئاچچىق كۆلكىنىڭ تېگىدىن ھەسرەتلىك مۇڭ ئۇرغۇپ تۇرغان

چاقچاقسىمان پاراڭلىرى زىلزىلە، قايىللىق پەيدا قىلغان، يۇرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالغان، لۇشۇن ئەپەندىنىڭ مەشھۇر سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا، كالا بولۇپ باش ئېگىمەن سەبىي بالىلارغا» دېيدىغان روھ، خىسلەتكە ئىگە بۇ قەيسەر، قاراپايىم ئادەم ئۇ قايىل بولىدىغان كىشىگە ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن سورۇنلاردا، ئادەتتىكى پاراڭلاردا، ھەممە يەردە زوق ـ شوقى بىلەن ئىشقىيار نامەت پاراڭلىرىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەيدىغان، باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ، زوقلاندۇرىدىغان بولغانىدى... ئىش ئاخىرىغا بېرىپ شۇنىڭغا يەتكەنلىكى، سابىرجاننىڭ ئىستىخىيەلىك ۋاستىسى بىلەن، پەقەت تاجىۋاي مەھەللە، چىلەك مەھەللە، لەڭزەبېشى، خەنزۇ بازار، تاشلەپكە... دائىرىسىدىلا تونۇش بولغان قىزىق پاراڭچى ئىشقىيار نامەت پۈتۈن شەھەرگە، جەمئىيەتكە سۆز ئۆستىسى سۈپىتىدە تونۇلغان ھەم بارغانسېرى تونۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىشقىيار نامەت ئۇستىدىكى بىرمۇنچە كۈلكىلىك، قىزىقارلىق ئىشلار سابىرجان سادىقنىڭ ۋاستىسى بىلەن قانات ـ قۇيرۇقلىرى تېخىمۇ ياسىلىپ، مۇكەممەل لەتىپە ـ چاقچاق سۈپىتىدە جەمئىيەتكە تارقالدى.

نۆۋىتىدە شۇنىمۇ قوشۇپ قويماي بولمايدۇكى، سابىرجان سادىق كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، كۆزەتكەن نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ھادىسىلەرنى، ھەرىكەتلەرنى ئۇدۇللۇق ئىشقىيار نامەت زىممىسىگە توقۇپ، يۈكلەپ ماڭغان. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ھېسام چاقچاقلىرى

تېمىسىدىكى زور ئەمگىكى، ئەجىر، تۆھپىسىنى يادىغا ئېلىپ، سابىرجان سادىق ھەققىدىكى يۇقىرىقى بايان ۋە باھاغا شەكسىز ئىشىنىمىز. دېمەك، سابىرجان سادىقنى رېئال تۇرمۇشتىكى ئاددىي قىزىقچى ئىشقىيار نامەتنى دىيارىمىزدىكى كاتتا قىزىقچى سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىشتا زور رول ئوينىغان ساناقلىق شەخسلەرنىڭ بىرى دەپ تونۇش ھېچقانچە ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى مىننەتسىز، بىباھا ئەمگىكىنى، ئىشقىيار نامەتنى خەلققە ئاشكارىلىغان خالىس نىيىتى، خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي بولمايدۇ.

# سابىرجان ھەققىدە پاراڭ

بىز بۇ ئۆزگىچە رومانىمىزدا پات ـ پات ئىشقىيار نامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر ھەققىدە باش تېمىغا باب بايانلارنى بېرىشتىن سىرت، يەنە شۇ ئەزگۈ ئىنسانلار ھەققىدىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەلۇماتلار بېرىپ ئۆتتۇۋاتىمىز. بۇ تىرىشچانلىقىمىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي دىتىغا ياقار، شۇنداقلا كىتابىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ئەكس تەسىر يەتكۈزمەس ئىنشائاللا، دېگەن ئۈمىدتە بىز، بۇ يەردە بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدۇق.

خوش، ئۇنداق بولسا قەھرىمانىمىز ئىشقىيار نامەتنىڭ ئەلگە تونۇلۇشىغا زور ھەسسە قوشقان، ئۆزىمۇ قىزىقچى، تىڭشامەت بىر ئىنسان بولغان مەرھۇم سابىرجان سادىقنى ئازراق ياد ئېتىپ ئۆتۈپ كېتەيلى.

1987 ـ يىلى ئىلى رايونىدا ئىككى ئايغا سوزۇلغان قارا يامغۇر ئاپىتىدە نۇرغۇن دېھقان ئۆيلىرىگە ئوخشاش، غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدىكى تويپا قۇرۇلمىلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بىنالىرى، سىنىپلىرى تالاپەتكە ئۇچرىدى، شۇ كەملەردە غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدە مالىيە بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدىغان سابىرجان سادىقنىڭ بۇنىڭدىن يۈرىكى كۆيدى. بۇ كۈنلەردە سابىرجان مىللىي

مائارىپىنىڭ بوگۈنى ۋە كېلەچىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرىدىغان مائارىپچى سۈپىتىدە ئۆزىنى نامايان قىلدى. شۇ قېتىم ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان مەكتەپ، سىنىپلارنىڭ ئەينى سۈرىتىنى بىرمۇبىر تارتىپ بىر توپلام قىلدى ۋە ئالاقىدار يۇقىرى ئورۇنلار، رەھبەرلەرگە شۇ توپلامنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، كۆرسىتىپ، بۇ قىيىنچىلىقنى تېز، تەلتۆكۈس ھەل قىلىشقا چارە ـ تەدبىر ئىزدىدى ھەمدە ئاخىرى ياخشى ئىلكىنىڭ ئەجرىنى كۆردى. شۇ قېتىمقى ئاپەت مەزگىلىدە ئۇ چېھرىدىن تەبەسسۇم ئۆچكەن، جىممىغۇر، كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن سابىرجان سادىقنىڭ ئەل بىلەن تەڭ ياشاپ، ئەل بىلەن تەڭ مۈشكىيدىغان قەلبلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇمكىن بولسا باشقىلاردىن ياردىمىنى ئايىمايدىغان، ئەلگە خىزمەت قىلىشنى ئۆزىگە شەرەپ، شادلىق بىلىدىغان مىجەزىنى ئۆزى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىشلىگەن بىرنەچچە ئىدارىدە ئوخشاشلا داۋام قىلىپ، نامايان ئېتىپ كەلگەنىدى. بۇ ھەققىدە زاماندashلىرى، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرى ئارىسىدا كۆپ ھېكايىلەر بار.

سابىرجان سادىقنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا ھېرىس، قىزىقچىلىققا ئاشنا ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ساۋاتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ، ئىشلاردا بىپەرۋالىرى خېلى كۆپ بولۇپ، سابىرجاننى ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىگە قويۇپ كۆزىتىشكە توغرا

كېلىدۇ. ئۇ ھاياتقا، تۇرمۇشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئىنچىكە، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، بىلىم ئېلىشتا ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويىدىغان، زېرىكمەي ماتېرىيال كۆرۈپ، ئېرىنمەي «بايلىق يىغىدىغان» ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە دېدىللىق، تارتىنماسلىق مىجەزلىرىمۇ غالىب ئىدى، قانداقلا سورۇنغا كىرسە دەررۇ، بولجۇتماي چاقچاق باشلاپ، سورۇننىڭ سۆھبەت مەزمۇنىغا ماسلىشىپ كېتەلەيتتى. بىرەر يېڭىياچە چاقچاقچى «ھۇجۇم» قىلىسىمۇ مەڭدەپ قالمايتتى. ئۇ نەدىلا بولسۇن، پەگاھتا ئۆرە تۇرۇپ چاقچاق قىلاتتى. ئۇنى زورلاپمۇ تۆرگە ئۆتكۈزگىلى بولمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ئېھتىمال پەگاھتا تۇرۇپ چاقچاق قىلىش، ئەنئەنىۋى ئەقىدىمىز بويىچە بوسۇغىنى ئۇلۇغ بىلگەنلىكى، ئۇنىڭدا قانداقتۇر ھېكمەت ۋە تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەنلىكىدىندۇر ۋە ياكى ئاددىي، كىچىك پېئىللىقىنى شۇ ئارقىلىق ئىپادىلىگىنىدۇر. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇپ چاقچاق قىلىشىدا ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇپ، كەيپىياتنى تەڭشەشكە، قىزىقچىلىق قىلغاندا باشقىلارنى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن قوشۇپ دوراش، كۈلكە پەيدا قىلىشقا قولايلىق بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق.

— بىر كۈنى ئىشقىيار نامەت!...

ئۇ ھەممە يەردە، سورۇندا، يولدا، ئىدارىدە، ھەتتا ئۆچرەت تۇرغان يەرلەردە چاقچاقنى ئەنە شۇنداق باشلايتتى.

غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇنى تونۇيدىغان، ھازىرمۇ ئۇنى ياخشى گەپلىرى بىلەن ئەسلەيدىغانلارغا شۇ مەلۇمكى،

سابىرجان سادىق تىنىمسىز، پائالىيەتچان ئادەم ئىدى. ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغان بازار، ئالارمەن ـ ساتارمەنلەر بىلەن تولغان رەستىلەردە، دوقمۇشلاردا پال بېقىپ ئولتۇرغان پالچىلار، قىسسە، جەڭنامىلەرنى ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ سۆزلەپ، كىشىلەرنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇۋالغان مەدداھلار ئالدىدا... كىشىلەر دائىملا سابىرجاننى ئۇچرىتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تولىمۇ ياخشى ئىدى. كېيىنچە مەكتەپكە، مەھەللىگە، ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىغا، ئاغىنىلىرىگە، ئۆيىدىكىلەرگە پالچىنىڭ پالدا مەلۇم قىلغان بېشارەتلىرى، مەدداھلارنىڭ ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان ھەققىدىكى قىسسىلىرىنى ھەرىكەت، ئاۋاز، ئۇرغۇلىرىغىچە قالدۇرماي ئەينى دوراپ، قىيقاس چىقىرىۋېتەتتى.

سابىرجان سادىق شاھمات ئويۇنىغىمۇ ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەنىدى. ئۇنىڭ بىر تال ئۇرۇقنى خاتا ماڭغانلىق تۇيەيلى كۆڭلى ئارام تاپالماي، يېرىم كېچىدە شاھماتتىكى رەقىبى — ئاغىنىسىنى ئۆيىگە ئىزدەپ بارغانلىقى ھازىرمۇ بۇرادەرلەر پاراڭلىرىدا چىن، زوقلۇق كۈلكىلەر بىلەن قەيت قىلىنىپ قالدى.

ئەينى چاغدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىدىن چىقمايدىغان يەنە بىر ئىش بار. ئەينى چاغدا ئۇرۇمچىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن بىر بۆلىكى جەنۇبىي شىنجاڭغا، يەنە بىر بۆلىكى يىراق يېزا ـ قىشلاقلارغا «چېنىقىش»قا ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ياشىنىپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ ئانىسى يالغۇز، بەزىلىرى كۆك نامرات

ئائىلىلەردىن ئىدى. سابىرجان تاكى ئۇلار ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ بالىلىقتىكى شۇ ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئائىلىسىدىن تەڭ خەۋەر ئالدى، يوقىنى بار، يىراقنى يېقىن قىلىپ، ئۇلارنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمىدى. كېيىنچە شۇ ساۋاقداشلار تەڭ جەم بولۇشقاندا، ئاغىنىلەر ئۇنىڭدىن:

— ئالدىغىنىڭ يىگىرمە نەچچە تەڭگە مائاش، قايسى بىرىگە يېتىشىپ بولدۇڭ؟ — دەپ سوراشقىنىدا، سابىرجان كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق جاۋاب بەرگەن:

— يۈرەك دېگەن قان بىلەن لوقمىدىن پۈتۈلگەن بىر پارچە گۆش، ئۇنى ئىرىمەيدۇ دېگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن، يېتىشەلمىگەنلىرىمنى نېسىگە ئالدىم، ناۋادا نېسىگە بېرىدىغان ئىش بولسا، سىلەر ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىنىمۇ سېتىۋالاتتىم...

بىز يەنە سابىرجان سادىقنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئۈچۈن شەيدا بولغان يۈرىكىنىڭ سالماقلىق تىنىقلىرى بىلەن تونۇشۇش داستىخىنىغا يىنىپ كېلەيلى. سابىرجاننىڭ ئۇزاق يىللار ئىرىنمەي، زوق – شوق بىلەن توپلاپ – رەتلەپ يىغىپ كەلگەن، ساقلىغان شەخسىي «ماتېرىيال ئامبىرى» بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر بىباھا بايلىقى بولغان. «ماتېرىيال ئامبىرى» دىكى ئارخىپلار چاقچاق سەنئىتىدىن تارتىپ گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت – مائارىپ، تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، ماقال – تەمسىللەر، تۇرمۇش مەسلىھەتلىرى، ساغلاملىقتا، بالىلار تەربىيەسىگە دائىر ساۋاتلار، شەيتان لۇغەتلىرىگىچە ئۈچ تارتقان بولۇپ، رەت – رېتى بىلەن توپلانغان، رەتلەنگەن

بۇ ماتېرىياللارنى تەپسىلىي كۆرگەنلەر شۇنداق بىر ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئېرىشكەن...

غەزەل ۋە شېئىرلار ئىككى يۈز توقسەن تۆت پارچە، رۇبائىيلار يەتتە يۈز يىگىرمە ئىككى پارچە، تۈرلۈك نۇسخىدىكى ھۆسنخەت ئەسەرلىرى بىر يۈز ئاتمىش توققۇز پارچە، تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ئىككى يۈز ئىككى پارچە، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەقلىيەلىرى بىر يۈز ئەللىك تۆت پارچە، ماقال ـ تەمسىللەر بىر يۈز سەكسەن پارچە، شەيتان لۇغەت ئوتتۇز توققۇز پارچە، تۇرمۇش مەسلىھەتلىرى بىر يۈز ئوتتۇز ئالتە پارچە، باللار تەربىيەسى، ساغلاملىققا دائىر ساۋاتلار بىر يۈز قىرىق توققۇز پارچە. يەنە باللىرىغا ئاتاپ يازغان بىر مۇخەممەس، يۈز پارچىغا يېقىن ھۆسنخەت ئەسىرى، ئۇنىڭدىن باشقا غۇلجا شەھىرىدىكى «روشەن مەكتەپ»، «مۇرات مەكتەپ»، «ئۇمىد مەكتەپ»، «سايرام مەكتەپ»، «تۇرانىيە مەكتىپى»... قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىلىم ئوچاقلىرىنىڭ ئالدى ئاتمىش يىللىق، كەينى ئون ئۈچ يىللىق تارىخى خاتىرىلەنگەن ماقالىلەر... بىز بۇلارنى كۆرگىنىمىزدە قايىللىق ۋە سېغىنىش ئىلكىدە بۇ تىنماس، ئوت يۈرەك ئىنسانىنى ھۆرمەت بېغىمىزدا سەير ئەتتۇرمەي تۇرالمايمىز، ئىجتىماتلىق مائارىپچى، خۇشخۇي ئىنسان، ياخشى ئاتا، سۆيۈملۈك ئۇلپەت سابىرجان سادىق 1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچقۇرۇن كۇتۇلمىگەن قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئەللىك يەتتە يېشىدا بەختكە قارشى قازا قىلىپ كەتتى. بىز مەرھۇمنى دائىما سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمىز!

# سابىرجان چاقچاقلىرى

ئۆمۈر بويى كۈلكە ـ چاقچاق ئارىسىدا، سەنئەتلىك، چاقچاقا باي مۇھىتتا ئۆسكەن سابىرجان سادىقنىڭ ئۆزىمۇ كىشىلەرگە بەلگىلىك چاقچاق ماھىرى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھېسام، بولۇپمۇ ئىشقىيار نامەتنىڭ چاقچاق پاراڭلىرىنى تولا دەپ يۈرۈپ ئۆزىمۇ تېز ئاتار، دەل تەگكۈزەر چاقچاقچى، سۆز ئۇستىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ھەرقانداق ئىشتىن، ھەرقانداق پاراڭدىن ئۇ چاقچاقنىڭ بىخلىرىنى تېپىپ چىقاتتى ۋە ئۇنى ئۇلغايتاتتى:

ــ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمىغان تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئۇششاق ئىشلارمۇ سابىرجاننىڭ ئېغىزىدا ئۆگەن ـ چۆگىنى يوق كۈلكىلىك ئوبرازغا ئايلىناتتى، ــ دەيدۇ ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرى سۇ دەرۋازىلىق ساۋاقداشلىرى.

خوش ئۇنداق بولسا، نۆۋىتى كەلگەندە، سابىرجان سادىقنىڭ قىزىق ئىش، قىزىق پاراڭلىرىدىنمۇ بىرنەچچىنى ئاڭلاپ قالايلى.

## دۇرۇس مەسلىھەت

قىلىۋاتقان گېپىدىن يا ئۇنىڭ بىرەر ئىشقا قايناۋاتقانلىقى، يا ئۇنىڭدىن خوش بولۇۋاتقانلىقىنى

بىلگىلى بولمايدىغان شۇنداق كىشىلەر بار. بىر قېتىم سابىرجان سادىقنىڭ بىر بۇرادىرى پاراڭ ئارىسىدا ئايالىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ:

— توۋا، بىزنىڭ مۇشۇ خوتۇنىنىڭ قىلىقىنى دېمەيسەن، — دەپ سۆزلەپ قاپتۇ ئۇ، — ئۆي تۇتتۇم، جاھان تۇتتۇم دەپ، بوپلىۋالدى جۇمۇ، مىسالەن بازاردىن بىرەر تاۋۇز سېتىۋالدى دەيلى، توگلاتقۇغا سىلىۋالسا بارى - يوقى بىر ئايلا يەيدۇ.

سابىرجان سادىق دەپتۇ:

— قويۇۋەت، ئۇنداق بەتخەج خوتۇننى.

## بايىقى ئارقامۇ، ھازىرقى ئارقامۇ؟

سابىرجان سادىقلارنىڭ مەھەللىسىدە پات - پاتلا ئىچىپ قويىدىغان، ئىچىپ قويغان كۈنلىرى بېشى تۆرگەندەك ماڭغان يولىدىن ئېزىپ قالىدىغان ياش بىر يىگىت بارئىكەن. بىر كۈنى سابىرجان سادىقنىڭ ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ بازار تەرەپكە مېڭىشى، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۆيى تەرەپكە قايتىشىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئىككىسى چوڭ كوچىدا يېنىك سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىت يىگىرمە قەدەم ئۇزىمايلا ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ توۋلاپتۇ:

— ھاي، سابىركا؟

سابىرجان سادىقمۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ كەينىگە قايرىلىپتۇ:

— خوش، نېمە گەپ؟

يىگىت ئايلىنىپ كېلىپ:
— مېنىڭ ئۆيۈم قاياقتا؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئارقاڭدىغۇ.
«ئارقاڭدا» دېگەن گەپنى يەنە دېگەندەك ئاڭقىرالمىغان يىگىت ياندۇرۇپ سوراپتۇ:
— بايىقى ئارقامۇ، ھازىرقى ئارقامۇ؟

## موزاي ۋاقتىدا...

سابىرجان سادىقنىڭ مال دوختۇرلۇقتىنمۇ ئاز - تولا خەۋىرى بارئىكەن. تونۇش - بىلىش، يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ ماللىرى ئاغرىپ قالسا ئېرىنمەي بېرىپ داۋالاپ قويىدىكەن. بىر قېتىم يېزىدىكى كۆڭلى يېقىن بىر بۇرادىرىنىڭ كالىسى ئاغرىپ قاپتۇ. بۇرادىرى ئۇنى «كۆرۈپ باقساڭ» دەپ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. يېزىلىقلارنىڭ ئېغىل - قوتانلىرى قانداق بولماقچىدى. ئۆي ئىگىسى تامنى تېشىك ئورنىدا ئاركا شەكىللىك قىلىپ تېشىۋالغان كىچىككىنە سۇڭگۇچتىن نە دېرىزە، نە تۈڭلۈكمۇ يوق قاراڭغۇدىن - قاراڭغۇ بىر ئېغىلغا سابىرجان سادىقنى ئەكىرىپتۇ. سەرەڭگە چېقىپ قارىغۇدەك بولسا بۇلۇڭدا تامدەك يوغان، سىڭار - سۇڭگۇچ بىر كالا پۇشۇلداپ ياتقان. ئادەم چېغىدا بېشىنى ئېگىپ ماڭمىسا كىرگىلى بولمايدىغان ئېشىكتىن كالىنى قانداقسىغا ئەكىرگەنلىكىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغان سابىرجان سادىق ھاڭ - تاڭ بولۇپ سوراپتۇ:

ــ كالىنى ئىغىلغا ئاسماندىن ئەكىرمىگەنسەن، ئادىشىم؟

ئادىشى جاۋاب بىرىپتۇ:

ــ موزاي ۋاقتىدا سولىۋەتكەن.

## ئىسقىرتىۋەرسەڭ

بىر قېتىم سابىرجان سادىق ئابدۇقېيۇم دېگەن ئاغىنىسى بىلەن قىشلىق كۆلۈبقا كىنو كۆرگىلى كىرىپتۇ. بىرىنچى چاس تۈگەپ، ئىككىنچى چاسقا كەلگەندە لېنتا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، كۆلۈب ئىچىدە ئوپۇر ـ توپۇر باشلىنىپ كېتىپتۇ. ۋارقىراش، ئىسقىرتىشلار زال ئىچىنى بىر ئاپتۇ. شۇ ئارىدا سابىرجان سادىقلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر توپ ياشلار بولۇشىغا ئىسقىرتىپ ئۇلارنىڭ زادىلا ئارامىنى قويماپتۇ. چىداپ تۇرالمىغان سابىرجان سادىق:

ــ هاي، هاي ئىنىلار، قۇلاق چىدىمىدىغۇ، بولسا پەسرەك...ــ دېيىشىگە، ئارىدىن دودەنرەك بىرى قوپۇپ:

ــ هە... بولمىسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ئاناڭنى...ــ دەپ ئاغزىنى بۇزۇپتۇ.

ــ بىرقانداققۇ قىلالمايمەن،ــ دەپتۇ سابىرجان سادىق كۈلۈپ كېتىپ،ــ بىراق شۇ، ئۇكا، ئىسقىرتىۋەرسەڭ كىچىك تەرىتىم قىستاپ كېتىدىكەن.

گەپتە كەتكۈزۈپ قويغان دودەن ئاداشىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ.

## ھارۋالىق

شەھەر ئىچىدە كىراكەشلىك قىلىپ جان باقىدىغان بىرەيلەن بار ئىكەن. بىر ئەسكى ئادىتى — ئۇششاق سۆزنى كۆپرەك قىلىپ قويىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سابىرجان سادىقتىن:

— قارا، سابىر، ھارۋامغۇ يېڭى، چاقلىرىمۇ پۇختا، ئەمما لېكىن، قانداقلا يۇك باسسام يەل قويۇۋېتىدۇ، بۇ زادى نېمە ئۇچۇن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چۈشەندىم، — دەپتۇ سابىرجان سادىق، — ھارۋاڭ يۇكنى ئەمەس، غەيۋەتنى كۆتۈرەلمىگەن گەپ.

## كۆلدۈرەلمىسەڭ

سابىرجان سادىقنىڭ نۇرمۇھەممەت دېگەن ساۋاقدىشى بىر كۈنى قومۇلغا كاماندىروپكىغا بارماقچى بولۇپ قاپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ سابىرجانغا:

— باشقا يەرنىڭ ئادەملىرى ئىلىلىق دېسە چاقچاقچى دەپ چۈشىنىدىكەن، ئىلگىرى شۇنداق ئىشلارغا كۆپ يولۇقۇپ، تالاي قېتىم تىرناق تاتىلاپ قالغان چاغلىرىم بولغان. ياخشىراق لەتىپە ـ چاقچاقلىرىڭ بولسا دەپ بەرسەڭ، ھەر ھالدا كۆڭلۈمدە سان بولۇپ قالسا، — دەپتۇ.

سابىرجان سادىق ساۋاقدىشىنىڭ تەلىپى بويىچە يېڭى، ئىجادىي لەتىپە ـ چاقچاقلىرىدىن ئون نەچچە

پارچىنى يىزىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. خەيرىيەت، ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي ساۋاقدىشى قومۇلدىن تېلېفون قىپتۇ، تېلېفوندا:

— سەن سۆزلىسەڭ باشقىلار كۈلىدۇ. مەن دىسەم نىمىشقا كۈلمەيدۇ؟ شۇنچە چاقچاقلىرىڭنى دەپ بىرىپ، بىرىنىمۇ كۈلدۈرەلمىدىمغۇ؟ — دەپتۇ.

— سورۇن ئەرلەرنىڭ سورۇنىمىدى ياكى ئايالارمۇ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سابىرجان سادىق.

— ئايالارمۇ بار.

— ئۇنداقتا بۇنىڭ يولى ئاسان، — دەپتۇ ئۇ، — چاقچاق دىگەن شاما چايناپ ئولتۇرساڭ تەمى كىتمىدىغان نەرسە، بولسا جاق - جاق دەۋىتىسەن. ئۇنىڭغىمۇ كۈلمىسە ئەرلىرىنى غىدىقلاپ بەر. قىلىقىڭغا قاراپ ئايالىرىمۇ كۈلىدۇ.

# ئازادە كۆنلەر

1979 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

قىشنىڭ ئىزغىرىن شامىلى يۈزلەرنى چېقىپ ئۆتسىمۇ، بىراق غۇلجا شەھىرىنىڭ لەڭزە بېشىدىكى مال بازىرىدا ئېلىم ـ سېتىم قىلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىدا بىر خىل ئازادىچىلىك، كۆلكە ئالامەتلىرى بايقىلاتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ باھار كۈنلىرى لەگلەك ئۇچۇرتۇۋاتقان سەبىيلەردەك يەپيەڭگىل ئىدى، چاقچاقلارمۇ بىر ـ بىرىگە قولىشاتتى. پوسۇققىدە بىرەر گەپنى دەۋېتىپ، دەررۇ ئەككى يېنىغا قارايدىغان ئىشلار ئاساسەن تۈگىگەنىدى.

1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەركىزىي كومىتېت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلدى. لېكىن، بۇ «ئىنقىلاب»نى كەڭ خەلق ئاممىسى خېلى يىللار ئىلگىرىلا ئىنكار قىلىشقا باشلىغانىدى. خەلق ئەڭ ئادىل باھا بەرگۈچى، ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچى سودىيە. ئاممىنىڭ بۇ چاغدىكى ئىنكاسى، تەپەككۇر قىلىشى، «ئىنقىلاب»قا بولغان ئىپادىسى كۆز ئالدىدىكى ھەرىكەتكە نىسبەتەن بارا ـ بارا ئۆزگەرگەن. كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇئامىلىسى، ھەر خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئورۇنسىز نىزالىرىدىن خەلق مەزكۇر «ئىنقىلاب»نىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن،

شۇنداقلا ھەممە يەردە بىزار بولۇش خاھىشلىرى كۆرۈلۈشكە، كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. لېكىن، سىياسەت قاتتىق، جەمئىيەت غالچىلار، كۆتۈرمىچىلەر، ئىككى يۈزلىمىچىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، ھېچكىم ئۆز كۆزقارىشىنى، ئىپادىسىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ناۋادا جۈرئەت قىلغانلار بار دېيىلسە، ئىككىلەنمەستىن ئىشقىيار نامەتنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرىنى ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاشۇ ئاپەتلىك، ئەنسىز، قىلچىنىڭ بىسىدەك ئىتتىك يىللاردا ئىشقىيار نامەت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ توسۇشىغا، جەمئىيەتنىڭ بېسىمىغا، بېشىغا كەلگەن تالاپەتلەرگە قارىماي دائىما دەيدىغان ھەق گەپنى دەپ، ساتىرىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئۆز مىجەزى بويىچە ياشاۋەردى ۋە شۇ تۇپەيلى قوشنا ـ قولۇم، ئەھلىمەللە، جامائەت... خۇللاس، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئاستىرتىن يېقىپ، يەنىلا ئۆلمەي ياشاپ يۈرۈۋەردى. نۆۋىتىدە ئەلۋەتتە بۇمۇ بىر پىداكارلىق ئىدى. ئىشقىيار نامەت شۇ يىللاردىكى ناھەقچىلىكلەرنى، ئىنسانىيەتچىلىككە يات ئالامەتلەرنى ھەر دائىم ئۆتكۈر تىل قامچىسى ئاستىغا ئېلىپ، بۇ غەلدى ـ غەشلەرنى جەمئىيەتكە يۈرەكلىك ئاشكارىلىيالىدى، خەلقنىڭ دىلىدىكى گەپنى قىلىپ، باشقىلارنى پۇخادىن چىقىرىپ، تايىقىنى ئۆزى يەپ يۈرۈۋەردى... ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇنى مۇشۇ روماندا تىلغا ئېلىنغان، ئىشقىيار نامەت نامىدا پۈتۈلگەن يۈزلىگەن چاقچاقلاردىن بىلىۋالالايدۇ ۋە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلماستىلا ئىشقىيار نامەت بۇ لەنتىلەرگە غەزەپ ـ نەپرىتىنى سانجىيدىغان

ئاجايىپ ئۆتكۈر سۆزلەرنى، چاقچاقلارنى بايان قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ تېخىمۇ يۈرەكلىك بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئەيىبلەيدىغان، ئاۋام خەلقنىڭ كۆڭۈل رايىنى ئىپادىلەيدىغان گەپلىرى، لەتىپىلىرى بىلەن كىشىلەرنى زوقلاندۇرۇپ، قايىل قىلىپ، كۈلدۈرۈپ يۈرۈۋەردى. بۇ ۋاقىتلاردا پۈتۈن شەھەر خەلقى ئىشقىيار نامەتنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تونۇپ، سورۇنلاردا ئۇنىڭ لەتىپىلىك پاراڭلىرىنى بىر ـ بىرىگە دەپ يۈرۈشەتتى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تارتقان جاپالىرىدىن خەۋەردار بىرەيلەن بىر قېتىم ئۇنىڭدىن:

ــ يائاللا، ئىشقىياراخۇن، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پىشقەدەملەرنى ئورىغا ئىتتەرگەندە، سىز قانداق قىلىپ ئامان قالغانىدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ئىشقىيار نامەت جاۋاب بەردى:

ــ ئۆچرەت ماڭا كەلگۈچە ئۇ ئەبلەخلەر ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا ئۆزلىرى چۈشۈپ كەتتى قارىسىلا!

... بىر كۈنى ئىشقىيار نامەت خەنزۇ بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا سەرەڭگە، تاماكا، قەغەز سېتىپ ئولتۇراتتى. ئوقەتنىڭ تازا پەيزى بولمايدىغان ئايلاردا ياكى ئانچە مىجەزى يوق چاغلاردا ئۇ يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم مۇشۇ ئوقەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ قوياتتى... خوش، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئالدىغا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «پىرىنسىپقا كۆتۈرۈش» قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، تالاي ئادەملەرنى كۆيدۈرگەن بىر مەھەللە ئاكتىپى كېلىپ، ئىشقىيار

نامەتتىن تاماكا، سەرەڭگە ئالدى ـ دە، گېزىت قەغىزىگە كەلگەندە، بىر گېزىتنى تۇتۇپ بېقىپ:

ـــ سىرى بار ئىكەن ـ ھە؟ـــ دېدى.

ـــ ھازىرقى گېزىتلەرنىڭ سىرى بارمىكەن؟ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» چىقارغان گېزىتلەرنىڭ سىرى يوق ئىدى ـ ھە؟ـــ دېدى ئىشقىيار نامەت ئەتەي ھېلىقى ئاكتىپقا.

پىرىنسىپچى ئاكتىپ دەررۇ ھودۇقۇپ، بوزىرىپ تاتاردى ۋە گېزىتتىن بىرنى ئەمەس، ئىككىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان ئىشقىيار نامەتكە تىكىلىپمۇ قارىيالماستىن، پۇلنى تۆلەپ بەدەر تىكىۋەتتى.

بىر قېتىم بازاردا ھەر دائىمقىدەك ئۆزلۈكىدىنلا پاراڭ سورۇنى قۇرۇلۇپ قېلىپ، گەپ يەر توغرۇلۇق داۋام ئەتتى. يەرنىڭ قەدرى ئۆتكەن بىرى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتاتتى:

ـــ پاھ ـ ھاي، مۇشۇ كۈندە ئەڭ بولمىغاندا بىر مو يېرىم بولغان بولسا، ئۈچ پۇڭ يەرگە ئۆي سېلىپ، يەتتە پۇڭ يەرگە كۆكتات تېرىپ، ئائالەمنى ياشايتتىم ـ دە، بۇ بازاردىمۇ نەق ـ نېسى سودا قىلىپ سارغىيىپ يۈرمەيتتىم!

ـــ ئۇنى بىر دېمە،ـــ دېدى يەنە بىرى گەپكە ئارىلىشىپ،ـــ دادام رەھمەتلىك دائىملا «بالام، ئىلاجى بولسا يەر قىل، بوز ئاچ، يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق» دەيدىغان، ئالامەت ـ ھە، ئىشقىياركا، يەر دېگەن راست ئالتۇن قوزۇق...

ـــ راست ئېيتتىلا، ئۇكام،ـــ دېدى باياتىن گەپكە

ئارىلاشماي ئولتۇرغان ئىشقىيار نامەت،ــ بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا شۇ يەر بىزگە تەتۇر قوزۇق بولدى ئەمەسمۇ!

پاراقلىغان قايىللىق كۈلكىلىرى بىلەن، ئولتۇرغانلار بىردەك باشلىرىنى لىڭشىتتى. راست دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بېشىدىن يەتتە ـ سەككىز يىل ئىلگىرىلا ھەرخىل «تەتۇر قوزۇق»لارنىڭ دەرد ـ ئەلىمى ئەگىپ، تېگىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى، يەنە شۇنداق بىر سۆھبەتتە، ئىشقىيار نامەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان بىر يىگىت ئىشقىيار نامەتكە ئىچى كۆيگەندەك پاراڭ قىلدى:

ــ ئىشقىياركا، ئاڭلىسام شۇ قاتتىق يىللاردىمۇ، كادىرىغا بولامدۇ، ساقچىسىغا بولامدۇ، بىر قاقتا ـ بىر قاق تۇرىمەن دەپ نۇرغۇن جاپا چېكىپتىكەنسىز، مەن دەيمەن، شۇ كۈنلەردە ھەئە، سىزنىڭ راست دەپلا ئۆتۈپ كەتكەنلەر نۇرغۇن ئىكەنغۇ؟ دەيدىغان گەپ بولسا دەۋىتىپلا شۇ سولاقلىرىدىن چىقىپ كەتسىڭىز بولماسمىدى!

ــ دېگۈدەك گۇناھ قىلمىغان تۇرسام نېمىنى دەيتتىم، بالا، ۋاھ!ــ دېدى ئىشقىيار نامەت ھېلىقى يىگىتكە تىكىلىنىپ.

ــ قىزىقكەنسىز،ــ دېدى يىگىت ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغاندەك،ــ يا ئەمدى سىزگە ئىچىم كۆيۈپ دەۋاتىمەنغۇ، گۇناھ قىلمىغان بولسىڭىزمۇ «ھە، قىلدىم» دەپلا جاننى ئېلىپ چىقىپ كەتمەمسىز دەيمەن!

ــ نېمە دەيدۇ، ماۋۇ باچكا،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت

قىزىشىپ،ــ سەن كۆرگەنمۇ شۇ «دۇۋپىگەي»نى، ئۇكام، دەۋەتسەڭمۇ، دەۋەتسەڭمۇ دەيدۇ... دەۋەتكەننى سورىمايلا ئاچىقىپ ئېتىۋېتەتتى ئۇ زاماندا!

ئىشقىيار نامەت راست ئېيتاتتى، ئۇ زامانلاردا ھەق ـ ئادالەتنىڭ تارازىسى تەتۈر پىرقىرايتتى، يالغان ئېيتقانمۇ، راست سۆزلىگەنمۇ بالاغا تەڭلا دۇچار بولاتتى. نېمىشقا دېگەندە، لىللا، پەزىلەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىنى ھۇۋقۇشلار، شەپەرەڭلەر ئورىۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى.

ئەنە شۇنداق شەپەرەڭلەردىن بىرى، دۇۋپىگەي يىللىرى ئىشقىيار نامەتكە ناھەقتىن ناھەق تۆھمەت قىلغان قوش پوقاقلىق بىر ئاكتىپ، خېلى يىللاردىن كېيىن قايناق بازاردا ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۆزىچە لولىلىق بىلەن سالام ـ سەھەت قىلدى.

ــ ئىشقىياراخۇن، مېنى تونۇدىلىمۇ؟

ــ تونۇيمەن، نېمىشقا تونۇمايتتىم،ــ دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇ،ــ مەن پۇۋدەپ قويغان ئىككى دوۋساق ئەنە ھېلىغىچە تۇرمامدۇ!

كۆيدۈرگۈ ئاكتىپ تاتىرىپ، كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ يوقالدى.

ۋەزىيەتنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بازارلارمۇ خېلى ئاۋاتلىشىپ، تىجارەت يوللىرىمۇ كېڭىيىشكە باشلىغانىدى. ئىشقىيار نامەت بۇ يىللاردا ياشىنىپ، ئېغىر ئىش، مېڭىشلاردىن بارغانسېرى قېپقالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىردە ئېشەك مىنىپ سەھرالاردا باغ، سامان ئۇقۇشىدىغان، بىردە مال بازىرىغا كىرىۋېلىپ، ئولتۇرۇپ دەللاللىق قىلىدىغان بولدى. يەنە

بىر ئوقىتىمۇ بار... بىراق بىز بۇنى كېيىنكى بابتا، ئالايىتەن ھېكايە قىلايلى.

راستلا، بۇ بابىمىزنىڭ تۈگەنچىسىدە دەيدىغان بىر گەپنى ئۇنتۇپتىمىز... ۋەزىيەت دېگەنبىلەن ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ناچار ئىللەتلىرىنىڭ بىردىنلا تېزلىكتە تۈگەپ، ئوڭشىلىپ كېتىشى ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى، مەيلى كىشىلەردە بولسۇن، مەيلى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا بولسۇن، گاھىدا يەنىلا ئېگىز ـ پەسلىكلەر كۆرۈلۈپ تۇراتتى... بىر كۈنى خەنزۇ بازىرىدىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئارىسىدا شۇنداق بىر ئىش بولۇپ قالدى. بىر يايمىكەش بازار باشقۇرۇۋاتقان ساقچىنىڭ نەچچە قېتىم ھەيدىشىگە قارىماي، يول بويىغا يايمىسىنى يېيىۋەرگەندى، قاپىقى يامان ساقچى ئاچچىقىدا ھېلىقى يايمىكەشنى ئۇرۇۋەتتى.

ــ يېڭى قانۇن ئىجرا قىلىنىدۇ دەۋاتاتتىڭغۇ، سەن يەنە نېمىشقا ئادەم ئۇرىسەن؟ ــ دېدى يايمىكەش نارازىلىق بىلدۈرۈپ.

قىلىپ قويغان ئىشىدىن بىر قىسما بولۇپ تۇرغان ساقچى ئەمدى بىرنېمە دەي دەپ تۇراتتى، باياتىن شۇ يەردە تۇرغان ئىشقىيار نامەت يايمىكەشكە تەسەللى بەردى:

ــ بوپتۇ دەڭ، ئىنىم، يېڭى قانۇننى ئىجرا قىلىدىغانغا خېلى بار ئوخشايدۇ، شۈكرىچە ئۇرۇۋالسۇن!

ئەتراپتىكىلەر دۇررىدە كۈلۈشۈۋىدى، ئوڭايسىزلانغان ساقچىمۇ، تاياق يېگەن جاھىل يايمىكەشمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

# قويۇن دۇكان

ئىشقىيار نامەت تونۇشتۇرۇلغان بىر ماتېرىيالدا، ئىشقىيار نامەت غۇلجىغا چىققاندىن كېيىن سوپۇنچىلىق ۋە قاسساپلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەن دېيىلگەن. مەزكۇر قۇرلارنىڭ مۇئەللىپى كۆپ ۋاقىت ئۆگىنىش ۋە دېرەكلەش ئارقىلىق، بۇ مەلۇماتنىڭ كەينىگە «... ۋە باشقا ئۇششاق تىجارەتلەر بىلەن...» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى. چۈنكى، بازارغا چىقسىلا ھەرقانداق ئوقەتكە قول ئۇرۇپ باقىدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئوقەتنىڭ ئۆگىيى يوق. ئىشقىيار نامەت غۇلجىدا ياشىغان مەزگىللىرىدە سوپۇنچىلىق ۋە قاسساپلىق بىلەن ئەمەس، تولىراق سامانچىلىق، دەللاللىق بىلەن مەشغۇل بولغان. ئەلۋەتتە، مەزكۇر رومانىمىزدا ئۇزۇلمەي تەسۋىرلىنىپ كېلىۋاتقاندەك، نان تېپىپ يېيەلىگۇدەك، ھالال ئوقەتنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باققان.

دەرۋەقە، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئاتا كەسپى يۈرەكىنىڭ بېغىشىدا، ئېتىبارىنىڭ باش سېپىدە بولىدۇ. ئىشقىيار نامەت ئەينى يىللىرى پەيزاۋاتتىمۇ بىر مەزگىل ئاتا كەسپى ــ سوپۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن، شۇ مەزگىللەردە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا داۋام ئەتكەن ھەددىدىن زىيادە «سول»چىل ھەرىكەتلەر شامىلى

پەيزاۋاتتىكى يەككە سوپۇنچى قازىنىنى ئۆگىتۇرۇۋەتكەن. ئىلىغا چىققاندىن كېيىن، بىر يۇرتتىن بىر يۇرتقا چىقىپ ھەدېگەندە بېشى تۆرەپ قالىدىغان ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش، ئىشقىيار نامەتمۇ ناتونۇش يۇرتتا جان بېقىشنى نېمە ھەرىكەت، قانداق ئوقەت بىلەن باشلاش ھەققىدە ئويلانغان. ئەلۋەتتە، خىيالىغا ئالدى بىلەن ئاتا كەسپى بولغان سوپۇنچىلىق ھۈنىرىنى قىلىشمۇ كەلگەن. لېكىن، سوپۇنچىلىق دەللالىلىقا ئوخشاشمايتتى، چاپىنىنى دولىسىغا ئارتىپ لەگزەبېشىدىكى مال بازىرىغا چىقىپ، خەقنىڭ سودىسىنى خۇدايىم بەرگەن گەپچىلىكى بىلەن كېلىشتۇرۇپ قويۇپ ئاردىن چاي پۇلى ئالىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. سوپۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار مەنقۇلاتلار كېتەتتى، ئۇنىڭغا ئاقچا كېرەك بولاتتى. ھالبۇكى، ئىشقىيار نامەتنىڭ دادىسىدىن قالغان بىر يۇرۇش سوپۇنچىلىق مەنقۇلاتلىرى پەيزاۋاتتا مۇسادىرىچىلەرنىڭ قولىدا قالغانىدى... غۇلجىغا چىققاندىن كېيىن ئىشقىيار نامەت ئائىلىسى جاھاندىكى بارلىق مۇساپىرلارغا ئوخشاش خەقنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە ئىجارىگە ئولتۇرۇپ، شۇنىڭدىمۇ ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ، ئۆيدىن ـ ئۆيگە كۆچۈپ يۈردى. بۇنداق ئەھۋالدا سوپۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. پەقەت تاجىۋاي مەھەللىسىدە، كاتەكتەك بولسىمۇ ئۆز قورۇ ـ جايى بولغاندىن كېيىنلا ئىشقىيار نامەت ئاندىن يۈرەكلىك ھالدا ئاتا كەسپىنى يۈرگۈزۈپ بېقىش خىيالىنى قىلالىدى، قىلدى ھەم. قورساقتىن ئاشقان، يامان

كۆنلەرگە دەپ داياپ قالغان ئازغىنا پۇلغا نەچچە ھېساپلاپ يۇرۇپ ئاددىي ھەم كىچىك بىر يۇرۇش سوپۇنچىلىقتا كېتەرلىك ئەسۋابلارنى سېتىۋالدى. بىسمىللا دەپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، ئۇستا سوپۇنچى دادىسى نامىتاخۇننىڭ روھىدىن مەدەت تىلەپ دەسلەپكى قازان سوپۇنىنىمۇ چىقاردى. ئېرىنىڭ يات ـ ياقا يۇرتتا ئاتا كەسپىنى ياپىرىم دەپ قولغا ئالغىنىدىن نۇرخان تولىمۇ خۇشال بولغانىدى. بالىلارنىڭ خۇشلۇقىمۇ ئانىسىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. تۇنجى قازاننىڭ سوپۇنى ھەر ھالدا يامان ئەمەس سېتىلغان بولدى. ئۇ كەملەردە غۇلجا شەھىرىدە ئەسلى شەھەردە بار بولغان كاسىپلاردىن باشقا، ئۆزگە يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان كاسىپلارمۇ خېلى كۆپىيىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە سوپۇنچىلارمۇ بار ئىدى. يەنە بىر مۇھىم تامانى ئەسكەرتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، غۇلجا خەلقى ئەينى چاغلاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقلىرىنىڭ ياۋروپاچە مەدەنىيىتىنى ئەلۋەك قوبۇل قىلغان خەلق بولۇپ، ئىشلىتىدىغان سوپۇنلىرىمۇ كۆپىنچە موسكۋا، تاشكەنت، ئالمۇتالاردىن، ھەتتا تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىن كېلىدىغان زامانىباب، خۇش پۇراق سوپۇنلار بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئاددىي ئائىلە ئايالللىرى، سەھرا ئاياللىرى خەنزۇ بازىرىدىكى قولدا ئىشلەنگەن يەرلىك سوپۇنلارنىمۇ ئىشلىتەتتى. «يەنىلا كۇچانىڭ سوپۇنى ياخشى» دېگەن ماقال غۇلجىدا يوق ئىدى. مانا بۇ ئىش ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاتىسىنى دوراپ ياسىغان خېلىلا سۈپەتلىك «ئەمچەك سوپۇنى»نىڭ ئىتتىك سېتىلىشىغا تەسىر قىلاتتى. بەلكىمبا،

كىشىلەر ھەرخىل ـ ھەررەڭ يەرلىك سوپۇنلار ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇشبۇ سوپۇننىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلىپ، ھېس قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئىشقىيار نامەتنىڭ مىلىمۇ بىر كۈنلىرى بازار تاپار بولغىيتتى، لېكىن ئاڭغىچە غۇلجا شەھىرىدىمۇ پەيزاۋاتتىكىدىن كەم چىقمايۋاتقان «سول»چىلىق شامىلى ئىشقىيار نامەتنىڭ ھويلىسىدىكى كىچىككىنە سوپۇن قازىنىنى يەنە بىر قېتىم ئۆرۈۋەتتى، ئىشقىيار نامەتمۇ يەنە بىر قېتىم نان بېرىدىغان قازىنىدىن ئايرىلىپ قالدى.

سوپۇنچىلىق ھۈنىرى ئاقمىغاندىن كېيىن، ئىشقىيار نامەت ئەمدى تىرىكچىلىكنىڭ باشقا بىر يولىنى ئويلىشىشقا باشلىدى. كىچىككىنە غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەممە ئوقەتچى، جىمى مۇساپىر توپلىنىۋالىدىغان «خەنزۇ بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ چوڭ بازىرىدا جان باقماق ئاسان ئەمەس ئىدى. بازارغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن ئىشقىيار نامەتنىڭ كاللىسىدا بىر كۈنى توساتتىن قاسساپچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بېقىش خىيالى يالت قىلىپ ئەكس ئېتىپ قالدى. بۇنىڭغىمۇ ئۇنىڭ جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ھەر كۈنى تاجىۋاي مەھەللىسىدىن خەنزۇ بازىرى تەرەپكە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈشى سەۋەب بولغانىدى. تاجىۋاي مەھەللىسىدىن چوڭ يولغا چىقىدىغان يەردە، ئوڭ تەرەپ دوقمۇشتا بورا بىلەنلا يېپىۋالغان بىر قاسساپ دۇكىنى بولۇپ، ئىككى تىزىدىن تۆۋىنى يوق، غالتەك ھارۋىغا ئولتۇرۇۋالغان ياشقىنا بىر كىشى ھەر كۈنى شۇ بورا دۇكاندا قاسساپلىق قىلاتتى. ئىشقىيار نامەت ھەر كۈنى بازارغا ماڭسا شۇ ئەگىلمىدىن قايرىلىپ ئۆتەتتى، مېيىپ قاسساپقا چىن ھېسداشلىقى

بىلەن قاراپ قويىاتتى... كۆنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى ئۇ توساتتىن ھېلىقى قاسساپقا يېڭى بىر پىكىر، بىر خىيال بىلەن قاراپ قالدى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئىشقىيار نامەتنىڭ كۆڭلىگە قاسساپچىلىقنىڭ ۋەسۋەسىسى چۈشتى. قاسساپلىقمۇ ئۇنىڭغا يات ھۈنەر ئەمەس ئىدى. پەيزاۋاتتىكى ۋاقىتلىرىدا، چان بېقىش كويىدا بىر مەزگىل قېيىنئاتىسى جۇمە نىيازنىڭ دالالىتى بىلەن ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ يېنىغا كانار باغلاپ، مال سويۇپ ساتقانىدى. ئىشقىيار نامەت يېڭى ئوقەتنىڭ كويىغا چۈشكەندىن كېيىن چىلەك مەھەللە دائىرىسىنى يېرىم كۈن قويماي ئايلاندى ـ دە، ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىدىن ئەپلىك بىر دوقمۇشنى تاپتى. بۇ ئەتراپتا قاسساپ يوق، بازارمۇ خېلى يىراقتا ئىدى. مېيىپ قاسساپنىڭ رىزقى، ئوقىتىگىمۇ دەخلى يەتمەيتتى. ئىشقىيار نامەت بۇ تەرىپىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ھېلىقى ئارقا كوچىدىكىلەر ئىشقىيار نامەتنىڭ بۇ يەرگە ۋاقىتلىق گۆش دۇكىنى ئاچماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشتى. ياندا قاسساپ بولسا، يىراققا مېڭىپ يۈرۈشمەيتتى ـ دە! ئىشقىيار نامەت بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، لەڭزەبېشىدىكى بورا بازىرىدىن بورا، بادرا، سىم، ئامبۇر سېتىۋېلىپ ئىشنى باشلىۋەتتى، يېرىم كۈندىلا چاققانغىنە، ھىمغىنە، ئالدى ئوچۇق بىر دۇكان پەيدا بولدى. كېيىن ئۆزى پەملەپ قويغان يېرىگە ــ «ئوتيۇلتۇز» تۆمۈرچىلىك كارخانىسىغا بېرىپ، شۇ يەردىكى تونۇش تۆمۈرچى ئارقىلىق ئادەمنىڭ يانپىشىدەك تومۇقتىكى ئىككى تال ياغاچنى بىر تال چەڭزە بىلەن

چىتتىپ، چەكزىنگە قاتار ئىلمەكلەر قېقىلغان، يەرگە ئورناتسىلا بولىدىغان، ئەپلىك كانار ياستىتىپ كەلدى. تەييارلىق شۇنىڭ بىلەن بىر ەر قۇر تەخلەنگەن بولدى.

ئەتىسى ئىشقىيار نامەت بىسمىللا دەپ يېڭى دۇكىنىدا ئوقىتىنى باشلىدى. سەھەرلەپ بېرىپ مال بازىرىدىن ئىككى پاقلاننى ئۆزى دىتلاپ ئەكېلىپ سويغانىدى، كەچ كىرگۈچە دېگەنبىلەن يېرىم پاقلاننىڭ گۆشى ئېشىپ قالدى. مەھەللە ئاياللىرى قىي ـ چۇۋلىشىپ بىردەم بورا دۇكاننىڭ ئالدىنى ئاۋات قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەررەك ـ سەررەك گەپلىرىگە ئىشقىيار نامەت ئالدىرىماي، ۋەزمىن تۇرۇپ، جايىدا جاۋاب بېرەتتى. ئارقا مەھەللىدىكى بىكارچىلارمۇ بۇ «گەپكە يامان» قاسساپقا شۇ كۈنىلا قايىل بولۇپ قېلىشتى.

ئىشقىيار نامەت قاسساپچىلىقنى ئەنە شۇنداق باشلىۋالغاندىن كېيىن، دېگەنبىلەن ئۈچ ـ تۆت ئايغىچە يامان ئەمەس ئوقەت قىلدى. دەسلەپكى كۈنلىرى ئوقىتىنى يۇرۇشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇ گۆشنى بازار باھاسىدىن بىر موچەن ئەرزىنگە ساتتى، شۇنىڭ بىلەن نېرىقى كوچىلاردىنمۇ كالىچىنى شىلىپلىتىپ، بىر ـ بىرىگە گەپتە قوناق بەرمەي، ئورۇق ـ سېمىز، ياش ـ قېرى ئاياللار گۆش ئالغىلى كېلىدىغان بولدى. دۇكان دېگەن بېكەتتەك بىر يەر، خالىغان ئادەم كېلىۋېرىدۇ. ئىشقىيار نامەتنىڭ ئالدىغا ھەرخىل ئادەملەر كېلەتتى. گۆش ئالىدىغانلارمۇ، گەپ ئالىدىغانلارمۇ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىكارتەلەپلەرمۇ، قىلدىن قىيىق كەتسە جېدەل چىقىرىشقا تەييار تۇرىدىغان ئاقسالارمۇ كېلەتتى. ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ قىزىق، ئۆتكۈر گەپلىرى بىلەن

ھەممىسىنى ئۆز لايىقىدا يولىغا سالاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئىشقىيار نامەتنىڭ «گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار» پاراڭلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا ئۆپچۆرىدىكى چوڭلار كېلىشىدىغان بولدى. ئىشقىيار نامەت بازاردىن چەت يەن ئەكېلىپ، بورا دۇكاننىڭ سىرتىغا، ئىككى تەرەپكە ئورۇندۇق ياساپ قويۇۋىدى، قوشنىلار خۇش بولۇپ دۇئا قىلىشتى. بۇمۇ ياخشى بولدى، دۇكان ئالدىنىڭ ئاۋات بولۇشى ئىشقىيار نامەتنىڭ سودىسىغا پايدىلىق ئىدى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ قاسساپچىلىق دۇكىنىنىڭ نامى ـ تەرىپى ئەمدىلىكتە خېلى يەرلەرگە تارقىلىپ بارماقتا ئىدى. ئىشقىيار نامەت ئۆزى بىدىك بولغاچقا، مالنىڭ ئېۋەن ـ چىۋىنىنى ياخشى بىلگەچكە، قوي بولسۇن، بەزىدە كالا بولسۇن، ئوبدان دىتلاپ ئەكېلىپ سوياتتى، باھاسىمۇ بازار نەرخىدىن دائىم تۆۋەنرەك بولاتتى. بەزىدە شۇ ئەتراپتا نەزىر ـ چىراغ، توي ـ تۆكۈن، مەرىكە بولۇپ قالسا، ساھىبخانىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۇ بىرەر مالنى ئارتۇقراق ئەكېلىپ، ئارىلىقتا دۇكانغا بىرەرىنى ياكى ئوغلىنى قارىتىپ قويۇپ، مەرىكە بولۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپ دىككىدە ئەكەلگەن مالنى سويۇپ بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن مالنىڭ پۇلىنىمۇ، ساھىبخانىنىڭ رەھمىتىنىمۇ بىللە ئېلىپ قايتىپ چىقاتتى. مېھمانلارغا تاماق تارتىلغان چاغدا مەرىكە ئىگىسى قازان بېشىدىكىلەرگە:

— ئاۋۇ ئىسمى ياش باللارنىڭكىدەك قاسساپقا بىر تاۋاق ئاش ماڭدۇرۇۋېتىڭلار، ھە... پەتنۇسى بىلەن...— دېيىشنى ئۇنتۇمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشقىيار نامەتنىڭ باللىچاقىلىرىمۇ پات ـ پاتلا ئوخشىغان پولۇغا ئېغىز تېگىپ، بۇ شاھانە تائامغا ئۆگىنىپ قېلىشتى.

«ياخشى ئىشقا چىچەك چىقار» دېگەندەك، ئىشقىيار نامەتنىڭ بىر ئوبدان، خاتىرجەم كېتىۋاتقان قاسساپلىق ئوقىتىگىمۇ بىر كۈنلەر كېلىپ پوقاق چىقىپ قالدى. بۇ ــ تەبىئىي ئاپەت يىللىرىنىڭ باشلانغان مەزگىللىرى ئىدى، ئالدى بىلەن مال بازىرى كاساتلاشتى. گۆشنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، كۆپ ئۆتمەي شۇ قىممەت گۆشنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. يېمەك ــ ئىچمەك تۈتىيا، خەقنىڭ قولىدىكى پۇلغا جاننى دايىغىدەك نانمۇ مىڭ تەستە تېپىلاتتى. بۇنىسى ئاز كەلگەندەك، مەھەللە ــ مەھەللىلەردىكى ھەرخىل ھەرىكەتلەرمۇ ئاۋۇپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار نامەتنىڭ بورا دۇكىنىغا ئەل قاتارى كېلىپ كەتكەن سىلىمئاخۇن چوقۇر شۇ كۈنلا بۇ خەۋەرنى ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىپىزخانغا بىرگە ئوننى قوشۇپ يەتكۈزگەنىدى.

ــ ۋاي ئىشقىيارنى يوقلىپ كەتتىغۇ دەپتىمىز، سامانچى كوچىسىدا يوغان قاسساپخانا ئېچىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ، كۈندە بەش قوي، ئىككى كالا سويىدىكەن، شۇنداق تەرەققىي... ماڭىغۇ بارسام قاراپمۇ قويمىدى....

ــ ھىم...م .... ــ دېدى ئابلىپىزخان ئىشخانىنىڭ ئىچىدە كەكلىكتەك يورغىلاپ، ــ يۇقىرىدىن كەلگەن ئابدۇرېھىم كادىر بىلەمدا؟... بىلدىما؟

ئىشقىيار ئۆزىمۇ كاسات بازاردىن كۆڭلى قېلىپ دۇكىنىنى ياپاي دەپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ئون بىرىنچى ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن كادىرلار ۋە ئاكتىپلار بورا دۇكاننى چۇۋۇپ ئەكېتىشتى...

ئىشقىيار نامەتنىڭ غۇلجا شەھىرىدە قاسساپچىلىق

بىلەن شۇغۇللانغان كۆنلىرىنى يۇقىرىقى تەرتىپتە ۋە باشقىمۇ تەقلىدتە ئەسلەيدىغانلار خېلى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھمىيەتلىكرەك يەنە بىرى، دەل «دۇۋپىگەي» مەزگىللىرىدە جان بېقىش ئۈچۈن قىلغان ئاجايىپ غەيرىي ۋە قىزىق قاسساپچىلىقىدۇر. تۆۋەندە شۇ توغرىدا توختىلىپ كېتەيلى.

ئىشقىيار نامەت سەكسەن ياشقا كەلگەن مەزگىللىرىدە ئۆزىنىڭ قۇربى، كۈچىگە لايىق تىرىكچىلىك يوللىرىنى تاللايدىغان بولۇپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ بۇ غەيرەتلىك كىشى ھەر دائىم كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يېشىدىن يەتتە ـ سەككىز، ھەتتا ئون ياش كىچىكرەك كۆرۈنەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يېشىغا ئېغىر كېلىدىغان، مۇشەققەتلىك ئىشلارنى قىلاتتى. لېكىن، ئىنسان بەربىر گۆشتىن يارالغان ـ دە، قۇربەت، چىدام دېگەنلىرىمۇ چېكى بولىدۇغۇ! ئىشقىيار نامەت كېيىنكى چاغلاردا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىنىڭ جانغا بەك پېتىپ كەتمەيدىغان يوللىرىنى ئىزدەپ، خالاپ قالدى. كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدىكى «قويۇن دۇكان» مۇشۇلاردىن بىرى.

مەھەللىدە تۇگىمىگەن قېقىندى ـ سوقۇندىچىلىقلار ئارىلىقىدا، جان بېقىش كويىدىن ھەرگىز يالتايمىغان ئىشقىيار نامەت بىر كۈنلىرى كېلىپ تۇيۇقسىز كونا ھۈنىرى ــ قاسساپچىلىقنى يادىغا ئېلىپ قالدى. بىراق، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تىرىك مالنى كۆتۈرۈپ بېسىپ بوغۇزلاشقا ماجالى يەتمەيتتى، ئۆزى ئەينى يىللىرى قاساپ دۇكىنى ئاچقان چاغلاردىكىدىن ئون ھەسسە

ئىتتىكلىشىپ كەتكەن ھەرىكەتلەر «سوتسىيالىزمنىڭ ئۆلىنى كولايدىغان» بۇنداق «قاراڭغۇ بازار»چىلىقتا ھەرگىز يول قويمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشقىيار نامەت ئويلىنا ـ ئويلىنا، قارىۋاي مەھەللە[1]سىدىكى بىر كۆڭلى يىقىن، مال سويۇشنىن خەۋىرى بار تونۇشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇ كىشى مال سويىدىغان، ئىشقىيار نامەت گۆشىنى ساتىدىغان بولۇپ كېلىشتى. قارىۋاي مەھەللىسىدىمۇ ۋەزىيەت ھەممە يەردىكىگە ئوخشاش بولغاچقا، تونۇش قاسساپ مالنى كېچىدە سوياتتى. سەھەرلىكتە ئىشقىيار نامەت ئۇنىڭكىگە بېرىپ، ئىككىسى سويۇلغان قوينىڭ ياكى موزاينىڭ گۆشىنى پارچىلاپ، پۇتۇنلەي بىر كىلوگراملىق قىلىپ ئۆلچەپ، قەغەزگە يۆگەيتتى. بىز كىتابىمىزنىڭ بېشىدىلا ئىشقىيار نامەتنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى سۈرەتلەپ، ئۇنى ھەمىشە چاپىنىنىڭ، ھەتتا كۆڭلىكىنىڭ ئالدى تۈگمىلىرىنى ئەتمەي، شۇ پېتىلا بېلىگە پوتا باغلايدىغانلىقىنى، شۇڭا قىش ـ ياز ھەرقاچان ئىشقىيار نامەتنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئالدى ئوچۇق تۇرىدىغانلىقىنى يازغانىدۇق. دەل ئاشۇ ئوچۇق يەرنىڭ ئىشقىيار نامەتنىڭ ساتىدىغان ماللىرىنى سېلىۋالىدىغان، باشقىچىرەك ئېيتساق، يوشۇرۇۋالىدىغان يېرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدىلىكتە نەق شۇ جاي «قويۇن قاسساپخانىسى»لىق رولىنى ئۆتەپ، ئىشقىيار نامەتنىڭ بىمالال گۆش سېتىشىغا ياردەم بەردى. يەنى ئىشقىيار نامەت ھەر كۈنى سەھەرلىكتە

---

① قارىۋاي مەھەللە ـ غۇلجا شەھىرىنىڭ قارادۆڭ يېزىسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر مەھەللە.

قارىۋاي مەھەللىسىدىكى شېرىكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئىككىسى سويۇلغان مالنىڭ گۆشىنى بىر كىلوگراملىقتىن قىلىپ ئۆلچەپ، قەغەزگە يۆگىگەندىن كېيىن، ئىشقىيار بۇ گۆش بولاقلىرىنى قويىنىغا مۇۋاپىق قاچىلايتتى ـ دە، بازارغا چىقىپ كېتەتتى. يولدا كېتىۋاتقاچ سودىسىنى باشلايتتى. يول ـ يولىكەي كىشىلەر بار يەرلەردە توختاپ:

ـــ گۆش كېرەكما؟ كالىلەك گۆش بار!ـــ دەپ قويۇپ ـ دە، يولىنى داۋام ئېتەتتى.

ۋەزىيەت قانچىلىك كەسكىنلىشىپ، ھەرىكەتلەر قانچىلىك ئۆرەدىسىمۇ، كىشىلەر ھامىنى گۆش يېمىسە بولمايتتى. ئىشقىيار نامەت گۆشنى خۇپىيانە ساتقاندەك، بازارغا چىقىپ خۇپىيانە ھالدا نان، گۆش... يېمەكلىك ئىزدەپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ سامانىنىڭ نەرخىدە ئىدى، شۇڭلاشقا «قويۇن دۈكىنى»دىكى گۆشمۇ تىنىمسىز، قەرەلىدە سېتىلىپ تۇراتتى. قويىنىدىكى كالىلەكلەرنى قولدىن چىقىرىپ بولغان ھامان، ئىشقىيار نامەت دەررۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋاي مەھەللىسىنى نىشانلاپ ماڭاتتى ۋە يەنە قويىنىنى تولدۇراتتى... بۇ ئارىلىقلاردا ئۇنىڭ شېرىكى ئەتە سويۇلىدىغان مالنىڭ غېمىنى قىلىپ تېپىرلاۋاتقان بولاتتى.

# باغ ئالىدىغان بوۋاي

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قىلغان يېڭى تىرىكچىلىكلىرىدىن بىرى، باغ ئېلىش بولدى. يەنى ئۇ ئېشەكىگە مىنىۋېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى، تولىراق غۇلجا ناھىيەسىنىڭ شەھەرگە تۇتاش يېزىلىرىدىكى باغلارنى ئايلىنىپ، بېغىنىڭ شۇ يىللىق كۆكىنى ساتىدىغانلارنى ئىزدەپ تېپىش، ئۇلارنى چىرايلىق گەپلىرى بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى.

بوۋاينىڭ بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىشىغا تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى مەختۇم دېگەن يىگىت، يەنى مەھەللە ياشلىرىنىڭ يىگىتبېشى سەۋەب بولۇپ قالغانىدى. مەختۇم مۇقىم خىزمىتى، كەسپى يوق يىگىت ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى يىراق - يېقىنىدىن باغ كۆتۈرە ئېلىپ، يازچە شۇنىڭ كويىدا يۈرۈپ، باقىاللىق قىلىۋاتاتتى. بىر قېتىم ئۇ، سۇر ئېشىكىگە سەل سىڭارىيان مىنىۋېلىپ تاماكا كۆكى ئۇقۇشۇشقا ماڭغان ئىشقىيار نامەتنىڭ ئالدىنى توسۇپ، سالام قىلدى.

— سىلىدىن بىر ئىلتىماس، ئىشقىياركا، — دېدى سالام - سەھەتتىن كېيىن يىگىت، — بىلىمەن، سىلى ھەر كۈنى جىق يەرلەرگە بارىدىلا، مەن ئۇچۇن شۇ بارغان يەرلىرىدە كۆتۈرە بېرىدىغان باغ بارمۇ، شۇنى ئۇقۇشقاچ يۈرسىلىكەن دېمەكچىدىم، قەدەملىرىنى قۇرۇق قويمايتتىم.

— ياخشى گەپ بولدى، — دېدى ئىشقىيار نامەت دەرھال، — جان باقماق پەرز، بالام، بارغان يەرلىرىمدە سۆزلىرى قۇلىقىمدا بولىدۇ، ئەلدىن - ئەلگە نەپ دېگەن ئەمەسمۇ...

شۇ گەپ بىلەن ئىشقىيار نامەت ئەمدىكى بارغان يەرلىرىدە مەختۇمنىڭ غېمىدىمۇ بولغاچ يۈردى. دېگەندەك، كۆپ ئۆتمەيلا ئاراكېپەكيۇزى①دىن بۇ يىللىق مېۋىسىنى كۆتۈرە بېرىدىغان ئون مولۇق ئالمىلىق باغنى تېپىپ، ۋەدىسىنى ئەملگە ئاشۇردى. مەختۇم ئىشقىيار نامەتكە مۇنداقلا دەپ قويغان گېپىنىڭ شۇنچە تېز ئەملگە ئېشىپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندى ۋە مەھەللىدىكى ئىككى ئاغىنىسىنى ئۆزىگە قېتىۋېلىپ، دەررۇ ئاراكېپەكيۇزىگە ئاتلاندى. ۋەدىسىدە تۇرۇپ، كۆزدە ئىشقىيار نامەتنىمۇ رازى قىلدى.

لېكىن بۇ ئىش زېرەك ئىشقىيار نامەت بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە بىر ئەقىل كۆزىنى ئېچىپ قويغانىدى. يەنى ئۇ، باغ ئۇقۇشۇپ، ئۇنى مەھەللىدىكى، بازاردىكى ھاجەتمەنلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسىمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى دەررۇ ھېس قىلىپ قالدى. يېقىن سەھرالاردىن، مېۋىزار مەھەللىلەردىن، ھەتتا يىراق - يىراق ناھىيەلەردىنمۇ مېۋىلىك باغ ياكى قوغۇن - تاۋۇزلۇق كۆتۈرە ئېلىپ، يازچە شۇ باغدا بالىچاقىسى ياكى شېرىكلىرى بىلەن توق قېلىپ، ئېغىر ئەمگەك بىلەن، ئۈمىد بىلەن كۈنلەرنى ساناپ، باغنىڭ دارامىتىگە تەۋەككۇل قىلىپ، مېۋە پىشىقىنى كۈتۈپ ياشايدىغان، شۇ يول بىلەن قېرىغان ئاتا - ئانىلىرىنى

① ئاراكېپەكيۇزى — غۇلجا ناھىيەسىدىكى بىر كەنت، كېيىن غۇلجا شەھىرىگە قوشۇۋېتىلگەن.

ياكى ئۇششاق بالىلىرىنى باقىدىغان ئوغۇل بالىلار ئىلىدا تولا. ئۇلارنىڭ تاپقان پۇللىرى ئانىسىنىڭ سۈتىدەك ھالال، تارتقان جاپالىرى سەبىيلەرنىڭ قارا كۆزلىرىدەك ئۈمىدلىك، ئۇلارنىڭ شەنىگە ناخشا ئىجاد قىلىپ، ئېيتسىڭىز ئەرزىيدۇ... يېزىپ شۇ يەرگە كەلگەندە مۇئەللىپىنىڭ دىل خۇرۇچى تۇتۇپ، ھايات ھەققىدە ئىككى كەلىمە پاراڭ قىلغۇسى كەلدى... نېمىلەرنى كۆرمىدى جاھاندا بۇ ئەزىز باشلار؟ ئۆز يۇرتىنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ باياشات قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نېمە جاپالارنى چەكمىدى بۇ قارا باشلار؟ ئىلىنىڭ باغلىرى شۇنچىلىك گۈزەلكى، ئىلىنىڭ ئادەملىرى شۇنچىلىك ئىشچانكى، شۇ گۈزەل باغلاردا، شۇ قەيسەر كىشىلەر ئارىسىدا ياشىغىنى، شۇلارنىڭ يۇرتلۇقى بولغىنى ئۈچۈن پەخىرلەنگۈسى، ماختانغۇسى كېلىدۇ مۇئەللىپنىڭ!

لېكىن بىز ئىنتىكرەك مېڭىپ، سۇر ئېشىكىدە ئالىقاچان تورپانيۈزى[1]نىڭ بولۇق مېۋىلىك باغلارغا توشۇق كوچىسىدا كېتىپ بارغان، بىر يەرلىرى بىلەن جاھانكەشتى نەسرىدىن ئەپەندىمگە ئوخشىشىپ قالغان، بىز بىلەن نەچچە ئايلار قەلەم سەپىرىدە، سەرگۈزەشت ۋادىسىدا بىللە بولغان ئىشقىيار نامەت بوۋاينىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئۈنىڭغا يېتىشىۋالايلى.

شۇ تاپتا بۇ گۈزەل مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىشقىيار نامەتنىڭ يۈرىكىمۇ شائىرانە بىر خىل ھاياجاندا تېپچەكلىمەكتە ئىدى. ئىلىغا كەلگەن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئىشقىيار نامەت ئاساسەن غۇلجا شەھىرىدە

[1] تورپانيۈزى ـــ غۇلجا ناھىيەسىدىكى مېۋىزار يېزا.

ياشىدى، غۇلجا شەھىرىدە ياشىغاندىمۇ تاشلەپكىدىن ئۇ تەرەپكە ئانچە كۆپ ئۆتمىدى. ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىگە قولاي بولغان تاشلەپكە، خەنزۇ بازار، لەڭزەبىشى، قارادۆڭ، جىرغىلاڭ... دېگەندەك مەھەللە، بازارلاردا ئايلىنىپ يۈردى، تاجىۋاي مەھەللىسىدە ماكان تۇتۇپ، ئاددىي پۇقرا تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزدى. سورۇقچىلىق يىللىرى مەجبۇرەن تېكەس ناھىيەسىگە چىقىپ، بىرىپ ـ كېلىشىدە گوياكى چۈشىدە كۆرگەندەك، ئىلىنىڭ چىرايلىق تاغ مەنزىرىلىرىنى، يايلاق كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەن بولدى، بىراق ئۇ چاغدا كۆڭلى غەشلىككە تولغان، كۆز ئۆڭنى ھەسرەت، ئەندىشە كۆلەڭگىلىرى توسۇۋالغاچقا، تەبىئەتنىڭ نادىر سىيمالىرىنى ياققال بايقىيالمىدى. خۇدىيارىيۈزى چىرايلىق مەھەللە ئىدى، لېكىن ئىشقىيار نامەت تىرىكچىلىك غېمى ۋە ھەلەكچىلىكىدە ئەتراپىغا، يان ـ يېنىغا ھەۋەسلىك باقالمىدى، ياشانغانسېرى ئىنساننىڭ دىلىغا مەيۈسلۈك، كۆزلىرىگە خىرەلىك چۈشكۈر چۆكىدۇ، خوش، شۇ ياش، شۇ ھەسرەتلەر بىلەن بۇلغانغان تەنىنىڭ، قاباھەت يىللىرىدا بېشىغا تۇرمۇش تالاپەتلىرى تۆپىلەپ كەلگەن ئىنساننىڭ ھەرقانچە زور گۈزەللىكنى ئېنىق ۋە چوڭقۇر ھېس قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟

لېكىن بوۋاينىڭ كۆڭلى بۈگۈن ھاياتىدا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان بىر ھالەتتە ئېچىلىپ، كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى، ئەسكى يىللار، ئىنساننى ئويۇنچۇقتەك پىرقىرىتىدىغان سۇرىبەت زامان ئۆتۈپ كەتكەنىدى، تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى كادىرلارمۇ ئەمدىلىكتە ئىشقىيار نامەتنى كۆرسە ھۆرمىتىنى جايىدا بەجا كەلتۈرۈپ، دەررۇ سالام قىلاتتى. ياشىنىپ قالغاندىمۇ

يەنىلا تېتىك، تىنىمسىز ھەرىكەتتىن، خۇش ئاۋاز سوزدىن قالماي يۈرگەن پەيزاۋاتلىق بوۋاي، ئەمدىلىكتە ئۆي ـ ئۆيلەردىكى، سورۇنلاردىكى پاراڭلاردا ھۆرمەت ۋە قايىللىق تەلەپپۇزلىرى بىلەن تىلغا ئېلىناتتى. ئۇن بىرىنچى ئاساسىي قاتلامدىكى ئەنسىز يىغىنلار ۋە ئۆمسە ھەرىكەتلەر ئەمدى يوق ئىدى.

ئىشقىيار نامەت شۇ خاتىرجەملىكلەر سەۋەبىدىنمۇ ياكى مۇنۇ ئاجايىپ گۈزەل مەھەللىلەرنىڭ سېھرى، زوقىدىنمۇ، ئۆزىنى ياشىرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلىپ، شۇ تاپتا ئەتراپقا تەكشى نەزەر تاشلاپ كېلەتتى. «خۇدايىمنىڭ ئاجايىپ گۈزەل زېمىنلىرى بار دېسە، مانا شۇ كوچىلارنى، ئاۋۇ كۆكىرىپ ياتقان باغلارنى دېسە بولىدىكەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەي، بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە، — ئىلىدا يىگىرمە يىلدىن ئارتۇقراق ياشاپتىمەن، ئەجەب بۇ گۈزەللىكلەرنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەنا؟ بۇنداق گۈزەل يەرلەردە مەڭگۈ ئۆلمەي ياشىسا ئادەم! ئەپسۇس، ئۆمرۈم جاپا، ئەندىشە، قېقىلىش ـ سوقۇلۇشلاردا ئۆتۈپ كەتتى، ئارقامدا نېمە قالدى؟ قىلغان ئىشلىرىم كىملەرگە، نېمە نەپ يەتكۈزدى؟ تۇغۇلغان يۇرتۇمدىن، ئاتا ـ بوۋام ياتقان مازارلاردىن يىراقتا، چۆمۈلىدەك قىمىرلاپ يۈرۈپتىمەن، ھەر ھالدا شۇنچە جاپالارغا، خورلۇقلارغا چىداپ، تاقابىل تۇرۇپ، قېرىساممۇ يىقىلىپ چۈشمەي، ئۆملەپ قالماي، شۇ چىرايلىق مەھەللىلەردە، ئاللانىڭ جامالىدەك گۈزەل باغلاردا سەير ئېتىپ يۈرۈپتىمەن مانا... شۇنىڭغىمۇ شۈكۈر!»

ئىشقىيار نامەت شۇلارنى ئويلايتتى، گاھىدا ئويلىغانلىرىنى پىچىرلايتتى، ئايىغى تۈگىمەيدىغاندەك

باغلىق مەھەللىلەرنى، قايرىلما كوچىلارنى، زىلال سۇلىرى گاھ شارقىراپ، گاھ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى ئاتلاپ، سۇر ئىشىكنى گاھ ـ گاھ دېۋىتىپ قويۇپ ئالغا ماڭاتتى... لېكىن شۇ ھالدىمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، بۇياقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈشكە سەۋەب بولغان ھاجىتى يادىدىن ئەسلا كۆتۈرۈلمەيتتى... مانا بۇ ئىشقىيار نامەت ئىدى.

ئىشقىيار نامەتنىڭ باغ ئارىلاپ، باغ ئىزدەپ، باغ ئالدىغان سودىسىمۇ دېگەنبىلەن خېلى ئۇنۇملۇك، دارامەتلىك بولدى. بىرنەچچە قېتىم ئۇ مەھەللىدە، بازاردا بۇ ئىشىَ ھەقتە ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا «قۇلاق قېقىپ» قويغانىدى، تېزدىن خېلى كۆپ ئادەملەر ئالايىتەن ئۇنىڭ كەينىدىن بوۋاينى ئىزدەشتۈرۈپ يۈردى. باغلىرىنى كۆتۈرەگە بېرىدىغان ئادەملەرمۇ نۆۋىتى كەلگەندە ئىشقىيار نامەتتەك، ئوتتۇرىدىكى خالىس ئادەملەرگە موھتاج ئىدى. بەزىلىرى تېخى بېغىمنى ئوبدانراق پۇلغا كېلىشتۈرۈپ بېرەرمىكىن دەپ بوۋاينى ئۆيلىرىدە ئالايىتەن، بەگدەك كۈتۈپ مېھمان قىلاتتى، ئۆيگە يانغاندا سەھرانىڭ نېمەتلىرى بىلەن «قويۇن دۇكان»نى تولدۇرۇپ قويۇشاتتى، بۇنداق كۈنلىرى ئىشقىيار نامەت تاجىۋاي مەھەللىسىگە ئېغىر، سالماقلىق ھالدا، قەشقەرنىڭ ئاللىقايسى ناخشىلىرىغا خىرگايى غىڭشىپ قايتاتتى. بېغىنىڭ بىر چېتىدە، لاپاس ئاستىلىرىدا بېسىلىپ ياتقان كونا مەڭگەن، سامانلىرىنى ئىشقىيار نامەتكە خۇشامەت سوۋغىسى قىلمۇۋېتىدىغانلارمۇ ئارىلاپ چىقىپ قالاتتى. چۈنكى، ئىشقىيار نامەت ئۇلار ئۈچۈن تەلەي، دارامەت ئەلچىسى ئىدى!

# قەشقەرلىك ئىككى موزىسپىت

ئۆشبۇ روماننى ئۆزمەي يېزىۋاتقان چاغلاردا، تەقى - تۇرقىلا ئەمەس، گەپ - سۆزلىرىمۇ ئىشقىيار نامەتكە قەۋەتلا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، قەشقەر كونا شەھەرلىك يەنە بىر موزىسپىت مۇئەللىپىنىڭ كۆز ئالدىدا تىنماي جۇسۇنلىنىپلا تۇردى. تۇرغان ئوسمان ئىسىملىك بۇ كىشى مۇئەللىپىنىڭ يادىدا ئۇزاق يىللاردىن بىرى ئۇنتۇلماس، ساناقلىق شەخسلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. ھەقىقەتەن دۇنيادا مانا شۇنداقمۇ ئوخشاپ قېلىشلار بولىدىكەن. خوپ بىز بۇ ھەققىدە تولا باش قاتۇرماي، ئاۋۋال مەرھۇم تۇرغان ئوسمان ھەققىدىكى كىرەكلىك ھېكايىمىزنى بايان قىلايلى.

گەپنى 1977 - يىلدىن باشلاپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇ يىللاردا، ئەينى چاغدىكى غۇلجا شەھەرلىك «شەرق قىزاردى» گۇڭشېسىدا[1] يەرلىك رادىيو ئۇزېلىنىڭ مۇخبىرلىق ئىشتاتىدا تۇرۇپ، باشقا كادىرلارغا ئوخشاشلا ھەر يىلى بىرەر چوڭ ئەترەتكە چۈشۈپ «لۇشيەن تەربىيەسى» خىزمىتى ئىشلەۋاتقان مۇئەللىپ، ئاشۇ يىلى گۇڭشې رەھبەرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى

[1] «شەرق قىزاردى» كوممۇناسى، ھازىرقى قارادۆڭ يېزىسى.

بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ يىڭنىھايات مەھەللىسىگە، يەنى ئىككىنچى چوڭ ئەترەتكە نۇقتىدىكى كادىر بولۇپ چۈشتى ۋە ئۇ يەردە تاكى 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، يەنى پەدەر بۇزرۇكۋارىنىڭ بېشىدىكى ئوڭچىل قالپىقى «ناھەق دېلو» دەپ ھەققەتلەنگىچە ئىشلەپ قالدى ھەمدە كېيىن يىڭنىھايات مەھەللىسىدىن ئۇدۇل غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ كەتتى... خوش، ئەمدى ئەسلىي گېپىمىزگە كېلەيلى، يىڭنىھايات چوڭ ئەترىتىدە، شۇ ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە، يەتمىش ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان تۇرغان ئوسمان دەيدىغان بىر ئادەم چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارلىقىنى ئۆتەيتتى. مۇئەللىپ يىڭنىھايات مەھەللىسىگە خىزمەتكە بۆلۈنۈشتىن بۇرۇنمۇ تۇرغان ئوسمان ئىسىملىك بۇ گەپدان ئادەمنى تونۇيتتى ۋە باشقىلاردىن ئۇ ھەقتە خېلى كۆپ قىزىق پاراڭ، قىزىق ئىشلارنى ئاڭلىغانىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئىلىغا چىققان بۇ ئادەمنىڭ تاكى شۇ چاغقىچە سۆزى، كىيىم ـ كېچىكى، مىجەز ـ خۇلقلىرىغىچە قەشقەر دىيارىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولجىمىغانىدى. ئوتتۇرا بوي، بەستىگە قارىغاندا يۇزى كىچىكرەك، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا پۇرچاقچىلىك سۆگىلى بار، چېقىر كۆزلۈك بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىن داۋاملىق بىر سىرلىق كۇلۇمسىرەش ئۇزۇلمەيتتى. ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقى ئىچىگە پۈكۈكلۈك بولۇپ، باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، مۇبادا شۇ كىشىگە ئۆچرەك بولسا، نامسىز بارمىقى كۆرۈشكەن كىشىسىنىڭ ئالقىنىنى تاتىلاپ ـ سىجاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. تۇرغان ئوسماننىڭ بۇ مىجەزىنى

بىلىدىغانلار ياكى ئىلگىرى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە داۋاملىق شۇ ئىشقا دىققەت قىلاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق تۇرغان سىكرىتارنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيەسىنى پەملىۋالاتتى. چوڭ ئەترەتتە ئانچە ـ مۇنچە تارقىتىلىپ قالىدىغان تۇرمۇش خىراجىتى ۋىدۇموستىغا چىچىلاپ، ئالماپ يۇرۇپ «تۇرغان ئوسمان» دېگەن خەتلەرنى قاغا پۇتىدەك ئارانلا يازالايدىغان بۇ ئادەمنىڭ گەپتىكى چىچەنلىكىگە ۋە ئىشلارنى دىتلاشتىكى پاراسىتىگە ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالاتتى. قەشقەر كوناشەھەردىن ئىلىغا چىقىپ، دەسلىۋانىسىدىلا قارادۆڭ يېزىسىغا كوممۇنا ئەزاسى بولۇپ ئورۇنلاشقان تۇرغان ئوسمان بۇ يېزىنىڭ تۆتىنچى چوڭ ئەترىتىدە ئۇزۇن يىل دېھقان بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى، ئىشقا چېچەنلىكى، بىر ئىشلارغا توغرا چەن سالالايدىغانلىقى بىلەن ئاۋۋال ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ، كېيىنچە چوڭ ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپ گورۇپپا باشلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى... بولۇپ ئىشلىگەن. ئىشلىگەنسېرى ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكەنسېرى ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىپ، باشتا چوڭ ئەترەتنىڭ ئارقىدا قالغان ئەترەتلىرىگە سەپلىنىپ ئىشلىتىدىغان ئادەمگە ئايلانغان، كېيىنچە گۇڭشې رەھبەرلىرى تۇرغان ئوسماننىڭ باشقا ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىرگە، ئادەم باشقۇرۇش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنىمۇ يۇقىرىلىقىنى بايقاپ، ئۇنى بىۋاسىتە ھالدا توپادەك چوڭ ئەترىتىنىڭ پۈتۈن گۇڭشې بويىچە

ئەڭ ئارقىدا قېپقالغان، جېدەل، دەۋا ئۆكسۈمەيدىغان مەلۇم بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە سىياسىي دۈيجاڭ قىلىپ يۆتكىگەن. كۆتۈلمىگەندە، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا ھېلىقى «كونا باش ئاغرىقى» ئەترەتنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، قىياپىتى ھەر جەھەتتىن ئۆزگەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرغان ئوسمان ئەتىۋارلىق كادىرغا ئايلىنىپ، نەدە مەسىلە بولسا شۇ يەرنى ئوڭشاشقا ئەۋەتىلىدىغان ئالاھىدە خادىم بولۇپ قالغان. شۇ تەرىقىدە، ئاۋۋال توپادەڭ چوڭ ئەترىتىدە ئۆسۈپ - ئۆسۈپ چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ باشتا دېيىلگىنىدەك، ئەينى چاغدا توپادەڭ چوڭ ئەترىتى ئۆزىمۇ گۆڭشى دائىرىسىدىكى چوڭ ئەترەتلەر ئىچىدە باش ئاغرىقى ئەڭ كۆپ ئورۇن ئىدى. تۇرغان ئوسمان ئۈچ يىل بېرىلىپ ئىشلەپ ئۇشبۇ چوڭ ئەترەتنىڭ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن توپادەڭ مەھەللىسىدە شەھەر بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، ئۇ ئارقىدا قالغان كوللېكتىپلارنى قانداق ئوڭشاش ھەققىدە تەكلىپ بىلەن تەجرىبىمۇ سۆزلەيدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى سېپىدە نامدار شەخس بولۇپ قالىدۇ.

مۇئەللىپ يېڭىھايات مەھەللىسىگە خىزمەتكە بارغىنىدا، تۇرغان ئوسماننىڭ تەشكىلنىڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە توپادەڭ مەھەللىسىدىن بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئىككى يىل بولاي دەپ قالغان چاغلار ئىدى. بىرنەچچە كۈن يىغىن ئېچىش، سۆھبەتلىشىش، باشقىلاردىن ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، مۇئەللىپ

تۇرغان سېكرېتارنىڭ يېقىنقى يىللاردا سەل ئەمەس، خېلىلا ئارقىدا قېلىپ كەتكەن ئىككىنچى چوڭ ئەترەتتە بىر تالاي مۇھىم ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ھازىر بولسا ئومۇمىي خىزمەتلەرنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئىزىغا چۈشكەنلىكىنى ئۇقتى.

مۇئەللىپنىڭ يېڭىھايات چوڭ ئەترىتىگە كەلگىنىدىن تۇرغان ئوسمان ھەدېگەندىلا خېلى خۇرسەن بولدى.

— ئابلىتىپ شىجاڭ①غا، چاقماقتەك بالىگىزدىن بىرنى ئەۋەتىپ بېرىڭ دېگەنىدىم، سىزنى ئەۋەتىپتۇ — دە؟ ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، ئادەمنى خاتا تونۇمايدۇ، بايا ئۆزىمۇ ماڭا تېلېفون بېرىپتۇ، «تۇرغانكا، سىز دېگەندەك بالىنى ئەۋەتتۇق، ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىڭ» دەيدۇ، بىر نېمە يازىدىكەنسىز-ە؟

تۇرغان ئاكا تىلغا ئالغان ئابلىتىپ شىجاڭ، يەنى «شەرق قىزاردى» گۇڭشېسىنىڭ باشلىقى، گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئابلىتىپ قىيۇم ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ماشىنىسازلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن، ئۆزى چاپچاللىق، دېھقان ئوغلى ئىدى. چىرايى ساپسېرىق، تولىمۇ ئاددىي كىيىنىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەم ئۆزىنى يېزا ئىگىلىكى خىزمىتىگە ئاتىۋەتكەنىدى. سەل ھاياجانىراق، ساددىراق ۋە چۈس ئادەم ئىدى. گېزىتكە بېسىلغان ھەر قانداق سۆزنى شەكسىز ھەقىقەت دەپ چۈشىنەتتى ۋە بۇ ھەقتە باشقىچە پاراڭ قىلغان ئادەم بىلەن قىزىشىپ مۇنازىرىلىشەتتى.

① شىجاڭ — كوممۇنا باشلىقى.

شالاقشىپ كەتكەن كونا ۋېلسىپىتتىن چۈشمەي، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىتىزمۇئىتىز چېپىپ يۈرەتتى، جاھاندىكى جىمى مەسىلىنى بىر كۆندىلا ھەل قىلىۋەتسەم دەپ ئويلايدىغان ۋە شۇ خىيالىنى يېزا ئىگىلىكى خىزمىتىگىمۇ تەتقاسلايدىغان ئادەم ئىدى، جاپاكەش ئادەم ئىدى. كېيىن شۇ كونا ۋېلسىپىتى بىلەن چېپىپ يۈرگىنىدە، خىزمەت ئۈستىدە قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ۋاپات بولدى. ئايالى ئائىلە ئايالى، باللىرى تېخى كىچىك ئىدى، ۋادەرىخا!

شۇ ئابلىتىپ قيۇم ئاكىنىڭ بىر قىزىق ئىشى مۇئەللىپنىڭ يادىدىن چىقمايدۇ. ئەينى چاغدا «شەرق قىزاردى» گۈگۈشىنىڭ بىرىنچى چوڭ ئەترىتى، يەنى بايكۆل كەنتىدە «زىيالىي ياش» بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇئەللىپنى گۈگۈشي رادىيو ئۇزېلىغا يۆتكەپ كەلگۈچى دەل ئابلىتىپ ئاكا ئىدى. كەمىنە مۇئەللىپ رادىيو ئۇزېلىغا خىزمەتكە چۈشكەن بىرىنچى كۆنى ئابلىتىپ قيۇم ئۇنى ئۆزى بىللەن بىللە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، شۇنىڭدىن بىر خەۋەر يېزىشقا ئۇندىدى. شۇنىڭ بىلەن شالاقشىپ كەتكەن ئىككى ۋېلسىپىت ئازات يېزىسىنىڭ، يەنى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئىتىزلىرى تامان چېپىپ كەتتى.

ئابلىتىپ شىجاڭ بىلەن مۇئەللىپ بىر ئىتىزلىققا يېتىپ كەلگىنىدە، ئەللىك — ئاتمىش ئادەم زىغىر تېرىلىدىغان يەرنى تۈزلەۋاتاتتى. دېھقانلار ئارىسىدا ياشلار، قېرىلار، ئەرلەر، ئايالار، ھەتتا ئون — ئىككى ياشلىق باللارمۇ بار ئىدى.

— ماۋۇ... باللارنى ئىتىزغا ئاچىقماڭلار دېسەم، يەنە

ئاچىققىنىنى... ئىشەك قۇلاقلار!— دەپ غۇدۇڭشىدى ئابلىتىپ ئاكا، كېيىن مۇئەللىپكە بۇرۇلۇپ، سەل نېرىدا ئىشلەۋاتقان بىر بوۋاينى كۆرسەتتى،— كۆردىڭىزمۇ، سەكسەنگە تاقاپ قالغان ئاقساقاللارمۇ ئېتىزغا چىقىۋاپتۇ، تاق شۇنىڭدىن بىر ماقالە يېزىڭ، يۇرۇڭ!

ئىككىيلەن بوۋاينىڭ يېنىغا چوڭ سالام بىلەن باردى. دېگەندەك، چىرايىدىن خېلىلا ياشىنىپ قالغانلىقى چىقىپ تۇرغان، ئالدىغا سەل دۈمچەيگەن، قويۇق قاشلىق، پەرىجىلىك بوۋاي ئۇلارنى كۆرۈپ كەتمىنىگە تايىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— سىز خاتىرىلەڭ - ھە، مەن سورايمەن،— ئابلىتىپ قىيۇم مۇئەللىپكە شۇنداق دەپ پىچىرلىدى - دە، بېرىپ بوۋاي بىلەن كۆرۈشتى. مۇئەللىپمۇ مويسىپىت بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، خاتىرىسىنى ئاچتى.

— چوڭ دادا، شۇنچە ياشىنىپ قىلىپمۇ ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەۋېتىپسىز، نېمىنى ئويلاپ شۇنداق قىلدىڭىز؟ داجەي① روھىنىمۇ، يە؟...

— ئىشلىمىسەك نورما بەرمەيدۇ!...— دەپ ۋارقىراپ، ئاۋازىنى تازىمۇ سوزۇشتۇرۇپ جاۋاب بەردى ئالىقىنىنى قۇلاق تۈۋىگە دالدا قىلىپ تۇتۇۋالغان بوۋاي. بۇ چاغدا ئابلىتىپ شىجاڭ ئارقىسىغا غاچچىدە ئۆرۈلدى - دە، خاتىرىسىنى ئاچقان پېتى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قالغان مۇئەللىپكە چۇس پاراڭ قىلدى:

— يۇرۇڭ، باشقا ئېتىزغا بارىمىز!

---

① داجەي — ئەينى يىللاردىكى يېزا ئىگىلىكىدىكى ئۆلگە ئورۇن.

... لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى:

تۇرغان سېكرېتار ئابلىتىپ قىيۇمنىڭ گېپىنى قىلغاندا، مۇئەللىپنىڭ يادىغا لىپ ئېتىپ شۇ بىر ئىش كەلگەنىدى. شۇ تۇپەيلى ئۇنىڭ چىرايىدا يالت ئېتىپ ئەكس ئەتكەن كۈلكىگە زېرەك تۇرغان ئوسمان دەررۇ دىققەت قىلدى.

— ئابلىتىپ جۇۋرىن① سىلىگە مەن تونۇغرۇلۇق بىر گەپلىنى قىلىپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ بېشىنى دەررۇ بىر يېنىغا قىيسايتتى...

ئوقۇرمەنلىرىمىز دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، شۇ دائىملىق ھەرىكىتى بىلەن تۇرغان ئوسمان ئىشقىيار نامەتكە ئوخشىشىپ كېتەتتى.

— ھېچ گەپ قىلغىنى يوق، بىراق ئابلىتىپكامنىڭ بىر ئىشى يادىمغا چۈشۈپ قالدى، — دېدى مۇئەللىپ دەررۇ ۋە تۇرغان ئوسماننىڭ كۆڭلىگە ھەدېگەندىلا شەك سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن «نورما بەرمەيدۇ» لەتىپىسىنى سۆزلەپ بەردى. تۇرغان ئوسمان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇ ئادەم دەيدۇ، يامان ساددا ئادەم، بەزەن قىلىقلىرى كىچىك بالىدەك... لېكىن يامان ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئادەم، شۇنداق ئادەملەر جىقراق بولغان بولسا، بىز مۇنچىۋالا چارچاپ كەتمەيتتۇق، ئۇكام، مانا ئەمدى سىلى كەلدىلە، بىللە چارچايمىز...

تۇرغان سېكرېتارنىڭ ھەدېگەندىلا قىلغان گېپىدىن مۇئەللىپ سەل ئەنسىرىدى. ئېيتماقچى، غۇلجىلىقلار،

① ئابلىتىپ جۇۋرىن (مۇدىر) دېمەكچى. تۇرغان ئوسمان دائىم ئابلىتىپ قىيۇمنى «شېجاڭ» ئەمەس، بەلكى «جۇۋرىن» دەپ ئاتايتتى ۋە ئۇ ئاتالغۇنى بۇزۇپ سۆزلەيتتى.

غۇلجىغا بارغانلار بىلىدۇ، يىپەكچىلىك دۆڭلۈككە جايلاشقان يىپەكچىلىك چوڭ ئەترىتى (ھازىرمۇ شۇنداق) بىر چېتى شەھەر ئىچى چوڭ بازارغا، بىر يېقى لەڭزەبىشى، خەنزۇ بازىرىغا تۇتاشقان، شەرقىي بەش ناھىيەگە قاراپ سوزۇلغان دۆلەت تاشيولىنىڭ بويىغا جايلاشقان مەھەللە ئىدى. تۆت ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئىككىسىدىكى ئەزالارنىڭ يېرىمى يىپەكچىلىكتا، يېرىمى ئىلى دەريا بويىدىكى ئايدۆڭ مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقانىدى (ئوقۇرمەن ئىشقىيار نامەت ئون ئېشەكنى ئىككى ئىشلەمچىگە ھەيدىتىپ پېدىگەن، كۆكمۇچ ساپىقى، قوۋزاقلىرىنى ئالغىلى بارغان ئايدۆڭ مەھەللىسىنى ئەسلىگەن بولسا كېرەك). ئەنە شۇنداق ھەرخىل سەۋەبلەردىن يىپەكچىلىك چوڭ ئەترىتىدىكى ئەزالارنى باشقۇرۇش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. بۇلارنى تەپسىلىي ئەزۋەيلەپ ئولتۇرمىساقمۇ، چېچەن ئادەم ئۆزى ھېس قىلغۇالايدۇ.

يىپەكچىلىك مەھەللىسىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مۇئەللىپ تۇرغان ئوسمان دېگەن مويسىپىتنىڭ ئادەم باشقۇرۇش تەدبىرلىرىگە راستتىنلا ھەيران قالدى. موخوركىنى ئۇزمەي چېكىدىغان تۇرغان سېكرېتار چوڭ ئەترەتنىڭ يىغىنلىرىنى چاقچاقنىڭ ئورنىدا ئاچاتتى. ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى باشلىقلىرى يىغىلغان رەھبەرلىك كوللېكتىپ يىغىنلىرىدا، خەقنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى تۇرغان ئوسماننىڭ سۆز قىلىش ئۇسۇلى ئىدى. سەۋەبى تۇرغان سېكرېتار ھەرقانداق يىغىننىڭ ئالدىدا، نۆۋەتتىكى يىغىننى ئېچىشقا سەۋەب بولغان ئىشنى ئاددىيلا بىر قۇر تەكىتلەيتتى – يۇ،

كېيىن ئەمەلىي چارە ـ تەدبىرلەر خۇسۇسىدا شۇنداق سۆزلەپ كېتەتتىكى، چەتتىن ئاڭلىغان ئادەم ھەيران قالاتتى. شۇنداق ئەمەلىي ۋە ئىختىيارى يىغىنلارنىڭ بىرى — مۇئەللىپ يېڭىھايات چوڭ ئەترىتىگە خىزمەتكە چۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ئېچىلغان «يازنىڭ ئۈچ ئىشى سەپەرۋەرلىك يىغىنى» ئىدى. بىر كۈن ئاۋۋال تۇرغان سېكرېتار بىلەن مۇئەللىپ گۇڭشېغا بېرىپ شۇ خۇسۇستىكى يىغىنغا بىللە قاتناشقان، يىغىندا گۇڭشې پارتكومىنىڭ بۇ خىزمەت ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مەخسۇس ھۆججەت قىلىپ تارقىتىلغان ۋە بۇ ھۆججەت شۇ تاپتا مۇئەللىپنىڭ خىزمەت سومكىسىدا ئىدى.

— ھازىر گۇڭشې رەبەرلىگى① ئەۋەتكەن كادىر ئىنىمىز تۈنۈگۈن تارقىتىلغان قىزىلۋاش ھۆججەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ، — دېدى تۇرغان سېكرېتار چوڭ ئەترەتنىڭ يىغىن زالىدا ئولتۇرغان ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئادەمگە، شۇنىڭ بىلەن كەمىنە مۇئەللىپ يازلىق يىغىم ـ تېرىم خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى، يەنى «قىزىلۋاش ھۆججەت»نى ئوقۇدى.

— تۈگىدىما، ئۇكام؟ ياشاپ كېتىڭ! — دېدى تۇرغان ئوسمان مۇئەللىپكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن قوشۇپ قويدى، — ئەمدى مەن ئازراق سۆزلەپ قويايما؟ گەپنىڭ لوندىسىنى؟

— سۆزلەڭ! — دېدى مۇئەللىپ ئالدىراپ. تۇرغان سېكرېتار بۇ چاغدا مۇئەللىپنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۆزى ئولتۇرغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا لىكلا قىلىپ

① رەھبەرلىكى دېمەكچى.

چىقىپ، توخۇ قونداقتا ئولتۇرغاندەك، ئورۇندۇق يۆلىنىشىگە ئېسىلىۋالغان كادىر ئاخىرى چىدىماي تىترەپ كەتتى. توخۇ قونداقتا ئولتۇرغاندەك، ئورۇندۇق يۈزلۈكىنى دەسسەپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى. 6 ـ ئاي بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ ئۇچىسىدا پاختىلىق قارا چىبەرقۇت چاپان، پۇتىدا لاي يۇقى ئۆتۈك، بېشىدا ئۆڭۈپ كەتكەن بېغىرەڭ مانچېستېر دوپپا بار ئىدى.

يىغىن ئەھلى يېڭى كەلگەن كادىر بالىنىڭ تەئەججۇپىنى بايقاشتى بولغاي، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن «پىخ ـ پىخ...» كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان تۇرغان ئوسمان تۆۋەنگە بىر ھومىيىپ قارىۋېتىپ، يېنىغا، مۇئەللىپكە قايرىلىپ جىلمايدى.

ــ مۇشۇنداق ئولتۇرمىسام سۆزلىيەلمەيدىكەنمەن، ئۇكام، ئەپۇلىرى بىلەن...ــ دېدى ۋە كېيىن ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىغا چوكىدەك قىستۇرۇۋالغان تاماكىسىنى بىر ـ ئىككى شورىۋېلىپ، گەپ باشلىدى،ــ يۇقىرىدا گۇڭشې رەھبەرلىكى ئەۋەتكەن كادىر ئىنىمىزمۇ قىزىلىۋاش ھۆججەتنى يامان ئوبدان چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوقۇپ بەردى. ئەمدى مەنمۇ بىرنەچچە ئېغىز گېپىمنى قىلاي... خوش، گەپنىڭ لوندىسى، ئەتىدىن باشلاپ ئورمىغا چۈشىمىز! بۇ دېگەن گەپ، ئىشلەيمىز، ئېتىز بېشىغا چىقىپ ياتىمىز، تاماقنى ئايدالادا يەيمىز، ئەتىگەندە كۈن ئىنىدىن چىقىپ، ئاخشىمى جايىغا پاتقۇچە ساما بورسىكى[①]دەك بوغداي ئورۇيمىز دېگەن گەپ! ھەي جۇماق، شۇنىڭغا تەييارلىقىڭ قانداق؟ بىلىكىڭ چىڭما؟

تۆۋەندە، ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان جۇماخۇن

① ساما بورسىكى ــ بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى.

ئىسىملىك، بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ سىياسىي دۇيجاڭى لاپپىدە قىزىرىپ مۇئەللىپكە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئىتتىك جاۋاب بەردى:

— بىلىمىز چىڭ، تۇرغان شۇجى!

— يامان نومۇسچان نېمە ئۆزۈڭ ـ ھە؟ كادىر بالىغا لەپپىدەم قارايسىنا، بۇ ئىنىمىزمۇ ئەمدى كۆرىدۇ سېنىڭ يالغانچىلىقلىرىڭنى... ھەي قۇرۋان، بىر، بەش ـ ئون كۈنلۈك ھاراقنى بىرلام ئىچىۋالدىڭما ئاخشام؟ ئەمدى لەڭزەبېشى، دوڭ شوپاڭنى بىرەر ئاي يوقلىماي تۇر جۇما!

ئىككىنچى ئەترەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل باشلىقى، قۇرۋان دېگەن بەستلىك، قىزىل يۈز ئادەممۇ مۇئەللىپكە بىر قارىۋېتىپ، ئورنىدىن لىككىدە تۇردى.

— ئاخشام ئىچمىدىم، تۇرغان شۇجى، خاتىرجەم بولۇڭ، ئورما تۈگىگۈچە ئاغزىمىزغا ئالمايمىز...

— خامان تۈگىگۈچە دە! نېمىنى ئاغزىڭغا ئالمايسەنا؟ ئېنىق دە، ماۋۇ كادىر ئىنىمىز خاتىرىلەپ قويسۇن.

— ھاراقنىچۇ، — دېدى قۇرۋان دۇيجاڭ قىزىل يۈزىنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ قىزىرىپ، — مانا سەيپىدىن دۇيجاڭ ئولتۇرۇپتىغۇ، ئاخشام ئىدارىدە يىغىن ئاچتۇق، ئورما تەييارلىقى دەپ...

تۇرغان سېكرېتار شۇ تەرىقىدە تۆت ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئورما تەييارلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۈرۈشتۈردى. سان ـ سېپىرلار دېيىلگىنىدە، يېنىغا بۇرىلىپ مۇئەللىپكە «يېزىپ قويسىلا!» دەيتتى. مۇئەللىپ بىر ياقتىن تىڭشاپ، بىر ياقتىن يازغاچ، تۇرغان ئوسمانىنىڭ ئۆزگىچە يىغىن ئېچىش ۋە خىزمەت

ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىغا قىزىقىپ، توغرىسى ھەۋەس قىلىپ ئولتۇراتتى. بىرىنچىدىن، تۇرغان ئوسمان ئىنتايىن تەجرىبىلىك ئادەم، ئىشنىڭ ئەھلى ئىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ كۆزىنى بوياپ كېتەلمەيتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ سۆز قىلىش سەنئىتى شۇنچىلىك ئۆزگىچە ئىدىكى، گەپ دېگەننى قارىمايلىق يولىغا ياتقۇزۇلغان تاشتەك پاتۇرۇۋېتەتتى. بۇ تەرىپى بىلەن قەھرىمانىمىز ئىشقىيار نامەتكە تولىمۇ ئوخشىشىپ قالاتتى.

يىغىن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ بىر سائەتتىن كۆپرەك ئۆتكەندە، تۇرغان ئوسمان يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئايالالارغا، چوڭ ئەترەتنىڭ بىرنەچچە ئايال كادىرى ۋە ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ ئايالالار خىزمىتىگە مەسئۇل ئەترەت باشلىقلىرى ھەممە ئايال كاسىرلارغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەمدى ماۋۇ ھەرقايسى خانىملارغا رۇخسەت، ئۆيگە بېرىپ، ئوخشىتىپ لەڭمەننى ئېتىپ، ئەتە ئەرلىرىڭلارنى شەمشەردەك ئورغاق بىلەن بۇغدايلىققا ماڭدۇرارسىلەر...

تۇرغان ئوسماننىڭ مۇنداق مۇراجىئىتىگە ئۆگىنىپ قېلىشسا كېرەك، ئۇنچە قىز، ئايال بىر - بىرىگە قارىشىپ سىرلىق كۈلۈشۈپ، ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ كېتىشتى. تۇرغان سېكرېتار جۇماخۇن دۇيجاڭغا قارىدى:

— ھەي جۇماق، ئىشىكنى ئىلىۋېتە!

مۇئەللىپ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ، بىردە ئىچىدىن ئىلغۇر سېلىنغان ئىشىككە، بىردە يەنە بىر قېتىملىق گەپكە تەرەددۇتلىنىپ، تاماكىسىنى بولۇشىغا شوراۋاتقان

تۇرغان ئوسمانغا قارىدى. شالاقلاپ قالغان يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىرەر ئەيىب ئۆتكۈزۈپ قويغان بىرىنچى سىنىپ بالىلىرىدەك، ھەرخىل چىراي ھالىتى ۋە قىياپەتلەردە ئولتۇراتتى. ئاخىرىچە تۇرغان ئوسمان گەپ باشلاپ قالدى:

— خوش، مانا ئەمدى ئوغۇل باللار قالدۇق، كادىر ئەپەندىم رۇخسەت قىلسا، كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى قىلىۋالسام... خوش، ئۇكىلىرىم، رەسمىي گەپلەر تۈگىدى، ئەمدى دەيدىغان پارىڭىم شۇكى، بۈگۈندىن باشلاپ شۇ گەپلەر، شۇ ۋەدىلەر بويىچە ئىشلەپ كەتسەك... تۇرغان ئوسمان دېگەن قېرى گەپ دېگەننى دومباقتەك قىلغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ بىرىنىمىسى چىغدەك دەپ قېلىشماڭلار، بىزمۇ بارغۇ، ئۇكىلىرىم، ياش ۋاقتىمىزدا، قەشقەر كوناشەھەردە مەيدىمىزنىڭ تۈكى بىر غېرىچ يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان يىگىتلەردىندۇق دەيمەن، بازارغا كىرسەك بىزنى كۆرگەن مادا ئېشەكلەر تۈش ـ تۈشتىن ھاڭراپ كېتەتتى. ئىلىخوغا چىقىپ، ئازات يېزىدا ئىشلىگەن چاغلىرىمىزدىمۇ، قەلەندەر مەھەللىنىڭ يىگىتلىرىنىڭ گۈلى بولغان بىز. خەق بىر تىلىم قوغۇننى يەپ بولغۇچە، بىر مەھەللىنى سىيرىۋېتەتتۇق دەيمەن، كېيىن توپادەڭگە چىقتۇق، يەنە يىگىتلىكتىن قالمىدۇق، توپادەڭدە يەرنى تەپسەك، باياندايىنىڭ ئىتلىرى قاۋشىپ كېتەتتى... مانا ئەمدى ياشىنىپ قالدۇق، بىراقزە، سۆلەتنى كىم قىلار، سۆسەر تۇماق، ئوقەتنى كىم قىلار، پۇچۇق تۇماق دەپ، يەنىلا شۇ پۇچۇق تۇماق جۇما بىز! گەپنىڭ قىسقىسى، ئورما بىلەن خامانىنى مېنىڭ دېگىنىمدەك پاكىز پۈتكۈزۈپ

بىرسىلەر، بولمىسا، قىشچە ئۇزۇن ئۆگىنىشلەردە ماۋۇنىڭغا ئوخشاشمايدىغانراق گېپىم بار! گۈڭشى رەبەرلىگى يازنىڭ ئۇچ ئىشنى خۇلاسىلىگەندە، ئىشنى... پۇتكۇزدى جاڭ لويى، سۇغا چۇشتى ۋاڭ لويى دېگەندەك ئىش بولمىسۇن، ماقۇلمۇ؟ ئەمدى كادىر ئەپەندىمنىڭ گېپى بولسا ئاڭلايلى...

شۇ يىغىندىن كېيىن مۇئەللىپ تۇرغان ئوسمان دېگەن ئادەمگە بىر قول قويدى ـ يۇ، بىرنەچچە يىل ئىشلەش داۋامىدا تالاي قېتىم قول قويۇۋەتتى. گەپ بىلەن ئىشنى ئوخشايدىغان مۇنداق قابىل ئادەمنى ئۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئەلقىسسە، كېيىنكى چاغلاردا ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۇرگىنىدە، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ، ھەر ئىككىسى ئەزىزانە قەشقەر دىيارىدىن بولغان ئىككى مويسىپىتنىڭ چىرايى، تەقى ـ تۇرقى، گەپ قىلىش ئادەتلىرىگىچە، ئەڭ مۇھىمى، ئۆتكۇر، ھازىر جاۋاب، مەنىلىك پاراڭلارنى قىلىشلىرىغىچە بىر ـ بىرىگە ئاجايىپ ئوخشىشىدىغانلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلدى، چۈشەندى.

تۇرغان ئوسمان ئاكىنىڭ ئاجايىپ قىزىق گەپلىرى، خىزمەتتىكى قابىل تەدبىرلىرى ھەققىدە بايان قىلساق يەنە نۇرغۇن ۋاراقلار سەرپ بولاتتى، بىراق ئەسلى مۇددىئا، ئەسلى بايانىمىزدىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتمەسلىكنى ئويلاپ، ئۇ ھۆرمەتلىك مويسىپىت ھەققىدىكى ھېكايىمىزنى مۇشۇ يەردە توختاتتۇق. تۇرغان ئوسمان ئاكىمۇ توقساندىن ئېشىپ ياشاپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كېسەل تۆشىكىدە يېتىپ تۇرۇپ قىزىق گەپتىن قالماي سۆزلەپ، دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى،

مەرھۇمنىڭ ئەۋلادلىرىغا ياخشىلىقلار يار بولسۇن!
گەرچە ئىشقىيار نامەت بىلەن تۇرغان ئوسمان ئۆمۈر بويى كۆرۈشمىگەن، بىر ـ بىرىنى تونۇمايدىغان ئادەملەر بولسىمۇ، بىراق مۇئەللىپ بۇ ئىككى مويسىپىتتىكى نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارغا كۆرە، ئىككىيلەننى بىر سەھىپىدە قەلەمگە ئالماقلىقنى ئۇزۇن يىللار ئويلاپ، ئىستەپ كەلگەندى. نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا يېتەلمەيدىغان بۇ سەراپ، ئالقۇنسىمان دۇنيادا، مۇشۇ كىچىككىنە بىر ئارزۇيىمىزغا بولسىمۇ بۇگۇن يەتتۇق، شۈكۈر!

# خاتىمە گۇلىستانى

ئىشقىيار نامەت ھەققىدە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان بۇ ھېكايىمىز ئاياغلىشىپمۇ قالدى.

ئۇزاق يوللارنى يالغۇز بېسىپ چارچىغان، ھالسىرىغان يولۇچى بىر يەرلەرگە كېلىپ توختاپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ «ۋاھ، شۇنچە ئۇزاق مەنزىلنى ئۆزۈم تەنھا باستىممۇ ـ ھە!» دەپ ئەجەبلەنگىنىدەك، مۇئەللىپمۇ ئىشقىيار نامەت ھەققىدە قىسسە يېزىلىپ تولغان، يۇزلىگەن ۋاراقلارغا قاراپ «بۇ ئادەم ھەققىدە شۇنچە جىق نېمىلەرنى بىلەتتىممۇ ـ ھە!» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئەلقىسسە، بۇ يىگىرمە يىللىق خىيالنىڭ، يىگىرمە يىللىق تەپەككۇرنىڭ، يىگىرمە يىللاپ ماتېرىيال جۇغلاشنىڭ شاراپىتى ئىدى.

ئىشقىيار نامەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سۆزدىن، ھەرىكەتتىن، تىرىكچىلىكتىن قالماي، ھېچقانداق ئادەمگە ئارتۇقچە ئېغىرىنى سالماستىن، توقسان يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. رومانىمىزنىڭ بېشىدىلا، بىز بۇ كەچمىش ۋە تەقدىرنى قەلەمگە ئېلىپ بولغانىدۇق. يېرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، مېھرى ئوتلۇق ئىلى ۋادىسى ئۇنىڭ جاپاكەش تېنىنى مەڭگۈلۈك ئۆز باغرىغا ئالدى. ئۇ ۋاپات بولغىنىدا، ئىلىنىڭ يېرىم ئوغلى بولۇپ بولغانىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ نامىنى مۇشۇ قۇرلاردا،

پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر روماندا قالدۇرۇپ، ياشىتىپ قىلىۋاتقان ئىپسىل چاقچاقچىلىق ھۈنىرى ئۇشبۇ تىلسىم دىياردا كامال تېپىپ، باغجانلىغانىدى.

كەمىنە مۇئەللىپ ئەمدىكى قۇرلاردا مەرھۇم سۆز چېچەنى، ھەقنى سۆزلەپ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئۇيغۇر ئوغلانى ئىشقىيار نامەتنىڭ پاك روھىناتىغا ئەزگۈلۈك تىلەيدۇ، مەرھۇمنىڭ ئارىمىزدا ياشاۋاتقان بالىچاقىلىرىغا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىغا ياخشى كەچمىشلەر يار بولسۇن!

ئىشقىيار نامەتنىڭ دۇردانە سۆزلىرى، ئۆتكۈر ھەجۋىي، تېرەن ئەقلىگە باي لەتىپىسىمان پاراڭلىرى فولكلور خەزىنىمىزنىڭ ئىپسىل بايلىقى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھېكمەتلەر خوجا نەسرىدىن، ھېسام قۇربان ھېكمەتلىرى بىلەن تەڭداشتۇر.

ئاخىرقى سۆزىمىز، بىزنىڭ ئۇشبۇ قىزىقارلىق رومانىمىز ئۇيغۇر سۆز سەنئىتىگە بېغىشلاندى، شۇ سەۋەبتىن، مۇقەددىمە بوستانىمىزدا باشلانغان «ئۇيغۇر چاقچاقلىرى»[1] ناملىق مۇخەممەسنىڭ ئاخىرىنى ئەمدىكى قۇرلاردا تۈگەللەش بىلەن بۇ خەيرلىك، ئۇزاق سەپىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرايلى. قىسمەت مۇئەللىپنى يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى سەپەرلەرنى قىلىش، خاسىيەتلىك، ساۋابلىق قەدەملەرنى ئۇزاقراق بېسىش بەختىيارلىقىغا ئېرىشتۈرگەي!

---

① بۇ مۇخەممەس «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 5 ـ سانىغا بېسىلغان.

... ئىز بېسىپ كەلمەكتە مەشرەپ، تويدا ماھىرلار ئەنە،
ئەن سېلىپ چاقچاق ئېتىشقا شۇنچە جىق ياشلار يەنە،
چاقچىقىم بېغى تولۇپ باغۋەنگە، قىلدى تەنتەنە،
بىزمۇ بىر چاقچاق قىلىپ ئەلنى قاراتساق، ھەسسىنە...
بوپتۇلا لازىمغۇ ھەم مۇشتەرى، ئۇيغۇر چاقچىقى.

ماختىسام چاقچاقنى، ئۇيغۇرنى دېمەڭ ئويۇن خۇمار،
مىللىتىم تاكى ئەزەلدىن كەشپىياتچان، جەڭگىۋار،
ئىلىم ـ ئېرپان بەيگىسىدە تۆھپىسى قاتار ـ قاتار،
ئەقىل ـ ئىدراكنى ئۆزگە قىلدى دائىم تىلتۇمار،
باغدا ئۆسكەن مىڭ چېچەكنىڭ بىرى، ئۇيغۇر چاقچىقى.

ياشىغاي خەلقىم بىلەن تەڭ ئۇيغۇرۇم چاقچاقلىرى،
ياشنىغاي ھەم يۇرتىمۇ يۇرتتا چاقچىقىم گۈلباغلىرى،
ئۆتكۈسى يارەنلىرىم چاقچاق بىلەن، خۇش چاغلىرى،
ئۆكسۈمەس جەزمەن بۇ چاقچاق ئاشىقى ـ ئامراقلىرى،
چۈنكى، دانىشمەنلىرىمنىڭ ئەجرى ئۇيغۇر چاقچىقى.

2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

**图书在版编目（CIP）数据**

依西卡亚热·纳麦提：维吾尔文/马合木提·穆罕默德著.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2015.6
（维吾尔当代名家名作.马合木提·穆罕默德作品）
ISBN 978-7-5515-6128-0

Ⅰ.①依… Ⅱ.①马… Ⅲ.①传记长篇小说-中国-当代
-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2015）第129781号

V9

责任编辑：**卡米拉·热合曼**
责任校对：**阿不力孜·阿巴斯**
封面设计：**阿里甫·夏**

Uni Göttingen 7
233 782 346
FA 31508:4

维吾尔当代名家名作
马合木提·穆罕默德作品

**依西卡亚热·纳麦提**（维吾尔文）

（传记长篇小说）

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880×1230毫米　32开本　16.125印张
2015年8月第1版　2015年8月第1次印刷
印数：1—1000

ISBN 978-7-5515-6128-0　定价：45.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换